# مسائلِ ترجمہ



1


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ألف ليلة وليلة

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق
مەسئۇل تەھرىرى: ئىمىن تۇرسۇن




21-بەتكە



7.6 ـ بەتكە



145 ـبیەتکە



# مۇندەرىجە


شەھرىيار ۋە شاھزامان ھېكايىسى ........................ 1

دىخاننىڭ ھېكايىسى ........................ 14

باي بىلەن جىن ھېكايىسى (1 - كېچە) ........................ 22

كىيىكلىك بىرىنچى بوۋاينىڭ ھېكايىسى (1—2 -كېچە) 27

بىر جۈپ ئىت يېتىلىگەن بوۋاينىڭ ھېكايىسى (2 - كېچە) ... 33

خېچىرلىق بوۋاينىڭ ھېكايىسى (2 - كېچە) ........................ 37

بېلىقچى بىلەن دىۋە ھېكايىسى (3 — 4- كېچە) ........................ 40

يۇنان شاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋە ھېكىم رويانىنىڭ ۋەقەسى (4 - كېچە) ........................ 48

شاھ سىندىباد ھېكايىسى (5 - كېچە) ........................ 55

ھىلىگەر ۋەزىر ھېكايىسى (5 — 7 - كېچە) ........................ 58

جادۇ قىلىنغان شاھزادە ھېكايىسى (7 — 9 - كېچە) ... 76

ھامال بىلەن باغدادلىق ئۈچ چوكاننىڭ ھېكايىسى (9 — 11 - كېچە) ........................ 90

بىرىنچى قەلەندەرنىڭ ھېكايىسى (11 — 12 - كېچە) ... 112

ئىككىنچى قەلەندەرنىڭ ھېكايىسى (12 — 14 -كېچە) ... 120

ئۈچىنچى قەلەندەرنىڭ ھېكايىسى (14 — 15-كېچە) ... 143

باغدادلىق بىرىنچى چوكاننىڭ ھېكايىسى (16 — 17 - كېچە) ........................ 151

باغدادلىق ئىككىنچى چوكاننىڭ ھېكايىسى (17—18- كېچە) ........................ 161

ئۈچ بەھى ھېكايىسى (18—19 - كېچە) .................... 175

نۇرىدىن بىلەن ئاكىسى شەمسىددىننىڭ ھېكايىسى
(19—24 - كېچە) .................................... 188

ماشىنچى، دوك، جوھۇد، ئاشپەز، نەسارالارنىڭ ھېكايىلىرى
(24—25 - كېچە) .................................... 251

نەسارانىڭ ھېكايىسى (25—27 - كېچە) .................. 260

ئاشپەزنىڭ ھېكايىسى (27—28 - كېچە) .................. 279

جوھۇد تېۋىپنىڭ ھېكايىسى (27—28 - كېچە) .............. 290

ماشىنچىنىڭ ھېكايىسى (28—30 - كېچە) .................. 302

سەتىراچىنىڭ ھېكايىسى (30 - كېچە) .................... 322

سەتىراچىنىڭ بىرىنچى ئۇكىسى (30 - كېچە) .............. 325

سەتىراچىنىڭ ئىككىنچى ئۇكىسى (30—31 - كېچە) .......... 332

سەتىراچىنىڭ ئۈچىنچى ئۇكىسى (31 - كېچە) .............. 338

سەتىراچىنىڭ تۆتىنچى ئۇكىسى (31 - كېچە) .............. 343

سەتىراچىنىڭ بەشىنچى ئۇكىسى (31—32 - كېچە) .......... 348

سەتىراچىنىڭ ئالتىنچى ئۇكىسى (32 - كېچە) ............. 362

ئىككى ۋەزىر بىلەن ئەنىسۇلجەلىس ھېكايىسى
(32—37 -كېچە) ..................................... 374

سودىگەر ئايۇپنىڭ ئوغلى غەنىمنىڭ ھېكايىسى
(37—45 - كېچە) .................................... 451

# نەشرىياتتىن

«مىڭ بىر كېچە» ياكى «ئەلىق لەيلە ۋە لەيلە» چوچەكلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىنى يۇقۇرى بەدىى ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئەسەر، داڭلىق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى. بۇ ــ ئاساسەن قەدىمقى زاماندىكى شەرق پادىشالىرىدىن بىرى شەھرىيار ۋە ئۇنىڭ خانىشى شەھرىزاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوچەكلەر يىغىندىسى. شەھرىيار ھەسەتخور، زالىم پادىشا بولۇپ، ھەر ئاخشىمى بىر خوتۇن ئالىدۇ ـ دە، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرىنىڭ قىزى شەھرىزاد باشقا قىزلارنى بۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز خاھىشى بويىچە پادىشاغا تېگىدۇ. ئۇ ھەر ئاخشىمى چوچەك ئېيتىپ بېرىش يولى بىلەن پادىشانى قىزىقتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ. بۇنداق چوچەكلەر مىڭ بىر كېچىگىچە داۋام قىلىدۇ. ئاخىردا، پادىشا ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان يەپ، شەھرىزاد بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ قاچان ۋە قەيەردە يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەزى دەلىلشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 3 ئورۇندا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ چوچەكلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كوچۇپ يۈرۈپ، ئاخىر كىتاب شەكلىگە كىرگەن ئىكەن. بۇنىڭ بىر قىسمى ئىراندا ئۆتكەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك چوچەكلەر، يەنى

تۇزۇلۇشى رەڭگا-رەڭ بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلىدۇ. «مىڭ بىر كېچە»دە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ تولىسى قەدىمقى زاماندا ئەرەپ ۋە شەرق ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەل ئەدەبىياتى شەكلىدىن ئىبارەت؛ بۇ ئەسەردە، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەپ دۇنياسىدىكى تۇرمۇش رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، قەدىمقى زامان خەلقلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ — ئەرەپ خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى؛ كۆپ يىللاردىن بېرى ئەرەپ خەلقى ۋە دۇنيا ئەللىرى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەسەر «مىڭ بىر كېچە» هازىرغىچە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى، ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى زور.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ قولىيازمىلىرى ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىمۇ كۆپ، شۇڭىدەك بۇ نۇسخىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرمۇ نۇرغۇن. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر تىللىرىغا ئىجادىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغان. جۈملىدىن كونا ئۇيغۇر تىلىغىمۇ كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنغان.

قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىنى نەشرگە تەييارلاشتا، بىز 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ئابدۇللاخاننىڭ كونا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 1954-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبەكچە تەرجىمىسى ھەم ناشۇن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1957-يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن پايدىلاندۇق.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ بۇ قېتىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا

چوچەكـلەرنىڭ بىر قىسـمىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر 226 ــ 652 ـ يىللاردىكى ساسانىلار دولىتىدە يۈز بەرگەن. شۇڭا بەرىـلەر بۇنى پـارىسـچـە «ھەزار ئەپسانە» ("مىـڭ چـوچـەك")نىڭ ئەرەپ تىلىدىـكى تەرجىمـسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەيـدۇ. يەنە بىر قىسمى ئابباسى خەلىپىلىرى زامانىسـدىكى ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق چـوچـەكـلەر بولۇپ، 10 ــ 11 ـ ئەسىرلەردە يېزىـلغان دەيـدۇ. ئۈچىنـچى بىر قـسمى مىسىردا بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدىغان چوچەكلەر بولۇپ، 13 ــ 14 ـ ئەسىرلەردە مىسـىردا يېزىلـغانـلىقى مولـچەرلىنىدۇ. پۈتۈن كىـتاپ، ئاخىردا، 16 ـ ئەسىردە ھازىرقـى ھالـىتىدە شەكىلـلەنگەن.

بۇ ئەسەر ئەسـلىدە 8 ـ ئەسىردىن تارتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلاپ ـ رەتلىشى، ئەدىبىي جەھەتتىن ئىشلـشى ۋە زامانـلارنىڭ ئۇتتۇشى بىلەن يېـڭـى مەزمۇنـلارنىڭ قوشۇلۇشى نەتىـجـسـدە تولۇقلانـغان. مەسىلەن، ئىراقـتا تۈزۈلـگەن قىسـمىدا، ئاباباسى خەلىپـلىرىـدىن ھـارۇن رەشـىدنىڭ ئوردىسـىدىـكى ئاجايىپ ئەھۋالـلار، مەشـھۇر شەخسلەرنىڭ غەلىتە ئىشـلىرى، مۇھەبـبەت ۋەقەلـىرى بايان قىلىنـغان؛ مىسىردا تۈزۈلـگەن قىسمىـدا بولسا، خىيىم ـ خەتەرلىك ئەھۋاللار، ئاساتىر ـ رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. كىـتاپ شەكىللەنـگىچە ئۆتكەن 8 ئەسىر ئىسلام دىنى راۋاجلىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتـكەن زامان بولغاچقا، چوچەكلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئىسلام ئىدىيولوگىيىسى چوڭـقۇر سىڭگەن.

ئەسەردە شەرق ئەدەبىياتـىنىڭ چـوڭ ھىكايىـدىن كىـچىك ھىكـايىلەرنى شاخـلىتىش ئۇسـلۇبى قوللىنىلغان؛ ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ، ۋەقەلەر ئۆزگىرىشچان ۋە خىـلمۇ ـ خىـل، بەدىي

# شەھرىيار ۋە شاھزامان ھېكايىسى

قەدىمقى زاماندا ھىندىچىنى ئاراللىرىنىڭ بىر سۇلتانى بولۇپ، ئۇ، ساسانىلار ئەۋلادىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ سانسىز ئەسكەرلىرى، خىزمەتچىلىرى، ھەشەمەتلىك سارايلىرى ۋە شەھرىيار، شاھزامان دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھەر ئىككىسى زىرەك ۋە باتۇر ئىكەن. چوڭى شەھرىيار ئۇكىسى شاھزامانغا قارىغاندا ھەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدىغان، چاققان ۋە ھوشيار ئىكەن. ئۇ، ھىندىچىنى مەملىكىتىنىڭ بىرىسگە ھوكۇمران بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەسى ئاۋات ئىكەن.

ئۇكىسى شاھزامان سەمەرقەنتكە ھوكۇمرانلىق قىلىدىكەن. ھەر ئىككى ئاكا-ئۇكا ئۆز مەملىكەتلىرىدە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، شات-خورام كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى شەھرىيار ئۇكىسى شاھزاماننى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ، ئالدىغا ۋەزىرىنى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا: ئۇكىسى شاھزاماننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر بۇ بۇيرۇقنى جان-دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، يولغا چىقىپتۇ. ئېسەن-ئامان شاھزاماننىڭ ھوزۇرىغىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئاكىسى شەھرىيارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى ناھايىتىمۇ سېغىنغانلىقىنى ھەتتاكى كورۇشۇشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ؛ ئىلاج بولسا بىللە بېرىش

مەزمۇن ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن بەزى كەمچىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. كىتاپىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنى تېخىمۇ ياخشى نەشر قىلىش ئۈچۈن، كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمىز.

بىلەن ئالدىغا چىقىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا خۇشال ـ خورام يۈز كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئالاھىدە راسلانغان ئۆيدە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشۇپتۇ. شەھرىيار ئۇكىسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە سوھبەت قىلىپ، ئاخىردا دولەت ئىشلىرىنى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى سوراپتۇ. شۇ چاغدا شاھزامانىنىڭ كوڭلىنى خوتۇنى بىلەن قۇلىنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ بىئارام قىپتۇ. خىجىللىقىدىن رەڭگى سارغىيىپتۇ. پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالنى كورگەن شەھرىيار ئۆزىچە: "بەلكى ئۇ ئائىلىسىدىن ۋە مەملىكىتىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن شۇنداق بىئارام بولۇۋاتقاندۇ" دەپ ئويلاپ، شاھزامانىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ، سوزىنى توختىتىپ ۋە ئۇنى ياخشى ئارام ئېلىپ سەپەر ھاردۇغىنى چىقىرىشقا ئۈندەپتۇ. لېكىن شەھرىيار ئەتىسىمۇ ئۇكىسىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش سەزمەپتۇ، بەلكى ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ ئېغىرراق خاپىلىق ئىزلىرىنى كورۈپ، ئاكىسى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ:

"ئەي قېرىنداش، چىرايىڭ ئۆتكەنكى كۈندىكىدىنمۇ يامانراق سېرىق كورۈنىدىغۇ؟"

شاھزامان سىر ساقلاپ، ئۆتكەن ۋەقەدىن ھېچ نەرسە سوزلىمەپتۇ. سورالغان سوئالغا: "كىچىككىنە بىر ئاغرىغىم بار!" ـــ دەپ بانا كورسىتىپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىچىمدىن ئازغىنا ئاشكارا قىلسام،
ئاسمان ھەم زېمىن قايغۇغا چۆمگەي.
ئېچىلسا غۇنچىدەك مىسكىن بۇ كوڭلۈم،
خالايىق ھەممىسى مېنىڭدىن كۈلگەي.

ئۇچۇن تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ.

شاھزامان خۇرسەن بولۇپ، سەپەر جابدۇغىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. چېدىرلىرى، توگىلىرى، خېچىرلىرىنى تەييارلىتىپتۇ، بىرقانچە خىزمەتچى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئورنىغا ۋەزىرىنى قويۇپتۇ. خاتىرجەم بولۇپ ئاكىسىنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇيىدە كېرەكلىك بىر نەرسىسى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كەپتۇ. قونۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن چۈشكەن يەردىن ئارقىسىغا يېنىپ، يېرىم كېچىدە ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئىچكىرى كىرىپ قارىسا، خوتۇنىنىڭ بىر سەت قارا قۇل بىلەن بىر ئورۇندا ياتقانلىقىنى كورۇپتۇ-دە، ئۇنىڭ كوزىگە ئالەم قاراڭغۇلۇغى تىقىلىپتۇ. ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە: "مەن تېخى بۇ يەردىن يىراقلاشماي تۇرۇپ بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، مەن ئاكامنىڭ يۇرتىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغۇدەك بولسام، بۇ خىيانەتكار خوتۇن يەنە نىمە بۇزۇقچىلىقلارنى قىلماتتىكىن؟" دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ھەر ئىككىسىنى ياتقان يېرىدە يىغىشتۇرۇپتۇ. ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىسىنى ئېلىپ، ھايال بولمايلا يەنە يولغا چىقىپتۇ-دە، قونالغۇغا بېرىپ چۈشۈپتۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەن يەنە داقا-دۇمباق، ناغرا، كاناي-سۇنايلىرىنى چېلىشىپ يولغا چۈشۈپتۇ. تاكى ئاكىسىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەلگىچە غەم-قايغۇدىن نېرى بولالماپتۇ. شۇ ھالدا ئاكىسىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ كېلىش شەرىپىگە شەھەرنى ياساپتۇ. ئۇكىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دولەت ئەربابلىرى

تاماق يېيىشكە كىرىشىپتۇ ۋە ئويۇن ـ تاماشىغىمۇ قاتنىشىپتۇ. بىرنەچچە كۈنلۈك شىكاردىن قايتقان شەھرىيار ئۇكىسى شاھزامان بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى دەرھال سېزىپ سوراپتۇ:

"كەلگەندىن بۇيان رەڭگىڭ سېرىق، دىلىڭ سۇنۇق، ئۆزەڭ غەمكىن ئىدىڭ. ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىچە، يۈزۈڭ ئاناردەك قىزارغان، ئۆزەڭ خوش. ئەھۋالىڭدا خېلىلا ئۆزگىرىش بار. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تامامەن بۇرۇنقى ئەكسىگە كېلىپ قاپسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟"

"رەڭگىمنىڭ سېرىق، ئۆزەمنىڭ غەمكىنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىشىم مۇمكىن، لېكىن ئۆز قېلىپىمغا كېلىش جەريانىنى سۆزلەشتىن ئاجىزمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شاھزامان.

"قېنى ــ دەپتۇ شەھرىيار، ــ ئاۋال ئۆزەڭنىڭ غەمكىنلىك ئەھۋالىنى سۆزلىسەڭمۇ مەيلى، ئاڭلاي!"

شاھزامان يولغا چىققان كۈنى ئاكىسىغا تەييارلىغان سوغىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئارقىسىغا يانغانلىقىنى؛ يېرىم كېچىدە ئۆيىگە بېرىپ قارىسا، خوتۇنىنىڭ بىر قارا قۇل بىلەن بىر ئورۇندا ياتقانلىقىنى، ئاندىن ھەر ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلاپ قايتقانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى غەمكىنلىشىپ، رەڭگىنىڭ سارغايغانلىقىنى ئېيتىپ، گەپنى تۈگىتىپتۇ.

شەھرىيار:

"خاپىلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇم، خۇشاللىقىڭنىڭمۇ سەۋەبىنى ئۇققۇشۇم كېرەك" ــ دەپ، ئۇنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىنى سوراپ، ئىنىسىنى تەڭلىككە ساپتۇ.

شاھزامان نائىلاج ئاكىسى ئۇۋغا كەتكەندە، باغچىدا بولۇپ

شەھرىيار: ـ "ئەي قېرىنداش، كوڭلۈڭنى پەرىشان قىلما. بىللە ئوۋ قىلىپ كېلەيلى، شۇنىڭ بىلەن كوڭلۈڭ ئېچىلىپ، رەڭگىڭ ئەسلىگە كەلسە ئەجەپ ئەمەس" دەپتۇ.

شاھزامان:

شاتلىققا چومسە تامام يەر يۈزى،
ماڭا يوق ئاندىن ئېرىقتەك پەيزى.

دەپ، بۇ تەكلىپكىمۇ كونمەپتۇ.

شەھرىيار ھەمرالىرى بىلەن شكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزامان سۇنۇق كوڭلى، غەمكىن چىرايى بىلەن ئوردىدا قاپتۇ. ئۇ، تۇرغان ئوي چارباغقا ياندا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دەرىزىسى شۇ باغقا ئېچىلىدىكەن. ئۇ دەرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، باققا قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىردىنلا سارايىنىڭ ئىشىكىدىن يىگىرمە قۇل بىلەن يىگىرمە كېنىزەك چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەھرىيارنىڭ خوتۇنى ـــ مەلىكە چىرايلىق ياسانغان ھالدا كېلىۋاتقىدەك. ئۇلار ئەسلىدە كول بويىغا تاماشا ۋە سەيلە ئۇچۇن چىققان ئىكەن. كولنى كورۇپ، ھەممىسى كىيىملىرىنى سالپتۇ، بىرلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شەھرىيارنىڭ خوتۇنى: "ھەي مەسئۇد!" ـــ دەپ قىچقىرغان ئىكەن، "لەببەي مەلىكەم" ـــ دەپ شۇنداق بىر سەت قارا قۇل يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، مەلىكىنى تۇتۇپ ئويىنىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ قۇللىرىمۇ كېنىزەكلەر بىلەن بىر جۈپتىن بولۇپ قوشۇلۇشۇپتۇ. بۇنى كورگەن شاھزامان ئوز ـ ئوزىگە: "مېنىڭ غېمىم ئاكامنىڭ غېمىنىڭ ئالدىدا ھېچ نىمىگە ئەرزىمىگىدەك" ـــ دەپ غەزىۋى پەسىيىپ، دەردى كېمىيىپ، رەڭگىگە قان يۈگۈرۈپتۇ. كوڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، زوقلىنىپ

"تۇفى — دەپتۇ ئۇلارغا قاراپ، كېيىن ئۆكسىغا، — بىزگە شاھلىقنىڭ كېرىگى يوق. بېشىغا مۇشۇنداق ئەھۋال چۈشكەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆڭلىمىزنى ئارامىغا چۈشۈرسىگىچە، بىزگە بۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم ياخشى" دەپ، ھەر ئىككىسى ئوردىنىڭ يان ئىشىگىدىن چىقىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، چۆل-باياۋانغا قاراپ كېتىپتۇ. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۇممان دەرياسىنىڭ لېۋىگە بېرىپ، بىر ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر توپ دەرەخ ئاستىغا چۈشۈپتۇ. دەرەخنىڭ تېگىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچىشىپتۇ. چۈش بولاي دەپ قالغان ئىكەن، ئۇلار دەم ئېلىپ ئولتۇرسا، دەريا دولقۇنلىنىپتۇ. كېيىن دولقۇن ئارىسىدىن بويى ئاسمانغا تاقاشقىدەك قورقۇنۇچلۇق، قارا قۇيۇندەك بىر نەرسە پەيدا بوپتۇ. ئۇ بەت ھەيۋەت مەخلۇق ئۇدۇل بۇلار ئولتۇرغان ئوتلاق تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكا-ئۇكا خەۋپسىرەپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، دەرەخقە يامىشىپ چىقىپ، شاخنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ ۋە بۇ قانداق ھادىسە دەپ، قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. دەريادىن چىققان ھېلىقى مەخلۇق بېشىدا ساندۇق كۆتەرگەن، بويى ناھايىتىمۇ ئېگىز، بېشى يوغان، مەيدىسى كەڭ، سۈرلۈك بىر دىۋە ئىكەن. ئۇ ئوتلاققا كېلىپلا، دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. بېشىدىن ساندۇقنى ئېلىپ ئېچىپ، ئىچىدىن بىر قۇتىنى ئاپتۇ. ئۇنىمۇ ئاچقان ئىكەن، ئىچىدىن بويى-تۇرقى كېلىشكەن، ئاجايىپ چىرايلىق، پەرىزاتتەك بىر قىز چىقىپتۇ. بۇ ھەقتە شائىر مانا بۇنداق دىگەن ئىكەن.

كۆز تاشلىسا تۈن-كېچە بولۇر گويا كۈندۈزدەك،
جامالىنىڭ نۇرىدىن بولغاي خىجىل گۈزەل تاڭ.

ئوتكەن ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ.

شەھرىيارنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، كوزلىرىدە ئوت ئۇچقۇنلىرى پەيدا بوپتۇ. لېكىن ئۇ غەزىۋىنى بېسىپ:

"مېنىڭ خوتۇنۇمغا بولغان ئىشەنچىم كامىل، بۇ ئەھۋالنى كوزۇم بىلەن كورمىسەم ئىشەنمەيمەن. ئىشەنچ ئالدىدا گۇمانغا ئورۇن يوق!" دەپتۇ.

"ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھزامان ئاكىسىغا، — سىز يەنە بىرنەچچە كۇنلۇك شىكارغا چىقىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا ئۇقتۇ-رۇش تارقىتىڭ ۋە شۇنداق ماھارەت كورسىتىڭكى، ھەممە سىزنىڭ ئوۋ ئوۋلاشقا كەتكەنلىكىڭىزگە ئىشەنسۇن. ئوزىڭىز يوشۇرۇن ھالدا مەن تۇرغان ئويگە كېرىڭ. شۇ يەردە مەن كورگەن بۇ ۋەقەنى سىزمۇ ئوز كوزىڭىز بىلەن كورىسىز."

"بۇ ياخشى مەسلىھەت!" دەپتۇ شەھرىيار. ئۇ دەرھال شىكارغا چىقىشقا ھازىرلىق كورۇپتۇ. ئوۋ خىزمەتچىلىرى بىلەن شىكار ئۇچۇن زورۇر بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چىقىپ، بىر مەنزىرىلىك جايغا چۇشۇپتۇ. چېدىرىغا كىرىپ، دەرۋازا ساقچىسىنى قىچقىرىپ، چېدىرىغا ھېچكىمنى كىرگۇزمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئوزى كىيىمىنى يەڭگۇشلەپ، ئوردىغا يېنىپتۇ-دە، ئۇكىسى ئولتۇرغان ئويگە يوشۇرۇن كىرىپ، دەرىزىدىن باغچىنى كۇزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئوتمەي، مەلىكە كېنىزەكلەر، قۇللار بىلەن باققا چىقىپتۇ. شاھزامان قانداق دېگەن بولسا، ئىش شۇنداق بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشلارنى ئوز كوزى بىلەن كورگەن شەھرىيار ئەقلىدىن ئازغانىدەك گاراڭ بولۇپ:

ئاكا ـ ئۇكا ھەيران بولۇپ، بىر بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.
"سىلەرنىڭ بىر بىرىڭلارغا كوز قىسىشىپ، نىمىلەرنى دىيىشىۋاتقانلىغىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئەگەر تەكلىۋىمنى قوبۇل قىلمىساڭلار ھازىر دىۋىنى ئويغىتىمەن!" دەپ ھەيۋە قىپتۇ قىز.
ئاكا ـ ئۇكا ئىلاجىسىز قىزنىڭ قىيشىغا كىلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كىيىن، قىز يىنىدىن بىر ياغلىقنى ئىلىپ ئىچىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بەش يۈز يەتمىش تال ئۈزۈك قاتار ئوتكۈزۈلگەن بىر يىپەك بوقۇچىنى ئىلىپ كورسىتىپ:
"بۇ ئۈزۈكلەر نەدىن كەلگەن، بىلەمسىلەر؟" دەپ سوراپتۇ قىز ئۇلاردىن.
"بىلمەيمىز!" دەپتۇ شاھزادىلەر. كىيىن قىز ئۇلارغا چۈشەندۇرۇپ:
"بۇ ئۈزۈكلەرنىڭ ئىگىلىرى خۇددى سىلەرگە ئوخشاش دىۋىنىڭ قىيشىدا مەن بىلەن ئالاقە قىلىشقان. بۇ بىر توپ ئۈزۈكنى بىر بىرلەپ ئۇلاردىن نىشانە ئۈچۈن ئالغانمەن. سىلەرمۇ بىردانىدىن ئۈزۈك بىرىشىڭلار شەرت"، دەپتۇ.
شاھزادىلەرمۇ قوللىرىدىكى ئۈزۈكلەردىن بىردانىدىن چىقىرىپ بىرىشىپتۇ. قىز يەنە مۇنداق دەپتۇ:
"بۇ دىۋە مىنى نىكا كىچىسى ئىرىمنىڭ ئالدىدىن ئىلىپ قاچتى، مىنى قۇتىغا سىلىپ، قۇتىنى ساندۇققا قاچىلاپ ساندۇققا 7 دانە قۇلۇپ سىلىپ، ئوركەشلەپ ئىقىۋاتقان دەرياغا تاشلىدى. ئەمما بۇ، مىنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن خالىغان مەقسىدىمگە

كورسەتسە گەر هوسننى ئېلىپ نىقاپ يۈزىدىن،
جىلۋىسىگە قۇياشمۇ بولۇپ ئىجىل قالۇر تالڭ
يورۇتۇپ تۇتسە كوكنى ئىنايەتلىك چاقمىقى،
يامغۇردەك كوز ياشلىرىم ئاقسۇن بولۇپ سەل - توپان.

دىۋە قىزغا قاراپ:

"ئەي پەرى نەسىللىك، ئەمدى مەن بىرئاز ئۇخلاپ ئالاي، سەن مېھرىۋانلىق بىلەن، ئازراق پاسىۋانلىق قىل،" دەپتۇ - دە، قىزنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قىزنىڭ كوزى دەرەخنىڭ ئۇستىدىكى شاھزادىلەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ هامان قىز دىۋىنىڭ بېشىنى تىزىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكا - ئۇكىلارغا: "توۋەنگە چۈشۈڭلار، دىۋىدىن قورقماڭلار" دىگەن مەزمۇندا ئىشارەت قىلىپتۇ. ئىككىسى قىزدىن: "بىزنى ئاۋارە قىلمىسىڭىز" دەپ ئوزرە ئېيتىپتۇ. قىز: "ئەگەر پەسكە چۈشمىسەڭلار دىۋىنى ئويغىتىمەن. ئۇ، سىلەرنى قىيناپ ئولتۇرىدۇ" دەپتۇ. ئۇلار تىترەپ - تەمترەپ، قىزنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. قىز كيىملىرىنى يېشىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئوزىگە يېقىنلىششىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن باش تارتىپتۇ. قىز: "ئانداق بولسا، دىۋىنى ئويغىتىمەن. ئۇ سىلەرنى ئازاپلاپ بىكاردىن - بىكار ئولتۇرۇۋېتىدۇ" دەپ قورقىتىپتۇ. شەھرىيار قورقۇپ، ئۇكىسىغا:

"ئەي، شاھزامان، قىزنىڭ تەلىۋىنى سەن قوبۇل قىل!" دەپتۇ.

"سىز يېقىنلاشمىغىچە، مەن يېقىن يولىمايمەن!" دەپتۇ شاھزامان.

ئۇچمەس بۇ ئوتتا كويۇش ئۇچۇن،
تۇگمەس مەرتلىك. غايە كېرەكتۇر.
ئايالار پىتنىسىنى بىلگەن كىشىلەر،
ئەقىللىق، ھۇشيار، چىچەن، زېرەكتۇر.

پىتنىدىن سالامەت قۇتۇلغان كىشى،
بۇ ئىشقا ئاجايىپ قىلغاي ئىبتىۋار.
كىمكى ئىشقىنىڭ كەينىگە كىرمەس،
ئۇ بولار مەڭگۈگە ئەزىز، بەختىيار.

ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر قىزدىن بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، "بۇ دىۋىنىڭ ئىشى بىزنىڭ ئىشىمىزدىن ئارتۇق ئاجايىپ ۋە ھەيران قالارلىق ئىكەن. بۇ ۋەقە بىزگە تەسەللى بەردى" دەپ شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ. شاھزامان قايتىدىن دەرۋىش بولۇپ، شاھلىقتىن ۋازكېچىپ، چول-باياۋانغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما شەھرىيار ئوز ئوردىسىغا كىرىش بىلەنلا خوتۇنى، كېنىزەك ۋە قۇللىرىنىڭ باشلىرىنى چېپىپتۇ. شۇ كۇندىن باشلاپ ئۇ ھەر ئاخشىمى بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئەتىسى ئۇنى ئولتۇرۇۋېتىدىكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر قىزلىرىنى ياقا يۇرتلارغا يوشۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇ تەخلىتتە ئارىدىن ئۇچ يىل ئوتۇپ، مەملىكەتتە قىز زاتى قالماپتۇ. شەھرىيار ئادىتى بويىچە ۋەزىرىنى ئوز ئالدىغا چاقىرتىپ، بۇ ئاخشام ئۇچۇن بىر قىز تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر مولچەرلىگەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپتۇ. لېكىن بىرمۇ قىز تاپالماپتۇ. ئاخىر غەمگە پېتىپ، ئوز ئويىگە قايتىپ كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن. ھەر ئىككىسى ھوسنى-جامالدا زامانـ

يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىنى بىلمەيدۇ."

شائىرلاردىن بىرى بۇ ھەفتە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:

سوزگە ئۇستا كېلىۋر ئابال، ئاڭلا، ئىشەنمە،
قىممىتى يوق بەئەينى پۇچەك ياڭاقتەك
چىراي ـ شەكلى، ھوسنىگە ئالدانما ـ كويمە،
تېپىلماس ۋاپادىن ئۇنىڭدا قاقتەك.


ساڭا كۇلكە يۇزىدە، دىلى ئوزگىدە،
سېنى باغلار ناز بىلەن دائىم ئىشقىغا.
خەنجەر بۇلەر، ھەمىشە سىنىڭ قەستىگدە ــ
قاش ئېتىشىنىڭ مەنىسى بىلگىل، شۇ ساڭا.

ئاڭا ئاشىق بولغۇچى سەن ئەمەس گويا،
جاندىن كېچىپ قۇللارمۇ ئۇلارنى سويگەن.
يەنە باركى بىر مىسال "يۇسۇپ ـ زىلەيخا"،
پادىشالار بۇ ئىشقى ئوتىدا كويگەن.

ھەتتا شەيتانمۇ بولغان ئۇلارغا ئەسىر،
دەرس بېرىشتە ھىلىدىن يىگەن ئۇ يەشۋا.
كورستىدۇ ھەر دەمدە يۈز ھۇنەر ـ مىكىر،
تۇتقىل يولنى بولەكچە، بولماستا رەسۋا.

بۇ توغرىدا باشقا بىر شائىر مانا بۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:

ئىشقسىز دەپ تەنە قىلما ھەر قەدەمدە،
ماڭا ئۇندىن كەيىنىڭ رىشتىسى بار.
ئۇ بىرەر ماڭا مەردانە قوۋۋەت.
بېغىشلار يۈرەككە تۇگىمەس مادار.



نىڭ كوزى ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى شەھىرىزاد، كىچىكىنىڭ ئىسمى دۇنىيازاد ئىكەن. ئەمما شەھرىزاد ھوشيار، دانىشمەن ۋە شائىر بولۇپ، ھەممە تارىخىي ئەسەرلەرنى پىششىق ئۇگەنگەن، قىسسە كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر كوزدىن كەچۇرگەن ئىكەن. ھەتتا ئۇنىڭ قولىغا مىڭلاپ ئەدەبىي، تارىخىي كىتاپلار توپلانغان ئىكەن. ئۇ قىز ئاتىسىنى خاپا ھالدا كورۇپ، ئەھۋالىنى سوراپتۇ ۋە ھەرقانداق ئىشقا چىداملىق بولۇش لازىم دەپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

جاھان غەملىرىنى دىلىڭدىن چىقار،
خاتىرجەم بولغىن، ئۇزەڭنى تۇتقىن.
بۇ غەملەر ئوتكۇنچى، دىلنى ئۇيىرىتار،
شاتلىقنى ھەر چاغدا يېقىن دوست تۇتقىن.

قىزنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئاتىسى بېشىغا چۇشكەن غەم-قايغۇنىڭ سەۋەبىنى باشتىن-ئاخىر سوزلەپ بېرىپتۇ. ئەگەر قىز تاپالماي بارسا، پادىشانىڭ قىلىچىدىن بېشىنىڭ ئامان قالمايدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. شەھرىزاد ئاتىسىدىن ئۇزىنى شاھقا نىكالاپ بېرىشىنى ئوتۇنۇپ سوراپتۇ.

"ئەي دانىشمەن ئاتا، يا بارچە قىزلارنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا سەۋەپكار بولۇپ، شاھ بىلەن ئومۇرلۇك ھايات كەچۇرەي، يا بولمىسا پۇتۇن خەلقىنىڭ قىزلىرى قاتارىدا، مەنمۇ شاھنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرەي" دەپتۇ قىز. ۋەزىر قىزنى بۇ پىكرىدىن يېنىشقا ئۇندەپ بېقىپتۇ. لېكىن قىز ئوز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ۋەزىر قىزىغا نەسىھەت قىلىپ:

"بۇ قانداق گەپ، سېنىڭ راھىتىڭ ئۈچۈن مەن ئەتىگەن-دىن - كەچكىچە ئەمگەك قىلىمەن، سەن بولساڭ تاسقالغان ئارپىنى يەپ ھوزۇرلىنىپ كەچكىچە ياتىسەن. يەنە سېنى يۈيۈپ، يايلى-قۇيرۇغىڭنى تاراپ قويىدۇ. سېنى گاھى - گاھى باي مىنىپ قويىدۇ، خالاس. مەن ئەتىدىن - كەچكىچە ساپان سورەيمەن. ئۇنىڭدىن بوشىسام، سورەم سورەيمەن، جۇۋاز تارتىمەن."

ئېشەك ئۇنىڭغا جاۋاپ ئورنىدا مۇنداق دەپتۇ:

"سېنى ئېشقا ئېلىپ چىققاندا، بويۇنتۇرۇقنى بوينۇڭغا سېلىشى بىلەنلا يېتىۋال. ئورنۇڭدىن تۇرما، ئۇرۇپ، زورلاپ يولەپ تۇرغۇزسا، يەنە يېتىۋال. شۇ چاغدا سېنى ئىشلەتمەيدۇ. ياخشى قاراپ، ياخشى يەم - بوغۇز توكۇپ بېرىدۇ. سەن ئۆزەڭنى كېسەللىككە سېلىپ، يەم - خەشەككىمۇ قارىماي قوي! بىرنەچچە كۈن شۇنداق قىلساڭ، جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ، راھەتكە چىقىسەن."

باي بۇ سوزلەرنى تولۇق ئاڭلاپتۇ. كەچقۇرۇن پادىچىلار يەم - خەشەك ئېلىپ كەلگەندە، ئوكۇز ئازغىنا يەپ يېتىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، يەر ھەيدەيدىغانلار ئوكۇزنى قوشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كىرسە، ئۇ، كېسەللەردەك پۇشۇلداپ، ھېچ نىمە يېمەي ياتقىدەك. ئۇلار باينىڭ قېشىغا كىرىپ ئوكۇزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇگۈن يەرنى ئېشەك بىلەن ھەيدەشكە بۇيرۇق قىپتۇ. قوشچىلار دەرھال كىرىپ، ئېشەكنى قوشقا قېتىپ چىقىپتۇ. كۈن بويى ئېشەكنى ئوكۇزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئېشەك ئىشتىن قايتقاندا، ئوكۇز ئېشەككە بىر كۈن ئۆزىنىڭ راھەتلىنىپ دەم ئالغانلىغىنى ھوزۇرلىنىپ

"ئـەي قـىزىم، كىشى ئۆزىـنى ئۆز ئايـىـغى بىلەن ئۆلۈم گىرداۋىـغا تاشـلاش ئاقىلانىلىق ئەمەس. بۇ ئەقىللىق كىشىـنىڭ ئىرادىسـىگە خىـلاپ ئىش. خۇددى دىخاننىڭ ئايىلـىنىڭ بېشىغا چۈشـكەن كۆلـپەتتەك، ساڭىمۇ شاھتىن زىيان يەتمىگىدى، دەپ قورقـىمەن" دەپـتۇ.

"ئۇ قانداق ۋەقە ئىـكەن؟" دەپ سوراپتۇ شەھرىزاد. ۋەزىـر سوزگە كىرىشىپـتۇ.

## دىخاننىڭ ھىكايىسى

قەدىمقى زاماندا، كوپ دۇنيا ۋە چارۋا ماللارغا ئىـگە بىر باي دىخان بار ئىـكەن. ئۇ، خـوتۇن بالا - چاقىـلىرى بىلەن يېزىـدا تۇرىدىكەن. ئۇ، جانۋارلارنىڭ ھەم ھايۋاناتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوكۈزى ۋە ئىشەكى بولۇپ، ئۇلار ھەمىـشە ھويلىسى-دىكى ئېغىلدا تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئوكۈز ئىشەكنىڭ تۇرىدىغان جايـلىرىـنى ئايلـىنىپـتۇ. قارىسا، ئىشەكـنىڭ ئېغىلى سۇ سېپىپ سۈپۈرۈلگەن. ئوقۇرىدا تاسقالغان ئارپا ۋە بىدە، سامان يېتەرلىك تۇرغىدەك. ئىشەك بولسا تىنچقىنا دەم ئېلىپ ياتـقىدەك. بەزىدە باي بىرەر يەرگە بارسا، ئۇنى مىـنىپ بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۆز جايىغا ئېلىپ كېلىپ، باغلاپ قويىدىكەن. ئىشەك-نىڭ بۇ ھالىغا ئوكۈزنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، ھەسرەت چېكىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپتۇ.

باي بىر كۈنى ئېغىلـنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ئوكۈزنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قۇلاق سالسا، ئوكۈز ئىشەككە بۇنداق دەۋاتقىدەك:

دەپتۇ.

"ئەتە چاكارلار كىرگىچە، ئوقۇردىكى يەم-خەشەكلەرنى يەپ تۈگەت. ئىشقا چىقىشقا تەييارلان. چاكارلار كىرسە شوق ۋە تېتىك تۇرغىن. ئۇلار سىنى كېسەلدىن ساقىيىپتۇ، دەپ ئىشقا ئېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پىچاقتىن قۇتۇلىسەن" دەپتۇ.

ئۆكۈز بۇ مەسلىھەتتىن خوش بولۇپ، يەمگە كىرىشىپتۇ. باي بۇ نوۋەتمۇ بۇلارنىڭ سوزىنى تولۇق ئاڭلاپ كېتىپتۇ. ئۆكۈز تاڭ ئاتقىچە يەم-خەشەكلەرنى يەپ تۈگىتىپ، ئوقۇرنىڭ تېگىنىمۇ يالاپ قويۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، باي خوتۇنى بىلەن ئېغىلغا كىرىپ، ئايلىنىپ ھويلىسىغا چىقىپتۇ. قوشچىلارمۇ ئۆكۈزنىڭ ساقايغانلىقىنى كورۇپ، ھويلىغا يېتىلەپ چىقىپتۇ. ئۆكۈز باينى كورۇپ، مورەپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ ئوينىتىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتىپتۇ.

باي ئۆكۈزنىڭ بۇ قىلىغىنى كورۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ئېرىدىن بۇ كۈلكىنىڭ سەۋىۋىنى سوراپتۇ. باي جاۋاپ بەرمەي، كۈلۈۋېرىپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ يەنە سوراپتۇ.

"بىر ۋەقەنىڭ گۇۋاھىمەن. شۇنى ئەسلەپ كۈلىمەن. لېكىن، ئۇنى ساڭا ئېيتسام بولمايدۇ. چۈنكى، ئېيتقان زامانلا مەن ئۆلىمەن" دەپتۇ.

"ئۆلسەڭمۇ ئېيتىپ بېرىپ ئۆلسەن!" دەپتۇ خوتۇنى ئېرىگە.

"بۇ سىرنى ئېيتالمايمەن، ئېيتسامىلا ئۆلىمەن، ئۆلۈمدىن قورقىمەن" دەپتۇ باي يەنە قايتىلاپ.

سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ياخشى مەسلىھەتى ئۈچۈن، ئۆشەككە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئۆشەك ئۆكۈزگە بەرگەن مەسلىھەتى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، ئۈندىمەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە چاكارلار يەنە كېلىپ، ئۆشەكنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ. كەچكىرگىچە ئۆشەك بىلەن يەر ھەيدەپتۇ. كەچ بولغاندا، ئۆشەك ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ھالدا، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، ئېغىلغا كىرىپ كەپتۇ. كورۇنۇشىدىن ئۇنىڭ قىمىرلىغىدەك ھالى قالمىغان ئىكەن. ئۆكۈز يەنە تونۇگۈنكىدەك ئۆشەككە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، رەخمەت ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

"تىنچىقىنا ئارام ئېلىپ ياتقان ئىدىم، — دەپ ئويلاپتۇ ئۆشەك، — ئارتۇق گېپىم ئۆزەمگە زىيان قىلدى." كېيىن ئۇ، ئۆكۈزگە قاراپ: "مېنىڭ ساڭا بولغان مېھرىۋانلىقىمنى سەن ناھايىتى ياخشى بىلىسەن. مەن دائىم باشقىلارغا كېرەكلىك جايدا ياخشى مەسلىھەت بېرىمەن. بۈگۈن سېنىڭ توغراڭدا بايىنىڭ ئۆز چاكارلىرىغا دىگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم. باي چاكارلىرىغا: 'ئۆكۈز ئەگەر ئەتىگىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشقا يارىغىدەك ھالەتكە كەلمىسە، دەرھال قاسساپقا سېتىڭلار. سويۇپ گۆشىنى ساتسۇن، تېرىسىنى چەم قىلسۇن' دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلمىساڭ ھالىڭ خاراپ!" دەپتۇ.

ئۆكۈز ئۆشەكنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، غەم-قايغۇغا چۈشۈپتۇ. كېيىن ئۆشەككە قاراپ:

"بۇ ھەقتە يەنە سېنىڭ قانداق ياخشى مەسلىھىتىڭ بار"

ئۆتتىن ۋەقەنى سورىغان ئىكەن. ئىت خورازغا باينىڭ بېشىغا چۈشكەن غەمنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. "خۇدا ھەققى، — دەپتۇ خوراز، — باينىڭ مەنچىلىكمۇ ئەقلى يوقىكەن، تېخى نادان ئىكەن. بىر خوتۇنىنى باشقۇرالمىسا؛ قارىغىنا، مېنىڭ ئەللىك خوتۇنۇم بار، قى-قى-قىق دەپ بىر قىچقىرىپ قانات قاقسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىمدا تەق بولىدۇ. بىرىنى چوقۇلايمەن، يەنە بىرىنى بولسا قانات سۆرەپ ئەركىلىتىمەن. ئىشقىلىپ، تىنچ ئۆمۈر ئۆتكۈزىمەن. باينىڭ ئورنىدا مەن بولسام، — دەپتۇ خوراز سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — خوتۇنۇمنى ھوجرىغا ئېلىپ كىرىپ، چىۋىق بىلەن ئۆلگىدەك ئۇراتتىم. يا ئۆلەتتى، يا بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن 'سىر' سورىماسلىققا قەسەم ئىچىپ تووۋا قىلاتتى".

باي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خورازنىڭ پىكرىنى توغرا كۆرۈپتۇ. چىۋىق ئۈزلەپ باققا كىرىپتۇ.

ۋەزىر سۆزىنى توختىتىپ قىزىغا:

"سېنىڭ بېشىڭغىمۇ شۇ خوتۇننىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت چۈشمىگىدى، دەپ قورقىمەن" دەپتۇ.

"قانداق كۈلپەت؟"دەپتۇ قىز ئاتىسىغا قاراپ. ئاتىسى سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— باي ئۈزمە دەرىخىنىڭ نوتىلىرىدىن بىر باغلام چىۋىقنى كېسىپ تەييارلاپتۇ-دە، ھوجرىسىغا كىرىپ، خوتۇنىغا: "ھوجرامغا كىر! سىرىنى مەن ساڭا مۇشۇ يەردە ئېيتاي. ھېچكىم كىرمىسۇن، كېيىن مەنمۇ ئۆلىمەن، دەپتۇ.

خوتۇن ھۇجرىغا كىرىشى بىلەن باي ئىشىكنى قۇلۇپلاپتۇ ۋە چىۋىق بىلەن خوتۇننى ساۋاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئانچە

"ياق! — دەپتۇ خوتۇنى ئاچچىقى بىلەن. — سەن مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمىگەن بولساڭ، ئېيتىشتىن شۇنچە قورقامتىڭ؟"

بۇلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرى خېلىغىچە سوزۇلۇپتۇ. ھەتتا بۇ ئىش شۇنىڭغا بېرىپ يېتىپتۇكى، باي قازى بىلەن بىرنەچچە گۇۋاھلارنى قىچقىرىپ، ئاۋال ئۇلارغا ئوزىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتىپتۇ. كېيىن سىرىنى ئېيتماقچىمۇ بوپتۇ. باينىڭ خوتۇنى تاغىسىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنى باي ناھايىتى ياخشى كورىدىكەن. ئاخىر ئۇ قوۋمى-قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇققان، يارى-بۇرادەر، خولۇم-خوشنىلىرىنىمۇ قىچقىرىپ، خوتۇنى بىلەن ئوزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئوتكەن ماجرانى ئۇلارغا بىر بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئوزىنىڭ سىرىنى بىرەر كىشىگە ئېيتقان ھامان ئولىدىغانلىقىنى چۇشەندۇرۇپتۇ. توپلانغانلار خوتۇندىن ئوز تەلۋىدىن كېچىشنى سوراپ:

"قەدىردان ئېرىڭدىن ئايرىلىپ، ئوز باللىرىڭنى يېتىم قىلىپ، باش پاناسىز قېلىشقا يۇرىگىڭ قانداق چىدايدۇ!" دېيىشىپتۇ.

"ئەگەر ئولسەممۇ، بۇ سىرنى ئۇخماي قويمايمەن!" دەپ، كوكەملىك قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ خوتۇن. باشقىلار جىم بولۇشۇپتۇ. باي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، تاھارەت ئېلىش ئۇچۇن ھاجەتخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ بىر خورىزى، ئەللىكچە مىكىيىنى، ئىتى ۋە بىرنەچچە تۇياق قارا مېلىمۇ بار ئىكەن. باي بېغىنىڭ ئىشىگىدە كېتىۋاتسا، ئىت بىلەن خوراز سوزلىشىۋاتقىدەك. قۇلاق سالسا، ئىت خورازغا: "باي ئولۇم ئالدىدا، جان ھەلەكچىلىكىدە، سەن بولساڭ ئۇنىڭدىن خوش بولغاندەك ئوزەڭنى تۇتۇۋالالماي قاپسەن!" دەپ تەنە قىلىۋاتقىدەك. خوراز ھەيران بولۇپ،

ئىدى، شۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ ئېلىشنى سورايمەن.»
شاھ رازى بولۇپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئاخشامنى شاھ شەھرى-زاد بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇپتۇ.
سىڭلىسى كىرىپ، ئاچىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپتۇ-دە، تەختنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، شەھرىزادقا قاراپ سوزگە كىرىشىپتۇ.
"ئۇيىقۇسىز قالغان كېچىنى قىسقارتىش ئۇچۇن، ئېيتىلماي قالغان چوچەكلەردىن بىرەر قىزىق چوچەك ئېيتىپ بېرىڭ!" دەپتۇ.
"ئەگەر ئۇلۇغ شاھىم رۇخسەت قىلسا، — دەپتۇ شەھرىزاد، — جان دەپ ئېيتىپ بېرەتتىم."
ئۇيقۇسىزلىقتىن ئازاپلانغان شاھ ئاجايىپ چوچەكنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ، رۇخسەت قىپتۇ. شەھرىزاد ھىكايىسىنى باشلاپتۇ.

ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، خوتۇن ھالىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ-دە، ئېرىنىڭ قول-ئايىغىغا يامىشىپ تۇرۇپ يېلىنىشقا كىرىشىپتۇ ۋە ئەپۇ سوراپتۇ. ھەرگىز باياتىن "سىر" سورىماسلىققا ۋەدە قىپتۇ. باي ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ئىككىسى تىنچلىنىپ سىرتقا چىقىپتۇ. توپلىنىشقانلارمۇ بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇشۇپ قايتىپتۇ. ئەي قىزىم، سېنىڭ بېشىڭغا دېخاننىڭ ئايالىنىڭ بېشىغا چۈشكەن شۇ كۈلپەتتىن زىيادىراق ھادىسە كەلمىگەيدى، دەپ قورقىمەن.

لېكىن، شەھرىزادقا ئاتىسىنىڭ بۇ ھېكايىسى قىلچە تەسىر قىلماپتۇ.

ئۇ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر، ۋەزىر قىزىنى ياخشىلاپ جابدۇتۇپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شەھرىزاد ئوردىغا مېڭىشتىن بۇرۇن سىڭلىسى دۇنيازادنى ئالدىغا قىچقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

"مەن شاھ ئالدىغا بارغىنىمدىن كېيىن، سېنى يېنىمغا ئالدۇرۇۋالىمەن. سەن بارغىنىڭدا شاھ ئالدىدا مېنىڭ قىزىق چۆچەكلىرىمنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىغىن. شاھ بۇنىڭغا رازى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن، مەن چۆچەك باشلايمەن. خۇدا خالىسا، شۇ يول بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇمىز."

ۋەزىر ئۆز قىزى بىلەن شاھ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. شاھ قىزنى كۆرۈپ، خوشلىقىدىن يۈزىدىكى پەردىسىنى كۆتەرمەكچى بوپتۇ. قىز بىردىنلا يىغا باشلاپتۇ.

"نېمىشقا يىغلايسىز؟" دەپ سوراپتۇ شاھ قىزدىن.

"ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ قىز، — بىر كىچىك سىڭلىم بار

"بالاڭـنى مەن قاچان ئۆلـتۈردۈم؟!" دەپ سوراپتۇ باي.

"سەن خورمىنى يەپ، ئۇرۇغىنى ئاتـقان ئىدىڭ. ئۇ، بالامنىڭ كوكسـىگە تېگىپ، شۇ زامان تىن تارتمايلا ئۆلدى" ـــ دەپتۇ جىن.

"هەر ئىككىمىزنى ئاللا ياراتقان" ـــ دەپتۇ سودىـگەر. ـــ ئاخىر هەممىمىز ئالـلانىڭ دەرگاهىغا بارىمىز. بىزنى پەقەت ئاللا هەممە بالا ـ قازادىـن قۇتقـۇزىـدۇ. قازاغا رىزا بولماي ئامالـىمىز يوق. بالاڭـنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈرمىدىم. مېنى كەچۈرگىن!"

"ياق، زادى ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن!" دەپـلا جىن چاڭگال سېلىپ، سودىگەرنى تۇتۇپ بېسىپ، بېشىـغا شەمشەرنى تەڭلەپتۇ. سودىـگەر: "ئۆزەمنى ئالـلاغا تاپشۇردۇم!" دەپ مۇنداق مۇناجات ئوقۇپـتۇ:

زامان ئەسلى ئىككى كۈن:
بىر كۈندۇر ئامانلىق:
يەنە بىر كۈن قىسمىتى ـــ
خەتەر بىلەن يامانلىق.

ئىنساندا بار جۈپ جەهەت:
بىرى بەخت ـ سائادەت:
بىر جەهەتكە خاس ئىكەن
مۇشكۇلات هەم مۇشەققەت.

تەقدىر ئويىنتار كىمنى؟
ئۇلۇغ ئادەم، چوڭ زاتنى.
كورمىدىڭمۇ بورانني؟
يۇلۇپ تاشلار شەمشاتنى.

# باي بىلەن جىن ھېكايىسى



بىرىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپتۇ شەھرىزاد، ھېكايىسىنى باشلاپ، — قەدىمقى زاماندا بىر باي بار ئىكەن. ئۇنىڭ مال - مۈلكى ناھايىتىمۇ جىق ئىكەن. ئۇزى جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دۇنيانىڭ جاپا - مۇشەققەت ۋە راھەتلىرىنىمۇ كورگەن. تەمىنى تېتىغان ئىكەن. ئۇزاق شەھەرلەرگە، خەتەرلىك دېڭىز - دەريالارغا سەپەرمۇ قىلغان ئىكەن. باشقا شەھەرلەردىمۇ ئۇنىڭ دۇكانلىرى بولغان ئىكەن. بىر كۇنى ئۇ، نېسىلىرىنى يىغىش ئۇچۇن، غەرپكە سەپەر قىپتۇ. يازنىڭ تومۇز كۇنلىرى ئىكەن. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىغى قاتتىق تەسىر قىلىپ، بىرئاز دەم ئېلىش ئۇچۇن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، سايىداپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر دەم راھەتلىنىپتۇ. خالتىسىدىن خورما بىلەن بىر پارچە نان ئېلىپ يەپتۇ. يېگەن خورمىنىڭ ئۇرۇغىنى بىر تەرەپكە ئاتقان ئىكەن، قىلىچىنى يالىڭاچلىغان سۇرلۇك بىر جىن پەيدا بوپتۇ. ئۇ، باينىڭ يېنىغا كېلىپ:

"سەن مېنىڭ بالامنى ئولتۇردۇڭ. مەنمۇ سېنى خۇددى شۇنداق ئولتۇرۇشۇم كېرەك!" دەپتۇ دوق قىلىپ.

"ھەي، جىنلارنىڭ پادىشاسى، سوزۇمگە قۇلاق سال! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ باي، — مېنىڭ ئويىدە ناھايىتى جىق مال - مۈلكۈم بار، بالا - چاقىلىرىم بار، تۇگەتمىگەن قەرزلىرىم، ئالىدىغان ئېلىشىم بار. ماڭا موھلەت بەرسەڭ، ئۆز شەھىرىمگە بېرىپ، كىمنىڭ ھەققى بولسا، قولىغا تاپشۇراي، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ، ئىش - كۇشلىرىمنى تۇگىتىپ كېلەي، ئاندىن نىمە قىلغۇڭ كەلسە، شۇنى قىل."

جىن ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىپتۇ. باي يولغا چۇشۇپتۇ. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بالا - چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھەممە ئىشلىرىنى تۇگىتىپتۇ. بېشىغا چۈشكەن ئولۇم ۋەقەسىنى بالىلىرىغا، خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ. كەلگۇسى ئىشلار توغرىسىدا ئۇلارغا ۋەسىيەت قىپتۇ. كېيىن كېپىنىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپتۇ - دە، خوتۇن، بالا - چاقىلىرى، خولۇم - خوشنىلىرى ۋە قوۋمى - قېرىنداشلىرى بىلەن رازىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. بوينىغا سىرتماق سېلىپ سورىگەندەك يولغا چىقىپتۇ. ھەممە ياقنى قىيا - چىيا، ماتەم يىغىسى قاپلاپتۇ. باي ۋەدە قىلغان يېرىگە قايتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى يېڭى يىل كىرىدىغان نورۇز كېچىسى ئىكەن. باي ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا، ئاپپاق ساقاللىق بىر قېرى كىشى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ زەنجىرگە باغلانغان بىر كىيىكىمۇ بار ئىكەن. ئۇ، كېلىپلا بايغا سالام بېرىپ:

"بۇ جىنلارنىڭ ماكانىدا نىمە سەۋەپتىن بۇنداق يالغۇز ئولتۇرىسەن. ئۆزەڭ كىم سەن؟" — دەپ سوراپتۇ.

باي جىن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ھەيران بوپتۇ:

كورمىدىڭمۇ ئوكيالنى!
مەۋج ئۇرغان كوپۈكنى؟
ئېقىتىپتۇ لەيلىتىپ،
بالاڭ جەسەت ـ ئۇلۇكنى.

سەن توپ ـ توغرا چاغلاپسەن،
بەخت ـ ئامەتلىك پەيتنى.
چاغلىماپسەن تەقدىردىن
كېلۇر بالا ـ كۈلپەتنى.

قىلۇر گوھەر ـ دۇر ماكان
چوڭقۇر دېڭىز تەھتىنى،
تەقدىر بىزنى ئۇيناتتى،
چەيلەپ ئىنسان بەختىنى.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
سانى ھىساپسىز كوپتۇر.
قۇياش بىلەن ئاينىڭمۇ
گايى يۇزى كەمتۇكتۇر.

يەر يۇزىدە گىيا كوپ،
بىرى قاخشال، بىرى كوك.
باشتا ئاپەت تەگمىگەن
سەرمۇلىك دەرەخ يوق.

سودىگەرنىڭ دات ـ پەريادىغا قۇلاق سالماي، جىن ۋاقىراپتۇ:
"بولدى، ۋالاقشىما! ئەزبىرايى خۇدا، كاللاڭنى تېنىڭدىن
جۇدا قىلمايدىغان بولسام."

قولىدىن سۇيۇپ تۇرۇپ دەپتۇ:

"ئەي جىنلارنىڭ شاھى، بۇ بىچارىنىڭ خۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كەچسەڭ، مېنىڭ بۇ كىيىككە باغلىنىشلىق ئاجايىپ بىر ھېكايەم بار، شۇنى سۆزلەپ بېرەتتىم. ھېكايەم ساڭا ياقمىسا، ئۇ چاغدا ئىختىيار ئۆزەڭدە."

"قېنى سۆزلە، — دەپتۇ جىن، — ئەگەر ھېكايەڭ ئاجايىپ بولۇپ، ئۇ ماڭا پەسەنت بولسا، ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كەچتىم."

## كىيىكلىك بىرىنچى بوۋاينىڭ ھېكايىسى

"ئەي جىن، — دەپتۇ، بوۋاي سۆز باشلاپ، — بۇ كىيىك مېنىڭ ئۆز قاندىشىم. ئۆز سۆڭىكىم، تاغامنىڭ قىزى. ياش چېغىمدا مەن ياخشى كۆرۈپ بۇنىڭغا ئۆيلەندىم. ئوتتۇز يىل جامىسىدا بىز بىللە ھايات كەچۈردۇق. لېكىن بالا يۈزى كۆرمىدۇق، كېيىن بىر كىچىك خوتۇن ئالغان ئىدىم. تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. قەلەمدەك قاشلىرىنى، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى، بويى-تۇرقىنى ماختاشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئوغۇل ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ ئون بەش ياشقا كىردى. بۇ چاغلاردا مەن كۆپ مال بىلەن سودا ئۈچۈن باشقا شەھەرگە كەتكەن ئىدىم. بۇ تاغامنىڭ قىزى ياش چېغىدىلا سېھىرگەرلىكنى جادىگەرلەردىن ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. مەن كەتكەندىن كېيىن، جادى قىلىپ ئوغلۇمنى موزايغا، ئانىسىنى بولسا ئىنەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە بۇ ئىككىسىنى پادىغا قوشۇۋېتىپتۇ. مەن سەپەردىن كېچىكىپ قايتىپ كەلدىم، ئوغلۇمنى ۋە ئانىسىنى سورىدىم. خوتۇنۇم: "كىچىك خوتۇنۇڭ ئۆلدى، ئوغلۇڭ قاچتى،

"بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇ، بايغا خىتاب قىلىپ، — ئەمدى قانداق ۋەقەلەر يۈز بېرىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ سىلجىمايمەن."

بوۋاي باينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. باي بىلەن ئاللا نېمىلەرنىدۇ سۆزلىشىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، باينىڭ ئەندىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ، تېگى يوق خىياللارغا پېتىپتۇ. غەم-قايغۇسىمۇ ئېشىپتۇ. شۇ چاغدا، ئىككى ئىت يېتىلىگەن يەنە بىر چار ساقال قېرى كىشى پەيدا بوپتۇ. ئىتلىرى بورىدەك سۈرلۈك، بىر بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ئۇمۇ، بۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ-دە، بۇ جىنلار ماكانىدا ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ھەر ئىككىسى بۇ يەردە ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپتۇ. بۇلار تېخى سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ئۈچىنچى بىر خېچىرلىق بوۋاي يېتىپ كەپتۇ. ئۇمۇ بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بېرىپ، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرۇشقانلىقلىرىنى سوراپتۇ. بۇلار بۇ يەردە ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ تۈگەتمەيلا، بىردىنلا چاڭ-توزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ، ناھايىتى دەھشەتلىك قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپتۇ. قۇيۇن ئىچىدىن قىلىچىنى يالىڭاچلىغان بايىقى جىن چىقىپتۇ. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان جىن بايغا تىكىلگەن ھالدا، ئولتۇرغانلار تەرەپكە قاراپ كەپتۇ.

"سەن مېنى كۆزۈمنىڭ نۇرى، ھاياتىمنىڭ غۇرۇرى كەنجى بالامدىن ئايرىدىڭ، مەنمۇ سېنى ئېزىز جېنىڭدىن ئايرىيمەن" — دەپ، جىن باينىڭ قولىدىن تارتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بايمۇ يىغلاپتۇ، ئۈچ قېرىمۇ يىغىغا چۈشۈپتۇ.

بىرىنچى بولۇپ كەلگەن، قولىدا زەنجىرلەنگەن كىيىكى بار قېرى كىشى، كۆزىنىڭ يېشىنى سۈرتكەن ھالدا كېلىپ، جىننىڭ

بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق بولىدۇ" دەپتۇ شەھرىزاد.

شاھ كۆڭلىدە: "بۇنىڭ قالغان ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولمىغىچە ئۆلتۈرمەيمەن" دەپ قارار قىلىپ، ئورنىدا مەھكىمىسىگە چىقىپ كەتتى. ۋەزىر بولسا قولىغا قىزىنىڭ كېپەنلىكىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ھەر مىنۇت ۋە ھەر سېكۇنتتا بىرەر شۇم خەۋەرنى كۈتۈپ، قايغۇغا چۈمۈلۈپ، ئېزىلىپ ئولتۇراتتى. كوردىكى، شاھ ھۆكۈمگە ئولتۇردى. كىملەرنىدۇ ئىشتىن بوشىتىپ، ئاللا كىملەرنىدۇ ئىشقا قويدى. قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ئۆز قەسرىگە كىرىپ كەتتى. ۋەزىر ئېنىق بىر خەۋەر ئاڭلىيالماي، بىر دەم خوشلۇق بىلەن ۋە بىر دەم قايغۇ بىلەن كۈندۈزنى كېچىگە ئاران ئۇلىدى.

دۇنيازاد ئاچىسى شەھرىزادتىن باي بىلەن جىننىڭ ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سورىدى

"ئەگەر شاھىمىز رۇخسەت قىلسا، — دېدى شەھرىزاد، — ھازىرلا باشلايمەن."

شاھ باشلاشقا ئەمر قىلدى، شەھرىزاد ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ باشلاپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى، — شۇنداق قىلىپ باي موزايىنى پادىغا قوشۇۋېتىشنى تاپىلاپتۇ.


ئىككىنچى كېچە

جىن بولسا بۇ ئاجايىپ ھېكايىنى قىزىقىپ ئاڭلاپتۇ. ئەي جىنلار پادىشاھى — دەپ داۋام قىلدۇرۇپتۇ، كېيىنكى بار بوۋاي ھېكايىسىنى، — تاغامنىڭ قىزى مېنى موزايىنى سويۇشقا قايتا-

ئەگە كەتكىننى بىلمەيمەن" دېدى. تاغامنىڭ قىزىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، غەمگە چومدۇم. كوزۇمدىن ياش قۇرۇماي بىر يىل ئوتتى. قۇربان ھېيت كەلدى. مەن پادىچىغا قۇربانلىق قىلىش ئۇچۇن ماللارنىڭ ئارىسىدىن سېمىزرەك قارا مال تاللاپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. پادىچى سېمىز بىر ئىنەك ئېلىپ كەلدى. پېشمىنى قىستۇرۇپ، يېڭمىنى تۇرۇپ، قولۇمغا پىچاق ئېلىپ، بوغۇزلاپ سويۇشقا تەمشەلدىم. ئىنەك ھوكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نالىسىگە تاقەت قىلالماي، ئىچىم ئاغرىپ قولۇمنى تارتتىم. پادىچىغا ئىنەكنى سويۇشنى بۇيرۇدۇم. ئۇ، بوغۇزلىدى ۋە تېرىسىنى سويدى. ئۇنىڭدا، تېرە بىلەن سوڭەكتىن باشقا، قىرىپ ئالغۇدەك ياغ ۋە گوش يوق ئىدى. ئۇنى قۇربانلىق قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. بىراق، ۋاقتى ئوتكەن ئىدى. پۇشايمان پايدا بەرمىدى. ئۇنى پادىچىغا بېرىپ، سېمىزرەك بىر موزاي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. پادىچى دەرھال سېھىرلىنىپ موزايغا ئايلانغان ئوغلۇمنى يېتىلەپ كەلدى. موزاي مېنى كورۇش بىلەنلا، ئاغامچىنى ئۈزۈپ، مەن تەرەپكە كېلىپ، مېنىڭ ئاياقلىرىمغا ئوزىنى سۈركەپ زارلانغىلى تۇردى. ئۇ تىپىرلاپ، ماڭا نىمىلەرنىدۇ دېگەندەك قىلىپ، مورەپ سۈركىلەتتى. ئىچىم ئاغرىپ بوشاتتىم. پادىچىنى باشقا بىر مال ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

"ئاچا، بۇ ھېكايىڭىز نىمە دېگەن يېقىملىق، نىمە دېگەن تاتلىق، نىمە دېگەن قىزىق،" دەپتۇ سىڭلىسى دۇنيازاد.

"ئەگەر پادىشاھىمىز مەرھەمەت قىلىپ مېنى سالامەت قويسا، ئەتىلىككە سوزلەيدىغان ھېكايەم بۇنىڭدىنمۇ قىزىقراق ۋە

ناھايىتى ئەجەپلەندىم. تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا سىزگە بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم.»

«مەن بۇنى ئاڭلاپ خوشاللىغىمدىن تېرەمگە سىغماي قالدىم، ـــ دەپتۇ بوۋاي جىنغا. ـــ خوشاللىغىمدىن ئۆزەمنى تۇتالماي، پادىچى بىلەن بىللە يولغا چىقتىم. ھاياجانلانغانلىغىمدىن پادىچىنىڭ ئۆيىگە خۇددى ھاراق ئىچىۋالغان مەس كىشىدەك دەلدەڭشىپ كىردىم. پادىچىنىڭ قىزى ئىچكىرى ئۆيىدىن چىقىپ، سالام بېرىپ قولۇمنى سۆيدى. موزايمۇ يېنىمغا كېلىپ سۈركەلدى. مەن قىزدىن:

«موزاي ھەققىدە قىلغان سوزلىرىڭ راستمۇ؟» دەپ سورىدىم.

«راست، ـــ دىدى قىز، ـــ بۇ موزاي سىزنىڭ كورەر كوزىڭىز، جان تومۇرىڭىز!» مەن قىزغا قاراپ:

«ئەگەر ئوغلۇمنى ئەسلىگە قايتۇرساڭ، ئاتاڭنىڭ قولىدىكى بارلىق مېلىمنى ساڭا بېرەي، ئۇنى يېتىپ يسەڭمۇ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭغىچە يېتىدۇ» دىدىم. قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:

«ھەي باي دادا، ماڭا مېلىڭىزنىڭ كېرىگى يوق، ئۇنىڭغىمۇ ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ ئىككى شەرتىم بار: بىرىنچىسى، ئوغلىڭىزنى مېنىڭ بىلەن نىكاللىنىشقا رۇخسەت قىلىسىز، ئىككىنچىسى، بۇلارغا جادى قىلغان خوتۇنىڭىزنىڭ ئۆزىنىمۇ جادى بىلەن باشقا بىر سۈرەتكە كىرگۈزۈشكە رازى بولىسىز. بولمىسا ئۇمۇ بىزنى تىنچىتمايدۇ.»

«مەن پادىچىنىڭ قىزىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ـــ دەپتۇ باي جىنغا قاراپ، ـــ تاغامنىڭ قىزىنىڭ مېھرىدىن كەچتىم. ئۇنىڭ باشقا شەرتىگىمۇ رازى بولدۇم. يالغۇز ئاتىسىنىڭ قولىدىكىلا

قايتا دەۋەت قىلىپ كوردى. چۈنكى، ئۇ موزاي سېمىز ئىدى. پادىچىمۇ "بۇنى قۇربانلىق قىلايلى" دېدى. بىراق، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنى سويۇشقا كوڭلۇم ئۇنىمىدى. پادىچى موزايىنى ئېلىپ، باشقا قارا مال ئېلىپ كېلىشكە كەتتى. ئەتىسى ئويدە ئولتۇرغان ئىدىم، بىردىنلا پادىچى ھاسىراپ-ھومۇدەپ: "سۈيۈنچى بېرىسىز!" دەپ كىرىپ كەلدى. "ھە، نىمە گەپ؟" دېدىمەن.

"خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم" دېدى پادىچى. سۈيۈنچى بېرىپ، قۇلاق سالدىم، پادىچى سوزلىدى: "مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا يېنىمىزدىكى بىر قېرى خوتۇندىن جادىگەرلىك ئىلمىنى ئۇگەنگەن ئىكەن. كېچە مەن موزايىنى بۇ يەردىن ھەيدەپ بېرىپ، ھويلامغا ئېلىپ كىرگەن ئىدىم. قىزىم ئۇنى كورۇپ، بىر قىسما بولۇپ قالدى." ئالدى بىلەن يىغلىدى. كېيىن كۇلدى. ماڭا:

"سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە، مېنىڭ ئازراق بولسىمۇ قەدىر-قىممىتىم يوقمۇ؟ نىمىشقا مېنىڭ ئۇستۇمگە يات بىر ئەر كىشىنى ئېلىپ كىرىسىز؟" دېدى.

"قېنى يات ئەركەك؟ نىمىشقا ئاۋال يىغلىدىڭ، كېيىن كۇلدۇڭ؟" دەپ سورىدىم.

"سىز ئېلىپ كىرگەن بۇ موزاي بايىنىڭ سېھىر قىلىنغان بىردىن-بىر ئوغلى، ئۇنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ بايىنىڭ چوڭ خوتۇنى سېھىر قىلىپ مۇشۇ ئەھۋالغا سالغان. شۇڭا كۇلدۇم. يىغلىغىنىمنىڭ سەۋەبى-ئۇنىڭ ئانىسىنى باي قۇربانلىق قىلىپ سويۇپ تاشلىغىنى ئۇچۇن" دەپ جاۋاپ بەردى قىزىم. مەن

## بىر جۈپ ئىت يېتىلگەن بوۋاينىڭ ھېكايىسى

"مانا بۇ ئىككى ئىت، — دەپتۇ بوۋاي سۆزىنى باشلاپ، — مەن بىلەن ئاتىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر، بىر قوساقتىن چۈشكەن قېرىنداش. مەن بۇلارنىڭ كەنجىسىمەن. ئاتام ئۆلۈپ، بىزگە ئۈچ مىڭ تىللا نەق پۇل قالدى. بۇ مىراسنى ئۈچىمىز مىڭ تىللادىن بولۇشۇۋالدۇق. مەن سودا قىلىش ئۈچۈن دۇكان ئاچتىم. بۇ ئىككى ئاكام سەپەرگە كېتىشتى. ھەمراللىرى بىلەن بىر يىلغىچە دېرىكى بولماي كەتتى. بىر كۈنى مەن دۇكاندا ئولتۇرغان ئىدىم. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى گاداي كېلىپ، سەدىقە سورىدى. "مەن خۇدايىم بەرسۇن!" دېدىم. "بىزنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟" دەپ يىغلىۋەتتى ئىككىسى. قارىسام، ئۇلار دېرەكسىز يوقالغان ئاكىلىرىم ئىكەن. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالام بەردىم-دە، دۇكانغا ئېلىپ كىرىپ، ئەھۋال سورىدىم. "كۆرگىلىگىمىز كوپ ئىكەن. ئۇكام، ھېچ نەرسىمىز قالمىدى. ئارتۇق گەپنىڭ ئورنى يوق." دەپ سۆزلىرىنى تۈگىتىشتى. ئۇلارنى ھاماممىغا ئېلىپ باردىم. يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزدۈم، بىللە غىزالاندۇق. مەن ئۇلارغا:

"خاپا بولماڭلار! بىر يىللىق پايدىنى ئوتتۇرىدىن بولۇشىمىز" دېدىم-دە، ھەممە مېلىمنى ھىساپلاپ چىقتىم. قارىسام، ئىككى مىڭ تىللا پايدا ئالغان ئىكەنمەن. ناھايىتىمۇ سۆيۈندۈم. پايدىنى تەڭ بولۇپ، مىڭ تىللانى ئىككى ئاكامغا بەردىم، ئۇلارمۇ دۇكان ئاچتى. بىرقانچە زامان خوشال-خورام ياشىدۇق. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاكىلىرىم يەنە سەپەرنى ئارزۇ قىلىپ

ئەمەس، قۇلۇمدا بار بولغان ھەممە دۇنيارىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلى-
دىم. مېنىڭ ھاۋاۋىمنى ئاڭلىغان قىز قولىغا بىر قاچا سۇنى
ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇدى. كېيىن موزاينىڭ يېنىغا
بېرىپ:
"ئەگەر ئەسلىڭ موزاي بولسا ئۆز پېتىڭدە قال، ئۆزگەرمە. مۇبادا
جادى قىلىنغان بولساڭ، بۇرۇنقى ئەكسىڭگە قايت!" — دەپ سۇنى
موزاينىڭ ئۈستىگە چاچتى. موزاي بىر سىلكىنىپ ئادەم سۈرىتىگە
كىردى.
مەن ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، يۈزلىرىدىن، پىشانىسىدىن
سۆيەتتىم. دېمەمنى ئېلىپ، تاغامنىڭ قىزىنىڭ ئوغلۇم بىلەن
ئانىسىغا نىمە ئىشلارنى قىلغانلىغىنى سورىدىم. ئۇ، بولۇپ ئۆتكەن
ئىشلارنى بىر بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شۇ يەردىلا پادىچىنىڭ
قىزىنى ئوغلۇمغا نىكالاتقۇزۇپ بەردىم. پادىچىنىڭ قىزى
تاغامنىڭ قىزىنى ئەپسۇن بىلەن مانا بۇ كىيىك قىياپىتىگە كەلتۈر-
دى. شۇنىڭدىن بېرى، مەن بۇ كىيىكنى نەگە بارسام ئۆزەم بىلەن
بىللە ئېلىپ بارىمەن. چۆل كېزىپ، يول مېڭىپ بۇ يەرگە
كەلسەم، سودىگەر ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. ھال-
ئەھۋال سوراشتىم. مېنىڭ ھىكايەم — كىيىك ۋەقەسى مانا شۇنىڭ-
دىن ئىبارەت.
"ھىكايەڭ ئاجايىپ ئىكەن. مۇشۇ ۋەقەنىڭ بەدىلىگە، — دەپتۇ
جىن، — سودىگەرنىڭ قېنىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئۆتتۇم."
شۇ چاغدا بىر جۇپ ئىت يېتىلەپ كەلگەن ئىككىنچى بوۋاي
ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزگە كىرىشىپتۇ.

ياخشىلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكىمىز ئېنىق. مېنىڭ بۇ ئەپتىمدىن يىرگەنمەڭ!" دېدى قىز.

"قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا رەھىم كەلدى. دىلىمدا ئۇنىڭغا مۇھەببەت پەيدا بولدى. قىزنى نىكاھىمغا ئالدىم. قىممەت باھالىق كىيىملەر، ئېسىل زىبۇ-زىننەتلەر ۋە ياخشى سوغىلار ھەدىيە قىلدىم. ئۇنى ھۆرمەتلىدىم. بىللە كېتىپ باراتتۇق. بارغانسېرى ئۇنىڭغا مۇھەببىتىم ئېشىپ، كېچىمۇ-كۈندۈزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان بولدۇم. بۇ سىرىمنى ئاكىلىرىمدىن يوشۇرۇن تۇتاتتىم. ئۇلار مېنى كۆرەلمەي، مېلىم ئۈچۈن جېنىمغا قەست قىلىشقا كىرىشتى. قانچە ۋاقىت ئۇخلىماي پېيىمگە چۈشۈپتۇ. مېنى ئۆلتۈرۈپ مېلىمغا ئىگە بولۇشقا قارار قىلىشقىنىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. مەن بۇ ئىككى قېرىندىشىمنى مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ دەپمۇ ئويلىمايتتىم. بىر كېچىسى ئايلىم بىلەن خاتىرجەم ئۇيقۇدا ياتقان ئىدىم. ئىككىمىزنى بىللە كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. خوتۇنۇم ئويغىنىپ بىر سەسكەندى-دە، پەرىزاتقا ئايلاندى. كېيىن مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۇچتى. بىر ئارالغا يېتىپ باردۇق. يەرگە چۈشۈپ ئۆزى كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. تاڭ ئاتقاندا قايتىپ كېلىپ: "مەن، — دېدى ئۇ، مەغرۇر بىر قىياپەتتە، — سېنى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرغان ئايلىڭ مەن. ئۆزەم پەرىزاتمەن. سېنى كۆرۈپ، چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ ساڭا كۆرۈندۈم ۋە كۆڭلۈمدىكى بار گېپىمنى ئېيتتىم. سەن كۆيۈنۈپ مېنى نىكاھىڭغا ئالدىڭ. سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇم، ئەمما ئاكىلىرىڭنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا غەزىۋىم كېلىۋاتىدۇ.

كېلىشتى. "بىللە بارساڭ" — دەپ مېنىمۇ زورلاشتى. ئۇنىمىدىم.
"سەپەردىن نېمە پايدا ئالدىڭلار، نېمىشقا مېنىمۇ دەۋەت قىلمىسلەر" — دېدىم. ئۇلارنىمۇ سەپەردىن قايتۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۇز دۇكىنىمىزدا ئىلىم - سېتىم بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ئالتە يىل شۇنداق ئۆتتى. ئۇلار كوپ قېتىم يولغا تەييارلىق كورۇشتى. ھەر قېتىمدا مەن ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇردۇم. ئالتىنچى يىلى مەنىمۇ بېرىشقا رازى بولدۇم.
"لېكىن، — دېدىم ئۇلارغا مەن، — پۇلىمىزنىڭ بىر قىسمىنى كومۇپ كېتەيلى، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگىدەك بولسا، يەنە ئىش قىلىش ۋە ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن دەسمايە قىلىشقا لازىم بولىدۇ." ئۇلارمۇ بۇ مەسلىھەتنى توغرا كورۇپ ماقۇل بولۇشتى. پۇلنى ھساپ قىلدۇق، ئالتە مىڭ تىللا چىقتى. يېرىمىنى يولغا ئېلىپ قويۇپ، قالغان يېرىمىنى يەرگە كومدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، سەپەرگە جابدۇنۇپ، كېمىگە چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىر ئاي دېگەندە مولچەرلىگەن شەھەرگە يېتىپ باردۇق. مېلىمىزنى ئون باراۋەر پايدىسىغا ساتتۇق. ئىشلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپ، قايتىشقا ھازىرلاندۇق. دەريا بويىغا كەلگەندە، جەندىگە ئوخشاش يامان ۋە جۇل - جۇل كىيىم كىيگەن بىر قىزغا يولۇقتۇق. قىز قولۇمنى سۆيۈپ: "ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىش قولۇڭىزدىن كەلمەمدۇ؟ مەنمۇ ۋاقتى كەلگەندە ياخشىلىقىڭىزنى ئۇز لايىقىدا قايتۇراتتىم" — دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: "قايتۇرمىسىڭىزمۇ، خالىس ياخشىلىق قىلىشقا قۇربىم يېتىدۇ" دېگەن جاۋاپنى بەردىم. "مېنى ئۇز نىكاھىڭىزغا ئېلىپ، شەھىرىڭىزگە ھەمرا قىلىپ كېتىڭ. مەن ئۇزەمنى سىزگە بېغىشلىدىم.

يۇرىمەن. نەگە بارسام بىللە ئېلىپ بارىمەن. ھازىر مەن بۇلارنى بالدۇرراق ئۇز ئەكسكە ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن قېيىنى ئانام تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىدىم. بۇ يەردىن ئۇتۇپ كېتىۋېتىپ كوزۇم سودىگەرگە چۈشتى. ئۇنىڭغا بۇ بوۋاي ھەمرا بولۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن باينىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ "ئاخىرى نىمە بولار ئىكىن، دەپ تۇرغان ئىدىم. خېچىر بىلەن بۇ كىشى كەلدى" دەپتۇ ئىككىنچى كىشى سوزىنى تۇگىتىپ.

"بۇ ئاجايىپ ھىكايەڭ ئۇچۇن جىنايەتچىنىڭ قېنىنىڭ ئۇچتىن بىرىدىن كەچتىم" دەپتۇ جىن.

شۇ چاغدا خېچىرلىق ئۇچىنچى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

## خېچىرلىق بوۋاينىڭ ھىكايىسى

"ئەگەردە، — دەپتۇ — خېچىرلىق بوۋاي جىنغا قاراپ، — جىنايەتچىنىڭ قالغان قېنىدىن ئۇتسەڭ بۇ ئىككىسىنىڭ سەرگۇ-زەشتىسىدىنمۇ قىزىقراق ھىكايە سوزلەيمەن."

"ھىكايەڭ قىزىق بولسا، ئەلۋەتتە ئۇتىمەن" — دەپتۇ جىن.

ئەي جىنلارنىڭ سۇلتانى، — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ خېچىر مېنىڭ ئايىلىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن سەپەرگە چىققان ئىدىم. مەن ئۇنى راسا بىر يىل يوقىتىپ قويدۇم. بىر يىلدىن كېيىن، بىر كېچىسى سەپەردىن قايتىپ ئويۇمگە كېلىپ قارىسام، بۇ خوتۇن بىر قارا قۇل بىلەن بىر ئورۇندا رەسۋالىشىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا كوزى چۈشكەن ھامان، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، لىق سۇ قۇيۇلغان قاچىنى قولىغا ئېلىپ، سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇدى. پىچىرلاپ كېلىپ ماڭا قاراپ: "ئوز سۇرىتىڭدىن چىقىپ

ئۇلارنى، ئەلۋەتتە، ئۆلتۈرىمەن.»

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەجەپلەندىم. قىلغان ياردىمگە كۆڭلۈم سۆيۈندى. لېكىن ئاكىلىرىم توغرىسىدىكى پىكرىگە قارشى چىقىپ، ئۇلار ھەققىدىكى ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياق چۈشەندۈردۈم. ئەمما ئۇمۇ ئۆز پىكرىدىن يانماي: «بۈگۈن ئۇلار چۈشۈپ كېتىۋاتقان كېمىنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ بارىمەن. ھەممىسىنى سۇغا غەرق قىلىمەن» دېدى. مەن ئاكىلىرىمنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا قانچە يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلساممۇ، ئۇ بەرىبىر قارشىلىق كۆرسەتتى. ئاخىر مېنى كۆتىرىپ ئۇچتى. ئىشىكىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتۇق. مەن ئىشىكنى ئاچتىم. كۆمۈلگەن دۇنيانى ئېلىپ يەنە ئاۋالقىدەكلا سودىغا تۇتۇندۇم. كەچقۇرۇن دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كەلسەم، ھويلىدا بۇ ئىككى ئىت زەنجىر بىلەن باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. بۇ ئىككى ئىت مېنى كۆرۈپلا، ئايىغىمغا ئۆزىنى تاشلاپ ئېغناپ، يۇراپ، ئىتتىگىمگە ئېسىلىپ، ھە دەپ يېلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ يىغلاشتى. بىزنى بۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغىن دېگەندەك قىلىپ قارىشاتتى، غىڭشىيتتى. بۇ سىرغا ھەيران بولۇپ تۇرغان ئىدىم، ئايىلىم كېلىپ: «بۇلار سېنىڭ ئاكىلىرىڭ!» دېدى.

«بۇلارنى كىم بۇ ھالغا كىرگۈزدى؟» دەپ سورىدىم مەن، ئىشنىڭ تېگى ـ تەھتىنى چۈشىنەلمەي.

«مەن، ـ دېدى ئايىلىم، ـ بۇلارنى ئانامغا ئۇۋەتكەن ئىدىم. ئانام ئىت سۈرىتىگە كىرگۈزۈپتۇ. بۇلار ئەمدى يەنە ئون يىلسىز ئۆز ئەكسىگە كېلەلمىسە كېرەك.»

شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئون يىلنى توشقۇزالماي، جاھان كېزىپ

سوراپتۇ. خېچىر بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، بۇ سوزنىڭ توغرىلىغىنى تەستىقلاپتۇ. بوۋاينىڭ سوزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ، جىن ئەجەپلىنىپ، زوق بىلەن كۈلۈپتۇ-دە، سودىگەر-نىڭ قالغان قېنىدىن ئۆتۈپتۇ.

شەھرىزاد تاڭنىڭ يورۇپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، ھېكايە-سىنى توختىتىپتۇ. سىڭلىسى دۇنيازاد ھېكايىنىڭ قىزىقلىغىنى ئېيتىپ، مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ.

"شاھىمىز رۇخسەت قىلسا، ئولمەي تىرىك قالسام، بۇنىڭ داۋامى يەنىمۇ قىزىقراق" دەپتۇ شەھرىزاد. پادىشا:

"بۇنىڭ قىزىق ھېكايىلىرى تامام بولمىغىچە ئولتۇرمەي-مەن" دەپ ئەھدى قىپتۇ.

سىڭلىسى دۇنيازاد ھېكايىنىڭ داۋامىنى سوزلەشنى سوراپتۇ.

"جېنىم بىلەن — دەپ سوزىنى باشلاپتۇ شەھرىزاد، — ئەي بەختلىك شاھ، باينىڭ خۇنىدىن جىن ئوتكەندىن كېيىن، باي بايىقى ئۈچ بوۋايغا ئوزىنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇرغىنى ئۈچۈن سانسىز رەھمەت، ھېسابسىز بارىكاللا ئېيتىپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسىلىرى ئوز يۇرتلىرىغا قاراپ يولغا چۈشۈپتى، — لېكىن — دېدى شەھرىزاد، — بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى ئالدىدا بۇنى ھېكايە دېمىسىمۇ بولىدۇ.

"بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى قانداق؟" دەپ سورىدى شاھ.

ئىت سۈرىتىگە كىر!" دەپ قاچىدىكى سۇنى ماڭا چاچتى. شۇ هامان ئىت سۈرىتىگە كىردىم. كېيىن مېنى ئۆيدىن هەيدەپ چىقاردى. ئىشىكتىن چىقىپ مېڭىۋەردىم ۋە بىر قاسساپنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ باردىم. قورسىقىم ئاچ ئىدى. دۇكانغا كىرىپ سۆڭەك غاجىلاشقا باشلىدىم، قاسساپ قايتىشىدا مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. هويلىسىغا كىردۇق، قاسساپنىڭ قىزى مېنى كۆرۈپ، يۈزىنى ياپتى ۋە ئاتىسىغا قاراپ: "ئەي ئاتا، نېمە ئۈچۈن ئەر كىشىنى بۇ هويلىغا ئېلىپ كىرىسىز؟" دەپ دوق قىلدى. "قېنى ئەر كىشى؟" دەپ سورىدى ئاتىسى هويلىغا قاراپ. "بۇ ئىت — دېدى قىز — بۇرۇن بىر ئەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا خوتۇنى جادى قىلىپ ئىت قىلىپ قويغان. مېنىڭ بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چامام كېلىدۇ." قاسساپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قىزىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مېنى قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى. قىز بىر قاچىغا سۇنى ئېلىپ چىقتى. سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ، دەم سېلىپ، سۇنى ماڭا چاچتى: "بۇ سۈرەتتىن چىقىپ ئەسلىڭگە قايت!" دېدى. مەن ئۆز ئەكسىمگە كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۈم. قىزدىن خوتۇنۇمغا جادى قىلىشنى ئۆتۈنۈپ سورىدىم. قىز ماڭا بىرئاز سۇ بېرىپ: "خوتۇنۇڭ ئۇخلاپ ياتقاندا، ئۇنىڭغا سەپسەڭ، سەن خالىغان سۈرەتكە كىرىدۇ" دېدى. مەن خوتۇنۇمنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتىنى تېپىپ سۇنى سەپتىم ۋە: "بۇ سۈرەتتىن چىقىپ خېچىر سۈرىتىگە كىر!" دېدىم. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا مانا شۇ خېچىرنىڭ سۈرىتىگە كىردى.

ئەي جىنلارنىڭ ئۇلۇغ سۇلتانى، — دەپتۇ ئۈچىنچى كىشى.

جىن خېچىرغا قاراپ: "شۇنداق بولغىنى توغرىمۇ؟" دەپ

قارا، يۇلتۇز ئۇچمىگەن تۈن، پەلەكنىڭ قوينىدا،
تۇرار بوۋاي بېلىقچى تەلمۈرۈپ سۇ بويىدا.
تىزنىغىچە سۇ كېچىپ توردىن ئۈزمەي كوزنى،
مۇدھىش دولقۇن ئۇرسىمۇ ھېچ قاچۇرماي يۈزنى.
ساقلار بوۋاي بېلىقنى ئۇيقۇدىن بولۇپ بىدار،
تاڭ سەھەردە ئالۇركەن جاپا چەكمەس خېرىدار.
سانا ئېيتاي مەن ساڭا، ئەي خۇدا پەرۋەردىگار،
بىرنى مۇھتاج ئەيلىدىڭ، بىرنى قىلدىڭ بەختىيار.

بوۋاي ئىشەكىنىڭ ئۇلۇگىنى تورنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. تورنى يۇيۇپتۇ. بوۋاي ئۆزىچە ئاغرىنىپ:

"يەنە بىر تاشلاي، خۇدا بۇيرۇغان بولسا، بۇدا ئەجرىمنى تاپارمەن" دەپ نالە قىلىپ شۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

نالە قىلما يوقسۇللۇق دەردىدە زارلاپ،
سەۋرىدىن ئۇچاڭغا لىباس ياپقايسەن.
توكمە زىنھار ئۆزگىگە دەردىڭنى قاخشاپ،
چۈنكى رەھمانىنى زالىمغا چاققايسەن.

تورنى يەنە يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ. بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ تورنى تارتىپ باقسا، ئالدىنقىسىدىنمۇ ئېغىر تۇرغىدەك. "بىر چوڭ بېلىق تۇتتۇم، دەپ ئويلاپ سۆيۈنۈپتۇ. يەنە يېشىنىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. كوپ قىيىنچىلىق بىلەن ئولجىسىنى سۇنىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. قارىسا، ئىچى لاي ـ لاتقا بىلەن لىق تولغان بىر ساپال كۈپ ئىكەن. بېلىقچىنىڭ كوڭلى يېرىم بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

قەھرىڭنىڭ تەقدىر يۇمشىغىن،
غەزەپتىن سانچىماي تىكەن.
رىزقى ئىستەپ چىققان ئىدىم،

# بېلىقچى بىلەن دىۋە ھېكايىسى


ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شەھرىزاد، — قەدىمقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ۋە خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار سىرىقتال كۈن كەچۈرىدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا تۆت قېتىم تور سالىدىكەن. تورىغا نىمە ئىلىنسا، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۇ بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا دەريانىڭ لېۋىگە بېرىپتۇ، تورنى يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ. بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇپ تارتسا، تور ناھايىتى ئېغىر تۇرغىدەك. كۈچىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىپ، كۈچەپ تارتىپ بېقىپتۇ. ئەمما تورنى سۇدىن چىقىرالماپتۇ. تورنىڭ ئۇچىنى بىر تاشقا باغلاپتۇ-دە، ئۆزى يالىڭاچ بولۇپ سۇغا چۈشۈپتۇ. تىرمىشىپ-تارتىشىپ، تورنى دەريانىڭ لېۋىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. كېيىن ئۆزى سۇدىن چىقىپ قارىسا، ئۇ، بىر ئۆلۈك ئېشەك ئىكەن. "سۇبھانالللا، مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟" دەپ ئاچچىغلىنىپتۇ بوۋاي ۋە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ:

بولما ئادەم ئاۋارە، ئۈمىت كۈتۈپ زۇلمەتتىن،
يېمەك-ئىچمەك، تون-لىباس كەلمەيدىكەن كۆلپەتتىن.

تەقدىر بىلەن پەسكەشلەر
چىقتى تورنىڭ ئۈستىگە؛
دانىش ـ ئالىم يولۇقتى
زالىم جەۋرى ـ قەستىگە.

پەرۋاز قىلدى ئۆدەكلەر،
غايىپ بولدى قۇش ـ شۇڭقار.
بۇ لەنىتى هاياتتا
نادان ئەزىز، ئالىم خار.

نىيەت قىلدىم هەر زامان،
گاداي ئالىم بولۇشقا.
هەيران بولماڭ خالايىق،
تۇيۇق قەدەم قويۇشقا.

بېلىقچى بوۋاي ئاه ئۇرۇپ كوككە قاراپ: "ئەي خۇدا ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن كۈنىگە توت قېتىملا تور سالىمەن. تورنى ئۈچ نوۋەت دەرياغا سالدىم. ئۇنىڭغا هېچ نەرسە ئىلىنمىدى". بېلىقچى توتىنچى قېتىم "بىسمىللا" دەپ تورنى سالپتۇ. بىرئاز كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، تورنى كوتىرىپ قارىسا، تور يەرگە يەملىشىپ قالغاندەك مىدىرلىماسمىش، بېلىقچى "تۇۋا" دەپ بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

ۋا دەرىخا، بۇ زامان كۆلپەتىدىن هالىم خاراپ،
ئوتكۈزۈپ كېچە تاڭنى كەچتە ئىچتىم غەمدىن شاراپ.
سورىسا كىم دۇنيادا ئەڭ بەختىيار دەپ بىر كىشى،
كورسىتىپ مېنى مۇشۇ دەپ ئوزگىگە بەرگەي جاۋاپ.

ئاندىن ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ يەنە سۇغا چۈشۈپتۇ. تورغا

ئۇ، تامام بولغان ئىكەن.

شۇنچە دىۋەلە، ئەخمەق ـ نادانلار،
پەرۋاز قىلىپ كوكتە ئۇچماقتا؛
قانچە ئالىم، دانىش ـ دانالار،
چونەكلەردە نامسىز ياتماقتا.

بوۋاي كۆيىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ ـ دە، تورنى سىقىپ تازىلاپ، يەنە يىپىپ سۇغا ساپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم دەريا لېۋىدە بىر دەم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تور بىر نەرسە چۇشكەندەك سىلكىنىپ ئېغىرلىشىپتۇ. تەسلىكتە ئۇنى تارتىپ قارىسا، ئىچى ساپال، شىشە سۇنۇقلىرى بىلەن لىق تولغان ساپال كۈپ ئىكەن. ئۇنى كورۇپ غەم ـ قايغۇغا چوكۇپتۇ. يۈرىگى ئېزىلىپتۇ. بۇ دەرتنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، يىغلاپ ناله قىلىپتۇ:

تۇرار نېمەت ئالدىڭدا،
بوي سۇنمىغاي ئىلكىڭگە.
ساڭا چەكلىك ھاياتلىق،
قويۇپ بەرمەس ئەركىڭگە.

ئىلىم ساڭا ھەرقاچان،
تون ـ يېپىنچا بولمىغاي؛
خەتتاتلىقمۇ ھەر زامان
ئىگىن ـ غىزا بولمىغاي.

رىزقىڭ بۇرۇن پەچلىغان،
نەپ ئېلىشقا ئىمكان يوق.
زېمىندا بار مۇنبەت يەر،
قالدىسى تېقىر ـ قورۇق.

قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قاراڭغۇ زىنداندىن بوشاتتىم. شۇنىڭ بەدىلىگە سەن مېنى ئۆلتۈرەمسەن؟" دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

"توغرا، سېنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق. قايسى ئۆلۈم بىلەن ئۆلىسەن" دەپتۇ دىۋە.

"سەن مېنى ئۆلتۈرگىدەك نېمە گۇنا قىلدىم؟" دەپتۇ بېلىقچى.

"ئانداق بولسا سەن مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى ئاڭلا!" دەپتۇ دىۋە بېلىقچىغا قاراپ خىتاب قىلىپ.

"سۆزنى قىسقا قىل! — دەپتۇ بېلىقچى — جېنىم تومشۇغۇمغا كېلىپ قالدى."

"مەن دەپتۇ، — دىۋە بېلىقچىغا قاراپ، — مۆرىت① دىۋىلەردىن بولىمەن. مەن داۋۇت ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغىنىم ئۈچۈن، مېنى جازالاشقا سۇلايمان ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ئاسىپ ئىبنى بەر خىيانى ئەۋەتتى. ئۇ ۋەزىر مېنى قولغا چۈشۈرۈپ، سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلايمان مېنى بەيئەت قىلىپ، دىنغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. مەن رەت قىلدىم. مېنىڭ بۇ جاۋابىمنى ئاڭلىغان سۇلايمان بۇ كۈپنى ئالدۇردى. مېنى كۈپنىڭ ئىچىگە سالدۇردى. ئاغزىنى قەلەي بىلەن كەپشەلىتىپ، موھرىنى باستى. جىنلارغا ئەمر قىلىپ، مېنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاتتى. دەريانىڭ تېگىدە يۈز يىل ئاقتىم. ئۆز-ئۆزەمگە: "كىم مېنى شۇ بالادىن قۇتۇلدۇرسا، ئۆمرۈم بويى شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاي" دىدىم. يۈز يىل ئۆتتى. لېكىن ھېچكىم مېنى قۇتۇلدۇرمىدى. يەنە يۈز يىل ئۆتتى. "قۇتقازغان كىشىگە دۇنيانىڭ بايلىقىنى بېرەي" دەپ قەسەم

① مۆرىت — دىۋىلەر تائىپىسىنىڭ بىر خىلى.


چۈشكەن ئۈلجىنى ئاران تەسلىكتە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ نەرسە
ئاغزى كەپشەلەنگەن تۈچ كۈپ بولۇپ، ئىچى نىملەر بىلەندۇر
تولغان ئىكەن. ئاغزىنىڭ كەپشەلەنگەن يېرىدە، سۇلايمان
پەيغەمبەرنىڭ موھرىسىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇنى كورۇپ، بېلىقچى
خۇرسەن بوپتۇ. كۈپنى مىسكەرگە ساتسام، بىرقانچە ئالتۇنغا
ئالار دەپ بوداپتۇ. ئاۋال كۈپنى ئېچىپ ئىچىدە نىمە بارلىغىنى
بىلمەكچى بوپتۇ. يېنىدىن پىچىغىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كۈپنىڭ
ئاغزىدىكى قەلەينى بوشىتىپتۇ، كۈپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يەرگە
قارىتىپ دۈم كومتۈرۈپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قويماي ئېلىش
ئۈچۈن سىلكىپتۇ. لېكىن ھىچ نەرسە چۈشمەستىن، ئىچىدىن
بىخسىغان سېسىق تۈتۈن چىقىپتۇ-دە، بۇسى ئاسمان-زېمىننى
قاپلاپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ تۈتۈن يىغىلىپ قويۇقلۇشۇپتۇ، ئاندىن
ئايلىنىپ بىر دىۋە سۈرىتىگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ كېلەڭسىز ئاياقلىرى
قورقۇنۇچلۇق بولۇپ، بويىنىڭ ئىگىزلىكىدىن بېشى ئاسمانغا
تاقىشىدىكەن؛ ئاغزى ئۆڭكۈردەك، چىشلىرى زىختەك، بۇرنى-
نىڭ توشۇكلىرى مەشىنىڭ كانىيىدەك قاپقارا ۋە يوغان؛
كوزلىرى قىپ-قىزىل يېنىپ تۇرغان چوغدەك ئىكەن. بەدىنىدىكى
ھەر بىر تال تۈك ئۇنى يەنىمۇ دەھشەتلىك بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ-
تۇ. بۇنى كورگەن بېلىقچىنىڭ جان-ئىمانى چىقىپتۇ. ئەزايى-
بەدىنى لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ. قورقىنىدىن زاڭاقلىرى
جاقىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپتۇ. كوز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ
يولىنىمۇ كورەلمەي قاپتۇ. دىۋە بېلىقچىنى كورۇپ:
"ئەي بەختسىز، مەن سېنى ھازىر ئازاپلاپ ئۆلتۈرىمەن!" دەپتۇ.
"ئەي مەلئۇن، مەن سېنى سۇ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ،

"ئۇلۇمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمغا كوزۇم يەتتى. ئەمما ئۇلۇغ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە ئويۇلغان ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ، سەندىن بىر نەرسىنى سورايمەن. راستىنى ئېيت. شۇ بويۇك بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە كۇپكە قانداق سىغدىڭ؟ بۇنىڭغا سېنىڭ بىر پۇتۇڭ ئەمەس، ئەقەللى بىر قولۇڭمۇ سىغمايدۇ! بۇ ئىشقا مەن ھەيران!" دەپتۇ.

"مېنىڭ كۇپتىن چىققانلىقىمغا تېخىچىلا ئىشەنمەمسەن؟" دەپتۇ دىۋە ۋاقىراپ.

"ئوز كوزۇم بىلەن كورمىگىچە ھىچ نەرسىگە ئىشەنمەيمەن!" دەپتۇ بېلىقچى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.


توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سوز باشلاپتۇ شەھرىزاد، — بېلىقچىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان دىۋە بىر سىلكىنىپتۇ-دە، تۇتۇنگە ئايلىنىپ، ھەممە تەرەپكە يېيىلىپتۇ. كېيىن ئاستا-ئاستا كۇپكە چۇشۇشكە باشلاپتۇ. تۇتۇن تامامەن كۇپكە كىرىپ بولۇشى بىلەنلا، بېلىقچى دەرھال كۇپنىڭ ئاغزىنى بۇرۇنقىدەك قىلىپ بېكىتىپتۇ. ئۇزۇكنىڭ ئىزى بىلەن كەپشەنى جايىغا قويۇپتۇ. دىۋىگە قاراپ:

"خوش، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئەمدى سەن قانداق ئولۇم بىلەن ئولۇشنى خالايسەن؟ — دەپ قىچقىرىپتۇ، — مەن ھازىرلا سېنى دەرياغا تاشلايمەن-دە، ئوزەم شۇ يەرگە ئىمارەت سېلىپ

قىلدىم. ھېچكىم مېنى قۇتقازمىدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ”كىم قۇتقازسا ئۈچ خىل تىلىكىنى بېرىمەن“ دەپ ئەھدى قىلدىم. توپ-توغرا توت يۈز يىل ئۆتتى، ھېچكىم قۇتقازمىدى. بۇ ھالغا زادىلا چىدىماي غەزەپلەندىم. ”ئەمدى مېنى كىم قۇتۇلدۇرسا ئۇنى ئۆلتۈرەي. لېكىن ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن قايسى خىل ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىدىن سوراي“ دەپ نىيەت قىلدىم. سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭدىن سوراي-مەنكى، قايسى ئۇسۇلدا ئازاپلاپ ئۆلتۈرەي.

بېلىقچى دىۋىگە يالۋۇرۇپتۇ. ئەمما دىۋە ئۆز سۆزىدە قاتتىق تۇرۇپ ئاپتۇ. بېلىقچى بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ياخشىلىق قىلسام كۆتۈپ ئاندىن ۋاپا،
ئەكسىچە دۈشمەن بولۇپ قىلدى جاپا.
ئادىمگە قارىماي قىلساڭ ساۋاپ،
ئاقىۋەت بورە كەبى قىلغاي جاۋاپ.

دىۋە بېلىقچىغا قاراپ:

”سەن تېخىلا كۈن كەچۈرىمەن دەۋاتامسەن؟ تىرىكلىكتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. بول چاققان، سېنى قانداق قىلىپ ئۆلتۈرەي“ دەپتۇ.

بېلىقچى ئۆزىنىڭ سۆزلىرى دىۋىگە تەسىر قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: ”بۇ دىۋە تۇرسا، مەن ئەقىل ئىگىسى— تەدبىرلىك ئىنسان تۇرسام، ئۇنىڭ ھىلە-مىكرىسىگە ئالدىنىپ قالسام، ماڭا ئۇيات ئەمەسمۇ؟“ دەپ تەسەللى بېرىپتۇ. كېيىن دىۋىگە قاراپ:

شەھىردە بىر پادىشا ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى يۇنان شاھ ئىكەن، ئۇ، مەشھۇر شاھلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرلۇك مال ۋە قورال - ياراق، ھەر خىل نەرسىلەر ھەددىدىن تاشقىرى كوپ ئىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىگە پىسە كېسىلى پەيدا بوپتۇ. تېۋىپلار، ھېكىملەر ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئاجىز كەپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلىگە قارشى ئىچىدىغان، سۇركەيدىغان، سېپىدىغان دورىلاردىن ھەممىنى ئىشلىتىپتۇ. ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ پايدىسىنى كورمەپتۇ.

شۇ كۇنلەردە يۇنان شاھنىڭ شەھىرىگە ياشانغان بىر ھېكىم كېلىپ قاپتۇ. ئۇنى ھېكىم رويانى دەيدىكەن. ئۇ، ئالىم كىشى بولۇپ يۇنانچە، پارسچە، رۇمچە، ئەرەپچە تىللارنى بىلىدىكەن. سوزنى تولىمۇ كامالەتكە يەتكۇزۇپ قىلىدىكەن. تىبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئىلمى نۇجۇمدا ئۇنىڭ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇ، بىلىملەرنىڭ پۇتۇن قائىدىلىرىنى، ھەممە ئاساسلىرىنى ئوزىگە ياخشى ئوزلەشتۇرۇۋالغان ئىكەن. ھەممە ساھەلەردە نىمىلەر پايدىلىق، نىمىلەر زىيانلىق ئىكەنلىگىنى كەم - كۇتىسىز بىلىدىكەن. ئۇسۇملۇكلەرنىڭ تۇرلىرىنىمۇ ئۇچىدىن - يىلتىزىغىچە بىلىدىكەن؛ ئۇسۇملۇكلەرنىڭ گۇل - چېچەكلىرى، شاخ - يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا كىرىپ سوزلەيدىكەن؛ ئۇ تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىلا داڭلىق بولۇپ قالماستىن، پەلسەپە بىلىمىدىمۇ ھېچكىمدىن قېلىشمايدىكەن. ھېكىم رويانى بىرنەچچە كۇندىن كېيىن شاھنىڭ كېسىلىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلىنى ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ داۋالىيالمىغانلىغىنى ئۇققۇپتۇ. ئەتىسى ئوزىنىڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تازىم قىپتۇ. پادىشاغا مەڭگۇلۇك دولەت، پۇتمەس - تۇگىمەس كۇچ - قۇۋۋەت، بەخت -

بېلىقچىلار كەلسە، بۇ يەردە ئادەم يەيدىغان دېۋە بار، دەپ ئۇلارنى قايتۇرىمەن."

دېۋە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، كۈپتىن چىقىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ كۆرۈپتۇ، تېپىچەكلەپ بېقىپتۇ، لېكىن چىقالماپتۇ. ئاخىرى: "ساڭا چاخچاق قىلغان ئىدىم" دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

"ئەي دېۋىلەرنىڭ ئەسكىسى، ــ دەپتۇ بېلىقچى، ــ سەن ئادەم بىلەن ئويناشتىڭ، ئەمدى كۈپنىڭ ئىچىدە سىسىپ ياتقىنىڭ ياتقان."

بېلىقچى كۈپنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كەپتۇ. نىمە ئۈچۈندۇر دېۋە: "يوق - يوق" دېگىدەك. بۇنىڭغا قارشى بېلىقچى: "ھە... ھە..." دېگىدەك. "نىمە قىلماقچىسەن؟" ــ دەپتۇ ئاخىر دېۋە يۇمشاق ۋە يېلىنغان ئاۋاز بىلەن. "ئېخى بىلمىدىڭمۇ سېنى دەرياغا تاشلايمەن. سەككىز يۈز يىلمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق-مۇ، ئىشقىلىپ، مۇشۇ سۇ ئاستىدا مەڭگۈ قالىسەن ۋە ئەبىدى ئاقىسەن. باشتا: 'سەن مېنى ئۆلتۈرمە، ئۆزەڭگە ياخشى بولىدۇ. مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۆزەڭمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيسەن' دەپ ئېيتتىم. سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدىڭ، ئېخى مېنى ئالدىماقچى بولدۇڭ. ئەمدى ئۆزەڭ قولغا چۈشتۈڭ، ئىككىمىزنىڭ ئىشىمىز يۇنان شاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى، ھېكىم رويانىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاپ قالدى."

"خوش، يۇنان شاھ بىلەن ھېكىم رويانىنىڭ ۋەقەسى قانداق ئىكەن؟" دەپ سوراپتۇ دېۋە.

## يۇنان شاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋە ھېكىم رويانىنىڭ ۋەقەسى

قەدىمقى زاماندا، رۇم مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە، پارسلار

كىرىپ شاھنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۆرۈنۈش قىپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدا، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرى بار ئىكەن. ھېكىم ئولتۇرماستىن شاھقا چەۋگەن① بىلەن كاپتوكنى تۇتقۇزۇپتۇ. شاھنى مەيدانغا چىقىپ چەۋگەن ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ: "چەۋگەننىڭ سېپىدىن مەھكەم تۇتۇپ، كاپتوكنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئۇرۇپ ئوينايسىز. كاپتوك قاڭقىپ كەتسە يەتكەن يېرىڭىزچە قوغلاپ بېرىپ ئۇرىسىز. قوللىرىڭىز، بەدەنلىرىڭىزدىن تەر چىققىچە شۇنداق ئوينايسىز! شۇنىڭ بىلەن دورا كاپتوكتىن چەۋگەن ئارقىلىق بەدىنىڭىزگە ئۆتىدۇ. يەنە تەر چىقىپ دورا تەسىر قىلىدۇ، سىڭىپمۇ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىڭىزگە قايتىپ ھاممامغا كىرىپ يۇيۇنسىڭىز كېسەلدىن قۇتۇلىسىز."

شاھ دەرھال چەۋگەننى قولىغا ئېلىپ ھېكىم ئېيتقان ئۇسۇل بىلەن ئويناشقا كىرىشىپتۇ. ئويۇننى كۆزىتىپ تۇرغان ھېكىم تەر چىققاننى، دورا بەدەنگە تەسىر قىلغاننى سېزىپتۇ. شاھنى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ ھاممامغا چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. يۇنان شاھ ئويۇننى توختىتىپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھاممامنى باشقىلاردىن بوشىتىپ تازىلاپتۇ. كېيىن شاھ ئۆزى ھاممامغا كىرىپتۇ، ياخشىلاپ يۇيۇنۇپ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. ھاممامدىن چىقىپ جەرەن ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلاپتۇ. ھېكىم رويانىمۇ ئۆز ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن شاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردىغا كېلىپ شاھ ھوزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سوراپتۇ. شاھ رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن ئۇ قەسىرگە كىرىپ تازىم قىپتۇ. ھاممامدىن چىقىپلا بەدىنىدە پېسىلىك كېسەلدىن

① چەۋگەن — كاپتوك ئۇرىدىغان ياغاچ كالتەك.

سائادەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. شۇ قاتاردا ئوزىنىڭمۇ تىۋىپلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

"مەن، — دەپتۇ ھېكىم، — تىۋىپلار داۋالىيالمىغان بۇ كېسىلىڭىزنى داۋالاپ ساقايتىش ئۇچۇن كەلدىم. خالىسىڭىز ھېچنەرسە ئىچكۇزمەي ۋە ھېچنەرسە سۇرمەي داۋالايمەن."

يۇنان شاھ بۇ سوزگە ھەيران بوپتۇ ۋە ھېكىمگە قاراپ: "ئەگەر بۇ كېسىلىمگە دورا قىلساڭ، بۇنىڭ بەدىلىگە چوڭ مۇكاپات بېرىمەن! تىلەكلىرىڭگە يەتكۇزىمەن، بالا - چاقىلىرىڭغا زور ئىنئام ۋە سوغىلار تەقدىم قىلىمەن. سېنى ئوزەمگە مەسلىھەتچى قىلىۋالىمەن" — دەپ تون كىيدۇرۇپتۇ. زور ھورمەت كورسىتىپتۇ. ئاندىن شاھ:

"دورا - دەرمانسىز ساقايتىمەن دېگىنىڭ راستمۇ؟" دەپ يەنە سوراپتۇ.

"راست، سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە ئازار يەتكۇزمەي داۋالايمەن!" دەپتۇ ھېكىم.

"ئەي ھېكىم — دەپتۇ شاھ قىزىقىپ، — بۇ ئىشنى قايسى سائەتتە باشلايسىز؟ ئىلاجى بار تېزراق ئىشلىسىڭىز؟"

ھېكىم "ئېتىشىم بىلەن" دەپ ئىستائەتچانلىق بىلدۇرۇپ، شاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپتۇ. بىر ئوينى ئىجارىگە ئېلىپ كىتاپلىرىنى، دورا - دەرمانلىرىنى، خۇشبۇي يىلتىزلارنى شۇ ئويگە چۇشۇرۇپتۇ. يىلتىز ۋە باشقا دورا - دەرمانلاردىن ئوتتۇرىسى كاۋاك نەيچە ياساپتۇ. ئۇنىڭغا قاپچۇققا ئوخشاش نەرسە ئىشلەپتۇ. ئۇنىڭغا كاپتۇك دەپ ئات قويۇپتۇ. ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنى تەق قىلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە شاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردىغا

كېينكى كېچىلرنى ناهايىتىمۇ خوشال ئۆتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، يەنە ئاۋالقى كۈندىكى ئەھۋالنىڭ ئەينەن ئۆزى تەكرارلىنىپتۇ. پەقەت بۇ قېتىم قىممەتلىك كىيىم-كېچەك قىسقارتىلىپ، باشقا مۇكاپاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىغا ماڭ تىللالا پۇل بېرىپتۇ. ھېكىم شاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، شاھ ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە دىۋانغا چىقىپتۇ. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە باشقا دۆلەت ئەرباپلىرى شاھ ئالدىغا يىغىلىپتۇ. شاھنىڭ ئاچكۆز، نەزىرى پەس، كورەل-مەس، نىيىتى يامان، بېخىل، كىشىلەرنىڭ گۈلىنى تىكەنگە ئالماشتۇرۇشقا ھەر دائىم چارە ئىزلەيدىغان ئىچى زەھەر بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. شاھ بىلەن ھېكىم ئارىسىدا پەيدا بولغان بۇ يېڭى دوستلۇقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قاپتۇ. ھېكىمگە بېرىلگەن مۇكاپات ئۇنىڭ قارا يۈرىكىگە زەنجەك سانچىلىپ، ئىچىدىن قان كېلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بۇ بىرنەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇڭا بۇ مېھرىۋان-لىقنى ئىزىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ھەر خىل ھىلە-مىكىرلەر ئىشلىتىشكە كىرىشىپتۇ.

ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ غەمخور قىلىپ كۆرسىتىپ، شاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەرنى سۆيۈپتۇ.

"ئەي ئەسىرىمىزنىڭ پۇشتى پاناھى — دەپتۇ ئۇ، — سىز ھەممىگە ھېساپسىز ياخشىلىق قىلغان زات. سىزگە بىر مۇھىم مەسلىھىتىم بار، ئەگەر ئۇنى ئېيتمىسام ئالدىڭىزدا گۇناكار بولىمەن. ماقۇل كۆرسىڭىز سىزگە ئېيتىمەن."

ھېچنىمە قالمىغانلىقىنى كۆرگەن شاھنىڭ ئاپپاق كۈمۈشتە سىرلىغاندەك ئاپتازا بەدىنىنى كۆرۈپ شاتلىقى چېكىدىن ئاشقان ئىكەن. ھېكىمنى كۆرۈپ شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئۆز يېنىدىن جاي بېرىپ، قىممەت باھا سوغات تەقدىم قىپتۇ. چەكسىز خۇشلۇقتىن كۆڭلى تاغدەك كۆتىرىلىپتۇ، كۆزىگە ئالەم يېڭىدىن يورۇپ كېلىۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. شۇ چاغدا ھېكىم بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

تېۋىپ خۇلقىغا ھېچ ۋاقىت بولما مۇھتاج،
ئەل ساڭا مۇھتاج، سەن بولما مۇھتاج.
سالامەت بول ھەممە ئالىم شۇنى ئىستەر،
ئىلاھا، ھېچنىمىگە سەن بولما مۇھتاج.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شاھ ئوردىغا كېلىپ تەختكە چىقىپتۇ. دۆلەت ئەرباپلىرىمۇ شاھ ھوزۇرىغا كېلىشىپتۇ. ھېكىممۇ كىرىپ كەپتۇ. شاھ ھېكىمنى كۆرۈپ، خۇشلۇقىدىن دەرھال ئوردا داستىخىنىنى سالدۇرۇپ بىللە تاماق يەپتۇ. تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت قىپتۇ. كەچ كىرگەندىن كېيىن شاھ ھېكىمگە قىممەتلىك كىيىم، ئىككى مىڭ تىللا پۇل بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ يورغىسىغا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. يۇنان شاھ ھېكىمنىڭ دانالىقىغا قايىل بولۇپ: "بۇ ھېكىم بىر نەرسە ئىچۈرمەي ھەم سۈركىمەي بەدىنىمنى داۋالىدى. ھېكمەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشىگە ھەرقانچە كۆپ نەرسە ئىنئام بەرسەممۇ يەنە ئاز. ئەڭ ياخشىسى ھېكىمنى ئۆزەمگە دائىملىق مەسلىھەتچى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەقلىدىن پايدىلىنىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. شاھ كېسىلىدىن قۇتۇلغاندىن

پۇشايمان قىلسام. ئاخىرى بېرىپ بۇ پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي شەرمەندە بولسام - ھە؟ بىلىپ قوي، شاھ سىندىباد ھېكايىسى تېخى ئېسىمدە!" دەپتۇ شاھ ئاچچىغى بىلەن.

"سىندىباد ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز" — دەپتۇ ۋەزىر سورۇنۇپ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شەھرىزاد، — يۇنان شاھ سىندىباد ۋەقەسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ.

## شاھ سىندىباد ھېكايىسى

پارس مەملىكەتلىرىنىڭ بىرسىدە، سىندىباد ئىسىملىك بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ، ئويۇن-كۈلكىنى ۋە شىكار قىلىشنى ناھايىتىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان بىر قارچۇغىسى بولۇپ، ئۇنى كېچە-كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي ئاسرايدىكەن، ئۇۋغا چىقسا بىللە ئېلىپ چىقىدىكەن. شىكار ئۈستىدە تاماق يېيىش ۋە سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتۇندىن قاچا ياسىتىپ، قاچىغا باغ بېكىتىپ بېرىپتۇ. باغنى قارچۇغىسىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى شاھ تەختكە كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇۋ قۇشلىرىغا قارايدىغان باخشى شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكارغا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. شاھ ھازىرلىقىنى پۈتتۈرۈپ، قار-

هاياجانغا چۈشكەن شاھ جىددىلىشىپ:

"قانداق مەسلىھەت؟" دەپ سوراپتۇ.

"ئەي ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — ھوكۇمالار ياخشى ئويلىماي ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى پاجىەلىك، دىگەن. بايقىشىمچە، بۇگۈن شاھىمىز ئوز دۇشمىنىگە مېھرى - شەپقەت ياغدۇرماقتا، ئايىغىغا پالتا چاپماقچى بولغان كىشىگە ئىززەت ۋە ھورمەت كورسەتمەكتە. ئۇنى ئەڭ يېقىن دوست كورۇپ، نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلماقتا. مەن بۇ يولنىڭ ھەركەتتىن ناھايىتى ئەنسىرىمەكتىمەن."

شاھنىڭ غەزىۋى كېلىپ، رەڭگى تاتىرىپ: "كىم ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ دۇشمەن دىگىنىڭ كىم؟" دەپ سوراپتۇ.

"ئۇخلىغان بولسىڭىز ئۇيقۇدىن كوزىڭىزنى ئېچىڭ! ئەي شاھىم، مەن ھېكىم رويانى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن."

"ئۇ مېنىڭ جاندىن ئېزىز دوستۇم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭدىن ھورمەتلىگۈدەك كىشى يوق. ئۇ مېنى ھېچكىم داۋالىيالمىغان يامان كېسەلدىن قۇتقازدى، دۇنيادا ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ۋە دانا ھېكىمنىڭ يوقلۇغىنى ئەمەلدە ئىسپاتلاپ كورسەتتى. سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن شۇنداق دانا كىشىنى قارىلاشقا جۈرئەت قىلدىڭ؟ مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئايىغىغا مىڭ تىللادىن مۇئاش بېرىشنى ئويلاپ تۇرۇپتىمەن، ھەقىقەتتە بولسا، ئۇنىڭغا ئوز مەملىكىتىمنىڭ يېرىمىنى بولۇپ بېرىپ دولىتىمگە شېرىك قىلسامۇ ئازلىق قىلىدۇ. بۇ سوزلەرنى سەن كورەلمەسلىك ۋە ئىچى قارىلىق بىلەن دەۋاتامسەن، قانداق؟ سوزۈڭگە كىرىپ ھېكىمنى ئولتۇرسەم، شاھ سىندىبادقا ئوخشاش، كېيىن

چۈشۈۋاتـقان ئـكەن. شاھنىڭ قولـدا شكار پەلىيى بار ئىكەن. قارچـۇغىنىڭ بويـنىدىكى ئالتۇن قاچـىنى ئېلىپ تامـچىلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتـقان سۇغا تۇتۇپـتۇ، قاچا تولۇپـتۇ، شاھ ئەمدى ئىچەي دېيىشىگە قارچۇغا قانـتى بىلەن ئۇرۇپ توكۇۋېتىپتۇ. شاھـنىڭ ئاچچىغى كېلىپ غەزەپلىنىپ ئۆرلىگەن بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، "قارچـۇغا ئۇسسىغان بولـسا كېرەك" دەپ ئويـلاپ، ئىككىنچى قېتىم قاچـىنى يەنە تولدۇرۇپـتۇ. شاھ ئۇنى قارچۇغـىغا تۇتـقان ئـكەن، قارچـۇغا قانـتى بىلەن يەنە ئۇرۇپ توكۇۋېتـىپـتۇ. ئۈچىنـچى قېتىم يەنە توشقۇزۇپ ئېتىغا تۇتسا قارچۇغا يەنە قانتى بىلەن ئۇرۇپ توكۇۋېتـىپـتۇ. "ھەي بەخـتـسىز قۇش، مېـنىمۇ، ئاتـنىمۇ، ئۆزەڭـنىمۇ سۇدىـن مەھـرۇم قىلـدىڭ" دەپ كايـىـپ قىلـچىـنى قـىنىدىن سۇغۇرۇپ ئاپـتۇ. ئاچچىقـلاپ قارچۇغىنىڭ قاناتـلىرىنى قىرقىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا قارچۇغا بېشىنى كوتىرىپ دەرەخـنىڭ توپىسىگە ئىشارەت قىلغاندەك قاراپتۇ. شاھـمۇ قارىسا دەرەخـنىڭ ئۈستىدە بىر ئىلان ياتقىدەك. ئېقىپ چۈشكەن ياغدەك تامچا-تامچا سۇ شۇ ئىلاننىڭ ئۇمشۇغىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان زەھەر ئـكەن. شاھ قارچۇغـىنىڭ قانتىنى كەسكىنىگە پۇشايـمان قىپتۇ. كېيـىك گوشىنى ئاپتۇ-دە، ئېتىغا مىنىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئوردىغا كېلىپ كىيىكـنى ئاشـپەزگە قورۇشـقا بېرىپـتۇ. ئۆزى تەخـتكە چىـقىپ ئولـتۇرۇپتۇ. قارچۇغا قولىدا ئىكەن، ئۇ بىردىـنلا قانتىق چىقىراپ ئولۇپـتۇ. شاھ دادۇ-پەرياد قىپتۇ، شاھـنى ئولۇمـدىن قۇتۇلـدۇرۇپ قالـغان قارچۇغىنىڭ ئولۇمى شاھـقا بىر قەدىـناس ئاغىنىسىدىن ئايرىلغاندەك بىلىنىپتۇ. شاھ سىنـدىبادنىڭ ھكايىسى مانا شۇنىڭـدىن ئىبارەت، دەپتۇ شاھ.

چۈغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ بىر ۋادىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەرگە تۇزاق قۇرۇپ تۇرسا، بىر كېيىك كەپتۇ. شاھ كېيىكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قىستاپ كېلىپ تۇتۇشنى، كىمكى تۇتالماي، ئالدىدىن قاچۇرۇۋەتسە، شۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. ئوۋچىلار كېيىكنى توت تەرەپتىن ھالقا شەكلىدە ئوراپتۇ. كېيىك بىردىنلا ئايلىنىپ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت قىلغان-دەك بېشىنى ئېگىپتۇ. كېيىن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېڭىشىپ ئايىغى بىلەن تىك تۇرۇپتۇ. شاھ كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا كېيىك شاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ دەشتى-باياۋانغا قاراپ قېچىپتۇ. شاھ ئوۋچىلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە كۆز قىسىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھ ۋەزىرىدىن:

"ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار: "شاھ كېيىكنى قاچۇرغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان. ئەمدى شاھنىڭ ئالدىدىن قاچتى، دېيىشىۋاتىدۇ" دەپتۇ ۋەزىر.

"تېنىمدە جېنىم بار ئىكەن، مەن ئۇنى تۇتۇپ كەلمەي قويمايمەن!" دەپتۇ-دە، شاھ كېيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. كېيىككە يېتىشكەن ھامان قارچۇغىسىنى قويۇپ بېرىپتۇ، كېيىكنىڭ بېشىغا كېلىپ قونغان قارچۇغا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چو-قۇشقا باشلاپتۇ. تېخى تامامەن چوقۇپ بولماستىن، شاھ يا بىلەن ئېتىپ كېيىكنى يىقىتىپتۇ، بېرىپ بوغۇزلاپتۇ. تېرىسىنى سويۇپ غانجۇغىلاپتۇ. كۈن ئىسسىق، دەشتتە سۇ يوق ئىكەن. شاھمۇ، ئاتمۇ ئۇسساپتۇ. يىراقتىن كۆزىگە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭدىن خۇددى ياغدەك سۇ تامچىپ

ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئات مېنى يولدىن ئېلىپ چىقىپ، بۇ يەرگە تاشلاپ قاچتى، ھەمرالىرىمدىن، ئېتىمدىن ئايرىلىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرىمەن" دەپتۇ قىز.

بۇ سوزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ دىلى ئېرىپ، قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ يولغا چۈشۈپتۇ، بىر ئارىلىغا كېلىپ ۋەيران بولغان بىنانىڭ ئىزىغا يېقىنلاشقاندا، قىز ھاجەت قىلىش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپ بىر مەھەل كۈتۈپتۇ. چىقمىغاندىن كېيىن ئىزىدىن ئىستەپ كىرىپتۇ. قارىسا ناھايىتىمۇ سەت بىر دىۋە ئولتۇرغىدەك، ئۇ، باللىرىغا قاراپ: "بۈگۈن سىلەرگە بەكمۇ سېمىز بىر يىگىتنى ئوزۇقلۇققا ئېلىپ كەلدىم" دەۋېتىپتۇ. "تېز ئېلىپ كىرىڭ، قوسىقىمىز بەك ئاچتى" دېيىشىپتۇ باللىرى. دىۋىنىڭ باللىرىدىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ رەڭگىدە قان دىدارى قالماپتۇ. ئۇلۇمگە بويۇن سۇنۇپتۇ. پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ. ۋۇجۇدى قورقۇنچ بىلەن توشۇپتۇ، بىلىندۇرمەي جايىغا يېنىپ چىقىپتۇ. دىۋە چىقىپ شاھزادىنىڭ رەڭگىدە قان قالماي سارغايغانلىقىنى، بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كورۇپ:

"نېمىدىن شۇنچە قورقىسەن؟" دەپ سوراپتۇ.

"مېنىڭ دۇشمىنىم بار، شۇنىڭدىن قورقۇۋاتىمەن!" دەپتۇ شاھزادە.

"مەن شاھنىڭ ئوغلى دەۋاتاتتىڭغۇ؟" دەپتۇ دىۋە.

"شۇنداق!" دەپتۇ شاھزادە.

"دۇشمىنىڭگە بىرەر نەرسە بېرىپ رازى قىلساڭ قۇتۇلىسەن" دەپتۇ دىۋە.

يۇنان شاھ ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ۋەزىر يەنە سوزگە كىرىشىپتۇ.

"ئەي ئۇلۇغ شاھ، روياننى ھېكىم ھەلىغىچە ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق. مەنمۇ شەخسەن ئۇنىڭدىن يامانلىق كورمۇدۇم بۇ گەپلەرنى مەن سىزگە ناھايىتى كويۇنگەنلىكىمدىن ئېيتىۋاتىمەن. بۇنىڭ توغرىلىقىنى تېز ئارىدا ئوزىڭىزمۇ بىلىپ قالارسىز. بولمىسا پادىشانىڭ ئوغلىغا ھىلە قىلغان ۋەزىرگە ئوخشاش ھالاك بولىسىز" دەپتۇ.

"ئۇ، قانداق ۋەقە ئىكەن؟" دەپ سوراپتۇ شاھ.

## ھىلىگەر ۋەزىر ھېكايىسى

پادىشالاردىن بىرىسىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ، شىكارغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. پادىشا ۋەزىرىگە ئوغلى نەگە بارسا شۇيەرگە بىللە ھەمرا بولۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ چىقىپتۇ، ئىككىسى بىللە مېڭىپتۇ. ۋەزىرنىڭ كوزى چوڭ بىر ياۋايى ھايۋانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، شاھزادىگە: "ئەنە ئوۋ" دەپ كورسىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ نەرسە كوزدىن غايىپ بوپتۇ-دە، سەھرانىڭ بىر چېتىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. شاھزادە نەگە بېرىشىنى بىلمەي يولدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، كوزىگە كول بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر قىز چېلىقىپتۇ.

"كىمسەن؟" — دەپ سوراپتۇ شاھزادە. "ھىندى شاھلىرىدىن بىرسىنىڭ قىزى ئىدىم. بىر يەرگە كېتىۋېتىپ ئات ئۈستىدە

كوكرىگى ئوقتىن تېشىلىپ دۈشمەن زار بولغاي.

ئارقىسىدىنلا يەنە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كارامەت قىلىپ كورسەت ئالەمگە، بار بۈيۈك ھېكمەتىنى،
بولەك ئىلىم ئەھلى، ئۇلۇغ ھېكمەتتىن ھايا قىلسۇن.
نامايىش قىل ئەدلىڭنى ئۇلۇغ شاھىم بۇ ئالەمگە،
ھەممە زۇلۇم ئەھلى قان يۇتۇپ ماتەم سىرا قىلسۇن.
نەزەر سال رەھمەت سۈيىدەك كوكەرتسۇن دەشتۇ-سەھرانى
ئەگەر تۇچقا نەزەر تاشلار ئىكەنسەن كىمىيا قىلسۇن.
قاراڭغۇ خانىلارنى ئەدلى نۇرى بىلەن يورۇتقىن،
ئادالەت نۇرى چۈشكەندە ئالەمنى زىيا قىلسۇن.

"نىمە ئۈچۈن قىچقىرغىنىمنى بىلەمسەن؟" دەپتۇ شاھ ھېكىمگە غەزەپ بىلەن.

"ياق، بىلمەيمەن" دەپتۇ روياني ھېكىم.

غەم-غۇسسىدىن قاچ، ياشاش ئىستىسەڭ،
ئوتتۇپ كەتكەن ئىشقا كويۇپ بولما تەڭ.

بۇگۈنكى ئىشىڭدىن بۇگۈن بول خوشال،
ئەتە ئۈچۈن قان يۇتۇپ بولمىغىن ئوسال.

بىلىمدىن تەلەپ قىل پۈتۈن مۈشكۈلۈڭ،
ئۇ يۈرسە قاياققا شۇ بولسۇن يولۇڭ.

ئوغۇرلار ئەقلىنى تىگى يوق خىيال،
مۇيەسسەر بولۇش-بولماسلىق ئېھتىمال.

يۇرۇپ ئېھتىمال كەينىدىن غەم يىمە،
مۇيەسسەر بولمىسا سوز سوزلىمە.

ئوزەڭ بەندىسەن ئاجىزۇ-قىسقا قول،
يىغىشتۇر غەمنى، ئوينا، كۈل نوقۇل.

"ياق! — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇنىڭغا مال كېرەك ئەمەس، جان كېرەك، مېنىڭ جېنىم كېرەك!"

دېۋە چەتلەشكەن ئىكەن، شاھزادە ئېتىغا قامچا سېپتۇ. ئات ئۇنى ئامان-ئېسەن ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. شاھزادە بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ. شاھ شۇ ھامان ۋەزىرنى جاللاتقا تاپشۇرۇپتۇ.

"ئەي شاھ، سىزمۇ ھېكىم روياننىغا ئىشەنسىڭىز ئۇ سىزنى ئەڭ پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر، — كېسەللىكىڭىزنى سىرتىڭىزدىن داۋالاش قولىدىن كەلگەن ھېكىم يەنە تۇيۇقسىز ھالاك قىلىشقا ئامال قىلىدۇ."

"بۇ مەسلىھەتىڭ توغرا! — دەپتۇ شاھ، — بۇ ھېكىم مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جاسۇس بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمدى بۇنىڭ چارىسى توغرىسىدا يەنە قانداق پىكرىڭ بار؟"

"ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى قىچقىرتىپ كېلىڭ! — دەپتۇ ۋەزىر، — كېلىشى بىلەنلا جاللاتقا تاپشۇرۇڭ، بۇيرۇق قىلىڭ، جاللات بېشىنى ئالسۇن! شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلىسىز ۋە تېچ ئارام ئالىسىز! پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ سىزنى ئالدىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولىسىز."

"توغرا" دەپتۇ شاھ ۋە دەرھال ھېكىم روياننىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ھېكىم سۆيۈنۈپ كەپتۇ. ھېكىم شاھقا تازىم قىلىپ، بىر شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئەسلەپتۇ:

خۇدا ساڭا ھەممە ئىشتا ھەمىشە يار بولغاي،
ئۇلۇغلۇق ئەزەلدىن ساڭا جۈپ، روزىگار بولغاي.
قايانغا تىغ ئۇرارسەن زەپەر ساڭا بولۇپ ھەمرا،

شۇ چاغدا ھېكىم روياني بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

زاماندا ھەرقاچان ۋاپا يوقتۇر.
خالىدىن چىققان ھوكۇما يوقتۇر.
زالىم پەلەك دەستىدىن غەپلەتتە قىلىپ،
ئىتقا چىشلەتمىگەن گادا يوقتۇر.

يەنە بۇ شېئىرنىمۇ ئوقۇپتۇ:

نەسىھەت قىلىپ بولمىدىم موھتىرەم،
خىيانەت قىلغان بەزىلەر بەختىيار.
نەسىھەت قىلماسلىققا قىلدىم قەسەم
نەسىھەت قىلدى مېنى خارىزار.

نەسىھەت يولىدىن يىراققا قاچ،
كىمكى قاچسا ئۇنىڭغا يارمەن.
نەسىھەت قىلمەن يەنە نائىلاج،
ئۆزەم بۇ يولغا گىرىپتارمەن.

ئاخىرىدا بۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇپتۇ:

خەلق بېشىغا ئەدلىگىدىن سال سايە،
گۇناھىم بولسىمۇ، كەچۈر، بىغايە.

ھېكىم شاھتىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئەمما شاھ ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېكىم دات-پەريات دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

"روياني ھېكىم خۇنىنى بىز ئۇچۇن كەچۈرۈڭ. بۇ كىشى بارچە ھېكىملەر ئاجىز كەلگەن كېسەللىكىڭىزنى داۋالاپ ساقايتتى، سىزگە بىرەرگۇنا قىلغىنىنى كورگىنىمىز يوق!" دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

"سەن، — دەپتۇ شاھ، — بۇ ھېكىمنى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىغىمنى چۈشەنمەيسەن. ئەگەر مەن بۇنى ئۆلتۈرمىسەم

"سىنىڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىش ئۈچۈن قىچقارتتىم" دەپتۇ شاھ روياني ھېكىمگە. شاھتىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېكىم ئەجەپلىنىپتۇ. ۋە: "نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرىسىز، مېنىڭدىن نېمە گۇناھ ئۆتتى؟" دەپتۇ.

"بىلىشىمچە، سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جاسۇس ئىكەنسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى ئالداپ ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، سېنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدىم" دەپتۇ شاھ ۋە جاللاتنى قىچقىرىپتۇ:

"بۇ مەككارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن بىزنى خاتىرجەم قىلغىن!"

"مېنى تىرىك قويۇڭ، تەڭرى يانا سىزگە ئۆزۈن ئۆمۈر بەرسۇن. ئەگەر، ئۇنىماي ئۆلتۈرسىڭىز خۇدا سىزگىمۇ ئۆلۈم بېرىدۇ" دەپتۇ ھېكىم.

شاھ ئۇنىماپتۇ:

"مەن سېنى ئۆلتۈرمىگىچە تىنچىمايمەن. چۈنكى سەن بىر-نەرسىنى تۇتقۇزۇپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كېسەلىمنى ساقايتتىڭ. خۇددى شۇنداق باشقا بىر نەرسىنى پۇرىتىپ ياكى باشقا بىر يول بىلەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭدە گەپ يوق."

"ياخشىلىغىمنىڭ مۇكاپاتى ئۆلۈممۇ ھەي شاھ؟" دەپ سوراپتۇ ھېكىم روياني.

"كېچىكتۈرمەستىن سېنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك!" دەپتۇ شاھ.

ھېكىم تىرىكلىكتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ يىغلاپتۇ، نامەرتكە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئېچىنىپ، بىر قۇر خىيال سۈرۈپتۇ. جاللات كېلىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپتۇ. قىلىچىنى يالىڭاچلاپتۇ.

ئىككى ساقچى قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قولىدا بىر كونا كىتاپ بىلەن، ساپال قاچىغا سېلىنغان سۇرمىگە ئوخشاش قارا بىر نەرسىسى بار ئىكەن. ھېكىم ئولتۇرۇپتۇ. بىر قاچا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. قاچىنى ئېلىپ كەپتۇ. ھېكىم قاچىنىڭ ئاغزى بىلەن باراۋەر قىلىپ دورا سېپتۇ. شاھقا قاراپ:

"بۇ كىتاپنى ئېلىڭ! لېكىن مېنىڭ كاللامنى ئۈزمىگىچە كىتاپنى ئاچماڭ. كاللامنى ئېلىپ شۇ قاچىغا سېلىڭ. بوينۇمغا مانا بۇ دورىنى سۈركەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز قېنىم توختايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىتاپنى ئېچىڭ" — دەپتۇ.

شاھ ھېكىمنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپ، قولىغا كىتاپنى ئاپتۇ. جاللات ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئايرىپتۇ. شاھ ئۇنى قاچىغا سېپتۇ. دورىنى سۈركىگەن ئىكەن، قېنى توختاپتۇ. ھېكىم كۆزىنى ئېچىپتۇ.

"كىتاپنى ئاچ!" دەپتۇ ھېكىم شاھقا. شاھ كىتاپنى ئېچىپتۇ. لېكىن كىتاپ ۋاراقلىرى بەك يەملىشىپ كەتكەنلىكتىن ئېچىلماپتۇ. شاھ بارماقلىرىنى تىلىغا تەككۈزۈپ ھۆللەپ ئېچىپتۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋاراقلىرىنىمۇ ئاغزىنىڭ سۈيى بىلەن ھۆللەپ ئاران ئېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھ كىتاپنىڭ ئالتە ۋارىقىنى ئېچىپتۇ. لېكىن ئۇ ھېچقانداق يېزىق كورمەي ھەيران بوپتۇ.

"بۇنىڭدا ھېچقانداق يېزىق يوق!" شاھ ھېكىمنىڭ بېشىغا قاراپ دەپتۇ.

"يەنە بىرنەچچە ۋاراق ئاچ!" دەپتۇ ھېكىمنىڭ بېشى. شاھ يەنە ئۈچ ۋاراق ئېچىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا پادىشانىڭ

ئۆزەم ئۆلسەمەن. مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بۇنداق جاسۇسلارنى ھازىرلا كورۇۋاتقىنىم يوق!"

"ئەي شاھ، — دەپتۇ ھېكىم، — ئاخىرى ئۆلىدىغانلىقىم ئېنىق بولدى. ماڭا موھلەت بېرىڭ. ئۆيۈمگە باراي، خوتۇن - بالىلىرىم ۋە خولۇم - خوشنىلار بىلەن رازىلىق ئېلىشاي، ۋەسىيەت قىلاي، شۇنىڭ بىلەن بىللە شاھلار خىزمىتىگە لايىق قىممەت باھا بىر كىتاۋىم بار. ئۇنى سىزگە تەقدىم قىلاي. ئەزىنىڭىزدە زىننەت ئورنىدا ساقلارسىز!"

"قانداق كىتاپ؟" دەپ سوراپتۇ شاھ.

"ئۇنىڭدا شۇنداق قىممەت باھا نەرسىلەر باركى، — دەپتۇ ھېكىم، — ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى شۇكى، مېنىڭ بېشىمنى ئالغاندىن كېيىن ئۈچ ۋاراقنى ئېچىڭ. شۇ بەتتىن ئۈچ قۇر ئوقۇڭ. شۇ ۋاقىتتا كاللام سىز بىلەن سوزلىشىشكە باشلايدۇ. نىمە سورىسىڭىز جاۋاپ بېرىدۇ!"

شاھ ھەيران بولۇپ سەسكىنىپ:

"كاللاڭ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ مەن بىلەن سوزلىشەمدۇ؟ ئەي دانا" دەپ سوراپتۇ.

"ھە ئە" دەپتۇ ھېكىم.

"بۇ قىزىق گەپ" دەپتۇ شاھ ۋە كىشى قوشۇپ ھېكىمنى ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ھېكىم ئۆيىگە بېرىپ شۇ كۈنى ئۆيىدىكى ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى دىۋانغا بېرىپتۇ. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە باشقا دولەت ئەرباپلىرى توپلىنىپتۇ. دىۋان گۈلۈستان تۈسىگە كىرىپتۇ. ھېكىم دىۋانغا كىرىپ كېلىپتۇ. ئىككى يېنىدا

يەنە گۇناكارمەن. سەن كەڭ قوساق بول!" "يامانلارنىڭ قىلـمىشلىرى ئاخىر ئوزىگە بالا كەلتۈرىدۇ" دىگەن ماقال بار. سەنمۇ ئۇ موماي بىلەن ئوتىسقانىڭ ئىشىنى قىلما!

"خوش، ئۇ، قانداق ئىش قىلغان؟" دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

"مېنى قۇتۇلدۇرمىغىچە، بۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ ھەرگىزمۇ سوزلىمەيمەن، مېنى سوزلەتمەن دەپ بىكار ئاۋارە بولمىغىن" دەپتۇ دىۋە.

"زادى دەرياغا تاشلىنىسەن. سېنى بوشىتىشقا ھىچقانداق يول يوق. مەن گۇناسىز تۇرۇپ سەندىن سوراندىم، يالۋۇردۇم، يىلىندىم. ئەمما سەن ماڭا ئولۇم تىلىدىڭ. مەن ساڭا شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلىپ، سۇ ئاستى زىنداندىن قۇتۇلدۇرغان ئىدىم. شۇنىڭغا قارىماي، ماڭا قىلغان مۇئامىلەڭ بەك كوڭلۇمگە كەلدى. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، مەن سېنى دەرياغا تاشلايمەن. سېنى سۇدىن تارتىپ ئالغۇچىلارغا ئارىمىزدا بولۇپ ئوتكەن قورقۇنۇچلۇق ۋەقەلەرنى ئېيتىمەن، توسقۇنلۇق قىلىمەن. شۇ ئازاپ بىلەن ئولۇپ كېتىسەن!"

"مەرھەمەت قىلىپ، مېنى كەچۈر، — دەپتۇ دىۋە، — ئەمدى مەن ساڭا ھىچقانداق يامانلىق قىلمايمەن. مەڭگۈلۈك دولەتكە ئىگە بولۇشۇڭغا ياردەم قىلىمەن."

بېلىقچى دىۋىنىڭ ۋەدىسىنى پۇختىلاپتۇ. قۇتقازغاندىن كېيىن ھىچقاچان يامانلىق قىلماي ھەرقاچان ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كوپىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، تۈتۈن چىقىپ يېيىلىپتۇ، كېيىن تۈتۈن يىغىلىپ دىۋە ئاۋالقى ئەكسىگە كەپتۇ ۋە كوپىنى تېپىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپتۇ. دىۋىنىڭ

پۈتۈن بەدىنىگە زەھەر تارقاپتۇ. چۈنكى كىتاپنىڭ ۋاراقلىرى زەھەرلەنگەن ئىكەن. شاھ: "ۋاي سېلىپ: 'بەدىنىم زەھەرلىنىپ كەتتى!' دەپ ۋاقىراپتۇ." شۇ چاغدا ھېكىمنىڭ بېشى بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

شاھلار زالىم بولسا ياشىمىغاي كوپ،
ئوز زۇلمى چىقار ئوزىنىڭ بېشىغا.
زۇلۇم قىلىپ ئەلگە سۈرسە دەۋران خوپ،
بىر كۈنى زەھەر چۈشەر شىرىن ئېشىغا.

روياني ھېكىم تېخى شېئىرنى تۈگەتمەي، شاھنىڭ جانسىز گەۋدىسى يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ سوزىنى شەھرىزاد، — ئەگەر يۇنان شاھ ئاچكوز ۋەزىرىنىڭ سوزىگە كىرىپ روياني ھېكىمگە قەست قىلىپ ئولتۇرمىگىنىدە ئوزىمۇ ئولمەيتتى.

بېلىقچى سوزىنى تۈگىتىپ دىۋىگە قاراپ: "مەن سېنى ئازات قىلاتتىم. ئەمما سەن ماڭا ياردەم قىلىش ئورنىغا ئولتۇرۈش پىكرىدە بولدۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى كۈپكە سولاپ دەرياغا تاشلاپ ئولتۇرىمەن" دەپتۇ.

"ئەي بېلىقچى، — دەپ سوز باشلاپتۇ دىۋە، — گۇناھىم ئۈچۈن قىساس ئالما! مېنى قۇتۇلدۇرغىن. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا

بىلىقچى بىلىقنى كوتىرىپ، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ دىۋە بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدىن ھەيران بولۇپ ئويىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بىر قاچىنى سۇغا توشقۇزۇپ، بىلىقلارنى سۇغا سېپتۇ. دىۋىنىڭ سوزىگە ئەمەل قىلىپ، بىلىق سېلىنغان قاچىنى بېشىغا قويۇپتۇ. سۇلتان ئوردىسىغا كىرىپتۇ. كېيىن سۇلتانىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، بىلىقلارنى تەقدىم قىپتۇ. ئومرىدە بۇنداق رەڭدار بىلىقنى كورمىگەن سۇلتان بەك ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ.

"بۇ بىلىقلارنى بۇنىڭدىن ئۇچ كۇن بۇرۇن رۇم شاھى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاشپەز كېنىزەككە تاپشۇرۇڭلار، قورۇسۇن! ئۇ، تېخى سىنالمىغان خام ئاشپەز. ئۇنىڭ ھۇنىرىنى كورۇپ باقايلى" دەپتۇ سۇلتان.

ۋەزىر بىلىقلارنى ئاشپەزگە تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ دەپتۇ:

"بۇ بىلىقلار سۇلتانىمىزغا ئېلىپ كېلىنگەن ئاجايىپ تارتۇق. بار ھۇنىرىڭىزنى، قابىلىيىتىڭىزنى سۇلتان بۇگۇن كورىدۇ، سىز بۇ سىناقتىن پۇتۇن كۇچىڭىز، پۇتۇن ھۇنىرىڭىزنى سەرپ قىلىش بىلەنلا ئوتەلەيسىز!"

شاھ بىلىقچىغا توت يۇز تەڭگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر بىلىقچىغا پۇلنى بېرىپتۇ. ئۇ، سۇيۇنگەنلىكىدىن ئويىگە خوشال - خورام قايتىپتۇ. يولدىن ئائىلىسى ئۇچۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋاپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىراپتۇ.

ئاشپەز بىلىقلارنى يۇيۇپ - تازىلاپ، ساپلىققا سېلىپ، ئوت

بۇ ھەركىتىنى كورگەن بېلىقچى خېلى قورقۇپتۇ. ئوزىنىڭ ئولۇمىگە كوزى يېتىپتۇ:

"ئەي دىۋە، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! مېنى ئىككىنچى ئالدىماسلىق توغرىسىدا قەسەم قىلغان ئىدىڭ، مەن ساڭا ھېكىمىم رويانىنىڭ شاھىقا قىلغان سوزىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم. ئەپۇ قىل مېنى."

"مېنىڭ ئارقامدىن ماڭ!" دەپتۇ دىۋە كۇلۇپ. بېلىقچى ئوزىنىڭ ئولۇمدىن قۇتۇلغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. تاغ ئۇستىدىكى تۇزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر كول بار ئىكەن. دىۋە كول توپىسىگە كېلىپ بېلىقچىنى قىچقىرىپتۇ. بېلىقچى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. دىۋە تور سېلىپ بېلىق تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. بېلىقچى ئۇ يەردە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئاق، قىزىل، سېرىق، كوك بېلىقلارنى كورۇپ ھەيران بوپتۇ. كېيىن تور ساپتۇ. كوتىرىپ قارىسا تورغا ھەر رەڭلىك بېلىقتىن توتلا بېلىق چۇشۇپتۇ. بېلىقچى سۇيۇنۇپتۇ. چۇنكى بېلىقچى شۇ چاققىچە بۇنداق ئاجايىپ بېلىقلارنى كورمىگەن ئىكەن.

"بۇ بېلىقلارنى، — دەپتۇ دىۋە، — ئېلىپ بېرىپ سۇلتانىغا تەقدىم قىل! ئۇ، ساڭا يەتكىدەك دۇنيا بېرىدۇ. مېنى ئەپۇ قىل، يولىنى بىلمەيمەن. چۇنكى مەن بىر مىڭ سەككىز يۇز يىلدىن بېرى سۇ ئاستىدا ئومۇر سۇردۇم. يەر يۇزىنى ھازىرلا كورۇۋاتىمەن. بۇ كولدىن پەقەت كۇنىگە بىر قېتىملا بېلىق تۇتقىن."

كېيىن ئۇ، بېلىقچى بىلەن خوشلىشىپ يەرنى تېپىپتۇ، يەر يېرىلىپتۇ. دىۋە يېرىققا كىرىپ غايىپ بوپتۇ.

كېلىپ: "سۇلتاننىڭ توت بېلىقى قېنى؟" دەپ سوراپتۇ، ئاشپەز يىغلاپ تۇرۇپ، بولغان ۋەقەنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇ ھادىسىدىن ئەجەپلىنىپ، بېلىقچىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. بېلىقچىمۇ يېتىپ كەپتۇ.

"ئەي بېلىقچى، — دەپتۇ ۋەزىر، — مۇشۇنداق بېلىقتىن يەنە توتنى ئېلىپ كەل!"

بېلىقچى كولگە بېرىپ تور سېپتۇ. تورنى كوتىرىپ قارىسا، بۇرۇنقىدەكلا توت بېلىق تۇرغىدەك. بېلىقنى قاچىغا سېلىپ، كوتىرىپ ئېلىپ كېلىپ، ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر ئاشپەزگە بېرىپ:

"بۇنى مېنىڭ ئالدىمدا قورۇغىن، بۇ ھادىسىنى مەنمۇ ئوز كوزۇم بىلەن كورەي!" دەپتۇ.

ئاشپەز كېنىزەك بېلىقنى يۇيۇپ-تازىلاپ، ساپلىققا سېلىپ، تېگىگە ئوت يېقىپتۇ. كوپ ئوتمەي، تام قاراسلاپ يېرىلىپتۇ. تام ئارىسىدىن ياسانغان بىر قىز چىقىپتۇ. قولىدىكى قامچا دەستىسى بىلەن ساپلىقنى تۇرتۇپتۇ: "ئەي بېلىقلار، ۋەدىلىرىڭلار ئېسىڭلاردىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ قىز. بېلىقلار باشلىرىنى چىقىرىشىپ يۇقۇرىدىكى شېىرنى ئوقۇشۇپتۇ.

بېلىقلاردىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان قىز ساپلىقنى ئايلاندۇرۇپ دۈم كومتۇرۇپتۇ، ئوزى غايىپ بوپتۇ. تاممۇ ئاۋالقى ئەكسىگە كەپتۇ. ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

يىقىپ قورۇشقا باشلاپتۇ. بىر تەرىپى قورۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر تەرىپىنى قورۇش ئۈچۈن ئاغدۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىردىنلا ئاشخانىنىڭ تېمى قاراسلاپ يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن قامەتلىرى كېلىشكەن، يۈزى يۇمىلاق، توق ھاۋارەڭ ئەتلەستىن كوينەك كىيگەن، قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان تۇمار ئاسقان، ئىككى بىلىگە ماختاشقا ئەرزىگىدەك بىلەيزۈك سالغان، قول-لىرى ياقۇت-لەئلى كوزلۇك ئۈزۈكلەر بىلەن تولغان، قولىغا چىن قومۇشىدىن نەپىس دەستە قىلىنغان قامچا تۇتقان بىر قىز چىقىپتۇ. ئۇ قىز تاياق بىلەن ساپلىقنى تۇرتۇپ:

"ئەي بېلىقلار، بۇرۇنقى ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى كورۇپ، ئاشپەز ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قىز بۇ سوزنى ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلاپتۇ. بېلىقلار ساپلىقتىن بېشىنى چىقىرىشىپ: "ياق-ياق!" دەپ جاۋاپ بېرىپ، ھەممىسى بىردىن بۇ شېرنى ئوقۇپتۇ:

سەن ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ، بىزمۇ تۇرمايمىز.<br>
سەن ئەھدىڭدىن يانغاندا بىزمۇ يانغايمىز.<br>
سەن ئورسەڭ يۈزۈڭنى، بىزمۇ ئورۇيمىز،<br>
بىزمۇ ھەرگىز سەن تەرەپكە يۈزنى بۇرمايمىز.

قىز بۇ شېرنى ئاڭلاپ ساپلىقنى دۈم كومتۈرۈپ، كوزدىن غايىپ بوپتۇ. تاممۇ ئالدىنقى قىلىپىغا كەپتۇ. كېيىن ئاشپەز ھۇشىغا كېلىپ قارىسا، توت بېلىقمۇ كويۇپ قاپقارا كومۇرگە ئايلىنىپتۇ. "ھەي ئىست، بىرىنچى قېتىملىق سىناقتىن ياخشى ئوتەلمىدىم" دەپتۇ كېنىزەك قىز ئوز-ئوزىگە كايىپ. شۇ مەھەلدە ۋەزىر كىرىپ كەپتۇ. كېنىزەك ئاشپەزنىڭ ئۇستىگە

بىر كول بار. بۇلار شۇ كولنىڭ بىلىگى!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بېلىقچى.

"نەچچە كۈنلۈك يول؟" دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

"يېرىم سائەتلىك يول!" دەپتۇ بېلىقچى. سۇلتان ھەيران بوپتۇ. دەرھال ئەسكەرلىرىگە بېلىقچى بىلەن بىللە ئاتلىنىپ يولغا چىقىشقا پەرمان بېرىپتۇ. بېلىقچى ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېتىپ بېرىپ، دۆۋىنىڭ ئاتىسى-ئانىسى ۋە ئۆزىگە لەنەت ۋە نەپرەت بايان قىلىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يامانلار نەسلىدىن ياخشىلىق كۈتكىنىڭ،

كوزۈڭگە قۇم چېچىپ كور بولۇپ پۈتكىنىڭ.

ئۇلار تاغقا يامىشىپ، كوز ئالدىلىرىدا ئومرىدە كورمىگەن چوڭ بىر چولنى كورۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توت تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان كول بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە توت خىل — ئاق، قىزىل، سېرىق، كوك رەڭلىك بېلىق كورۈنۈپتۇ. بۇ ۋەقەدىن سۇلتانمۇ، باشقىلارمۇ ئەجەپلىنىپتۇ.

"بۇ يەرنى ئىلگىرى كورگەن كىشى بارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ سۇلتان. ئادەملىرى بىر ئېغىزدىن:

"ئومرىمىزگە كېلىپ كورگىنىمىز شۇ!" دېيىشىپتۇ.

"بۇ كولدىكى بېلىقلارنىڭ سىرلىرىنى بىلمىگىچە، شەھەرگە قايتمايمەن. تەختىمگىمۇ ئولتۇرمايمەن!" دەپتۇ سۇلتان.

كېيىن ئۇ، قوشۇننى تاغ ئەتراپىغا جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. سۇلتاننىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، چارە-تەدبىرلىك، زېرەك، ھەرقانداق ئىشقا ئەقىل يۈگۈرتىدىغان دانا بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇ، سۇلتاننىڭ ئالدىغا

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سوز باشلاپتۇ شەھەرىزاد، — بۇ ھال سۇلتاندىن يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بىر ھادىسە، دەپتۇ ۋەزىر ھەم سۇلتان ھوزۇرىغا كىرىپ، بۇ ۋەقەدىن ئۇنى خەۋەردار قىپتۇ.


يەتتىنچى كېچە

"ئوز كوزۇم بىلەن كورۇشۇم كېرەك!" دەپ سۇلتان بېلىقچىغا كىشى ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇ يېتىپ كەپتۇ. سۇلتان بېلىقچىغا يەنە توت بېلىق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بېلىقچى بېرىپ توت بېلىق ئېلىپ كەپتۇ. سۇلتان بېلىقچىغا يەنە توت يۇز تەڭگە پۇل بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

"مېنىڭ ئالدىمدا ئوزەڭ قورۇغىن" دەپتۇ سۇلتان ۋەزىرگە.

"خوپ!" دەپتۇ ۋەزىر ساپلىقنى ھازىرلاپ، بېلىقنى تازىلاپ، ئوت يېقىپتۇ. بىر تەرەپنى قورۇپ، ئىككىنچى تەرەپكە ئورىگەن ئىكەن، تام قاراسلاپ يېرىلىپتۇ. تامنىڭ يېرىلغان يېرىدىن ناھايىتى چوڭ، ئىگىز ھەيۋەتلىك بىر قارا قول چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا يېشىل ياغاچ دەستىلىك قامچا بار ئىكەن.

"بېلىقلار، ھاي بېلىقلار، — دەپتۇ ئۇ ئالاھىدە ئاۋاز بىلەن — شەرتىلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟" دەپ سوراپتۇ. بېلىقلار ساپلىقتىن بېشىنى چىقىرىشىپتۇ-دە: "ياق!" دىگەن جاۋاپنى بېرىشىپتۇ ۋە يۇقۇرىدىكى شېېرنى قايتۇرۇپ ئوقۇشۇپتۇ. كېيىن ئۇ، ساپلىقنى تەتۇر ئورۇپ تاشلاپتۇ. بېلىقلار قارا كومۇر ھالغا كەپتۇ. قارا قول چىققان جايىغا بېرىپ غايىپ بوپتۇ.

"بۇ بېلىقلار قەيەرنىڭ بېلىغى؟" دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

"سىزنىڭ شەھرىڭىزنىڭ چېتىدىكى توت تاغ ئارىسىدا چوڭ

سەددىقە ئورنىدا بىرەر نەرسە بېرەلمەمسىلەر؟" دەپ سوراپتۇ. جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن، سۇلتان بۇ سوزلەرنى يەنە ئىككى-ئۈچ نۆۋەت تەكرارلاپتۇ، يەنە جاۋاپ بولماپتۇ. سۇلتان دادىل بولۇپ قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، تاملىرى يۇلتۇز تامغىلىق يىپەك گىلەملەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئەمما ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم كورۇنمەپتۇ. قەسىر ئوتتۇرىسىدا بىر كول تۇرغىدەك. ئۇنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، يولۋاس ئاغزىدىن كۈمۈشكە ئوخشاش سۇ مەۋج ئۇرۇپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. گۈللەر ئەتراپىدا قۇشلار ئۇچۇپ، گاھى-گاھى قونۇپ تۇرىدىكەن. قۇشلارنىڭ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تورمۇ ئورنىتىلغان. سۇلتان ھەيران قاپتۇ. بۇلار تۇغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى بىرەر كىشىنىڭ يوقلۇغىغا ئەجەپلەنگەن ۋە ئېچىنغان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىردىنلا قايغۇلۇق ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئارقىدىنلا كىمدۇ بىرى شېئىر ئوقۇپتۇ:

ئاھىم مەخپى ئىشقنى قىلدى ئاشكارا،
تىپچەكلەپ ئوينىماقتا بۇ يۈرەك گويا،
ئايلانماي توختاپتۇر ئەي كاج پەلەك،
نەپەس رۇسلىغىچە ساڭا ئىلتىجا.

كوزلەر ئۇيقۇسىز، تەنمۇ بىمارام،
ئارزۇ-ئۈمىتلىرىم خەۋپ-خەتەردە،
بىچارە كوڭلۈمنى ئاۋال قىلىپ رام،
قۇياشتەك يۈزىگە تارتىپتۇ پەردە.

سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ تاۋۇش چىققان تەرەپكە يۈرۈپتۇ.

كېلىپ بېشى يەرگە يەتكۈچە ئىگىلىپ تازىم قىپتۇ.
"مىڭەمگە بىر پىكىر كەلدى، — دەپتۇ سۇلتان ۋەزىرىگە، — كەچ بولۇش بىلەن بۇ ئاجايىپ سىرنى ئۆزەم تەكشۈرىمەن. ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، سەن مېنىڭ چېدىرىمنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ، ئەمىرلەر-ۋەزىرلەرگە ۋە مېنى سورىغان باشقا كىشىلەرگە: مېنى 'كېسەل' دەپ ئېلان قىلىسەن. ئىچكىرىگە ھېچكىمنى كىرىشكە رۇخسەت قىلمايسەن!"
ۋەزىر پىكىر بېرىشتىن ئاجىز كەپتۇ. سۇلتان كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ-دە، يولغا چۈشۈپتۇ. ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە ئايلىنىپتۇ، چارچاپ ھېرىپتۇ. ئەمما ھېچكىمنى كورمەپتۇ. بىرئاز دەم ئېلىپ ئەتىسى كۆن بويى يۈرۈپتۇ. ئىككىنچى كېچە باشلىنىپ تاڭ ئاتار ۋاقتىدا، سۇلتاننىڭ، يىراقتىن بىر قارا نەرسىگە كوزى چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئۆز كوڭلىدە: "ئۇ يەردىن بۇ ئەھۋال توغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى بىرەر كىشى تېپىلسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ سۆيۈنۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، تاملىرى قارا تاشتىن ياسالغان چوڭ بىر ساراي، ئۇنىڭ ئىشىگىنىڭ بىر قانىتى ئۈچۈق، يەنە بىر قانىتى يېپىقلىق تۇرغىدەك. سۇلتان ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئاستاغىنا تاقىلدىتىپتۇ. لېكىن ھېچقانداق جاۋاپ چىقماپتۇ. كۈچىنىڭ بېرىچە تاقىلدىتىپتۇ. بۇ نوۋەت يەنە ھېچكىم جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى نوۋەتمۇ قاتتىق قېقىپتۇ، ھېچقانداق جاۋاپ چىقماپتۇ. "بەلكى بۇ ساراي تامامەن بوش، ئىگىسىزدۇر" دەپتۇ سۇلتان ئۆزىچە، كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ: "ھەي سارايۋەن! — دەپ ۋاقىراپ قىچقىرىپتۇ سۇلتان، — مەن بىر يولۇچى، ماڭا

قاپتۇ. ئاخىر ئۇ، يىغلاپ تاشلاپتۇ.

"ئەي يىگىت نىمىشقا يىغلايسەن؟" دەپتۇ سۇلتان.

"بۇنداق ئەھۋالغا چۈشكەن كىشى يىغلىماي تۇرالامدۇ! — دەپتۇ يىگىت، — بېلىمنىڭ تۆۋىنى تاش". يىگىت كىيىمىنى كۆتىرىپ كۆرسىتىپتۇ. كېيىن بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۇلتانغا تۆۋەندىكىدەك ھىكايە قىلىپ بېرىپتۇ.

"بۇ بېلىقلار ۋەقەسى بەكمۇ ئاجايىپ، يىگىنە بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا يازغىدەك ھىكايە. مېنىڭ ئاتام سۇدانىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، شۇ شەھەر، مۇشۇ ۋادىلار بىلەن تاغلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويۇن سۇناتتى. ئاتامنىڭ ئىسمى مەھمۇت بولۇپ، يەتمىش يىل شۇ يەرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن. ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن شاھلىق ماڭا مىراس بولۇپ قالغان. تاغامنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىدىم. ئۇ مېنى چەكسىز سۆيەتتى. مېنىڭسىز ئۇنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى. ئۇ، مەن بىلەن بەش يىل تۇردى. بىر كۈنى ئۇ، ھاممامغا كەتتى. ئاشپەزگە كەچلىك غىزا تەييارلاشقا بۇيرۇق قىلدىم. ئۆيگە كىرىپ، ھازىر ئولتۇرغان جايىمدا ئۇخلىدىم. ئىككى كېنىزەكنىڭ بىرىنى بېشىمدا، بىرىنى ئايىغىمدا تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم. خوتۇنۇمنىڭ يوقلۇغىدىن ئۇخلىيالمىدىم. كۆزۈم يۇمۇلغان بولسىمۇ، ئۆزەم ئويغاق ئىدىم. بېشىمدا تۇرغان كېنىزەك ئاياق تەرىپىمدە تۇرغان كېنىزەككە: "ئەي مەسۇدە، مەن خوجايىنىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بەك ئېچىنىمەن، ياش ئۆمرىگە رەھىم كېلىدۇ" دېسە، ئىككىنچىسى: "ھېلىگەر مەلىكىمىزنىڭ قىلمىشلىرى كىمنى ئېچىندۇرمايدۇ، بۇنداق جادىگەر خوتۇننى خۇدا ئارىمىزدىن كۆتەرسۇن!" دېدى. يەنە

قارىسا، ئىشىك ئالدىغا تارتىلغان پەردە كورۇنۇپتۇ. پەردىنى كوتىرىپ قارىسا، ئىگىز قىلىپ ئورنىتىلغان تەخت، ئۇنىڭ ئۇستىدە بىر ياش يىگىت ئولتۇرغىدەك. ئۇ يىگىت ناھايىتىمۇ كېلىشكەن بولۇپ، كوزلىرى، قاشلىرى، بولۇپمۇ لىۋىنىڭ ئۇستىدىكى قاپقارا خالى يۈزىگە ئاجايىپ ياراشقان.

سۇلتان سۈيۈنۈپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئايمۇ بۇ گوياكى يېڭىدىن چىققان،
ياكى پەلەكتىكى نۇرلۇق بىر قۇياش.
ھوسنىگە ياراشقان سۇمبۇل چاچلىرى،
كۈن ۋە ئاي كورسە ئاڭا قويار باش.
كېلىدۇ ئەنبەردەك ئەجەپ خۇش پۇراق،
كوزى چولپان يىگىتنىڭ ئوزى قەلەمقاش.

سۇلتان سالام قىپتۇ. يىگىت ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن يىپەك تونغا ئورىنىپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن ئاللا قانداق مۇڭ ۋە ئەلەم ئىزلىرى سېزىلىپ تۇرغىدەك. ئۇ، سالامغا جاۋاپ قايتۇرۇپ:

"ئەي ئەزىز، ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، بۇنىڭ ئۇچۇن سەندىن ئەپۇ سورايمەن!"دەپتۇ.

## جادۇ قىلىنغان شاھزادە ھىكايىسى

"ماڭا بۇ قەسىر، بۇ كول ۋە بۇ رەڭمۇ-رەڭ بېلىقلار ھەققىدە، ئوزەڭنى گاڭگىرىتىپ قويغان يالغۇز ياشىشىڭنىڭ سەۋەۋى ھەققىدە سوزلەپ بەرسەڭ" دەپتۇ سۇلتان يىگىتكە.

يىگىتنىڭ كوز چانغى ياشقا لىق تولۇپ، ئوزىنى تۇتالماي

جايلىشىۋالدىم. قارىسام، خوتۇنۇم لەۋلىرى دوردايغان، يۈزلىرى قوم يېپىشىپ قالغان تاشتەك قوتۇر، چىراي-شەكلى سەت بىر قارا قولنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ، جوزام① كېسىلى بىلەن ئاغرىغان، پۈرۈچلاردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن كىيىمگە ئورىنىپ بورا ئۈستىدە يېتىپتۇ. خوتۇنۇم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەرنى سۆيدى. قول بېشىنى كوتەردى.

"شۇ چاققىچە نىمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ قېرىنداشلىرىم كەلگەن ئىدى. بەزىمە قىلىشتى، ئىچىشتى. مەن سەن بولمىغانلىقتىن ئىچەلمىدىم" دەپ ئاچچىغلاندى.

"ئەي خوجام، ئەي كوزۈمنىڭ نۇرى، ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، — دىدى ئۇ، — بىلىسىز كېرەك، مەن تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ خوتۇنىمەن. مەن ئۇنىڭ سىياقىدىن ئەيمىنىمەن ھەم يىرگىنىمەن، ئۇنىڭ سوھبىتىدىن غەزەپلىنىمەن. سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلمىسام، شەھەرنى خاراپ قىلىپ، قاغا-قۇزغۇنىغا يەم ۋە ماكان قىلىپ بېرەتتىم. ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ تېشىنى قوش تېغىنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ تاشلايتتىم."

"يالغان سوزلەيسەن! مەلئۇن! — دىدى قول غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ، — قارا تەنلىكلەر شەنىگە قەسەم قىلىمەنكى، بىزنىڭ ئەرلىكىمىزنى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدەك دەپ خام ئويلىما! ئەگەر ئىككىنچى قېتىم كېچىكسەڭ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئالاقىنى ئۈزىمەن. ئەي مەلئۇن، ئەي ئاق تەنلىكلەرنىڭ بۇزۇغى، سەن بىز بىلەن نىمەڭگە سۆيۈنۈپ ئوينىشىسەن!"

مەن ئوگزىدە تۇرۇپ، ھەممە سوزلەرنى ئوز قۇلىقىم بىلەن

---

① جوزام — داۋالاش قىيىن بولغان بىر خىل تېرە كېسىلى.

بىرى تۇرۇپ: "خوجىمىز بۇ ئەھۋالنى سەزمەمدۇ ياكى سەزسىمۇ ئۈندىمەمدۇ؟" دىسە، ئىككىنچىسى يەنە: "ئۇ ئۈيقۇدىن بۇرۇن بىرىدىغان ئۇسسۇلۇقتا بەك قوشۇپ بىرىدۇ. ئەتىسى بىر نەرسىنى پۇرىتىپ ھۇشىغا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزى ياسىنىپ-بىزىنىپ، نەلەرگىدۇ كىتىدۇ. قانداق بىمەنە ئىشلارنى قىلمايدۇ، دەيسەن؟ خوجىمىز بولسا ئۇقمايدۇ." دىدى. كىنىزەكلەرنىڭ سوزلىرىنى ئىشىتىپ، كوز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، خىيالغا چومدۇم. "بۇلارنىڭ سوزلىرى راستمۇ؟ ياكى يالغانمۇ؟" دىگەن گۇمان بىلەن كوڭلۈم خىرەلەشتى. خوتۇنۇم ھاممامدىن كەلدى. داستىخان سىلىندى، غىزالاندۇق. بىرئاز سوزلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ، ئۇخلاش ئالدىدىن ئىچىلىدىغان شاراپنى ئىلىپ كىلىپ، ماڭا قەدەھ سۇندى. ئۇنى ئىچكەن بولۇپ، بىرچەتكە توكتۇم. كىيىن ئۇخلىغان كىشىدەك بولۇپ خورەك تارتتىم. بىردىنلا خوتۇنۇم ماڭا قاراپ: "ئۇخلا! كىچىچە ئۇخلا! ھىچ ئويغانماي ئۇخلا! سىنى كورەر كوزۇم يوق! سەن بىلەن كۈن ئوتكۈزۈشكە ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن!" دىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇپا-ئەڭلىك سۇردى. ياخشى كىيىملىرىنى كىيدى. سارايىنىڭ ئىشىگىنى ئىچىپلا كوچىغا چىقتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتىم. شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئارقىسىدىن باردىم. دەرۋازا ئالدىغا كىلىپلا، ئاللا نىمىلەرنىدۇ دىدى، پەملىيەلمىدىم. قۇلۇپ ئىلىنىپ، كىچىك ئىشىك ئىچىلدى. ئۇ، ئىشىككە كىردى. ئەمما مىنىڭ كىلىۋاتقىنىمنى سەزمىدى. شەھەر سىرتىغا چىقىپ، گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بىر قورغانغا كىردى. مەنمۇ گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ



سەككىزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد سوزىنى، — قۇلىنىڭ بېشىنى كېسىش ئۈچۈن چاپقان قىلىچىم تامغىنىڭ گوشى بىلەن تېرىسىنى شىلىپ چىقتى. "ئول-تۇردۇم" دەپ ئويلىغان ئىدىم، قاتتىق خىقە-راشقا باشلىدى. تاغامنىڭ قىزى تېپىرلاپ قالدى. مەن كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قىلىچىنى ئېلىپ جايىغا قويۇپتۇ.

شەھەرگە قايتتىم. سارايغا كىردىم. تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمىدىم. تاغامنىڭ قىزى چېچىنى قىرقىپ، ماتەم كىيىمگە پۈركەنگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

"ئەي تاغامنىڭ ئوغلى! — دىدى ئۇ، — مېنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمغا كاشىلا قىلما! ئاڭلىدىمكى، ئانام ۋاپات بوپتۇ. ئاتام ئۇرۇشتا ھالاك بوپتۇ. ئىككى بۇرادىرىمنىڭ بىرى ئىلان چېقىپ، زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ؛ ئىككىنچىسى قولۇمدا جان ئۈزدى. ھەممىسى بىر كۈندە ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يىغلاشقا، قايغۇرۇشقا، ماتەم تۇتۇشقا كىرىشمەن!"

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئۈندىمىدىم. بىر دەمدىن كېيىن: "خالىغىنىڭنى قىل! قارشىلىقىم يوق!" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ، بىر يىلنى قايغۇ-ئەلەم بىلەن يىغلاپ ئۆتكۈزدى. بىر يىلدىن كېيىن بىر كۈنى ماڭا:

"سېنىڭ سارىيىڭدا لەخمە ياساپ، قايغۇ ئۆيى قىلىپ شۇ ئۆيدە ئۆز غېمىم بىلەن ئۆتۈش ئارزۇسىدىمەن." دەپ ئەرز قىلدى.

"ئويلىغىنىڭنى قىل!" دىدىم.

ئاڭلىدىم. ھەممە تېتىقسىزلىقلارنى ئۆز كوزۇم بىلەن كوردۇم.
يورۇق دۇنيا يېڭىۋاشتىن كوزۇمگە قاراڭغۇدەك بولۇپ تۇيۇلـ
دى. قەيەردىلىگىمنى بىلمەيتتىم. تاغامنىڭ قىزى بولسا، قولىغا
يېلىنىپ:

"ئەي كورەر كوزۇم، سۆيۈملۈكۈم، مۇبادا سەن ماڭا قاردـ
مساڭ، ماڭا كىمنىڭ رەھمى كېلىدۇ؟ — دەپ يېلىناتتى — سەن
مېنى ھەيدىسەڭ، كىم ماڭا جاي بېرىدۇ؟"

قارا قول كەچۈرگەندىن كېيىن، تاغامنىڭ قىزى يىغىدىن
توختىدى، سۆيۈنۈپ دەرھال يېشىندى.

"كېنىزىكىڭىزگە يىگۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلامدىكىن؟"
دەپ سورىدى تاغامنىڭ قىزى قارا قولدىن.

"لىگەنىنىڭ تېگىدە پىشۇرۇلغان چاشقان سوڭەكلىرى، ئاياقتا
بوزا بار، ئېلىپ ئىچ. يە." دېدى قولى بىلەن كورسىتىپ قول.

تاغامنىڭ قىزى ئۇ كورسەتكەن نەرسىنى ئالدى، ئولتۇرۇپ
يېدى، ئىچتى، قولىنى يۇدى. بورا ئۇستىدە قوراق-ياماق
يوتقانغا يوگىنىپ ياتقان قولنىڭ قوينىغا كىردى.

بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، ھوشۇمنى يوقاتتىم. گۇمبەز ئۇستىدىن
سىيرىلىپ چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردىم. تاغامنىڭ قىزىنىڭ قىلىدـ
چىنى ئالدىم-دە، ھەر ئىككىسىنى ئولتۇرۇشكە تەمشەلدىم.
ئالدى بىلەن قولنىڭ گەدىنىگە ئۇردۇم. ئۇنى "ئولتۇردۇم"دەپ
ئويلىدىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھىكايىسىنى
توختاتتى.

كەلدىم ئاختۇرۇپ، لالە زارىمنى يوشۇردۇڭ.

يا ئۇغرىمۇ، ياكى دوزاخ ئىشىكىسەن،
پىردەۋس جەننىتى يۈزلۈك نارىمنى① يوشۇردۇڭ.
ئاسمانمۇ ئەمەس، باغمۇ ئەمەس، بۇ ئاجايىپ،
ئاي يۈزلۈكۈم سەۋرى نىگارىمنى يوشۇردۇڭ.

مېنىڭ ئاچچىغىم كېلىپ ئۇنىڭغا:

"شۇنچە خائىنلارچە سۆزلىرىڭ، قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىڭ يېتەر ئەمدى" دەپ قىلىچ كۆتەردىم. تاغامنىڭ قىزىنى چېپىپ تاشلىماقچى بولدۇم. ئۇ ئورنىدىن دەست تۇردى. بەرزەڭگىنى يارىدار قىلغان كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلدى. بىرنىمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇدى: "يېرىمى تاش، يېرىمى ئادەم بولسۇن!" دەپ بىر قاچا سۇنى ماڭا چاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن هازىرقى سۈرەتكە كىردىم. تۇرالمايمەن، ئولتۇرالمايمەن، تىرىكمۇ ئەمەس، ئۆلۈكمۇ ئەمەس، بىر هالغا كەلدىم. مېنى بۇ هالغا سالغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەهەرنى، ئۇنىڭدىكى بارى-يوقىنى جادى قىلدى. شەهرىمىزدە تۆت خىل كىشىلەر ياشايتتى. ئۇلار: نىسارالار، مۇسۇلمانلار، جۇهۇتلار ۋە مەجۇسىلەر ئىدى. هەممىسىگە جادۇ قىلىپ ئۇلارنىمۇ تۆت خىل بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ بېلىقلارنىڭ كۆكى نىسارالار، ئېقى مۇسۇلمانلار، سېرىقى جۇهۇتلار، قىزىلى مەجۇسىلەردۇر. تۆت جەزىرىنى بولسا كۆلنى چۆرىسىدىن توسۇپ تۇرىدىغان تۆت تاققا ئايلاندۇردى. ئۇ، هەر كۈنى مېنى يۈز قامچا ئۇرۇپ

① نار — ئوت، قىزىل يالقۇن.

ئۇ، غەم ئويى قىلدى، ئويىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەھنىگە ئوخشاش گۇمبەز ياسىدى. قارا قولىنى ئېلىپ كېلىپ، شۇ يەرگە ياتقۇزدى. لېكىن ئۇ بەرزەڭگىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ پايدىسى تەگمىدى. ئۇ ئىچىملىك ئىچەتتى، خالاس. مەن ئۇرۇپ يارىدار قىلغىنىمدا، ئەجىلى يەتمەي قالغان ئىكەن، ئۆلمەپتۇ. ئەمما ئۇ، تىلىدىن قالغان ئىدى. تاغامنىڭ قىزى ھەر كۈنى ئەتە-ئاخشامدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەتتى. گايى ئۈن تارتىپ يىغلاپ، ئۇنىڭغا ئىچىملىك ئىچكۈزەتتى. راسا بىر يىل شۇنداق ئۆتتى. مەن چىداپ كەلدىم. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ قالغان ئىدىم. خوتۇنۇم ئۇنىڭغا: "ئەي دىلىمنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزۈمنىڭ نۇرى، نېمىشقا سۆزلىمەيسەن؟ ئازراق بولسىمۇ سۆزلە! جېنىم ئارام ئالسۇن" دەپ يىغلىنىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سەن كەتتىڭ، ئارقاڭدىن روھىم ئەگىشىپ،
ماڭا قۇرۇق سۆڭەكنى قالدۇرۇپ كەتتى.
ئايرىلىش دەرتلىرى تەنگە سىڭىشىپ،
زوقۇمنى ئوغۇرلاپ، ئالدۇرۇپ كەتتى.

كۆزلىرىڭ ئەكسىدە قالغان سۈرىتىم،
ئۆتكەندە ئەسلەتسۇن مېنىڭ قەۋرىمنى.
ئىلتىماس قىلىشقا يەتمەس جۈرئىتىم،
چۈنكى تۈگەتتىڭ تاقەت ـ سەۋرىمنى.

ئۇ يەنە بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

قورقۇنۇچلۇق گور سۆيۈملۈك يارىمنى يوشۇردۇڭ.
قەلەمقاشلىق كۆزى خۇمارىمنى يوشۇردۇڭ.
گۈللەر ئارىسىدا غۇنچىدەك تاپالماي گۈزىلىمنى،

ئچگه تاشلاپتۇ. ئۇزى لەخمە ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، بەرزەڭگىنىڭ ئورنىدا يېتىپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن جادىگەر خوتۇن كىرىپ كەپتۇ. يىگىتنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىچارە يىگىت: "بولدى، شۇمۇ يېتەر، رەھىم قىل" دەپ يېلىنىپتۇ.

"سەن ماڭا رەھىم قىلدىڭمۇ؟ ئاشىقىمنى يېرىم جان قىلىپ مېنى بۇ ھالغا سالغان كىم؟"— دەپ يەنىمۇ قاتتىغراق ئۇرۇپتۇ.

جادىگەر خوتۇننىڭ قولى تېلىپ، ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. قىلدىن توقۇلغان كىيىملەرنى ئۇنىڭ قاناپ تۇرغان بەدىنىگە كىيگۈزۈپتۇ. ئىچىملىكنى كوتىرىپ بەرزەڭگە تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بەرزەڭگىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىچىملىكنى تۇتۇپ: "سوزلىسەڭچۇ، جېنىم!" دەپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بۇ ھىجران سۇرەر مېنى بىلمىدىم قاچانغىچە؟
ھىجران چېگرىسىدا قىينىلار بۇ جېنىم قاچانغىچە؟

ئۇ، خوتۇن: "سوزلە، جېنىم!" دەپتۇ. يەنە يىغلاپتۇ. سۇلتان ئاۋازىنى ئۇزگەرتىپ سۇدانچە سوزلەپتۇ. خوتۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خوشلىغىدىن ۋاقىرىۋېتىپتۇ. "سوزلىگىنىڭ راستىمۇ؟ ئەي خوجام" دەپتۇ ئۇ. سۇلتان ئاۋازىنى پەسلىتىپ: "ھەي مەلئۇن! سەن بىلەن سوزلىشىش ماڭا لايىق ئەمەس." دەپتۇ. "نىمىشقا؟" دەپ سوراپتۇ ئايال. "شۇنىڭ ئۇچۇنكى، سەن ھەر كۇنى ئېرىڭنى ئۇرۇپ قىينايسەن، ئازاپلايسەن. ئۇ، ئازاپنىڭ دەردى بىلەن كېچە-كۇندۇز يىغلايدۇ، دادلايدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە سېنى قاغاپ، مېنى ئۇيقۇدىن قالدۇ-

ئەزايى بەدىنىمدىن قان چىققىچە ئازاپلايدۇ. كېيىن بېلىمدىن يۇقۇرى تەرەپكە قىلدا توقۇلغان كىيىملەرنى كىيگۈزىدۇ، دەپ ھوڭرەپ يىغلاپتۇ.

”ھەي يىگىت، سەن غېمىمنىڭ ئۈستىگە غەم قوشتۇڭ. خوتۇنۇڭ ھازىر قەيەردە؟ يارىدار بولغان قۇل ياتقان لەخمە قەيەردە؟“ دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

”قۇل گۇمبەز ئاستىدىكى لەخمىدە، خوتۇنۇم بولسا ئىشىك ئارقىسىدىكى ئۆيدە. ئۇ، ھەر كۈنى بىر قېتىم كۈن چىقىش ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىدۇ. كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ مېنى يۈز قامچا ئۇرىدۇ. يىغلايمەن، زارلايمەن، ئۇنى ئىنتىرىۋېتىشكىمۇ كۈچۈم يەتمەيدۇ، شۇنچىلىك ئاجىزمەن. مېنى قامچىلاپ ئۇرۇپ بولغان-دىن كېيىن، بەرزەڭگىنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىچكۈلۈك، يېگۈلۈك بېرىدۇ.“ دەپتۇ يىگىت.

”مەن بىر ئىش قىلايكى، ئۇنى قىيامەتكىچە كىشىلەر ئۇنتۇ-مايدىغان بولسۇن!“ دەپتۇ سۇلتان.

كەچكىچە يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ، مۆڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلاپتۇ. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئىخچاملاپ كىيىپ، يىگىت بىلەن خوشلى-شىپ چىقىپ، بەرزەڭگى تۇرغان گۇمبەزگە قاراپ مېڭىپتۇ. لەخمىگە كىرىپ قارىسا، ئۇ يەردە شامدان، ياغ قاچىسى، ئوت-چۆپلەر دۆۋىسى تۇرغىدەك. سۇلتان بەرزەڭگىنىڭ قېشىغا يېقىن-لاپ بېرىپ قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ئۆزى كىيىپتۇ. بەرزەڭگىنىڭ ئۆلۈگىنى مورىسىغا ئېلىپ كۆتىرىپ چىقىپ، سارايدىكى قۇدۇق

جەزىرە ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە، بېلىقلار باشلىرىنى كۆتە-رىپ ياردەم سورىشىدۇ. سېنىمۇ، مېنىمۇ قوشۇپ قاغايدۇ. مانا مېنىڭ ساقايماسلىغىمنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى. ئۇلارنى تېزراق قۇتقاز، كېيىن كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن تارت!"

خوتۇن بۇ سوزلەرنى بەرزەڭگىنىڭ سوزى، دەپ ئويلاپ: "بۇيرۇغىنىڭنى ھازىر ئورۇندايمەن!" دەيتۇ. خۇرسەن بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئوزىنى تۇتالماي بەرزەڭگىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قولىنىڭ ئۇچىنى سۇيۇپ، كوزلىرىگە سۇرتۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


توقۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى، — كولدىن ئازغىنا سۇ ئاپتۇ. سۇغا قاراپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان سوزلەر بىلەن ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. بېلىقلار باش كوتىرىپ ئادەم قىياپىتىگە كىرىپتۇ. شەھەرمۇ ئاۋالقى ھالىتىگە كەپتۇ. ھەركىم ئوز جايىغا، ھەممە نەرسە ئوز قېلىپىغا كەپتۇ. جەزىرە ئىلگىرىكى ئەسلىگە قايتىپتۇ. جادىگەر خوتۇن دەرھال سۇلتاننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. قىلغان ئىشىدىن ئۇنى خەۋەردار قىپتۇ. ئۇنى بەرزەڭگىنىڭ ئوزى دەپ ئويلاپ: "ئەمدى مۇبارەك قولۇڭنى بەر! ئورنۇڭدىن تۇر!" دەپتۇ. "يېقىنراق كەل!" دەپتۇ سۇلتان ئاستا، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن. خوتۇن يېقىنلاپ كەلگەن ئىكەن، سۇلتان قىلىچىنى ئېلىپ مەلئۇننىڭ كوكسىگە ئۇرۇپتۇ. تىغىنىڭ

ردۇ. بۇ ئىش مېنىڭ جېنىمغا تېگىدۇ. ئەگەر شۇنىڭدىن تېچلانسام، بەلكى تېز ئارىدا تۈزۈلۈپ كېتەرمەن. سەن بىلەن سۆزلىشىشكە ماڭا مۇشۇ ئىش توسقۇنلۇق قىلىدۇ." دەپتۇ سۇلتان خوتۇنىغا قاراپ.

"سېنىڭ خوشلۇغۇڭ ئۈچۈن، ئۇنى مەن بۇ ئازاپتىن خالاس قىلاي" دەپتۇ خوتۇن. "ئۇنى بوشات! مېنى تىنىجىت!" دەپتۇ سۇلتان. "خوپ!" دەپتۇ خوتۇن، لەخمىدىن سارايغا چىقىپتۇ. بىر داسنى ئېلىپ ئۇنى سۇغا توشقۇزۇپتۇ. سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپ سوزلەپتۇ. سۇ كوۋۈكلەپ قازاندا قاينىغاندەك قايناپتۇ. شۇ سۇنى يىگىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ. "مېنىڭ سىھرىم بىلەن شۇ هالغا چۈشكەن بولساڭ، ئالدىنقى ئەكسىڭگە كەل!" دەپتۇ. يىگىت بىردىنلا سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە ناھايىتى خوش بوپتۇ. "چىق، كوزۈمدىن يوقال! ئىككىنچى بۇ يەرگە كەلمە! ئەمدى كورسەم ئولتۇرىمەن!" دەپ ۋاقىراپتۇ خوتۇن. يىگىت بۇ جايدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇن يەنە لەخمىگە كىرىپتۇ. "هەي خوجام، بېرى كەل! چىرايلىق سۈرىتىڭنى كورەي، يېقىملىق سوزۈڭنى ئاڭلاي!" دەپتۇ. "نىمە ئىش قىلدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ سۇلتان. خوتۇن ئېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوغلاپ چىقارغىنىنى ئېيتىپتۇ. بەرزەڭگى ئورنىدا ياتقان سۇلتان يۇمشاق ئاۋاز بىلەن: "مېنى شېخىدىن قۇتۇلدۇرۇپسەن، تېخى گەۋدىسى تۇرۇپتۇ" دەپتۇ.

"گەۋدىسى دىگىنىڭ نىمە دىگىنىڭ؟" دەپ سوراپتۇ خوتۇن.

"گەۋدىسى دىگىنىم بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ۋە تۇت

بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر يىل يول يۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سۇلتاننىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەت ئالغان ۋەزىر شۇ ھامان سۇلتاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى باشلاپ، قوشۇنلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپتۇ. سۇلتان سارايغا كىرىپ تەختكە ئولتۇرۇپتۇ، ۋەزىرگە يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەرنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر ۋەقەنى ئاڭلاپ، سۇلتاننىڭ غەيرىتىگە قايىل بوپتۇ. ھېكايە تامام بولغاندىن كېيىن سۇلتان كۆپ كىشىلەرگە ئىنئام بېرىپتۇ.

سۇلتان ۋەزىرگە بېلىق ئېلىپ كەلگەن كىشىنى قىچقىرتىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ۋەزىر پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قۇتقۇزۇشقا سەۋەبچى بولغان بېلىقچىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. بېلىقچى يېتىپ كەپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭغىمۇ ئىنئام بېرىپتۇ. سۇلتان ئەھۋاللىشىپ ئۇنىڭ ئۆي ئەھ-ۋالىنى، بالا-چاقىلىرى بار-يوقلۇقىنى سوراپتۇ. بېلىقچى: "ئىككى قىزىم، بىر ئوغلۇم بار" دەپتۇ. سۇلتان ئۇلارنىمۇ قىچقىرتىپتۇ. بىر قىزىنى ئۆزى ئاپتۇ، ئىككىنچىسىنى يىگىتكە نىكالاپ بېرىپتۇ. بېلىقچىنىڭ ئوغلىنى غەزىنىدارلىققا تەيىنلەپتۇ. ۋەزىرنى يىگىتنىڭ مەملىكىتىگە پادىشا قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ يەردىكى ئەربابلارغىمۇ سوغا-سالام راسلاپ، ۋەزىرنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇچى ئارقىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم چېپىپ يەر بىلەن يەكسان قىپتۇ. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرى چىقىپتۇ. يىگىت كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار باشقىدىن سالاملىشىپتۇ. سۇلتان يىگىتنى قولتۇقلاپتۇ. يىگىتمۇ سۇلتاننىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتىپتۇ.

"ئۆز شەھرىڭدە قالامسەن؟ ياكى مەن بىلەن بىللە كېتىپ، بىزنىڭ شەھەردە تۇرامسەن؟" دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

"ئەي زامانىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك سۇلتانى، بىز بىلەن شەھرىڭىزنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يول ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟" دەپتۇ يىگىت. "جىق بولسا يېرىم سائەتلىك يولدۇ!" دەپتۇ سۇلتان.

"يېڭىلدىڭىز، بىز بىلەن شەھرىڭىزنىڭ ئارىلىقى ئەڭ تېز يۈرگۈچى يولۇچى ئۈچۈن ساق بىر يىللىق يول! شەھەر سېھىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سىزگە يېرىم سائەتلىك يول بولۇپ كۆرۈنگەن. مەن سىزدىن بىر دەممۇ ئايرىلالمايمەن!—دەپتۇ يىگىت،—قەيەرگە بارسىڭىز شۇ يەرگە بارىمەن. نېمىنى بۇيرۇسىڭىز شۇنى قىلىمەن."

سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بوپتۇ. "بىر ئۆمۈر بالىسىز ئىدىم، سەن ماڭا ئوغۇل بول!" دەپتۇ. ئىككىسى سۆيۈنۈپتۇ. بىر بىرىنى سۆيۈش بىلەن ئاتا-بالا بولۇشقانلىقىنى تەستىقلاپتۇ. ئىككىسى سارايغا بىللە كىرىپتۇ. دۆلەت ئەرباپلىرىغا: ھەجگە سەپەر قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييارلاشقا پەرمان قىپتۇ. سەپەرگە لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلاپتۇ. سۇلتان بىلەن يىگىت بىر بولۇم كىشىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئاتىسىدىن مىراس قالغان شەھەرنى تاشلاپ كېتىش يىگىتكە قانچىلىك ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، سۇلتان بىلەن

تاغىرىنى ئېلىپلا: "يا قۇتلۇق كۈن، بۈگۈن قايسى تەرەپتىن چىققانسەن" دەپ ھولۇققىنىچە ئايالنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپتۇ. ئايال بىر ھويلىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ توختاپتۇ. ئىشىكنى قېقىپ-تىكەن، بىر كىشى چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا بىر تەڭگە بېرىپتۇ. زەيتۇن يېغى ئېلىپ ھامماالغا سۇنۇپ: "ئارقامدىن يۈرۈڭ!" دەپتۇ. ھامماال ئايالنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ بېرىپ ئۆز-ئۆزىگە: "قانداق بەختلىك كۈن-ھە؟ قانداق ئوبدان كۈن بۈگۈن" دەيدىكەن. ئايال مېۋە دۇكىنى يېنىدا توختاپ، شامنىڭ ئالمى-لىرىدىن، تۈرك بېھىلىرىدىن، ئوسمانىيە شاپتۇللىرىدىن، ھەلەپ تىللا گۈلىدىن، دەمەشق نىلۇپەرلىرىدىن، ئىراق ئابىناۋاتلىرىدىن، مىسىر لىمونلىرىدىن، سۇلتانى تەرەنجىلىرىدىن، بۇلاردىن باشقا خۇش بۇي كوكتاتلاردىن، قىزىل شۇخۇللاردىن، خىنا گۈلدىن، كۆزكى گۈلدىن، بىنەپشە رەيھانلاردىن، قىزىل گۈل ۋە ئانار-ئەنجىرلەردىن ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېۋەتكە قاچىلاپ ھامماالغا بېرىپ: "ئارقامدىن مېڭىۋېرىڭ!" دەپتۇ. ئايال قا-ساپ دۇكىنى ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇن قاداق گوش ئاپتۇ، گوشنى بانان يوپۇرماقلىرىغا ئوراپ سېۋەتكە ساپتۇ، ئۇنىمۇ ھامماالغا كوتەرتىپ باققالنىڭ دۇكىنىغا قاراپ يۈرۈپتۇ. ھامماال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. گېزەك ئۈچۈن باققالدىن، پىستە، بادام، ئۈزۈم، مېغىز ۋە باشقا قۇرۇق مېۋىلەردىن ئېلىپ ھامماالغا بېرىپتۇ. ئايال يەنە بىر سېۋەت سېتىۋاپتۇ. شىرنىلىكلەر دۇكىنىدىن ھالۋايى پەشمەك-سەۋىنەك، پەتىتاسى-بەدرەك، ناۋات، قەن-گېزەك دېگەندەك ھەر خىل شىرنىلىكلەرنى ئاپتۇ. سېۋەتكە سېلىپ ئۇنىمۇ ھامماالغا بېرىپتۇ. ھامماالنىڭ يۈكى بىرىنچىدىن ناھايىتى

# ھامىمال بىلەن باغدادلىق ئۈچ چوكانىنىڭ ھېكايىسى

باغداد شەھىرىدە يۈك كوتەرگۈچى ـ ھامىمال بار ئىكەن. ئۇ، يېشىنىڭ چوڭلۇغىغا قارىماي بويتاق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ، ئۆز ئادىتى بويىچە، تاغار ـ قاپ، ئاغامچا ـ توقىناقلىرىنى كوتىرىپ كوچىغا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئايال كەپتۇ. ئۇ ئايال پۈشقاقلىرىغا چىرايلىق كەشتىدىن جىيەك تۇتقان تاۋار تامبال، ئۈچىسىغا زەردىن گۈل چېكىلگەن كەمزۇل كىيگەن. كوينىكى ۋە باشقا كىيىملىرىمۇ ناھايىتى قاملاشقان ئىكەن. ئايال رومىلىنى يۈزىدىن ئاپتۇ، ئۇنىڭ شەھلا كوزلىرى چاقناپ، قوشۇما قاشلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. قاش ـ كوزلىرىگە ئوخشاش باشقا ئەزالىرىمۇ كىشىنى ئوزىگە تارتىدىكەن. قىسقىسى، ھەممە تەرەپتىن كېلىشكەن ئايال ئىكەن. بۇ ھەقتە شائىر بۇنداق دىگەن ئىكەن:

چاچلىرىنىڭ ئالدىدا، مۇشكىنىڭ بازارى يوق.
زىبا بويى ئالدىدا، سەرۋىنىڭ خۇشتارى يوق.
كوكسى ئالما، لىۋى غۇنچە، سوزلىرى خۇددى شېكەر،
ئاي ئۇنى كورسە توسار يۈزىنى ئوزگە چارى يوق.

ئايال ھامىمالنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن: "نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىڭ، مېنىڭ ئىزىمدىن يۈرۈڭ!" دەپتۇ. ھامىمال بۇ گەپكە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي، ئالدىراشلىق بىلەن

ئۇ، پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. "بۇنداق ياخشى كۈن بولغان ئەمەس" دەپتۇ ھامىمال ئىچىدە. ئايال ئىچكىرى كىرىپتۇ. ھامىمالمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. دەرۋازىنى ئاچقان ئايالمۇ بىللە ئىكەن. كەگرى بىر ھويلىغا كىرىپتۇ. قارىسا قاتار قۇببىلىق تۈۋرۈكلەر بىلەن چىرايلىق قىلىپ سېلىنغان ئېگىز ئايۋان، ئۇنىڭ يېنىدا مەخسۇس شىپاڭ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كولدە گىرۋىكى بىلەن باراۋەر كوپ-كوك تىنىق سۇ، سۇدا كىچىككىنە قېيىق تۇرغىدەك. ھويلىنىڭ تورىدە بولسا، مەرمەردىن ياسىلىپ تۈرلۈك قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن بىر چىرايلىق تەخت يالتىراپ. كوزنى قاماشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

شۇ چاغدا ئۈچىنچى بىر ئايال تەختتىن چۈشۈپ كەپتۇ. ئالدىنقى ئىككى ئايالغا قارىغاندا بۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق، كوركەم ۋە خۇلقلىق ئىكەن. بىر شائىرنىڭ بۇ شېرى ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان ئىكەن:

قامىتىڭنى گۈلگە ئوخشاش دەر كىشىلەر، بۇ، خاتا!
گۈللەر تۈرلۈك يوپۇرماقتا بېزەتكەيلەر قەددىنى.
سەن ئەگەر چىقساڭ كىيىمسىز بولغۇسى جانلار پىدا،
گۈل بولەك، سەنمۇ بولەك، بىلسەڭ ياخشى ھەددىنى.

ئۇ ھەمشىرىلىرى يېنىغا كېلىپ:

"نىمىشقا قاراپ تۇرىسىلەر؟ بۇ بىچارە يىگىتنىڭ ئۈستىدىن يۈكنى ئالمايمىزمۇ؟" دەپلا ئۆزىمۇ ياردەملىشىپتۇ. ئۈچ كىشى بولۇپ يۈكنى چۈشۈرۈپتۇ. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك جايلىرىغا قويۇپ بولۇپ، ھامىمالغا ئىككى تىللا بېرىپتۇ. كېتىشكە رۇخسەت قىپتۇ. ھامىمال نىمە قىلىشنى بىلمەي گاراڭ بولۇپ

ئېغىر، ئىككىنچىدىن بەكمۇ كېلەڭسىزلىشىپتۇ.

"بۇرۇنىراق ئېيتقان بولسىڭىز، بۇ يۇكلەر ئۇچۇن بىر ئىشەك ئېلىپ كەلگەن بولاتتىم" دەپتۇ ھامال. ئايال كۇلۇپ قويۇپ: "گەپنى ئاز قىلىپ مېڭىۋېرىڭ، خۇدا خالىسا، كىرا پۇلىڭىزدىن بىر تىيىنمۇ كەم قىلماي بېرىمەن" دەپتۇ. يەنە مېڭىپ ئەتتارلار دۇكىنى ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇ يەردىن ئون خىل ئىچىملىك — گۇلاپ، قىزىل گۇل، نىلۇپەر، ئەتىر گۇللەردىن ياسالغان ئەتىر، ئىپار - ئەنبەر، ئۇد - لۇببازلار سېلىپ ئىشلەنگەن شەرۋەتلەر ئاپتۇ. ئىسكەندىرىيە شاملىرىدىنمۇ ئاپتۇ. ھەممىنى ھامالنىڭ سېۋىتىگە جايلاپتۇ. ئايال يول باشلاپ مېڭىپ ھەشەمەتلىك بىر بىنا ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. چۇمبەلنى ئېلىپ، يۇزىنى ئېچىپ ئىشكنى ئاستا قېقىپتۇ. ھامال بۇ ئايالنىڭ ھوسنى - جامالىنى كورۇۋالغىچە ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ھامال ئىشكنى ئاچقۇچىغا نەزەر ساپتۇ. قارىسا، ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، كوكرەكلىرى كوتىرىلىپ تۇرغان، كوزلىرى كىيىك باللىسىنىڭ قاراشلىرىنى ئەسلىتىدىغان، قاشلىرى يېڭى تۇغۇلغان ئايدەك، يۇزلىرى لالە بىلەن بەسلەشكەندەك، ئاغزى خۇددى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۇزۇكىدەك، ئېيتىپ تۇگەتكۇسىز كېلىشكەن، ھەممە تەرەپتىن كىشىنى ئوزىگە تارتىش قۇۋۋىتىگە ئىگە بىر چوكان ئىكەن. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق شېئىر ئوقۇپتىكەن:

ئەجەپ بىر قىز، تېپىلماس ئۇنىڭ مىسالى،
باردۇر ئىككى لېۋىدە قاپقارا خالى.
لايىق كەلگەن ئوزىگە ئوزىنىڭ بويى،
بۇ سۇپەتتىن ئارتۇقچە باردۇر جامالى.

ھامال بۇنى كورۇپ يۇكلىرىنى تاشلىۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ.

ساقلىمساڭ سىرىڭنى، باشقىلارمۇ ساقلىماس،
سېنى ھالاك قىلغۇسى، ئۇزەڭ پاش ئەيلىگەن سىر.
تۇتالمساڭ ئۇنى سەن، ئۇ ساڭا يېنىپ كەلمەس،
كىم ساقلىسۇن سىرىڭنى؟ يوق بۇڭا چارە-تەدبىر."

دەپتۇ ئۇي ئىگىسى.

"مېنىڭ ھۇشۇم بار! — دەپتۇ ھامىمال، — ئىشەنچلىك كىشىمەن. كوپ كىتاپلارنى ئوقۇغانمەن، تارىخلارنى ئۇگەنگەنمەن. ياخشىنى ئۇزلەشتۇرۇپ، ياماننى سىر تۇتقۇچىمەن. ئىشەنچلىك كىشىلا 'سىر' ساقلىيالايدۇ. ئەڭ ياخشى ئادەملەر نەزىرىدە 'سىر' ھامان يوشۇرۇندۇر.

سىر ساقلاشتا بۇ شەھەردە نامۇ-شوھرەت قازانغانمەن.
يامانلىقنى كورۇشتىن كوزۇمنى تازا يۇمغانمەن.
تۇتۇلسا سىرىڭ مەخپى، ئىشەنچلىك شۇنچە كوپ ئاشقاي،
كىمكى سىرنى تۇتالماس ئۇنىڭدىن خەلق نېرى قاچقاي."

ئاياللار ھامىمالنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ دىلىدە مېھرىۋانلىق قوزغىلىپتۇ. ئۇي ئىگىسى ھامىمالغا قاراپ: "سەن بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ئىستەيسەن. لېكىن ئۇزەڭ بىلىسەن، بىز بۇ نەرسەلەرگە ئىنتايىن كوپ پۇل خەجلىدۇق. بۇ چىقىملارغا تەڭ شىرىك بولۇشۇڭ كېرەك. سېنىڭدە بۇنىڭغا لايىق بىرەر نەرسە بارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. ئاياللاردىن بىرى: "مالسىز سۇيگۇ سۇ يۇقماس كويدۇرگۇ دىگەن گەپنى سەنمۇ كوپ ئاڭلىغان بولساڭ كېرەك، بىزنىڭ جامالىمىزنى پۇلسىز تاماشا قىلىشقا يول قويغىلى بولامدۇ؟" دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇچىنچى ئايال سوزگە ئارىلىشىپتۇ: "ھەي سىڭىللار! بۇنى بىرەر نەرسەڭ بولمىسا بۇ يەردىن چىقىپ كەت،

نۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ، ھېلى كۆچىنىپ يۈرۈشكە تەمشەلىسمۇ، كوز ئالدىدىكى ئوزۇق-تۈلۈكلەر، ئىچىملىكلەر، رەڭمۇ-رەڭ مېۋىلەر، ئومرىدە كورمىگەن بۇ ئاجايىپ پەرىدەك ئاياللار جەلپ قىلىۋېلىپ، ئۇ تۇرغان يېرىدىن قىمىرلاليماي قاپتۇ: ئۇ، خۇددى يەرگە قېقىپ قويغاندەك بارغانسېرى چىڭىپ ئورنىدىن قوزغىلالماپتۇ. ئاياللاردىن بىرى: "بەلكى بەرگەن ئىش ھەققىمىز ئاز بولۇپ قالغان بولسا كېرەك:" دەپتۇ. ئۇي ئىگىسى يەنە بىر تىللا قوشۇپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

"ياق!— دەپتۇ ھامىمال، — بەرگەن ئىش ھەققىلىرىڭىز كەم ئەمەس، بەلكى ئارتۇق. لېكىن سىلەرنىڭ يالغۇزلۇغىڭىزلار، سىلەرنى خۇش قىلىدىغان بىرەر ئەر كىشىنىڭ يوقلۇغى مېنىڭ خىيالىمنى چىرمىۋالدى. ھەرقاچان بىر ئىمارەت ئۈچۈن تۆت تۈۋرۈك كېرەك بولىدىغانلىغىنى مەن دىمىسەممۇ سىلەر ياخشى بىلىسىلەرغۇ؟ سىلەر ئۈچۈن ئەشۇ تۆتىنچىسى يېتىشمەيدىكەن. ئاياللارغا ئەر كىشىلەر بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ياخشى لەززەت يوق. خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك:

راۋاپۇ-چاڭ، ساتارمۇ سوھبەتكە ماس كەلمەس،
مۇناسىپتۇر ئاق گۈل، قىزىل گۈل چاچقۇچى بار بولسا.
يەنە روھلاندۇرۇشقا بەزمىنى بىر ئىلتىماس باركى،
شارابۇ ئەرغىۋان گۈلشەن، گۈلچەھرە يار بولسا.

سىلەر ئۈچ كىشى، سىلەرگە تۆتىنچىسى، ئەقىللىق، زېرەك، ئوتكۇر سىر ساقلىغۇچى مەندەك بىر ئەر كىشى كېرەك.

"بىز ئاياللارمىز، سىر ساقلىيالمايدىغان كىشىلەرگە سىرىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن قورقىمىز:

كىيىك كوزلەر قولىدىن ئىچ دىگەنلەر،
تىتۈر ھەر تامچىسى گويا ھەسەلدەك.

ئايال ئاياقىنى ئېلىپ تولدۇرۇپتۇ. ئوتتۇرانچىسىغا ئۈزىتىپتۇ. ئۇمۇ ئاياقىنى قولىغا ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ نوۋەت ئاياقىنى تولدۇرۇپ تەختتە ئولتۇرغان ئايالغا ئۈزىتىپتۇ. كېيىن يەنە تولدۇرۇپ هامالغا تۇتۇپتۇ. هامال ھەشقاللا ئېيتىپ قىزنىڭ قولىدىن سۇيۇپتۇ. شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئۇنىڭغا مەدھىيە ئورنىدا ئوقۇپتۇ:

ئۈزاتسام نىگارغا لەئلىدەك شاراپ،
ئېلىپ قولىغا كۆلدى ماڭا قاراپ:
— شاراپقا قوشۇپسىز يۈزۈم كەبى رەڭ،
ئوغرىلىدىڭىزمۇ؟ بۇنى ئېنىق دەڭ.
دىدىم: — توھمەت قىلماڭ، ماڭا دىلرابا،
يۈزىڭىز ئوخشىماس بۇنىڭغا ئەسلا.
پىشىپتۇ بۇ ئاھىمنىڭ ئوتى بىلەن،
قىزارغان يۈزۈمنىڭ نۇرى بىلەن.

"ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ هامال ئايالغا يېقىن كېلىپ، — مەن سېنىڭ سېتىپ ئالمىغان قۇلۇڭمەن. ئۆمرۈمنىڭ بېرىچە سېنىڭ خىزمەتچىسىمەن."

ئەي يۈرىگى تازا ئادەم، يارىلىشىدىن پاك ئىنسان،
ئەي ئەزىمەت، مىۋە دەرەختى، مەرھەمەتنى ئۇنتۇما.
بىچارىگە رەھىم قىلساڭ، قارنى ئاچقا بەرسەڭ نان،
ئۇندىمۇ بار سەندەك يۈرەك، يامانلىق قىلماس ساڭا.

"خاتىرجەم بول! تېچلىق - سالامەتلىك ئۈچۈن ئىچ، ئاق

دەپ قىينىماڭلار! بۇ، بىرەر ئەدەپسىزلىك قىلغىنى يوقـقۇ؟ ئەگەر باشقا بىرى بولغانـدا بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇنچىلىك سەۋرى قىلىپ تۇرمايتتى. بۇنىڭ چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆزەم تولەيمەن".

ھامال سۆيۈنگىنىدىن قۇللۇق قىلىپ، تازىم قىپـتۇ، بارىـكاللا ئوقۇپتۇ.

"بولمىسا بىز سىنى،ــ دەپتۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئايال،ـــ بىر شەرت بىلەن بۇ يەردە قالـدۇرىمىز. سەن ئىـغىر ـ بىـىق ۋە چىدامـلىق بولۇشۇڭ كېرەك. ساڭا ئالاقىـسى بولـمىغان نەرسىـنى زادىلا سورىمايسەن!"

"خوپ! ـــ دەپـتۇ ھامال،ـــ شەرتلىرىڭىزنى جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلىمەن. مانا مەن ھازىردىن باشلاپ تىلسىزمەن."

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخان ساپتۇ. يىمەكلىك ۋە ئىچىمـلىكلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. كېيىن ئۆزى قاتارغا كېـلىپ ئولـتۇرۇپتۇ. تاماقتىن كېيىن ئايال مەينى ئېلىپ قويۇشـقا باشلىـغاندا ھامـال ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى خۇددى چۈش كورۈۋاتـقاندەك ھىس قىپتۇ. بىرىنچى، ئىككىنـچى، ئۈچىنـچى ئاياقـتىن كېيىن نوۋەت ھامالغا كەپتۇ. قىز ئاياقنى قولىغا ئېلىپ بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىچەر بولساڭ ئەگەرمەي زوق بىلەن ئىچ!<br>
داۋادۇر، دەرت بىلەن غەمدىن قىلۇر تېچ.

ھامال ئاياقنى قولـغا ئېلىپ مىننەتدارلىـق بىلدۇرۇپ ئىچىپ، بۇ جاۋاپ بىلەن قايـتۇرۇپـتۇ:

شاراپ ئولگەن كىشىگە جان بېغىشلار،<br>
تىرىكلەرگە شىپا بولار خۇددى قەندەك.

شەيلى. تاڭ ئاتسا ھەركىم ئۆز يولىغا، ئۆز ئىشىغا كېتەر!"

"كېلىڭلار! ــ دەپتۇ، بازارچى ئايال ئارىغا چۈشۈپ ھەمرالىرىدىغا، ــ بۇ كىشى خۇشچاقچاق، سۆزگە چېچەن، ئېھتىياتچان ئادەم ئىكەن. يەنە شۇنداق بىر كىشىگە يولۇققىچە كىم بار ـ كىم يوق! بۈگۈن كېچە ئۇنىڭ قېشىمىزدا قېلىشىغا رۇخسەت قىلىڭلار!"

"سەن بۇ كېچە بىر شەرت بىلەن بىزدە قېلىشىڭ مۇمكىن، ــ دېيىشىپتۇ ئۇلار ــ جەزمەن بىزنىڭ بۇيرۇغىمىزغا بويسۇنىسەن. كورگەنلىرىڭ توغرىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە سورىمايسەن!"

"بولىدۇ!" ــ دەپتۇ ھامال.

"ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئىشىك بېشىغا يېزىلغان خەتنى ئوقۇپ كور!" ــ دەپتۇ ئۇلار.

ھامال تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە يۈرۈپتۇ. ئىشىك بېشىغا ئالتۇن ھەل بىلەن تووۋەندىكى سوزلەر يېزىلغان ئىكەن: "بۇ يەردە ئوزىگە مۇناسىۋىتى بولمىغان سوزگە ئارىلاشقۇچى كىشىلەر ئوزلىرى كۈتمىگەن جازاغا ئۇچرايدۇ."

"سىلەر گۇۋا بولۇڭلار، مۇناسىۋەتسىز نەرسە ئۈستىدە ئېغىز ئاچمايمەن!" دەپتۇ ھامال. ئۇلار ئولتۇرۇشۇپتۇ. شام يېقىلىپ ئەتىر چېچىلىپتۇ. يەنە داستىخاندا ئولتۇرۇپ سوھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىردىنلا ئىشىك قېقىلىپتۇ، ئىشىككە قارىغۇچى ئايال ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

"بۇ كېچە ناھايىتمۇ ئاجايىپ، قىزىق، ئىنتايىن شاتلىق كېچىسى بولىدىغانغا ئوخشايدۇ!" دەپ ئارقىغا يېنىپتۇ.

"ئىشىكنى قېقىۋاتقان كىم؟ نىمە ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا ئىشىك

يۇلـلۇق بولسەن!" دەپـتۇ ئايال ئاياقنى ئۇزىتىپ. ھامىمال ئاياق-نى ئېـلىپ ئايالنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ ۋە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

شاراپ بىلەن قىزارغان يۈزنى كورگىن،
سۈزۈلگەن ۋە خۇمارلىق كوزنى كورگىن.

تەختـتىكى ئايال كۈلۈپ قويۇپ ئاياقـنى كوتۈرۈپـتۇ. كېـيىن تەختتىن چۈشۈپ ھەمشىرىلىرى قاتارىدا ئولـتۇرۇپ ئىچىـشىپتۇ. ئويۇنغا چۈشۈشۈپـتۇ؛ چاقچاق قىلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ؛ شېئىرلار ئوقۇ-شۇپـتۇ، قەسـىدىلەر توقۇشۇپتۇ، ناخشىلار ئېيتىشىپتۇ، ئوينىشىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتـتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توخـتاتـتى.



ئونىنچى كېچە

ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سوز باشلاپتۇ شەھـرىزاد، — قۇچاغلىشىپتۇ، قىچـقىلىشىپـتۇ، تۈرتۈشۈپتۇ. بىر-بىرىنى يىقىتىشىپتۇ. بىرىنچە-سى ئىكـكىنچىسىگە يىمەكلىك تۇتۇپتۇ. ئىككىن-چىسى ئۈچىنچىسىنى شاپىلاقـلاپتۇ. ئۈچىنچىسى ئۇنىـڭغا گۈل تۇتۇپـتۇ. ھامـمال بۇ ئويۇن-تاماشا ئىچـىدە ناھايـىتى زوق بىلەن يەپ-ئىـچىپـتۇ. ئۇ، ئوزىـنى خـۇددى جەننەتتىـكى ھورلەر ئارىـسىدا يۈرگەنـدەك ھىس قىپـتۇ. ئاياللار ھامىمالغا قاراپ:

"قېـنى، تەيـيارلـىنىپ يولۇڭـغا ماڭ! بىز ئارقاڭـدىن تاماشا قىلايـلى!" دەپـتۇ.

"مېنىڭ بۇ يەردىن چىـقىشىمغا قارىغاندا تېنىمدىن جېنىمـنىڭ چىـقىشى ئاسان! — دەپـتۇ ھامىمال يىغـلىنىپ ئەتىگـىچە سوھبەتلە-

ئۈچ چالغۇ ــ داپ، تەمبۇر، ئۇد كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار داپنى، ئۇدنى، تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ، ساز قىلىپ، چېلىشقا كىرىشىپتۇ. قىزلار ناخشا ئېيتىپتۇ. ئاۋاز يۇقۇرى كوتۇرۇلگەن چاغدا بىردىن يەنە ئىشىك قېقىلىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئايال ئىشىك ئاچقىلى چىقىپتۇ. شۇ كېچىسى هارۇن رەشىد ئۇزىنىڭ جەپەر ئىسىملىك ۋەزىرى، مەسرۇر ئىسىملىك خادىمى بىلەن شەهەر ئەهۋالىنى بىلىش ئۇچۇن كوچىغا چىققان ئىكەن. سودىگەرلەر كىيىمىنى كىيىپ بەزەن شۇنداق كوچا ئايلىنىپ يۇرۇش خەلىپە هارۇن رەشىدنىڭ ئادىتى ئىكەن. ئۇلار شۇ كېچە، شۇ ئۇي ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن، تۇيۇقسىز سازنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، خەلىپە جەپەرگە قاراپ:

"مەن بۇ ئويگە كىرىمەن، بۇ تاۋۇش ئىگىلىرىنى كورىمەن" دەپتۇ.

"ئۇلار مەسلە بولۇپ كوڭۇلسىز ۋەقە چىقمىغىدى دەپ قورقىمەن" ــ دەپتۇ ۋەزىر جەپەر.

"مەيلى كىرىش كېرەك، ــ دەپتۇ خەلىپە، ــ پەقەت قايسى يوسۇندا كىرىشنى ئويلىشىپ كورۇش كېرەك".

"خوپ" ــ دەپتۇ ـ دە، جەپەر: بېرىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. بىر ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

"ئەي خانىم، ــ دەپتۇ جەپەر، ــ بىز تەبەر سودىگەرلىرىدىنمىز. ئون كۇندىن بېرى باغداد سودىگەرلىرى سارىيىدا تۇرغان ئىدۇق. بۇ ئاخشام بىزنى بىر باي مېھمانغا قىچقىرغان ئىدى. مېھمان بولۇپ قايتتۇق. مۇساپىرچىلىقتا يولدىن ئازغاشتۇق. مەرھەمەت قىلىپ، بىر ئاخشام يېتىش ئۇچۇن جاي بەرسەڭلار دىگەن ئۇمىتتە ئىشىك قېقىپ سىلەرنى مالال قىلدۇق."

قېقىشىدۇ؟" دەپ سورىشىپتۇ ئۇلار.

"ئۈچ مۇساپىر، ـــ دەپتۇ ئۇ. سوزىنى داۋام قىلىپ ــ ئۇچىلىسى-نىڭمۇ ساقال - بۇرۇتلىرى چۇشۇرۇلگەن. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇچىنىڭ-مۇ سول كوزى قارغۇ، چىرايلىرىمۇ كۇلكۇلۇك. ئوزلىرى ئارىز-رۇمدىن بۇ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن ئىكەن. يول ئادىشىپ ئىشىك قېقىپتۇ."

"چاقىر! لېكىن سورالمىغان نەرسە ئۇستىدە سوز قىلىپ قويۇپ، كېيىن خاپىچىلىق تارتىپ قالماسلىقلىرىنى شەرت قىلىپ ئەسلىتىپ قوي!" دەپتۇ ئوي ئىگىسى سۇيۇنۇپ.

شۇ سوزدىن كېيىن ھىلىقى ئايال ئىشىككە چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار كىرىپ تىز چوكۇپ تازىم قىپتۇ. قىزلارمۇ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ جاي كورستىپتۇ. ئۇلار ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى كوزدىن كەچۇرۇپتۇ. ھەممە ياق ياساداق، ئايالـلارمۇ ئۇلۇغۋار شاھانە كورۇنۇپتۇ، ھامالغا كوز يۇگۇرتۇپتۇ. ئۇ، خوشال ئىكەن. ئۇلار ھامالنى بىر - بىرسگە كورستىشىپتۇ. "بۇمۇ بىزدەك يولۇچىغا ئوخشايدۇ" دەپتۇ. ئۇلارنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان ھامال ئۇلارغا كوزلىرىنى ئالايتىپ: "ئارتۇقچە سوزدىن جىم ئولتۇرۇش ياخشىدۇر. ئىشىك بېشىدىكى خەتنى كوردۇڭلارمۇ؟" دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇ-رۇپتۇ. بۇنى كورۇپ قىزلارمۇ كۇلۇشۇپتۇ. مۇساپىرلارغا تاماق تارتىلىپ شاراپ قۇيۇلۇپتۇ. ئاياق ئايلانغاندىن كېيىن ھامال ئۇلاردىن:

"سىلەرنىڭ بىرەر قىزىقراق ھۇنىرىڭلار يوقمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. مېھمانلارمۇ قىزىپ قالغان ئىكەن، چالغۇ ئەسۋاپلىرى بولسا، ساز چېلىپ بېرىشلىرىنى بىلدۇرۇپتۇ. ئايالـلار ئۇلارنىڭ ئۇچىگە

بېرىپ، ئىشىك ئاچقان ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. قەلەندەرلەرنى بىر تەرەپكە، خەلپىنى، جەپەر ۋە مەسرۇرنى بىر تەرەپكە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ھامماللىنى قىچقىرىپتۇ.

"شۇنداقمۇ پەمسىز بولامدۇ كىشى، — دەپتۇ ئۇ ھامماللغا. — ئاخىرى سەن يات ئەمەسسەنغۇ؟" ھاممال ئورنىدىن تۇرۇپ بەلۋىغىنى چىڭ باغلاپتۇ.

"خوش، خىزمەت نېمە؟" دەپتۇ ئۇ.

بازارچى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇپتۇ ھامماللغا قاراپ:

"ماڭا ياردەم قىل!" دەپتۇ. ئۇ قارىسا، زەنجىرگە باغلانغان ئىككى قارا ئىت تۇرغىدەك.

"بۇلارنى يېتىلە!" دەپتۇ ئايال. ھاممال زەنجىردىن تۇتۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ يەڭلىرىنى تۇرۇپتۇ. قولىغا قامچىنى ئېلىپ:

"بىرىنى ئېلىپ كەل!" دەپتۇ ھامماللغا.

ھاممال ئىتنىڭ بىرىنى ئايالنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىت ئايالغا بېشىنى سۈركەپ ئەركىلەپتۇ. ئايال ئىتنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئىت كاڭشىپ قاتتىغىراق ئەركىلەشكە كىرىشىپتۇ. ئاخىرى ئايالنىڭ قولى قامچىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئۇ قامچىنى ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ. ئىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىغا سۆيۈپتۇ، كوز ياشلىرىنى سۈرتۈپتۇ. كېيىن:

"بۇنى ئال، ئىككىنچىسىنى ئېلىپ كەل!" دەپتۇ ھامماللغا ئايال. ھاممال ئىككىنچى ئىتنى ئېلىپ كەپتۇ. ئايال ئۇنىمۇ بايىقىدەك ئۇرۇپ ئازاپلاپتۇ. خەلپە تىنچسىزلىنىپ يۈرىگى سىقىلىپتۇ. بۇ

ئايال بۇلارغا نەزەر ساپتۇ. ئۇلار ياخشى كىيىنگەن، كورۇلۇش-لىرىمۇ سالاپەتلىك. ئۇ، ھەمشىرىلىرى يېنىغا كىرىپ ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ھەممىلىرى كېگىشىپ مۇساپىرلارنىڭ كىرىشىنى مۇۋاپىق كورۇپتۇ. ئايال ئىشىك ئېچىپ، ئۇلارنى كىرگۈزۈپتۇ. ئاياللار مېھمانلارنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلارنى ھورمەت قىلىپ، توردىن جاي كورسىتىپ ئورۇن بېرىپتۇ.

"مېھمانلارغا راھەت ۋە ھوزۇر بولسۇن!" دەپتۇ ئاياللار، لېكىن نالايىق سوز ئاڭلىماسلىقلىرى ئۇچۇن، سورالمىغان نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلماسلىقلىرىنى شەرت قىلىپ قويۇپتۇ.

بۇلار: "خوپ!" دەپتۇ. تاماق تارتىلىپ ئىچكۇلۇك باشلىنىپتۇ. خەلىپە ئولتۇرغان قەلەندەرلەرگە كوز ساپتۇ. قارىسا ئۇچىلىسىنىڭ چەپ كوزى يوق. خەلىپە ئەجەپلىنىپتۇ. ئاياللارنى كوزدىن كەچۇرۇپتۇ. قارىسا ئۇلار ناھايىتىمۇ چىرايلىق. خەلىپە ھەيران بوپتۇ. سوھبەت قىزىپتۇ. ئىچىملىك نوۋىتى خەلىپىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاياق تۇتۇپتۇ. "مەن ھاجى، بۇنداق نەرسىلەرنى ئىچمەيـ-مەن" دەپ ئۇزرە ئېيتىپتۇ خەلىپە. ئاياق تۇتقان ئايال سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالتۇن جىيەكلىك داستىخان ئېلىپ كېلىپ ساپتۇ: بىر چىرايلىق قاچىدا قەن بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان لىمون سۇيى ئۇستىگە مۇز سېلىنغان ئالاھىدە ئۇسسۇلۇق كەلتۇرۇپ بېرىپتۇ. خەلىپە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. دىلىدا بۇ چاققان ئايالنى ئەتە-لىككە مۇكاپاتلاشنى ئويلاپ قويۇپتۇ. سوھبەت داۋام قىپتۇ. باشلە-رى قىزىغاندىن كېيىن ئوي ئىگىسى ئايال مېھمانلارغا: "خوش كەپسىلەر، — دەپ بازارچى ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ، — قېنى كېلىڭلار! قەرزىمىزنى بېجىرەيلى". "ياخشى" دەپتۇ ئۇلار جاۋاپ

ئۆي ئىگىسى بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ ھاياجانغا چۈشۈپتۇ. ئاھ تارتىپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ياقىسىنى يىرتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا خەلىپە ئۇنىڭ بەدىنىدە قامچا ئىزلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئىچى سىرىلىپ ھەيران بوپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭمۇ كۆڭلى غەشلىككە تولۇپتۇ. قانداق سىر بارلىغىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەپتۇ. خەلىپە جەپەرگە قاراپ:

"بۇ ئايالنىڭ بەدىنىدىكى قامچا ئىزلىرىنى ئۆزەڭمۇ كۆرۈۋاتقانسەن؟ بۇ ئىككى قارا ئىت ۋەقەسى ۋە بۇ ئايالنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگىچە مېنىڭ كۆڭلۈم تىنچىمايدۇ"—دەپتۇ.

"ھەي خەلىپەم، —دەپتۇ جەپەر، —ئۇلار بىزگە مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر ئۈستىدە سۆز قىلماسلىغىمىزنى، ئەكسى ھالدا كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلاپ رەنجىدىغانلىغىمىزنى باشتىلا ئەسكەرتىپ، شەرت قىلىپ قويغانغۇ؟"

شۇ ئارىدا ئۆي ئىگىسى ئاياللارغا قاراپ: "يېقىنىراق كېلىپ ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداڭلار!"—دەپ خىتاپ قىپتۇ.

"خوپ"—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇلار. بازارچى ئايال سازنى قولىغا ئاپتۇ. پەدە ئۈستىدە بارماقلىرىنى ئوينىتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

جۇنۇن ئىشقى غالىپلىقتا نومۇس پەردىسىن يىرتار،
يېتەكلەر دەشتۇ-سەھرا تەرەپكە بى ئىختىيار تارتار.
غايىبلىق پەردىسىن يىرت سەن ئۆزەڭ رەھمۇ-شەپقەت قىل،
ئىزلىدىم بىر ئۆمۈر ۋەسلىڭنى سەنمۇ بىر يولى ئاختار.
سىرىمنى پاش قىلدى، كۆز ياشلىرىم خەلق ئىچىدە تىنماستىن،
جۇدالىق يەتمىگەندەك بۇ مالامەتلەر مېنى ئۆرتەر.
كېتىپ ئەقلى-ھۇشۇم، ئىستەر سېنى قەيەرلەردە بىلمەسمەن،

ئىككى ئىت ۋەقەسىنى بىلىشكە ئالدىراپتۇ. ئۇ جەپەرگە بۇ پىكىرنى ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈپتۇ. جەپەر خەلپىگە يۈزىنى ئۆرۈپ، ئىشا- رەت بىلەن گەپ قىلماسلىق زورۇرلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بازارچى ئايالغا:

"تۇر، ۋەزىپەڭنى ئورۇندا" — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن تۇرۇپ تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىك ئاچقان ئايالغا:

"قىنى ئۇد بېرىڭلار!" دەپتۇ. ئىشىك ئاچقۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. بازارچى ئايال تەختنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆيگە كىرگەن ئايال ئەتلەستىن تىكىلگەن قاپقا سېلىنغان ساز ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۆي ئىگىسى يېنىغا كېلىپ سازنى ئېلىپ چېلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى سەن ياپتىڭ يۈزۈمگە ئىشىكىڭ،
ئەمدى مەندىن بۇ جاھاندا شاتلىق يۈز ئۆرۈگۈسى.
ئاي يۈزۈڭنىڭ ئىشتىياقى كۆڭلۈمنى زەرداپ ئەيلىدى،
چاچلىرىڭنىڭ خۇشبۇيى شامالغا ئۆمرۈم بەرگۈسى.
نە كۆزۈمنىڭ ئالدىدا سەن يا نەزەردىن تاشقىرى،
بۇ تۈگۈمەس غەملىرىم بىر كۈن مېنى ئۆلتۈرگۈسى.

بۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

مىرادىم ۋەسلىڭگە يەتمەك مەندە دائىما سەنسەن،
ئىچۈككىم غەملىك بۇ دەردىمگە باھاسىز داۋا سەنسەن.
قارايغان روزىگارىم ھىجرىڭدە مىڭ تۈمەن سەۋدا،
بولۇپ سەندىن جۇدا مەن، مېنى قىلغان جۇدا سەنسەن.
مېنىڭ پەخرىم ئىبرۇر ئاشىقلىغىم كويۇڭدا ئەي دىلبەر،
دىمەسسەن بىر يولى كۆڭلۈم ئۈچۈن ئاشىقى گادا سەنسەن.

غەزەل تۈگۈمەيلا ئۆي ئىگىسى ئايال يەنە ئاۋالقى هالىغا چۈشۈپتۇ. كىيىملىرىنى يىرتىپ "ئاھ..." تارتىپ هوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئاياللار ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ باشقا كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپتۇ. كوتۇرۇپ ئۆز ئورنىغا ياتقۇزۇپتۇ، ئۆي ئىگىسى ياتقان يېرىدە هوشىغا كېلىپ:

"قەرزىمنى تاماملاڭلار!" دەپتۇ. ئايال قولىغا سازنى ئېلىپ بو شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

هىمايە قىل ئەي يار مېنىڭدەك زارى بىھىمايەڭنى،
كۆتەرمەن ئىنتىزارلىقتا ئىنساپۇ-رىئايەڭنى.
كورۇشمەك بولدى مۇشكۇل مەن ئۇچۇن ئەي قامىتى شەمشاد،
چۈشۈر بېشىمغا لۇتپەن گاهى-گاهى ئوتكەندە سايەڭنى.
رەھمە قىل ماڭا بىر بارە مەيلى كېيىن قۇربانمەن.
دىماققا يەتتى جان تارتىپ جەۋرى بىنەهايەڭنى.
ئوتەر تەقدىرگە دوڭگەپ، ئاي، كۆڭلۈم، بۇ قارا بەختىم.
سەۋەپكارى ئۆزەم هىچكىمگە ئېيتمايمەن هىكايەڭنى.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ئۆي ئىگىسى كىيىملىرىنى يەنە پارچە-پارچە قىپتۇ، هوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. قامچا ئىزلىرىمۇ بەدىنىنىڭ هەممە يېرىدىن ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. قەلەندەرلەرمۇ تەسىرلىنىپتۇ:

"بۇ ئۆيگە كىرمىگەن بولساق بوپتىكەن" دەپ ئېچىنىشىپتۇ. خەلىپە قەلەندەرلەردىن:

"نىمىشقا؟" دەپ سوراپتۇ.

"دىلىمىز پەرىشان بولدى!" دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

"هە. سىلەر بۇ ئۆينىڭ كىشىلىرى ئەمەسمۇ؟" دەپ

ئۆزەم مەيۇس، كوزۇم كورمەس، تىلىم سوزسىز قۇلاغىم كەر.
مۇھەببەت شاھىسەن، قىل ئادالەت بۇ ئەدلى مۇقامىدۇر،
مۇرۇۋۋەتچى بول! يۇمشاق كوڭۇل ھەم غېرىپ پەرۋەر.
ھەمىشە نازىنىنلار قەھرى ئىستەر ئاشىقىغا قورقىمەن،
رەقىبلەر پىتنىسى غالىپ چىقىپ ئۆلتۇرمىسەڭ مېنى دىلبەر.
قىيىن بولدى ماڭا زەنجىرى مېھرىڭدىن خالاس بولماق.
تەرەددۇت ئەيلىدىم، بولماي خالاس، چۇشتۇم يەنە بەتتەر.
كورەرمەن سۇرىتىڭنى كوز ياشلىرىم ئەكسى جۇلاسىدا،
قاچانىكى باقسام يېشىم ئاقار، سىماپتەك بەدەن تىترەر.
بوشاشماس بۇ كوڭۇل ھىجرىڭدە يۇز قېتىم ئاھۇ ـ ۋاي چەكسەم،
جۇدالىق بۇ كوڭۇلنى قىينار...ئاھ...ئورگىلەي قىستار.
ئەمەس لەيلىنىڭ ئىشقى قەيسنى سەھرادا كەزدۇرگەن،
تېپىپ تەلىم ئالاي دەپ ئىشقى دەرسىدىن مېنى ئىستەر.
ھورلەر شارابىنىڭ دەۋتىنى قىلما، قوي، ئەي ساقى،
نەزەر سال قايرىلىپ، شۇ بەس ماڭا ئەي نازىنىن سەرۋەر.

بازارچى ئايال سازىنى باشقا پەدىگە يوتكەپ بارماقلىرىنى پەدە ئۈستىدە ئوينىتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئۆنى كورمەي ئۆزەك سۇيگەن، ئېزىلسەڭ ئەمدى نەچارە،
ئۈمىدىم بار كېلىپ كورسەتسە شەپقەت سەن ئۇچۇن زارە.
مۇھەببەت شەرھىنى مۇشكۇلدۇر ساڭا ئىزاھلاشقا،
بىراۋ ۋەسلى بىلەن خۇشتۇر، بىراۋ ھىجرىدە ئاۋارە.
سېغىنماق كەسپ ئەمەس گۇلچېھرىلەر كەسپى تاغاپىلدۇر،
يېقىن بارساڭ ناز ئەيلىگەي ئۇ ساڭا تابارە.
ئۆزەم يالغۇز دىمە ئۇل يار ھوسنۇڭنىڭ خېرىدارى،
ۋاپاسىزلار سالۇر ھەر دائىما ھوسنىنى بازارە.

"مەن بۇنىڭغا قارشىمەن" دەپتۇ جەپەر. ئۇلار بۇ ھەقتە ئۇزاق سۆزلىشىپتۇ. ئاخىرى كىمنىڭ سورىشى توغرىسىدا گەپ قوزغىلىپتۇ. ھەممە "ھامال سورىسۇن!" دېگەن پىكىرگە كەپتۇ. بىردىنلا:

"نېمە كۇسۇر-كۇسۇر؟" دەپ سوراپتۇ ئۆي ئىگىسى خىتاپ قىلىپ ئۇلاردىن. "بۇلار، — دەپتۇ ھامال ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — بۇ ئىككى ئىت ۋەقەسىگە قىزىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئۇرۇپ ئازاپلىغاندىن كېيىن، سۆيۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۈڭ. سەۋەۋىنى سۆزلىشىڭنى ئىلتىماس قىلىشىۋاتىدۇ."

"راستمۇ؟" دەپ سوراپتۇ ئۆي ئىگىسى. جەپەردىن باشقىسى "راست!" دەپ تەستىقلىشىپتۇ.

"ئەي مېھمانلار، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ئايال، — سىلەر مېنى قاتتىق رەنجىتتىڭلار. باشتا بىز سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز نەرسىنى سورىماسلىققا شەرتلەشكەن ئىدۇق. ئۆيىمىزدىن جاي بەردۇق. بار نەرسىلىرىمىزنى قويۇپ كۈتتۇق. سىلەر ئەيىپلىك ئەمەس، سىلەرنى كىرىشكە رۇخسەت قىلغان بىز ئەيىپلىك." كېيىن ئۆي ئىگىسى دەرھال قوللىرىنى شىمايلاپ ئۈچ نۆۋەت يەرنى ئۇرۇپتۇ ۋە "چاققان بولۇڭلار!" دەپ ۋاقىراپتۇ. بىردىن دېرىزە ئېچىلىپ، قوللىرىغا يالىڭاچلانغان قىلىچ تۇتقان يەتتە قۇل چىقىپ كەپتۇ.

"بۇ ئاغزى بوشلارنىڭ، — دەپتۇ ئاياللاردىن ئۆي ئىگىسى، — قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ بىر بىرىگە چېتىڭلار!"

قۇللار ئۇلارنى باغلاپ:

"بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇق قىلىڭ مەرھەمەتلىك خانىم" دەپتۇ.

سوراپتۇ خەلپە.

"ھەئە، بۇ ئوينى ھازىرلا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىلا كورۇپ تۇرۇپتىمىز!"

بۇ سوزنى ئاڭلىغان خەلپە ھەيران بوپتۇ. "ئۇ كىشىچۇ؟—دەپتۇ خەلپە ھامالنى كورستىپ تۇرۇپ،—بەلكى ئۇ بۇ ئەھۋالنى بىلەر".

"مەن باغدادلىقمەن. لېكىن ئومرۇمدە بۇ ئويگە بىرىنچى قېتىم كىرىشىم، بۇ يەردە بولۇشۇمنىڭ ئوزى ئاجايىپ!" دەپتۇ ھامال.

"بىز سېنى شۇ ئوينىڭ كىشىسىمىكىن؟ دەپ ئويلىغان ئىدۇق، مەلۇم بولدىكى سەنمۇ بىزگە ئوخشاش يات كىشى ئىكەنسەن" دېيىشىپتۇ ئۇلار.

"بىز يەتتە كىشىمىز،—دەپتۇ شۇ چاغدا خەلپە،—ئۇلار ئۇچ ئايال، خالاس، ۋەقەنى سوراڭلار. ياخشىلىقچە ئېيتمىسا زورلۇق بىلەن بولسىمۇ ئېيتتۇرىمىز."

جەپەردىن باشقا ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ.

"بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم باشقىچە،—دەپتۇ جەپەر،—بۇ پىكىردىن قايتىڭلار! مۇھىمى بىز بۇلارغا مېھمانمىز، ئۇلار بىزگە شەرت قويدى. بىز كوندۇق. بەس، بىزگە بۇ ئىشنى بىلىشتىن جىم بولغىنىمىز ياخشىراق. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. بىز ھەر بىرىمىز ئوز يولىمىزغا كېتىمىز. ئەتە ئۇلارنى قىچقىرتىپ تارىخنى سورايمىز!" دەپتۇ جەپەر خەلپىگە ئىشارەت بىلەن.

خەلپىنىڭ ئاچچىغى كەپتۇ:

"بۇلارنىڭ سىرلىرىنى كېچىكتۇرۇشكە بولمايدۇ. مەيلى بىز تاقەت قىلساقمۇ قەلەندەرلەر سورىسۇن!" دەپتۇ ئۇ.

بىزنى تونۇشتۇر، بولمىسا بىكار ئۇلۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن؟"

"قۇلىقىمىزمەن، سىزگە مۇناسىپ ئەھۋال شۇ!" دەپتۇ جەپەر خەلىپىگە. خەلىپە ۋاقىراپتۇ:

"چاقچاقىنىڭمۇ ۋاقتى بار. ئىش چاتاققا ئايلانمىسۇن، ئالدىنى ئېلىش كېرەك".

ئايال شۇ چاغدا قەلەندەرلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن: "سىلەر ئاكا-ئۇكا قېرىنداشمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ.

"ياق! — دەپتۇ ئۇلار، — بىز پېقىرلارمىز، مۇساپىرلارمىز".

"سەن تۇغما قارغۇمۇ؟" دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرىگە ئايال.

"ياق! — دەپتۇ ئۇ، — مەن بېشىمدىن ئاجايىپ ھادىسىلەرنى ئۆتكۈزگەنمەن. كۆزۈم توغرىسىدىكى ۋەقە يىڭنە بىلەن كۆزنىڭ ئېقىغا يازغىدەك ئىبرەتنامىدۇر."

ئايال ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەلەندەرلەردىن شۇ تەرىقىدە سوراپتۇ. بۇلارمۇ خۇددى بىرىنچى بۇرادىرىنىڭكىگە ئوخشاش جاۋاپ بېرىپتۇ.

"ئەي مەلىكەم، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — ھەر بىرىمىز ھەر بىر تەرەپتىن، ھەر بىرىمىز يەر-سۇلۇق، قۇللۇق، قۇلانلىق. ھوكۇمدار، شاھزادىلەر..."

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئايال: "ھەركىم ئۆز ھېكايىسىنى ۋە بىزگە كېلىش سەۋەبىنى سۆزلىسۇن!" — دەپتۇ.

"ئەي خېنىم، — دەپتۇ ھاممال، — مەن ھەركىملەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ كۈن كەچۈرگۈچى ھامماللمەن. بۇ ئايال مېنى بازاردا كورۈپ يۈك كوتەرتتى. قاسساپتىن، سودىگەردىن، ئەتتاردىن، باققالدىن، مېۋە دۇكانلىرىدىن سېتىپ ئالغان نەرسىلىرىنى كوتۈرۈپ

"توختاڭلار! — دەپتۇ ئايال، — بېشىنى ئېلىشتىن بۇرۇن، بۇلاردىن بەزى نەرسىلەرنى سوراي!"


سوز تۈگىمەستىنلا هامال يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

"ئەي خېنىم، — دەپتۇ ئۇ تىترەپ-قاخشاپ، — باشقىلارنىڭ گۇناسى ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمە. مەندىن باشقا هەممىسى گۇنا قىلدى. ئەزىبرايى خۇدا، شەھرىمىزنى خاراپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بۇ شۇم ئاياق قەلەندەرلەر بولمىغاندا كېچىمىز ئەلۋەتتە ياخشى ئوتەتتى:

قىساس قىلماي هىمايە قىل مېنىڭدەك بىھىمايەڭنى،
ئەپۇ قىل مەندىن ئوتكەننى، كورسەت ئىنساپۇ-رىئايەڭنى.
كىشىچۈن مېنى قۇربان قىلىشقا كوپ ئالدىراپ كەتمە،
چۇشۇر بېشىمغا لۇتپەن گاهى ئوتكەندە سايەڭنى.

هامال شېئىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئايال كۇلۇپتۇ".

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد هېكايىسىنى توختاتتى.



ئون بىرىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سوز باشلاپتۇ شەھرىزاد، — ئايال كۇلۇپتۇ. ئۇ، مۇساپىرلارغا بىر قۇر قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

"هەممىڭلار ئوز تارىخىڭلارنى سوزلەڭلار. پەقەت بىر سائەتلىكلا ئومرۈڭلار قالدى. ئەگەر سىلەر يۇرت چوڭلىرى، ئەمەلدار، قازى بولمىساڭلار بۇنچىلىك باتۇرلۇق قىلالمايتتىڭلار."

"ئەپسۇس ساڭا، — دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە، —

ئىچكەنلىكىم ئۈچۈن قارشىلىق قىلىشقا ئورۇن قالمىغان ئىدى. ئايال بىلەن يولغا چىقتىم، تەيىنلەنگەن جايغا باردىم. قەۋرىگە كىردۇق. ئەمدى ئولتۇرغان ئىدۇق، تاغامنىڭ ئوغلىمۇ يېتىپ كەلدى. قولىدا بىرداس سۇ، بىر خالتىدا گەج ۋە كۈرەك بار ئىدى. كۈرەكنى ئالدى ـ دە، قەۋرىستان ئوتتۇرىسىدىكى بىر گورنى قازدى. خىشلىرىنى بىر ياققا يىغدى. كېيىن كۈرەك بىلەن يەنە كولاشقا كىرىشتى، خۇددى كىچىك ئىشكتەك تومۇر قاپقاق ئېچىلدى. ئۇ يەردىن پەسكە چۈشۈش ئۈچۈن شوتا قويۇلغان ئىدى. تاغامنىڭ ئوغلى ئايالغا قاراپ:

"ئىستىگىنىڭ تەييار!" — دېدى. ئايال شوتىدىن تۆۋەنگە چۈشتى. تاغامنىڭ ئوغلى ماڭا تىكىلىپ قاراپ:

"ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! مەن چۈشكەندىن كېيىن تومۇر قاپقاقنى جايىغا قوي. ئۈستىگە تۇپراق تارتىپ قەۋرىنى ئاۋالقىدەك قىلىپ كوم. مانا بۇ سۇ بىلەن گەجنى تۇپراققا قوشۇپ ئارىلاشتۇر. خىشلارنى جايىغا قويۇپ ئۈستىدىن ئاۋالقىدەك سۇۋا، شۇنداق قىلغىنىكى ھېچكىم: ’بۇ كونا گور ئېچىلىپتۇ!‘ دەپ گۇمان قىلمىسۇن. مەن بىر يىلدىن بېرى شۇنى ئېچىپ، يېپىپ ئىش قىلىمەن. ھېچكىم سەزمىدى. سەندىن ئۆتۈنىدىغان ئىلتىماسىم شۇ“ دېدى. شۇندىن كېيىن شوتىدىن پەسكە چۈشۈپ غايىپ بولدى. مەن تومۇر قاپقاقنى يېپىپ ئۈستىگە تۇپراق تارتتىم. ناھايىتى سۈيۈنگەنلىكىمدىن يېڭىدىن سۇۋالغىنىنى ھېچكىم سەزمەيدىغان قىلىپ گەج بىلەن سۇۋىدىم. ئىش قىلىپ، نىمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنى قىلدىم. مەسلەردەك گاراڭ ئىدىم. تاغامنىڭ ئوردىسىغا قايتتىم. تاغام ئوۋغا كەتكەن ئىكەن. مەن يېتىپ ئۇخلىدىم. تاڭ ئاتتى،

ئېلىپ كەلدىم. ئوزىڭىزمۇ كوردىڭىز. بۇ يەردىكى ۋەقەمۇ ئوزىڭىزگە ئايان. مېنىڭ بىلگىنىم شۇ."

"بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەت!" دەپتۇ ئايال هامىمالغا.

"ئۇلپەتلىرىمنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىمىغىچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن"، دەپتۇ هامىمال. بىرىنچى قەلەندەر سوز باشلاپتۇ.

## بىرىنچى قەلەندەرنىڭ هىكايىسى

"مېنىڭ ئاتام شاھ ئىدى. ئاتامنىڭ ئۇكىسىمۇ باشقا بىر شەھەرگە شاھ ئىدى. تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان ئىكەنمىز. ئايلار، يىللار ئوتۇپ بىز چوڭ بولدۇق. بەزەن تاغامنى كورگىلى باراتتىم. بىر قانچە ئايلار ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپمۇ قالاتتىم. شۇ ئادەت بويىچە تاغامنىڭ ئويىگە زىيارەتكە باردىم. تاغامنىڭ ئوغلى مېنى ناهايىتى ياخشى كۈتۈپ ئالدى، ناهايىتى هورمەتلىدى. قوي سويدى، ئىچىملىك تەييارلىدى. ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدۇق. كەيپىمىز ئاشتى. تاغامنىڭ ئوغلى ماڭا قاراپ:

"ساڭا مۇھىم بىر ئىلتىماسىم بار. قارشىلىق قىلماسلىقىڭنى سورايمەن!" دېدى.

"جېنىم بىلەن" دېدىم مەن جاۋاپ بېرىپ. قەسەم بىلەن بۇ ۋەدەمنى چىڭىتتى. شۇ زاماتلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناهايىتىمۇ قىممەتلىك ئىسىل كىيىم كىيگەن بىر ئايالمۇ بار ئىدى. تاغامنىڭ ئوغلى ماڭا يېقىن كەلدى. ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. ئۇ ماڭا بىر گورىستاننى تەيىن قىلدى. ئايالنى ئېلىپ تەيىنلەنگەن قەۋرىدە مېنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. قارشىلىق قىلمىدىم. قەسەم

يىرافلاشتى. ئېسىم ئاغدى، ئۆزەمنى يوقاتتىم. ئۇلار مېنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ۋەزىر بىلەن مېنىڭ كونا ئاداۋىتىمىز بار ئىدى. ئاداۋەتنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، مەن كەمەلەك بىلەن تاش ئېتىشنى بەك ياخشى كورەتتىم. بىر كۈنى ساراي تېمىدا كەمەلەكنى تۇتۇپ تۇرسام بىردىنلا ۋەزىرنىڭ سارىيىغا بىر قۇش كېلىپ قوندى. ۋەزىر شۇ يەردە تۇراتتى. قۇشقا تاش ئاتتىم. تاش بېرىپ ۋەزىرنىڭ كوزىگە تېگىپتۇ، بىر كوزىنى قۇيۇۋېتىپتۇ. لېكىن ئاتامدىن ئەيمىنىپ ۋەزىر بىرەر نەرسە دېيەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ماڭا بولەكچىلا قارايدىغان بولدى. ۋەزىر بۇ ھالنى ئاتامدىن ھېيىقىپ سەزدۇرمەيتتى. بۇگۇن ئۇنىڭ قولىغا چۇشتۇم.. قولۇم ئارقامغا قېيىشتۇرۇپ باغلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم. بېشىمنى ئېلىشقا بۇيرۇدى.

"نىمە گۇنايىم ئۇچۇن مېنى ئولتۇرىسەن!"—دەپ سورىدىم.

"بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق گۇنا بولىدۇ!"— دەپ كوزىنى كورسەتتى.

"ئۇنى مەن ئاتايىن قىلمىغان ئىدىم-غۇ"—دىدىم.

"سەن ئاتايىن قىلمىغان بولساڭ مەن ئاتايىن قىلىمەن!"—دىدى. مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ بارمىغىنى چەپ كوزۇمگە تىقىپ كوزۇمنى سۇغۇرۇپ ئالدى. شۇ كۇندىن باشلاپ ھازىرقىدەك بىر كوزلۇك بولۇپ قالدىم. كېيىن پۇت-قوللىرىمنى باغلاپ ساندۇققا سالدى. جاللاتقا: "قىلىچىڭنى بوله. بۇنى شەھەر تاشقىرىسىغا ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئال! تېنىنى ئىتلار، قاغا-قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بەر!"—دەپ بۇيرۇدى. جاللات مېنى ئېلىپ چىقتى.

كېچىكى ۋەقە خىيالىمنى چۇلغاپ ئالغان ئىدى. بۇ ئىشقا "ماقۇل!" دېگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم، گورىستانلىققا باردىم. كېچىكى قەۋرىنى ئىزلىدىم. بىراق تونۇپ كېتەلمىدىم. بىرىدىن ئىككىنچىسىگە ئۆتۈپ ئىزلەيتتىم، كەچ كىردى، تاپالماي ئۆردىغا قايتتىم. كېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمىدى، "ئۇنىڭ ئەھۋالى نىمە بولغاندۇ؟" دەپ تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىلا خىيال قىلاتتىم. كۆڭلۈم بۇزۇلدى، كېچىنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى يەنە گورىستانغا باردىم. كەچكىچە ھەممە تەرەپنى ئىزلىدىم، تاپالمىدىم. يەتتە كۈن شۇنداق ئۆتتى. تەشۋىشىم ئاشتى. ئەقلىمدىن تامامەن ئازمىغان بولسامۇ، ئىسىم ئېغىش دەرىجىسىگىچە يەتكەن ئىدى. ئۆز يۇرتۇمغا — ئاتامنىڭ ئالدىغا قايتىشتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى. ئاتامنىڭ يۇرتىغا بېرىشىم بىلەنلا شەھەر دەرۋازىسىدا بىر قانچە كىشىلەر مېنى ئوراپ ئېلىپ، قوللىرىمنى ئارقامغا قىلىپ باغلىدى. بۇ ئىشقا ھەيران بولدۇم، "مەن شەھەر شاھىنىڭ ئوغلى تۇرسام، بۇلار ئاتامنىڭ خىزمەتكارلىرى تۇرسا، ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟" دەپ كۆڭلۈم غەش بولدى. خەۋپ باستى. "ئاتامغا بىرەر ھادىسە بولغاندىمۇ؟" دەپ مېنى ئېلىپ بارغۇچىلاردىن سورىدىم. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى دېمىدى. تەشۋىشىم ئاشتى. خېلىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتامنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ماڭا يېقىن كېلىپ ئاستا: "زامان ئاتاڭنى تەختتىن چۈشەردى ئۇنىڭغا قارشى ئەسكەرلەر قوزغالدى، ۋەزىر ئۇنى ئۆلتۈردى. ئورنىغا ئۆزى شاھ بولدى. بىز شۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتكەن ئىدۇق" — دېدى. مەن ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق قىلغان ئىدىم. شۇنىڭ بەدىلىگە مۇشۇ خەۋەرنى ئېيتىپ مەندىن

جىگىرىڭ ــ مېنىڭ ئوغلۇم يوقالدى. ئۈستىمگەن جايىم قالمىدى. ھېچكىم بىلمەيدۇ." تاغام يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. مەنمۇ ئىختىيار-سىز يىغىغا قوشۇلدۇم. كورۇنۇشىچە ئۇ مېنىڭ كوزۇمگە دورا قىلى-ماقچىمۇ بولغاندەك قىلاتتى. كورۇپ بېقىپ "پايدىسى يوقكەن" دېدى. مەن تاغامنىڭ ئوغلى توغرىسىدا جىم قالالمىدىم، بولغان ۋەقەنى تەپسىلى سوزلىدىم. تاغام خۇرسەن بولۇپ:

"بىللە بارىمىز، ماڭا كورسەت!" ــ دېدى. قەيەردىلىگىنى بىلەلمەسلىگىمنى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم ئىزلەپ بېرىپ تاپالمىغانلىغىمنى ئېيتتىم. كېيىن تاغام بىلەن گورىستانلىققا باردۇق. ئۇنىڭ ۋە سولغا قارىدىم، ئېنىقلىدىم. شۇنچە ئىزلىگەندە تېپىلمىغان بۇ جاينىڭ ئاسانلا تېپىلغىنىغا خۇرسەن بولدۇق. تاغاممۇ سۆيۈندى. تاغام بىلەن قەۋرىگە كىرىپ توپىنى تارتىشتۇق. تومۇر قاپقاقنى كوتەردۇق. بىللە پەسكە چۈشتۇق. شوتىدىن ئەللىك بالداق بېسىپ يېتەي دېگەندە قويۇق تۇتۇنگە كومۈلدۇق. كوزلى-رىمىز ئاچىزلاشتى. تىمىسقىلاپ بىر بىردىن يول باستۇق. ھەر خىل دان ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلەر قاپلار بىلەن يولەپ قويۇلغان بىر ئويگە يەتتۇق. ئوينىڭ ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پەردە تارتىلغان. تاغام توختىدى. ئوغلى بىلەن بىللە چۈشكەن ئايالنى كوردى. ئۇلار بىللە ياتاتتى. ھەر ئىككىسىمۇ خۇمدانىدا ئاتايىن كويدۇرۇلگەن كومۈردەك قاپقارا شاخارغا ئايلانغان. بۇنى كورۇپ تاغام ئوغلىنىڭ بېشىغا تەپتى. غەزەپ بىلەن:

"ساڭا جازا مۇشو!" ــ دېدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

شەھەردىن چەت جىرغىلاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ساندۇقنى ئاچتى. پۇت ـ قوللىرىم چەمبەر ـ چەس باغلاقلىق ئىدى. جاللات كوزۇمنى باغلىماقچى بولدى. مەن قاتتىق يىغلىدىم. كوز ياشلىرىم جاللاتنىڭ كوڭلىنى يۇمشاتقاندەك بولدى. ئۇمۇ كوزىگە ياش ئالدى. شۇ چاغدا مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

مەن سېنىڭدىن كۇتمىگەندىم ھېچقاچان بۇنداق جاپا،
ئەمدى كوردۇم سەندە يوقكەن زەررىچە ۋاپا ماڭا.
مەن سېنى دۇشمەنگە ئوقلانغان قۇرالىم دەر ئىدىم،
سەن قۇرال بولدۇڭ رەقىپكە، دۇشمەن ئوقلاتتى ماڭا.
زاھىرى ھىجرىڭدىن ھامان مەن شىكەرۇ ـ بال دەر ئىدىم.
ئاجرىتىپ سەندىن رەقىپلەر زەھرىنى سالدى ماڭا.
ھەسرىتىم تىڭشاشقا بىردەم بىمالالىم دەر ئىدىم،
ئاھىكىم قەھرىڭ ھەمىشە كەلدى، قوزغالدى ماڭا.

"مەن قانداق قىلىمەن. ئىختىيار مەندە ئەمەس، ئوزەڭگە مەلۇم ئەركسىز قۇلمەن، ـــ دەپ بىر ئاز ئويلاندى. كېيىن، ـــ خەير، مەيلى. ئوزەڭنى قۇتقاز، بۇ يەرگە ئاياق باسما، بولمىسا ئوزەڭ- نىمۇ، مېنىمۇ ھالاك قىلىسەن،" دىدى جاللات. جاللاتنىڭ قوللىرىنى سۆيدۇم. قۇتۇلغىنىمغا ئىشەنمەيتتىم. كوزدىن ئايرىل- غىنىمغا پەرۋامۇ قىلماي يولغا چۇشتۇم. تاغامنىڭ شەھرىگە كېلىپ ئاتامنىڭ ۋەقەسىنى، ئوزەمنىڭ كورگەنلىرىمنى، كوزۇمنىڭ ئويۇلۇپ ئېلىنغانلىغىنى ۋە باشقىلارنى بىرمۇ بىر سوزلىدىم. تاغام ئوز غېمىنى ئېيتىپ:

"غېمىمگە غەم قوشتۇڭ، ئەلىمىمگە ئەلەم، ـــ دىدى ئۇ يىغلاپ- سىرىغان تاۋۇش بىلەن، ـــ بىر نەچچە كۈن بولدى، سېنىڭ

ـ ئەمدى سەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا ئوغۇل بول!" دېدى.
مەن خېلى ۋاقىتقىچە دۇنيادىكى ھادىسىلەر توغرىسىدا پىكىرگە
چۆمدۇم. ئاتامنىڭ ئۆز ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىشى، ئۇنىڭ
ئورنىغا ۋەزىرنىڭ شاھ بولۇشى. كوزۇمنىڭ ئويۇلىشى، تاغامنىڭ
ئوغلىنىڭ غەلىتە ۋەقەسى ـ ھەممىسى بىرىدىن كېيىن يەنە بىرى
كوز ئالدىمدىن ئوتتى، يىغلىدىم. كېيىن بىز يۇقۇرىغا چىقتۇق.
قاپقاقنى ئوز ئورنىغا قويدۇق، توپا تارتتۇق، قەۋرىنى ئالدىنقى
ھالىغا كەلتۇرۇپ سوۋاپ جايىمىزغا قايتتۇق. تېخى ئولتۇرغىنىمىز
يوق ئىدى. ناغرا كاناي، سۇناي، داپ ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ئاڭ-
لىنىپ ھەممە ياقنى چاڭ ـ توزاڭ باستى، باتۇرلارنىڭ ۋاقىراپ ـ
جاقىراشلىرى، توپ ـ توپ ئاتلارنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا كىشنەشلىرى،
ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، ناھايىتى يېقىندىن ئىشتىلەتتى. بىز
ھەيران بولدۇق، شاھ ۋەقەنى سورىدى. "بۇرادىرىڭىزنىڭ ۋە-
زىرى، ـ دېيىشتى ئادەملەر، ـ ھىساپسىز ئەسكەرلەر بىلەن كېلىپ
شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئادەملەر ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي
شەھەرنى ئۇلارغا تاپشۇردى". "ئەگەر قاچمىسام ئاتامنىڭ ئەس-
كەرلىرى بېسىپ كىرىدۇ. مېنى تونۇيدۇ. ئەزالىرىمنى بىر بىر-
دىن پارچىلاپ قاغا ـ قۇزغۇنغا تاشلاپ بېرىدۇ"، دەيتتىم.
ئاتام ۋەقەسىنى، ئانامنىڭ خاتىرىسىنى ئويلىدىم. نىمە قىلىشىمنى
بىلمەيتتىم. كىيىمىمنى ئوزگەرتىپ، ساقىلىمنى چۇشۇردۇم،
شەھەردىن چەتكە چىقتىم ۋە قاچتىم. بۇ ۋەقەنى خەلىپە ھارۇن
رەشىدكە يەتكۇزۇش مەقسىدىدە، بۇ شەھەرگە كەلدىم. كەچ
كىرىپ قالغان ئىدى. نەگە بېرىشىمنى بىلمەي ھەيران بولۇپ
تۇرغان ئىدىم. بۇ قەلەندەر يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شەھرىزاد، — قەلەندەر ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ. ئاياللار، خەلىپە، جەپەر ۋە باشقىلار ئاڭلاپتۇ.



ئون ئىككىنچى كېچە

"تاغام ئوغلىنى تەپتى، مەن ھەيران بولدۇم. كۆيۈپ ياندىم، شۇنداق يىگىت ۋە شۇنداق چوكاننى بۇ ھالدا كۆرۈپ كۆيمەي بولامدۇ؟" تاغامغا مەن: "بۇ ئازاپ يەتمەمدۇ، سىز ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تېپىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدىم.

"ئەي ئاكامنىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئوغلۇم ناھايىتى ياش چېغىدىن تارتىپلا ئۆز سىڭلىسىنى سۆيەتتى، مەن ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ بىر-بىرىدىن يىراقتا ساقلىدىم. ئۆزەمچە ھىلى بولار، كىچىك دەيتتىم. چوڭ بولۇپ بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن ئىشەنمىدىم. قاتتىق ئاگاھلاندۇردۇم: "ھازىرغىچە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىم قىلمايدىغان جىنايەتتىن ساقلان! بولمىسا ئۆلگىچە ئەل-يۇرت ئارىسىدا ھەتتا باشقا ئەللەر ئارىسىدا نەپرەتتىن قۇتۇلالمايمىز. ھەممە بىزگە لەنەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر يەنە شۇنداق يامان ئىش يۈز بەرسە، ئېغىر ئازاپ بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرىمەن!" — دېدىم. ئىپلاس سىڭلىسىمۇ ئاكىسىنى بەك سۆيەتتى. بىر بىرى بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئوغلۇم يەر ئاستىدىن ئۆزىگە جاي راسلاپتۇ. ئۆزەڭ كۆرگەندەك بۇ يەرگە ئوزۇق-تۈلۈك توپلاپتۇ. شىكارغا كەتكەن ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە كېلىشىپتۇ. جازاسىنى تارتىشىپتۇ! — دەپ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ تاشلىدى، مەنمۇ يىغلىدىم. بىردىن تاغام:

ئون توگىنى تەييارلاپ ئېلىپ كېلىنگەن تارتۇقلارنى ئۇنىڭغا يۈك-لىدۇق. بىر ئازغىنە يۈرگەن ئىدۇق، يەردىن چاڭ-توزاڭ كۆتۈ-رىلدى. ھەممە ياقنى بوغۇناق باستى. كۈندۈز سائەت بىرلەر ۋاقتى ئىدى. قارىساق ئەللىكچە ئاتلىق كەپتۇ، ئۇلار تومۇر ساۋۇت كىيش-كەن، خۇددى ئارىسلاندەك ۋەھىمىلىك ئىدى. ئۇلار يول توسقۇ-چى قاراقچىلار ئىكەن. بىزنىڭ ئاز ئىكەنلىكىمىزنى ۋە قىممەتلىك ماللىرىمىزنى كورۇپ بىز تەرەپكە ئات سالدۇرۇپ كەلدى. بىز ئىشارەت بىلەن ھىندى شاھى يېنىغا كېتىۋاتقىنىمىزنى، بىز مېھمان ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ، ئازار بەرمەسلىكنى سورىدۇق.

"بىز ھىندى شاھىغىمۇ قارىمايمىز. ئۇنىڭ تەۋەسىگىمۇ كىرمەي-مىز!" — دەپ ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتتى. قۇللارنىڭ بىر قىسمى جەڭدە ئۆلدى، بىر قىسمى قاچتى. مەنمۇ قاتتىق يارىدار بولۇپ كېيىن قاچتىم. ئاران قۇرۇق گەۋدەمنىلا قۇتقازدىم، پۇل ۋە باشقا بار-يوقۇمنى قاراقچىلار تارتىپ ئالدى. نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم، ئەزىز ئىدىم، خار بولدۇم. بېشىم قايغان، ئايىغىم تايغان تەرەپكە يول سالدىم. بىر تاغ چوققىسىغا چىقتىم، تاڭ ئاتقىچە شۇ يەردىكى غاردا ياتتىم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشتۈم. ئۇمرىدا دىگەن ئاۋات شەھەرگە يەتتىم. ئۇ يەردە قىش كېتىپ باھار كەلگەن. ھەممە تەرەپ كوپ-كوك مايسىلار، چېچەكلەر بىلەن بىزەلگەن ئىدى؛ ئېرىقلاردا سۇلارنىڭ شىرىلداپ ئېقىشلىرى، توپ-توپ قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كوڭۈللەرگە ئاللىقانداق شاتلىق بېغىشلايتتى. شۇنداق يەرگە يەتكىنىمگە سۆيۈندۈم. تەشۋىش تارت-قىنىم، چارچىغىنىمدىن رەڭگىم سارغايغان ئىدى. قەيەرگە باش سىغدۇرۇشنىمۇ بىلمەيتتىم. دوخمۇشتىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا

"بارىدىغان جايىم يوق مۇساپىرمەن" — دېگەن ئىدىم، ئۇ ماڭا: "مەنمۇ سىزگە ئوخشاش غېرىپمەن" — دېدى. شۇ ئارىدا ئۈچىنچى ھەمرىيىمىز يېتىپ كەلدى، ئۇمۇ بىزگە سالام بەردى، مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق. ئۈچ غېرىپ يولغا چۈشتۇق. قاراڭغۇ چۈشتى. يۈرۈش مۇمكىن بولماي قالدى. نېسىۋىمىز سىلەرگە ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ مېنىڭ ساقىلىمنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بىلەن كۆزۈمنىڭ كور بولۇش ۋەقەسى".

"بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەت!" — دەپتۇ ئۇنىڭغا ئايال. "باشقا بۇرادەرلىرىمنىڭ ۋەقەلىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن كەتمەيمەن" دەپتۇ ئۇ. قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىگە ئەجەپلىنىپتۇ. "بۇنداق ۋەقەنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن" — دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە. ئىككىنچى قەلەندەر قوزغىلىپ، يەرنى سۆيۈپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## ئىككىنچى قەلەندەرنىڭ ھېكايىسى

"مەن شاھ ئوغلى، شاھزادە ئىدىم. قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇيتتىم. ئەڭ چوڭ ئالىملارغىمۇ دەرس بېرەتتىم. ئىلمى نۇجۇمدا، تىببى ئىلمىدا، ئەدەبىياتتا ۋە باشقا بىلىملەردە زامانىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتىم. ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كىشى يوق ئىدى. شۆھرىتىم ھەم تەرىپىم باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ يېيىلدى. دۇنيا پادىشالىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھىندى پادىشاسى كۆپ ھەدىيە تارتۇقلار بىلەن خەت يوللاپ ئاتامدىن مېنى ئەۋەتىپ بېرىشنى سورىدى. ئاتام ئالتە كېمە ھازىرلاپ مېنى ئەۋەتتى. راسا بىر ئاي دەريا كەزدۇق. دەريا قىرغىقىغا يەتكەندە، كېمىدىكى ئات ۋە تۆگىلەرنى چۈشۈردۇق.

ئاغامچا ئال! ئاۋۇ جاڭگالدىن تىكەن ۋە باشقا ئوتتۇنلارنى چاپ.
شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىل! لېكىن سىرىڭنى ھېچكىمگە ئېيتما،
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ" دەپ تەكىتلىدى. ئۆزى مېنىڭ بىلەن ئاغام-
چا كوتىرىپ كېلىپ ئوتتۇنچىلارغا قوشۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ ماڭا
ياردەم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. مەن ئۇلار بىلەن ئوتۇن
ئېلىپ كېلىشكە باردىم. كەچكىچە ياتتاق چاپتىم. بىر باغ ئوتۇن
قىلىپ بېشىمغا ئېلىپ كوتىرىپ بازارغا باردىم. يېرىم تەڭگىگە ساتتىم،
پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ، قالغىنىنى ساقلىدىم. راسا بىر
يىل شۇ قېلىپتا كۈن كەچۈردۈم. بىركۈنى ئادەتتىكىدەك ئوتۇن
كولاشقا بارغان ئىدىم. يوغان بىر يىلتىزغا دۇچ كەلدىم، يىلتىز
ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئىدى. خېلىلا چوڭقۇر كولاشقا توغرا كەلدى.
بىردىنلا پالتىنىڭ بىسى بىرتومۇرگە بېرىپ تەككەندەك بولدى.
يەنىمۇ چوڭقۇرراق قېزىپ توپىنى يۇقۇرىغا ئېتىۋاتاتتىم. ھىلىقى
تومۇر يەر ئاستىغا ئورنىتىلغان بىر ئىشىكنىڭ ھالقىسى بولۇپ چىقتى.
ئىشىكنى ئاچتىم. قارىسام ئىشىك ئاستىغا شوتا قويۇلغان ئىكەن.
شوتىدىن پەسكە چۈشتۈم. چوڭ بىر دەرۋازا بار ئىكەن. دەرۋازد-
دىن ئىچكىرى كىردىم. ھاي-ھاي، ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بىر
ساراي ئىكەن. ئۇ يەردە دىلدىكى ھەر قانداق قايغۇ-ئەلەمنى
يىمىرگۈچى، ھەر قانداق سوپىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزغۇچى ئالىجاناپ
بىر ئايال بار ئىكەن. ئۇنى كورۇپ شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇدۇم:

يەتتە بېھىش ھورلىرى تەڭ كېلەلمەس،
جەننەتمۇ كورمىگەن بۇنىڭدەك سەنەم.
يەر يۈزىدە يوقتۇر ئۇنىڭ تەڭدىشى،
ئاي ۋە كۈن نۇر ئالار يۈزىدىن ھەردەم.

كوزۇم چۈشتى. ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردىم. تاشقىرىدىن لەزەر سالسام مۇشۇك چىراي، ساقاللىق، قاتمال بىر ئادەم تېرە كەمزۇلغا جىيەك تۇتتۇۋاتقان ئىكەن. ئىچكىرى كىرىپ سالام بەردىم. قول ئېلىشىپ كورۇشكەندىن كېيىن: "خوش كەپسىز"، — دەپ ئورۇن كورسەتتى. ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدىم. قايسى تەرەپتىن نىمە سەۋەپلەر بىلەن كېلىۋاتقانلىغىمنى سورىدى. ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سوزلىدىم. ماشىنىچى ماڭا ئېچىنىپ:

"بۇ ۋەقەلەرنى ھەرگىزمۇ ھېچكىمگە بىلدۇرمە، — دېدى، — بولمىسا شەھەر شاھى تەرىپىدىن جازالىنىشىڭ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئەشەددى دۇشمىنى. ھەر نەرسە قىلىشتىن قايتمايدىغان كىشى".

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان ئىدىم، داستىخان سېلىندى. چاي، نان ئېلىپ كىرىلدى، بىللە چاي ئىچىشتۇق. كەچكىچە سوزلىشىپ چىقتۇق. كەچقۇرۇن دۇكانىنىڭ يېنىدىكى بىر جايغا ئېلىپ باردى. كورپە-ياستۇق ئېلىپ كېلىپ ماڭا جاي راسلىدى.

ئۈچ كۈن ئۇ يەردە تۇردۇم. كېيىن مەندىن:

"بىرەر ھونىرىڭ بارمۇ؟" — دەپ سورىدى. "پەتىۋاچىلىقتا، كىتاپ كوچۈرۈشكە، چىرايلىق ھوسنىخەتكە، ھىساپ ۋە ماتىماتىكىغا ماھىرمەن"، — دېدىم.

"بۇ بىلىمگە بىزنىڭ يېرىمىزدە تەلەپ يوق. بۇ شەھەردە بىلىملىكلەر ئەمەس، ئوقۇش-يېزىشنى بىلگۈچى كىشىنىڭ ئوزىمۇ يوق. بۇ شەھەردىكىلەر پەقەت مالنىلا بىلىدۇ،" دېدى.

"شۇ ئېيتقانلىرىمدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن،" دېدىم.

"بولمىسا بېلىڭنى مەھكەم باغلا! قولۇڭغا پالتا بىلەن ئوغاق،

كەتكىنىگە توت كۈن بولدى. ئۇ يەنە ئالتە كۈندىن كېيىن كېلىدۇ. مېنىڭ ئالدىمدا بەش كۈن تۇرالامسەن؟ كېلىشىدىن بىر كۈن بۇرۇن كەتسەڭ بولمامدۇ؟"

سۆيۈنگىنىمدىن: "ياخشى!" — دېدىم، ئۇمۇ خۇرسەن بولدى. ئورنىدىن تۇردى، قولۇمدىن تۇتۇپ گۈمبەزلىك ئۆيگە ئېلىپ كىردى. قارىسام ناھايىتىمۇ كېلىشكەن بىر ھاممام ئىكەن. مەن يېشىنىپ تەرلەش ئۆيىگە كىردىم. بىر ئاز ئولتۇردۇم. ئۇمۇ ئولتۇردى. يۇيۇندۇق، ھاممامدىن چىقتۇق. ئايال بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ مېنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شىرىن سۇ بىلەن تاماق ئېلىپ كەلدى. تاماق يەپ سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا:

"ھارغانسەن، ئۇخلاپ دەم ئال!" — دېدى، ياتتىم. پۈتۈن ئەنسىرەشلىرىمنى ئۇنتۇدۇم. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇخلىدىم. ئويغانسام ئايال ئاياق تەرىپىمدە پۇتۇمنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

"يەر ئاستىدا يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى ياشاپ كەلدىم. ناھايىتىمۇ قىسىلغان ئىدىم. سۆزلىشىشكە ئادەم تاپالمايتتىم. سېنىڭ كەلگىنىڭ ئاجايىپ ياخشى بولدى"، — دەپ تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى.

سەن قەدەم تەشرىپ قىلىپسەن كۈتمىگىم لازىم بولۇر،
يولۇڭغا بۇ كۆز گەۋھىرىم پايەئەندازىم بولۇر.
مالۇ-دۇنيا توھپە قىلماققا يەتمەس قۇدرىتىم،
جاننى تۇتسام قوبۇل ئەتسەڭ بۇ ساڭا تازىم بولۇر.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ھېساپسىز خوش بولدۇم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى دىلىمغا قاتتىق ئورنىدى. كېچىنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن خوشال-خوراملىق ئىچىدە ئۆتكەزدىم. ھەر ئىككىمىز خوشال سوھبەتلەشتۇق، "سېنى دىۋىنىڭ مۇدھىش تىرنىغى، قاراڭغۇ زىندانىدىن قۇتۇل-

"شۇنداقمۇ كوركەم ئايال دۇنياغا يارىتىلغان بارمۇ؟" دەپ ياقامنى تۇتتۇم. ئىككى ئىگىلىپ سالام بەردىم. ئايال ماڭا قارىدى:

"جىنمۇ سەن ئادەممۇ؟" — دەپ سورىدى.

"ئادەم"، — دىدىم.

"بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟ كىم ئېلىپ كىردى؟ يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مەن شۇ يەردە ياشاپ، ئادەم دىدارى كورمىگەن ئىدىم"، — دىدى. ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ يېقىملىق سوزى مېنى پۈتۈنلەي ئوزىگە تارتتى.

"مېنى بۇ يەرگە بەخت يۇلتۇزى ئېلىپ كەلدى"، — دىدىم.

سەن ئېلىپ كەلدىڭ مېنى بولدۇڭ ماڭا ئارامى جان،
قەسرى بولسۇن بۇ قۇدۇق سەن بىلەن ياخشى ماكان.

دەپ پۈتۈن ۋەقەنى باشتىن - ئاياق سوزلىدىم. ئۇ مېنىڭ تارتقان كۇلپەتلىرىمگە ئېچىنىپ يىغلىدى.

"مەنمۇ ئوز سەرگۈزەشتەمنى سوزلەپ بېرەي، — دەپ تۇۋەندىكى ھىكايىنى سوزلىدى، — ئىبنۇس دىگەن ئارالنىڭ پادىشاسى ئابنۇس دىگەننىڭ قىزىمەن. دادام مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولدى. نىكا كېچىسى ئىبلىس خۇلاسىنىڭ نەۋرىسى جىرجىس ئېنى راۋمۇس دىگەن دىۋە مېنى ئېلىپ قېچىپ، بۇ يەرگە كەلتۇردى. كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت، يىمەك - ئىچمەك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى مۇشۇ يەرگە ھازىر قىلدى. ھەر ئون كۇندە بىر كېلىدۇ. بىركېچە قونۇپ ئوز يېرىگە قايتىپ كېتىدۇ. كېچىدىمۇ - كۇندۇزدىمۇ، بىرەر زورۇرىيەت يۇز بەرسە ئەنە ئاۋۇ تامغا يېزىلغان ئىككى قۇر ئۇستىدىكى توپچىغا قولۇمنى باسسام، قولۇمنى ئېلىپ بولغىچە دىۋە ھازىر بولىدۇ. بۇگۇن ئۇنىڭ

ئۆزەڭنى قوتقاز. كەلگەن يولۇڭغا كەت!" ــ دېدى. قورققىنىمدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدىم. پالتىنىمۇ ئالالماي ئارقامغا قاراپ قاچتىم. شوتىنىڭ ئىككىنچى بالدىقىغا پۇتۇمنى قويغىنىمنى بىلمەن، يەر يېرىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئاستىدىن ناھايىتى دەھشەتلىك دىۋە چىقىپ كەلدى. دىۋە ئايالغا قاراپ:

"نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئالدىراش ۋە شۇنچىلىك قاتتىق خەۋەر قىلدىڭ؟" ــ دېدى.

"ھېچ نەرسە بولغىنى يوق. پەقەت يۈرۈگۈم سىقىلدى. كۆڭۈل كۆتىرىش ئۈچۈن بىر ئاز مەي ئىچتىم. ھاجەتكە بېرىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرغان ئىدىم. بېشىم ئايلىنىپ كېلىپ يىقىلدىم. بېشىم توپچىغا تېگىپ كەتتى"، ــ دېدى ئايال.

"ئالدىرىما، بۇزۇق ئىپلاس"، ــ دېدى. دىۋە ۋاقىراپ. ئوڭ ۋە سولغا قارىغان ئىدى. كوزى ئاغامچا بىلەن پالتىغا چۈشۈپ قالدى. "بۇ نەرسىلەر، شۈبھىسىزكى، بۇ يەرگە ئادەم كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىم كەلدى؟ ئېيت!".

"مەن بۇنى ھازىرغىنا كورۈۋاتىمەن. بەلكى بۇ نەرسىلەر ئۆزەڭگە ئىلىنىشىپ كەلگەندۇ"، ــ دېدى ئايال.

"ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭنى قوي! بۇ سوزلەر بىلەن مېنى ئالدىيالمايسەن. راستىڭنى ئېيت"، ــ دېدى دىۋە. كېيىن غەزەپ بىلەن ئايالنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ تولغاپ سىقىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ ئەلەملىك يىغىسىنى ئاڭلاش ماڭا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. تاقەت قىلالمىدىم، تىترىگەمنى باسالماي يۇقۇرى كوتۇرۇلدۇم. ئىشىكنى ئاۋالقىدەك قىلىپ بېكىتتىم، توپىسىنى دوۋىلىدىم. قىلغان ئەقىلسىزلىكىمگە ئۆزەمدىن ئۆزەم كايىدىم. بىچارە ئايالنىڭ ھوسنى-

دۈرۈپ يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقمىغىچە قويمايمەن!" — دېدىم.

"ئالدىرىما تىنچلان! — دېدى ئايال كۈلۈپ، — ئون كۈننىڭ بىرىدە بۇ يەردە دىۋە بىلەن بولىمەن. قالغان توققۇز كۈننى سەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزسەم بولىمدىمۇ؟" مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا بېلىمنى باغلىدىم. "گويا شۇ سائەتتە توپچىنى بېسىپ بۇزسام، دىۋە كەلسە ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ، دىۋىنى ئۆلتۈرسەم" دەيتتىم. ئايال بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

خىيال ئارقىسىغا كىرىپ سەن ئىشىنى خام قىلما!
بىلىپ ئىشلە، ئىلىندۇرمە مېنى تور - تۇزاقلارغا.
پىراق ئېتىغا مىنىپ سەيلى قىلىشنى ھەۋەس قىلما!
ئېلىپ كېتەر سېنى ئۇ كوپ يىراق - يىراقلارغا.
كوپ ئالدىرىما، يېتىسەن، تېز يېتىشكە ئىنتىلمە!
سېنى دۇچار قىلۇر خاملىق ئېغىر پىراقلارغا!

تەسىرلىك بۇ شېئىرمۇ پىكرىمدىن ياندۇرالمىدى. توپچىنى بۇزدۇم. قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئون ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپتۇ شەھرىزاد، — قەلەندەر سوزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: توپچىدىن قولۇمنى ئالماي تۇرۇپ بىردىن ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق باستى. يەر سىلكىندى. چاڭ - توزاڭ كوتىرىلدى. مېنى قورقۇنچ باستى. ئايال ماڭا:

"مەن ساڭا شۇنچە ئېيتتىم. قۇلاق سالمىدىڭ. مانا ئەمدى دىۋىمۇ يېتىپ كەلدى.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ تاتىرىپ رەڭگىمدە قان قالمىدى. ئەھۋالىم ئۆزگىرىپ، يۈزۈمدە قورقۇش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. شۇ ئاردا، بىلمىدىم، يەردىن ئۈندىمۇ ياكى ئاسماندىن چۈشتىمۇ، ئىش قىلىپ، قەيەردىندۇ، ھىلىقى كىشى كىرىپ كەلدى. قارىسام بۇ ھىلىقى دىۋە، ئايالغا دەھشەتلىك ئازاپ سالغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئېنىق بىرەر نەرسە چىقىرالماپتۇ. ئاغامچا بىلەن پالتىنى قولىغا ئېلىپ: "ئەگەر مەن ئىبلىس نەسلىدىن جىرجىس بولىدىكەنمەن، بۇنىڭ ئىگىسىنى تاپمىغىچە قويمايمەن،" دەپ قەسەم ئىچكەن ئىكەن. توپ-توغرا ئادەملەرنىڭ يېنىغا كېلىپ يۇقۇرىدىكىدەك ئاغامچا بىلەن پالتىنى يولدىن تاپقانلىقىنى ئېيتىپ ئىگىسىنى سوراپتۇ. ئۇلار مېنى كورسىتىشكەن ئىكەن. ھوجرامغا كىرىپتۇ. بىردىن مېنى كوتۇرۇپ ئۇچتى، يۇقۇرى ئورلىدى. كېيىن پەسكە شۇڭغۇپ يەرگە چۈشتى. مەن ئۆزەمنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئىدىم. مېنى ئايال ئولتۇرغان ئويگە ئېلىپ كىردى. بىچارە ئايالنىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى قانغا بويالغان ئىدى. كوزلىرىم ياشقا لىق تولدى. ئايالنى سورەپ يېنىمغا ئېلىپ كەلدى.

"ئەي خوتۇن، مانا سېنىڭ ئاشىغىڭ!"—دىدى دىۋە ۋاقىراپ. ئايال ماڭا قارىدى. "مەن بۇنى تونۇمايمەن. بۇنى پەقەت ھازىر كورۇۋاتىمەن!" دىدى ئايال. "بولمىسا،—دىدى دىۋە قىلىچنى يالىڭاچلاپ،—ئۇنىڭ بېشىنى ئال".

ئايال قىلىچنى ئېلىپ ماڭا يېقىن كەلدى. قېشىم بىلەن ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدىم. كوز ياشلىرىم مولدۇرلەپ ئاقتى. ماڭىمۇ ئىشارەت بىلەن: "بۇ ئازاپلار سېنىڭ دەستىڭدىن بولۇۋاتىدۇ" دىگەننى ئۇقتۇردى. مەن "كېچىرىڭ!"دىدىم. قەلپ تىلى بىلەن مۇنۇ

جامالى، دىۋە مەلئۇننىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئازاپ بىلەن ھاقارەت قىلىۋاتقانلىقى بىردەم-بىردەم كوز ئالدىمغا كېلەتتى. "يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ياشىغان بولسىمۇ ئايال ئازاپلانمىغان ئىدى. ئەمدىچۇ؟ مەن ئەقىلسىزنىڭ كاساپىتىدىن ئازاپلىنىۋاتىدۇ،" دەپ كويۇنەتتىم. ئېسىمگە بۇ شېئىر كەلدى:

پەلەك يەتكۈزسە جاپا ساڭا تارتىمىغىن تەشۇش،
بولۇرسەن ئەتىسى شات، پەلەكنىڭ ئىشى شۇمىش.

ماشىنىچى ئاغىنەم تەرىپىگە قاراپ ماڭدىم. مېنى كۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. كورۇش بىلەنلا ئۇچاققا ئوت قالىدى.

"كېچىدىن بېرى سەندىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. كوڭلۇم تىنىم تاپمىغان، — دېدى ماشىنىچى، — ۋەھشى ھايۋانلاردىن ياكى باشقا بىرەر نەرسىدىن زىيان يەتتىمكىن. دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم."

كېيىن ئۇ، قوزۇققا ئىلىغلىق ئالابالداق توننى ئېلىپ ياقىسىنىڭ ئورۇمىنى تىكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ غەمخورلىقى ئۇچۇن مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ ئوز ھوجرامغا كىردىم: بېشىمدىن ئوتكەن ۋەقەلەرنى ئويلىغىلى تۇردۇم، توپچىنى بېسىپ قىلغان ئەقىلسىزلىكىمگە پۇشايمان قىلدىم. ماشىنىچى بۇرادىرىم كىرىپ كەلدى.

"دۇكانغا سېنى ئەجەملىكلەردىن بىرى سوراپ كەلدى، — دېدى، — ئۇنىڭ قولىدا سېنىڭ ئاغامچاڭ بار. كورۇنۇشىدىن ئۇ كىشى ئەتتىگەندە نامازغا كېتىۋېتىپ ئاغامچا، پالتاڭنى يولدىن تېپىپ ئالغان ئوخشايدۇ. ئادەملەردىن سورىغاندا، ئۇلار سېنىڭ تۇرغان يېرىڭنى كورسىتىپ بېرىپتۇ. ھازىر ئۇ ئادەم دۇكاندا، بېرىپ نەرسىلىرىڭنى قولۇڭغا ئال! رەھمەت ئېيت!"

ئاقاتتى.

"ئەي زورلاۋان باتۇر، ــ دىدىم مەن دىۋىگە، ــ ئۆزەڭ كورۈپ تۇرۇۋاتىسەن. ئۇ خوتۇننى مەن تونۇمىسام، بىر گۇناسىزغا قىلىچ چېپىشقا قانداق جۇرئەت قىلاي؟ ئولسەممۇ بۇ ئىشقا قول سوزمايمەن"، ــ دەپ قولۇمدىكى قىلىچنى مەنمۇ ئىرغىتىپ تاشلىدىم.

"ئاراڭلاردىكى مۇھەببەت بىر بىرىڭلارغا مەلۇم، قاغا قاغىنىڭ كوزىنى چوقۇمايدۇ، ئەلۋەتتە. سىلەرنىڭ بىر بىرىڭلارغا ئازار بەرمەسلىكىڭلار تەبىي. مەن سىلەرگە شۇنداق بىر مۇكاپات بېرەيكى، ئومۇر بويى بۇ هال ئىسىڭلاردا ساقلىنىپ قالسۇن!" دەپ قىلىچنى قولىغا ئالدى. خوتۇننىڭ بىر قولىنى كەستى: قايتا قىلىچ چېپىپ، ئىككىنچى قولىنىمۇ كەستى. شۇ يوسۇندا قىلىچ بىلەن ئوڭ ۋە سول ئايىغىنى كەستى. ئۇزۇلگەن ئەزالىرىنىڭ هەممىسىگە يەنە بىر قېتىمدىن قىلىچ چاپتى. مەن كوزۇمنى ئالالمايتتىم. خوتۇن خۇددى: "كورۇۋاتامسەن؟" دەپ مەن بىلەن ۋىدالىشىپ تۇرغاندەك ماڭا قارايتتى. ئىبلىس ئوغلى جىرجىس بۇنى سېزىپ قالدى. "هېلى كوزۇڭ كورىدىكەن!" دەپ قىلىچ بىلەن ئايالنىڭ بېشىنى ئۇزۇپ ماڭا بۇرۇلدى.

"بىزنىڭ شەرىئەتتە، ــ دىدى ئۇ ــ ئايال تالاغا قارىسا ئۇنى ئولتۇرۇش كېرەك. نىكا كېچىسى ئۇنى ئېلىپ قاچقىنىمدا، ئۇ، ئون ئىككى ياشلىق قىز ئىدى. مەندىن باشقىنى كورمىگەن، خوتۇننىڭ مانا شۇنداق خىيانىتىنى ئېنىقلاپ ئۇنى ئولتۇردۇم، ئەمما سېنىڭ ئىشىڭ باشقىچە. سېنى مېنى ئالدىدى، دەپ ئېيتالمايمەن. لېكىن سېنى زەرەرسىزمۇ قويمايمەن. پەقەت سەن

شېئىرنى ئوقۇدۇم:

كوڭۈل سىرىنى گاھى تىلىم تەرجىمانلىق قىلۇر.
سىرىمنى پاش قىلىپ، ئەل ئارا يامانلىق قىلۇر.
دۇچ كەلسەم ئەگەر دىلبىرىمگە مەن ھەيران،
مېنى ھىمايە قىلىپ شۇندا بىلمىدانلىق قىلۇر.
كېلۇر رەھمى ماڭا، ھىجرى ئۇرتىسە تۈندە،
ئاستا ـ ئاستا گەپ قىلىپ گاھى شىرىن زەبانلىق قىلۇر.

"مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن بىر گۇناسىز كىشىنىڭ كالللىسىنى قانداق قىلىپ ئالىمەن، ئۇنىڭ قېنىغا قانداق زامىن بولۇمەن"، — دېدى ـ دە، ئايال قىلىچىنى ئىرغىتىپ تاشلىدى. دېۋە:

"سۆيگۈنۈڭنى ئۆلتۈرۈش ئەلۋەتتە سەن ئۈچۈن ئېغىر،" — دېدى ۋە ماڭا تىكىلىپ: "بۇ خوتۇننى تونۇمسەن؟" دەپ سورىدى ئۇ سالماق ئاۋاز بىلەن.

"بۇ كىم ئۆزى؟ مەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن"، — دېدىم مەن.

"ئەگەر تونۇشمىساڭ، بىرىنچى كۆرۈشۈڭ بولسا بۇ قىلىچنى ئال! خوتۇننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىل! شۇ چاغدىلا سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن. شۇندىن كېيىنلا سېنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇ- رىمەن!" — دېدى.

"ياخشى!" — دېدىم مەن ئەستايىدىللىق بىلەن، قىلىچنى قولۇمغا ئالدىم. خوتۇننىڭ يېنىغا كەلدىم. قىلىچنى كۆتەردىم. خوتۇن ئىشارەت بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناسىزلىقىنى بىلدۈردى. مەنمۇ جىنىمنى بېرىپ بولسىمۇ، ئۇنى ساقلاشقا تەييار ئىكەنلە- كىمنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردۇم. كۆزلىرىمدىن تىنماي ياش

سۈركەلدىم. كوزۇمدىن ياش توكۇلەتتى. ئۇنىڭ رەھمى كەلدى. سودىگەرلەرگە ماڭا ئازار بەرمەسلىكنى ئۇقتۇردى. كېيىنچى نىمە دىسە دەرھال ئورۇنلايتتىم. ئۇنىڭ ھەر قانداق خىزمتىنى ئوز ۋاقتىدا ئادا قىلدىم. ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم، ماڭا دورغىنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ ئاشتى. كېيىن شامالدەك كېتىپ باراتتى. ئەللىك كۈندە بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. شەھەر چوڭ، ئادەملىرى ھىساپسىز كوپ ئىكەن. كېيىن توختىغان هامان بىر قانچە هوكۇمەت كىشلىرى يۇگۇرۇپ كېلىپ سودىگەرلەرگە سالام بەردى. كېيىن:

—شاھ، سەپىرىڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىغىنى تەبرىكلەپ، بۇ گۇللۇك قەغەزلەرنى سىلەرگە ئەۋەتتى، ھەر كىمنىڭ ئۇستىگە خەت يېزىشىڭلارنى بۇيرۇدى، —دىدى. مەن تىك تۇرۇپ قەغەز ئېلىشقا ھەركەت قىلغان ئىدىم، ئۇلار قەغەزنى يىرتىپ قويىدۇ، دەپ مەندىن قورقۇپ ئېلىپ قېچىشتى ۋە مېنى ئەپتىمدىن يىرگىنىپ ھەيدىشەتتى.

ۋەقە بۇنداق ئىكەن. شاھنىڭ ئەڭ خۇشخەت ۋەزىرى ئولگەن ئىكەن. پادىشا شۇنداق بىر خۇشخەت كىشى تېپىپ ۋەزىر قىلماقچى بوپتۇ. مەن: "يىرتمايمەن، يازىمەن" دەپ ئىشارەت قىلدىم. "مەن بۇنداق زىرەك مايمۇننى ئەمدى كوردۇم، —دىدى دورغا، — قەغەز بېرىڭلار، ئەگەر يازالىسا مەن ئوغۇل قىلاي. يازالماي كېرەكتىن چىقارسا جازالايلى!" ماڭا قەغەز بەردى. مەن خەتتى رۇقا، خەتتى رەيھانى، خەتتى سەلسى ۋە نەسخى① نىڭ ھەر تۇرىگە چىرايلىق قىلىپ بىر ئىككى پارچىدىن شېئىر يازدىم:

① رۇقى، رەيھانى، سەلسى، نەسخى—يازما خەتنىڭ چىرايلىق تۇرلىرىنىڭ ناملىرى.

ئۇز خاھىشىڭنى ئېيت!"

مەن خۇرسەن بولۇپ كەچۇرۇم سورىدىم.

"ياق، ساڭا ئەلۋەتتە جادۇ قىلىش كېرەك، — دىدى ئۇ — لېكىن ئىت سۇرىتىدىمۇ؟ ئىشەك سۇرىتىدىمۇ؟ ياكى مايمۇن سۇرىتىدىمۇ؟ بۇنى ئۇزەڭ تاللايسەن. پۇتۇنلەي كەچۇرۇش ھىچ مۇمكىن ئەمەس."

ناھايىتى كوپ ئىلتىماس قىلدىم، ئۇ رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىردىن مېنى كوتۇرۇپ ئۇچتى. شۇنداق يۇقۇرى كوتۇرۇلدىكى، يەر كوزۇمگە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇخۇمدەك كورۇندى. مېنى بىر تاغ ئۇستىگە ئېلىپ چۇشتى. يەردىن بىر ئاز توپا ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇدى. يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن: "بۇ سۇرەتتىن چىقىپ مايمۇن سۇرىتىگە كىر!" دەپ توپىنى ماڭا چاچتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يۇز ياشلىق مايمۇن سۇرىتىگە كىردىم. ئۇزەمنىڭ خۇنۇك يۇزۇمنى كورۇپ: "ھوك - ھوك" يىغلىدىم. زامان كۇلپىتىگە چىداشقا مەجبۇر بولدۇم. چۇنكى ۋاقىت دائىم بىر خىلدا تۇرماسلىغىنى بىلەتتىم. تاغدىن پەسكە چۇشتۇم. بىر ئاي چامىسىدا يۇرۇپ شور دەريا لېۋىگە يەتتىم. ئىگىز سىردوڭگە چىقىپ ئولتۇردۇم، ئەتراپىنى كوزدىن كەچۇرۇشكە باشلىدىم، شۇ ۋاقىتتا كوزۇم دەريا ئوتتۇرىسىدىكى بىر كېمىگە چۇشتى. كېمە قىرغاق تەرەپكە تېز سۇرئەت بىلەن كېلەتتى. مەن كېلىشىنى كۇتۇپ تۇردۇم. يېتىپ كېلىش بىلەن "لىك" قىلىپ كېمىگە چىقىپ جايلاشتىم. مېنىڭ چىققىنىمنى كورگەن بىر يولوچى: "ئاۋۇنى كوردۇڭلارمۇ؟ ھەيدەڭلەر ئۇ شۇم ئاياقنى!" — دەپ ۋاقىرىدى. "ئەجىلى يەتكەندۇ"، — دىدى دورغا. "مانا شۇ قىلىچ بىلەن ئولتۇرىمەن"، - دىدى ئۇچىنچىسى، مەن دورغايىنىغا بېرىپ

سەۋەپسىز كۈلمىدۇق، ئەي ھورمەتلىك شاھ"—دېيىشىپتۇ خىزمەتچە-لەر. "قانداق سەۋەپ بار؟" دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن چۇشۇپ. "ئەي ئۇلۇغ شاھ،— دەپتۇ،— سىز دېگەن بۇ خەتنى يازغان ئادەم ئەمەس، كېمىدىكى بىر مايمۇن"، "راستمۇ؟"—دەپتۇ شاھ خىزمەتچە-لىرىگە قاراپ، "ھە... ئە"، - دېيىشىپتۇ ئۇلار. شاھ بۇ سوزگە ھەيران بوپتۇ، شاتلىنىپتۇ. "ئۇنى كېمىچىدىن سېتىپ ئالىمەن!"—دەپتۇ شاھ. ئۇ، قىممەتباھا كىيىملەر بىلەن مەخسۇس ھارۋا ئەۋەتىپتۇ. مەن كېمىدە ئىدىم. كېمىچىدىن مېنى سوراپ ئېلىپ ئۇچامغا كىيىم كىيگۈزۈشتى. ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى، ھېچكىم مەندىن كوزىنى ئالالمايتتى. خالايىق ھەيران ئىدى. مېنى شاھ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى. شاھ ئالدىغا كېلىپ ئۈچ قېتىم تىز چوكۈپ تازىم قىلدىم، شاھ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم، تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مۇئامىلەمگە قايىل بولدى. ھەممىدىن شاھ بەك ھەيران قالدى. شاھ ھەممىنى كېتىشكە بۇيرۇدى. سارايدا مەن، ئۇلۇغ شاھ، دىۋان بېگى ۋە بىر كىچىك قۇل قالدۇق. شاھ داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى. داستىخان سېلىندى، تاماق ئېلىپ كېلىندى. تۈرلۈك گوش ۋە ئۇننىڭدىن تەييارلانغان رەڭمۇ-رەڭ ئاش-تاماق كوزنى قاماشتۇراتتى، شاھ تاماق يېيىشكە ئىشارەت قىلدى. ھورمىتىگە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تازىم قىلدىم. بىللە غىزالان-دۇق. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۇمنى يۇدۇم، دوۋەت-قەلەم ئالدىم، دىۋان خېتى بىلەن ئىككى رۇبائى يازدىم:

قوي سۈتى دەرتكە داۋا،
ھەسەل ئەينى مۇددىئا.

ساخاۋەت ئەھلىنىڭ نامى داستانلاردا يېزىلغاندۇر.
پەزىلەت دۇرلىرى نەزم يىپلىرىغا تىزىلغاندۇر.
سېنىڭ لۇتپۇڭ بىلەن پەزىلىتىڭنى قانداق جەم قىلىش مۇمكىن،
قوياشتەك كەڭ جاھانغا پەزلۇ ـ ئېھسانىڭ يېيىلغاندۇر.

قەلەمكەشلەر ئەل خىزمىتىدىن مەنپەئەت كۈزلەر،
ھاۋا ـ ئىقلىم بىلەن سۇغا ئوخشاش، ئۇ دېگەن سۆزلەر.
يازار ھەر قۇرى دەريا، بولسا قالدۇرغاي ئەسەر دەريا،
ئۇنىڭ نامى كىتابەت كۆكىدە نۇر چاچقۇچى يۇلتۇزلەر.

سەن دائىم شات يۈرۈش مەقسىدىدە تۈت قەلەمىڭ،
كېرەكسىزدۇر بىز ئۈچۈن ھەسرەتۇ، قايغۇ ـ غېمىڭ.
سېنى شات قىلماسكەن تېچ قوي يازمىغىن ئەسلا،
ئۇچۇرۇر بەزمە شامىڭنى ئاھ بىلەن ئۇرغان دېمىڭ.

ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر تىلەر بولساڭ، يامان يازما، ياخشى ياز،
تاما قىلما مۇرۇۋۋەتنىڭ سىياھىغا قولۇڭ سوزما!
نازۇ ـ نېمەت غەزنىسى سىيادانىڭ قانداق ساز؟
شۇنداق ئۇلۇغ داستىخانىنىڭ مەۋسىمىنى بوش قويما!

بۇ مىسرالار يېزىلغان قەغەزلەرنى تاپشۇرۇپ بەردىم، شاھقا ئېلىپ بېرىپتۇ. كۆرۈنۈشتىن شاھقا پەقەت مېنىڭلا خېتىم ياراپتۇ. "بىرىڭلار! — دەپتۇ شاھ خىزمەتكارلىرىغا، — مانا مۇشۇ خەتنىڭ يازغۇچىسىنى تېپىڭلار! كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېلىڭلار!"

بۇنى ئاڭلاپ خىزمەتچىلەر كۈلۈشۈپتۇ. "مەن بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، سىلەر كۈلۈۋاتىسىلەر!" — دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن. "بىز

قىلـدىم. شاھ ھەيران بولۇپ:

"ئەگەر بۇ، ئادەم بولىدىغان بولسا زامانىمىزنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بىرى بولاتتى." ــ دېدى ئۇ، ئۇز ــ ئۇزىگە، كېيىن: "قىزىم مەلىكىنى چاقىرىپ كېلىڭلار، بۇ ئاجايىپ مايمۇننىڭ ئالقىشقا ئەرزىگۇدەك سەنئەتلىرىنى كورسۇن"، ــ دېدى شاھ دىۋان بېگىگە. دىۋان بېگى چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن شاھنىڭ قىزى مەلىكە كەلدى. مېنى كورۇپ مەلىكە بىردىنلا يۈزىنى ياپتى.

"ئەي ئاتا، يات ئەركىشى ئالدىغا مېنى قىچقىرىشقا قانداق قىلىپ رازى بولدىڭىز؟" ــ دېدى.

"جېنىم قىزىم، ئالدىڭدا كىچىك قۇل، ئوزەڭنىڭ چورىسى، دىۋان بېگى ۋە مايمۇندىن باشقا ھېچكىم يوققۇ؟ كىمدىن يوشۇرۇ-نۇۋاتىسەن؟" ــ دېدى شاھ.

"بۇ مايمۇن ــ شاھنىڭ ئوغلى، ئۇنى ئىبلىس ئەۋلادى جىرجىس دىگەن دىۋە جادىگەرلىك بىلەن مايمۇن قىلغان. ئۇ دىۋە، شاھنىڭ قىزىنىمۇ ئولتۇرگەن. سەن مايمۇن دەپ ئولتۇرغان بۇ ئادەم زور ئالىم ۋە ئەقىللىق كىشى"، ــ دېدى قىز. شاھ قىزىنىڭ سوزىگە ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى:

"بۇ گەپلەر راستمۇ؟" ــ دەپ سورىدى مەندىن. بېشىم بىلەن "توغرا!" دەپ ئىشارەت قىلدىم، يىغلىدىم.

"سەن قانداق بىلىسەن؟" ــ دەپ سورىدى شاھ قىزىدىن.

"ياشلىغىمدا مېنى تەربىيىلىگەن ئىنىكانام جادىگەر ئايال ئىدى، ــ دېدى قىز، ــ ماڭا ئۇ، ئوزىنىڭ جادى قىلىش ھۇنىرىنى ئۇگەتكەن. مەن ئۇگىنىپ ئالغان ئىدىم. بىر يۈز يەتمىش خىل

سەن ئۇچۇن يارىتىلغان،
يېيىش سەن ئۇچۇن راۋا.

باق كوزلەر داستىخانىغا،
بۇ نېمەت سەن ئىنسانىغا.
پارچىلاپ يە، لوقمىلاپ يە،
دۇچار بولما، لوقمانىغا.

يەنە ئىككى رۇبائى يازدىم:

سېرىق ياغ يە، خاھى ھەسەل،
بولمايىن دىسەڭ كېسەل.
يىگەنلەردە ئارمان يوق،
يىمىگەن زەر بۇل مەسەل.

نەپسى تويسا كوز تويماس،
قولۇڭ ئېلىشنى قويماس.
ئەژدەرھا بولساڭمۇ سەن،
نەپسىڭنى يىغمىساڭ بولماس.

يازغان خېتىمنى شاھنىڭ ئالدىغا سۇندۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ چەتكىرەك بېرىپ ئولتۇردۇم، يازغىنىمنى شاھ ئېلىپ ئوقۇپ ھەيران بولدى: "مايمۇندىمۇ شۇنچە سەنئەت بولامدۇ؟ بۇ خەت ھېچكىم يازالمايدىغان ئاجايىپ بىر خۇشخەتقۇ؟"—دىدى ئۇ.

شاھ بىر ۋاقىتتا مېنىڭ ئالدىمغا شاخمات تاختىسىنى قويدى: "شاخمات ئويناشنى بىلەمسەن؟"—دەپ سورىدى. مەن بېشىم بىلەن: "ھە... ئە" دىگەننى ئىشارە قىلدىم. ئۇرۇقلارنى تاختىغا تىزدۇق. ئىككى قېتىم ئوينىدىم. ھەر ئىككى قېتىمدا شاھنى مات

زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمىز دەپ ۋەدىلەشكەن ئەمەسمىدۇق"، ـــ دەپ، دەرھال شىر سۈرىتىگە كىردى.

"ئەي مەلىئۇن. ـــ دېدى قىز. ـــ سەنىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بارمۇ؟"

"قولۇڭدىن كەلگەننى قىل، بولمىسا!" ـــ دېدى. دىۋە، ئاغزىنى ئېچىپ قىزغا ھۇجۇم قىلدى. قىز تېزلىك بىلەن چېچىدىن بىر نەچچە تالنى يۇلۇپ ئېلىپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ شۇۋىرلاپ سىلكى-گەن ئىدى، چاچ تاللىرى ئۇتكۈر قىلىچقا ئايلانىدى. قىلىچ بىلەن شىرنى ئۈرۈپ ئىككى پارچە قىلدى. بىردىن شىرنىڭ بېشى چايانغا ئايلاندى، مەلىكە چوڭ ئىلانغا ئايلاندى. دىۋىگە ھۇجۇم قىلدى. چايان قارچۇغىغا ئايلاندى، ئىلان بۈركۈتكە ئايلانىدى. خېلى ئۇرۇشتى. دىۋە قارا مۇشۇككە ئايلانىدى، قىز بورە سۈرىتىگە كىردى. يەنە كوپ ئېلىشتى. مۇشۇك يېڭىلدى. دىۋە ئۇرگۇرۇپ بىر چوڭ قىزىل ئانارغا ئايلانىدى، سارايدىكى كولگە بېرىپ چۈشتى. بورە ئانارنى ئېلىپ ئاتتى، ئانار يەرگە چۈشۈپ يېرىلدى، دانىلىرى ھەرياققا چېچىلدى. يەر ئانار دانىسىغا تولدى. بورە خورازغا ئايلانىدى، دانلاپ تېرىپ يېيىشكە باشلىدى. بىرەر تالمۇ ئانار دانىسى قالمىدى، خوراز ئاللا قانداق بىر نەرسە يېتىشمىگەندەك تىنچسىزلىنىپ تېپىرچىلايتتى، قانات قېقىپ قىچقىراتتى. بىزلەرگىمۇ ئاللا قانداق ئىشارەت قىلىپ ھەر تەرەپكە ئايلىناتتى. بىردىن كولنىڭ بۇرجىگىدە قالغان بىر ئانار دانىسىغا كوزى چۈشتى. ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن سەكرەپ ئېتىلدى. ئانار دانىسى كولگە چۈشتى، بېلىققا ئايلىنىپ سۇ ئاستىغا بىكىندى. خوراز ناھايىتى چوڭ بېلىق سۈرىتىگە كىردى. ھېلىقى بېلىق كەينىدىن سۇغا

جادىگەرلىكنى بىلمەن. كىچىك بىر خىل سېھىر بىلەن پۈتۈن شەھەرنىڭ خىشلىرىنى كۆھىقاپنىڭ ئارقىسىغا ئۇندۇرىمەن. شەھەر ئىچىنى تولۇپ-تاشقان دەريالارغا ئايلاندۇرالايمەن. شەھەر خەلقىنى بولسا، دەريادا ياشىغۇچى بېلىقلارنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزەلەيمەن".

"ئۇنداق بولسا — دېدى شاھ، — بۇ يىگىتنى قۇتقاز. مەن بۇ ئەقىللىق زېرەك يىگىتنى ئۇزەمگە ۋەزىر قىلاي!"

"خوپ!" — دېدى مەلىكە، كېيىن قولىغا قايچا ئېلىپ بىر يۇمىلاق شەكىلدە خەت تارتتى، سىزىق سىزدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئون توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قەلەندەر ھېكايىسىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ: شاھنىڭ قىزى سىزىق سىزدى، ئىچىگە بىر نەرسە يازدى. كىشى چۈشەنمەيدىغان ئەپسۇنلارنى ئوقۇدى. بىر ئازدىن كېيىن ئوي قاراسلاشقا باشلىدى. بىردىن قورقۇنچلۇق، يۈزى سەت بىر دىۋە كىرىپ كەلدى. بىز خەۋپ ئاستىدا قالدۇق. مەلىكە ئۇنىڭغا:

"لائەھلان ۋە لاساقلان، يەنى ساڭا ماكانمۇ يوق، راھەتمۇ يوق!" — دېدى. دىۋە:

"ئەي خائىنە، سەن ئەھدىڭنى بۇزدۇڭ. بىر بىر بىرىمىزگە

تاپالماي ئالدىرىدىم. ئۇنى ئالغان چېغىمدا ئاللا قاچان ئۇلتۇرگەن بولاتتىم. لېكىن ئۇ، يەنە سۇ ئىچىگە كىرىپ بېلىق سۈرىتىدە پەيدا بولدى. يەر ئاستىدا، سۇدا، هاۋادا قاتتىق ئېلىشتىم. ئۇ ماڭا ئوت سېھرىنى قوللانغانغا قەدەر، مەن ئۇنىڭغا هەر تۈرلۈك سېھىر بىلەن مۇداپىئە كۆردۈم. ئۇمۇ ماڭا قارشى باشقا بىر سېھىر بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتى. ئوت سېھرىدىن ناهايىتى ئاز كىشى ساق قالغان. لېكىن سېھرىم كۈچلۈك كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۆزەمنىڭ ئالدىدا كۆيدۈردۈم. ئەمدى مەن ئۆلىمەن"، — دېدى ئۇ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن قاپقارا ئوت كۆتىرىلدى. ئۇ تېزدىن يۈزلىرىگە تارقالدى. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. بىزگىمۇ تەلمۈرەتتى، بىردىنىلا دېۋىنىڭ كۆلى يېنىدا ئۆزىمۇ بىر سىقىم كۆلگە ئايلاندى. بۇنى كۆرگەن شاھ قالغان ساقاللىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى، يۈزلىرىگە ئۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلىدى، كىيىملىرىنى يىرتتى. مەنمۇ ئۆزەمنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلىدىم، ساراي مەمۇرلىرى، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەرمۇ كېلىشتى، هوشسىز هالەتتىكى شاھ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى سىقىم كۆلنى كۆردى. ئۇلار هەيران بولۇپ شاھ ئەتراپىدا تۇرۇشاتتى. شاھ هوشىغا كېلىپ، قىزى بىلەن دېۋە ۋەقەسىنى سۆزلىدى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يىغانى كۆككە ئۆرلىدى. يەتتە كۈن ماتەم تۇتتى، شاھ چوڭ گۈمبەز ياساتتىپ، قىزنىڭ كۆلىنى گۈمبەز ئىچىدىكى قەۋرىگە قويىدى. گۈمبەزگە شامدانلارنى قويىدى. دېۋىنىڭ كۆلىنى شامالغا سورىدى. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن شاھ كېسەل بولدى. بىر ئاي قاتتىق ئاغرىپ ياتتى. كېيىن ساقىيىپ مېنى ئالدىغا قىچقىردى. "ئەي يىگىت، سەن كەلگىچە بىز پاراغەتتە ياشايتتۇق. تېچ ۋە

چۈشتى. ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي بىردىن قىقاس-سۈرەن كۆتىرىلدى. بىز خەۋپكە چۈشتۇق. دىۋە شولە شەكلىدە پەيدا بولدى. ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن، بۇرنىدىن، كۆزىدىن تۇتۇن ئارىلاش ئوت چىقاتتى. كېيىن مەلىكە چىقتى، ئۇ خۇددى يانار تاغدەك بىر پارچە چوغ ئىدى، دىۋە بىلەن ئېلىشىپ كەتتى، بىر بىرىگە ئوت چېچىشتى، بىزگىمۇ ئوت چاچرىدى، مەلىكىدىن چاچرىغان ئوت بىزگە زىيانسىز ئىدى. ئەمما دىۋىدىن چاچرىغان ئوت زەرەر سالدى. بىر چوغ مېنىڭ سول كۆزۈمگە تېگىپ قارغۇ قىلدى. مەن يەنىلا مايمۇن سۈرىتىدە ئىدىم. بىر ئوت پارچىسى شاھنىڭ يۈزىگە يېپىشىپ، يۈزىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىنى، تۆۋەنكى چىشلىرىنى، ساقاللىرىنى كۆيدۈرۈپ كەتتى. چوڭ بىر ئوت دىۋان بېگىنىڭ كوكرىگىگە كېلىپ تەگدى، ئۇ، شۇ ھامان كۆيۈپ ئۆلدى. بىزمۇ ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزدۇق، بىردىن ئاللا قەيەردىن "يەڭدى!"—دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىساق، مەلىكە دىۋىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن. دىۋە كۆز ئالدىمىزدا بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ ياتاتتى. قىز بىزگە قاراپ: "بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ كېلىڭلار!"—دىدى. سۇ ئېلىپ كېلىندى. سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇدى. "قۇتقاز، ئاۋالقى ھالىغا كەلتۈر!"—دەپ سۇنى ماڭا چاچتى. سەسكىنىپ كەتتىم. شۇ ھامان بۇرۇنقى ئەكسىمگە كەلدىم. لېكىن سول كۆزۈم يوق ئىدى. قىز: "ئوت! ئوت"،—دەپ ۋاقىرىدى. شاھقا قاراپ: "جېنىم ئاتا، ئەمدى مەن ئارتۇق ياشىيالمايمەن. مەن دىۋىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشنى مەشق قىلمىغان ئىدىم، ئادەملەردىن بولغاندا ئاللىقاچان ئۆلتۈرەتتىم، ئانار دانىسى چېچىلغاندا مەن ھاردىم، دىۋىنىڭ روھى بولغان بىر دانىنى

ئوتكەندە شامال ئاچچىق ياپراق كوتىرەلمەس.
قىلغاندا بايان شەرھى غەممنى ئاقىدۇ ياش،
ئاڭلاشسا ئۇنى دوست بىلەن يولداش كوتىرەلمەس.

"پەقەت بىر كوزۇم كور بولدى، ئەمما جىنىم ئامان قالدى"، دەپ ئوز-ئوزەمگە تەسەللى بىرەتتىم، سۆيۈنەتتىم. ھاممامغا باردىم، ساقاللىرىمنى چۈشۈردۈم يەنە يولغا چۈشتۇم. ئايلاپ يۈردۈم. كوپ شەھەرلەردە بولدۇم. باغدادنى ئارزۇ قىلدىم. بۇ ۋەقەلەرنى باغداد خەلىپىسىگە يەتكۈزۈشكە نىيەت قىلدىم. بۈگۈن ئاخشام باغدادقا يېتىپ كەلدىم. كوچىدا قاياقىقا بېرىشمنى بىلمەي تۇرغان ئىدىم. بىرىنچى قەلەندەرنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ بىلەن سالامىلىشىپ تۇرغان ئىدۇق. ئۇچىنچى قەلەندەر كىلىپ سالام بەردى. "مەن غېرىپ-مۇساپىرمەن" دىدى ئۇ. "بىزمۇ غېرىپ-لەرمىز" دىيىشتۇق. بىز ئۈچ كىشى بولۇپ يولغا چۈشتۇق. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ۋەقەلىرىنى بىلىشمەيتتۇق. قاراڭغۇدا يۈرۈش مۈمكىن بولماي قالدى. بۇ ئىشىككە كەلدۇق. بىر كوزۇمنىڭ قارغۇ بولۇپ، ساقىلىمنىڭ چۈشۈرۈلىشىدىكى سەۋەپ مانا شۇ"، — دەپتۇ قەلەندەر.

"سەن ئازات، يولۇڭغا ماڭ!" — دەپتۇ ئۇي ئىگىسى ئايال.

"بۇرادىرىمنىڭ ۋەقەسىنى ئۇقمىغىچە كەتمەيمەن!" — دەپتۇ ئىككىنچى قەلەندەر. ئۇچىنچى قەلەندەر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

## ئۇچىنچى قەلەندەرنىڭ ھىكايىسى

"مىنىڭ ھىكايەم، — دەپتۇ، ئۇ سوز باشلاپ، — بۇلارنىڭكىدىن ئاجايىپ. بۇلار مەجبۇرىيەت ئاستىدا ساقىلىنى چۈشۈرگەن، بىر

خوشال هايات كەچۇرەتتۇق. سىنىڭ سەۋىۋىڭدىن بىز بىر مۇنچە ئازاپلاندۇق. يۈز ئەرگە ئەرزىگۈدەك سۆيۈملۈك قىزىمدىن ئايرىلدىم، چىشلىرىمدىن ئايرىلدىم، قاتتىق يارىدار بولدۇم، دۋان بېگى ئۆلدى. شونچە پاراكەندىچىلىكتە سەۋەپ بولغان يۈزۈڭنى يەنە كورۇشكە ئەمدى تاقىتىم يوق. ئامان - ئېسەن چىقىپ كەت!“ — دىدى.

قايغۇلۇق هالدا يولغا چىقتىم. قەيەرگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. كەچۇرگەن كۈنلىرىمنى ئويلىدىم. هىندى شەهرىگە قاراپ مېڭىشىم، قاراقچىلار هادىسىسى، كىيىم تىككۈچى ئاغىنەم، ئوتۇنچىلىغىم، يەر ئاستىدىكى ئىشلىرىم، دۋىنىڭ سىھىر قىلىپ مايمۇنغا ئايلاندۇرغىنى ۋە شاھ هوزۇرىدا بولۇشۇم — هەممىسى بىرمۇ - بىر كوز ئالدىمدىن ئۆتتى. بىر ئاي شۇنداق يول يۈردۈم. ئاخىرى قايغۇرۇپ بۇ شېرنى يازدىم:

تولدى سەۋرىم قاچىسى زەهەرگە مەن كوردۈم ئۇنى،
دىلدىكى ئاچچىق ئەلەملەرگە قوشۇپ كومدۇم ئۇنى.
بۇ كوكۇل ئاچچىق قاناتلار تەرەپدارى ئىدى،
بارچە بىلسۇنكىم ئىچىپ زەهەرنى قۇتقازدىم ئۇنى.
تولدى قان - زەردابقا دىل، هىجرىڭدىمەن قوتقازغىلى،
نەشتىرى كىرپىكلىرىڭ ئويلاپ تورۇپ بەردىم ئۇنى.

يەلكەمدىكى غەم يۈكىنى تاغمۇ كوتىرەلمەس،
پىللارنى باسار تىترەك، مۇتلەق كوتىرەلمەس.
ۋاقىت يەتسە ئەجەل شەربىتىدىن ئىچىشىڭ بار،
ئىچكەندە ئۇنى كېسەل خاهى، ساق كوتىرەلمەس.
كەلگەندە خازان پەسلى چىمەنگە توكۇلۇر ياپراق،

رەتچىنىڭ كورگەنلىرىنى سورىدىم. "ئەي شاھ، ــ دېدى ئۇ، ــ كېچىكى تۇماندىن كېيىن ئىككى كۈن قونۇپ يولغا چىققىنىمىزغا يىگىرمە كۈن بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ناتوغرا يۈرۈپتىمىز. ئەتىلىككە ئاھىگىربا تېغى (ماگنىت تېغى) دېيىلگەن قارا تاش تاققا يېتىمىز. سۇ بىزنى كۈچەپ شۇ تەرەپكە تارتىۋاتىدۇ. كېمە مىخلىرىنى ئاھىگىربا ئوزىگە تارتىۋاتىدۇ. كېمە مىخلىرىدىن ئاجراپ بۇزۇلۇۋاتىدۇ. قەدىمدىن بۇ تاغ يېنىدا كوپ كېمىلەر بۇزۇلۇپ، خاراپ بولۇپ كەتكەن. دېڭىز قىرغىقىدا ئوندەك تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان سېرىق مىستىن ياسالغان گۈمبەز بار. قولىغا مىس نەيزە تۇتقان بىر كىشى گۈمبەز ئۈستىدىكى سېرىق مىستىن ياسالغان ئات ئۈستىگە مىنىۋالغان. بۇ كىشىنىڭ بوينى قوغۇشۇندىن ياسىلىپ، ئۈستىگە خەتلەر يېزىلغان لەۋھە ئېسىقلىق. ئۇ كىشى ئاتقا مىنىپ تۇرغان چېغىدا، ئادەملەرنى ئەلۋەتتە ھالاك قىلىدۇ. پەقەت ئاتتىن چۈشكەن ۋاقتىدىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن".

ھەممىمىزنى ھالاكەت ۋەھىمىسى باستى. ھەركىم ئوزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن خوشلاشتى. شۇ كېچە ئۇخلىمىدۇق. تاڭ ئاتقاندا تاققا يېقىنلاشتۇق. سۇ بىزنى كۈچ بىلەن تارتتى. كېمە تاققا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ مىخلىرى، تومۇرلىرى سۇغۇرۇلۇپ، ئاھىگىربا تەرەپكە قاچتى. كېمە تاختىلىرى، بىلمىدىم، نەچچە بولەك بولۇپ كەتتى. كەچقۇرۇن قارىسام، تاغنىڭ يان باغرىدا تۇرۇپتىمەن. كوپچىلىك سۇغا چوككەن، ناھايىتى ئازلا كىشى سالامەت قالغان ئىدۇق. لېكىن، سالامەت قالغانلاردىنمۇ، دولقۇن ھەر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئۇرغانلىرىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدىم. ئايلىنىپ تاغ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن، خۇددى ئەتەيلەپ قىلىنغان شوتىدىغا

كوزىدىن ئايرىلغان بولسا، مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قىلغانمەن. مەن شاھ ئوغلى شاھزادە ئىدىم. ئاتام ئۆلۈپ ئورنىغا شاھ بولدۇم. ئادالەت بىلەن ھۆكۈم سۈردۇم، پۇقراغا ياخشىلىق قىلدىم. دېڭىزدا يۈرۈشنى ياخشى كورەتتىم. شەھىرىمىز سۇ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. دېڭىزى كەڭ، ئاراللىرى كوپ ئىدى. سۇدا ئەللىكچە سودا كېمىسى، ئەللىكچە كىچىك يولۇچى كېمىسى ۋە يۈز ئەللىكچە ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن جاھازىلانغان ھەربى كېمىلىرىم يۈرەتتى. كوڭلۇم جەزىرىلەر تەرەپكە تارتتى. بىر ئايلىق ئوزۇق-تۈلۈك ئەملەپ ئون كېمە بىلەن يولغا چىقتىم. يىگىرمە كۈن يول يۈردۇق. بىر كېچىسى كېتىپ باراتتۇق، ئوغرى شامال قوزغالدى. دەسلەپ ھەممە ياقنى تۇتەك باستى. بۇ ھال تاڭ ئاتقىچە داۋام قىلدى. كېيىن دولقۇن پەسىيىپ، كۈن چىقتى. بىر ئارالغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەرگە چۈشۈپ قازان ئاستۇق، ئوزۇقلاندۇق. ئىككى كۈن شۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇرۇپ قالدۇق، يەنە يىگىرمە كۈن يول يۈردۇق. بىردىن كېمىمىزگە سۇ كىردى. كېمىچى ئالدىنقىمۇ سۇ كىردى. كېمىچى دېڭىزنى كورەلمەي قالدى.

"دېڭىزغا قارىغىنا!" — دىدى كېمىچى نازارەتچىگە. نازارەتچى چىقىپ دىققەت بىلەن ئوڭ-سولغا قاراپ تەكشۈردى. "ئوڭ تەرەپتە، — دىدى ئۇ، — سۇ يۈزىدە بىر بېلىق كوردۇم. سۇ ئۈستىدە يەنە بىر نەرسە بار. بەزەن ئاقىرىپ، بەزىدە قارىيىپ كورۈنۈۋاتىدۇ." بۇ سوزنى ئاڭلاپ، كېمىچى بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى، ساقاللىرىنى يۇلۇشقا كىرىشتى، بىزگە قاراپ: "ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەممەڭلار ھالاك بولۇسلەر، ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ." — دەپ يىغلىدى. بىزمۇ قوشۇلۇپ يىغلىدۇق. مەن كېمىچىدىن نازا-

چۇشتى، ئۇ مەن تەرەپكە كېلەتتى. فېيىق يېنىمغا ئۆزۈپ كەلدى. كوكرىگىگە بىر تۇرلۇك خەتلەر يېزىلغان. قوغۇشۇن لەۋھە ئېسلغان، مىس كىيىملىك بىركىشىنى كوردۇم. ئۇن چىقارماي قېيىققا ئولتۇردۇم. ئۇن كۇن يول يۇردوق. قارىسام. ئامانلىق قىرغىقىغا يېتىپتىمىز. ناھايىتى شاتلاندىم. سۆيۈنگەنلىگىمدىن، ئوز-ئوزەمگە سوزلەشكە باشلىدىم، تەكبىر-تەھلىل ئېيتتىم. كېمىدىكى كىشى مېنى سۇغا تاشلىدى. ئۇ، ئوز يولىغا قايتتى. شۇ كۇنى كەچكىچە سۇ ئۇزدۇم. قول-پۇتلىرىمدا ماغدۇر قالمىدى، كۇچسىزلەندىم. قورقۇنچ باستى. "ئولىمەنغۇ؟" دىگەن ئىدىم. بىردىن قاتتىق شامال چىقىپ، دولقۇن يەنە ئەۋج ئالدى. كۇچلۇك بىر دولقۇن مېنى قىرغاققا ئىرغىتقىنىنى ئوزەممۇ بىلمەي قالدىم. كىيىمنى سالدىم. سىقىپ، قۇرۇتۇش ئۇچۇن تاشنىڭ ئۇستىگە يايدىم. كەچ بولدى، ئۇخلاشقا ياتتىم. تاڭ ئاتتى، كىيىملىرىمنى كىيدىم. ماڭىدىغان يولۇمنى مولچەرلەپ، ئەتراپقا نەزەر سالدىم. ئورمان يېقىن ئىدى، ئۇنىڭغا كىرىپ باشتىن-ئاياق كەزدىم. مەن تۇرغان جاينىڭ ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان كىچىك بىر ئارال ئىكەنلىگىنى بىلىپ ھەيران قالدىم. بىر كۇلپەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىككىنچىسىگە يولۇققىنىمغا ئەجەپلەندىم. بۇنىڭدىن كورە ئولگىنىم ياخشىراق دەپ قايغۇردۇم. ئوز پاجەلىرىم ئۇستىدە ئويلىنىپ، ئوز-ئوزەمگە ئولۇم تىلىدىم. شو ۋاقىتتا نېرىدىن بىر بولۇم ئادەملەر ۋە كېمە كورۇندى. دىققەت بىلەن قارىسام، كېمە مەن تۇرغان ئارال تەرەپكە ماڭىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم، بىر دەرەخ ئۇستىگە چىقتىم. كېمە جەزىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە توختىدى. كېمىدىن ئون كىشى چۇشتى، ھەممىنىڭ قولىدا كۇرەك بار ئىدى. ئۇلار ئالدىراپ ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىغا

ئوخشاش پەلەمپەيلىك بىر يول تاپتىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئون بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپتۇ شەھرىزاد، — قەلەندەر سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق داۋام قىلدۇرۇپتۇ: سالامەت تاققا چىقتىم. ئامان-ئېسەن قالغىنىمغا خوش ئىدىم. ئۇ يەردە گۈمبەزدىن باشقا پانا بولغىدەك جاي يوق ئىدى، گۈمبەز ئىچىگە كىردىم. ناماز ئوقۇپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتىم. چۈشۈمدە بىرسى ماڭا: "ئويغانغاندىن كېيىن ئايىغىڭنىڭ ئاستىنى كولا. بىر قانچە نەرسە يېزىلغان ئۈچ قوغۇشۇن ئوق بىلەن بىر مىس كەمەلەك چىقىدۇ. ئۇنى ئېلىپ ئات ئۈستىدىكى كىشىنى ئات! بۇ بالايى-ئەزىمدىن كىشىلەرنى قۇتقاز. سەن ئاتقاندىن كېيىن ئاتلىق سۇغا يىقىلىدۇ. كەمەلەك قولۇڭدا قالىدۇ. كەمەلەكنى ئۆز جايىغا قوي. شۇ ۋاقىتتا سۇ تاغ توپىسىگىچە كۆتىرىلىپ چىقىدۇ، تاغ بىلەن باراۋەرلىشىدۇ. ئۇ يەرگە مىس كىيىم كىيگەن بىر كىشى قېيىق ھايداپ كېلىدۇ. قېيىققا چۈش، قېيىقتىكى ۋاقتىڭدا خۇدانى يادلىما، ئون كۈندە سېنى سالامەت قىرغاققا يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەردە ئۆز تەرىپىڭگە كېتىدىغان كىشىنى تاپىسەن"، — دېدى. چوچۇپ ئويغاندىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى قانداق بولسا شۇنداق قىلدىم. دېڭىزدا دولقۇن باشلاندى، سۇ كۆتىرىلىپ تاققا باراۋەرلەشتى. بىر مىنۇتتەك ۋاقىتمۇ ئۆتكىنى يوق ئىدى. دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېيىققا كۆزۈم

ئىشىك كوردۇم، ئۇنى ئاچتىم. ئاپھاي، ئۇ يەر يىپەك گىلەملەر بىلەن ياسالغان ۋە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك بىر ساراي ئىكەن. "بۇ نىمە جايكىن؟ بىر كورەي"—دەپ ماڭدىم. ھەر تۇرلۇك نەقىشلەر بىلەن گۇل ئويۇلغان ئىشىكنى ئاچتىم. ئىگەرلىنىپ يۇگەنلەنگەن قۇندۇزدەك بىر قارا ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئاتنى يېشىپ مىندىم. ئۇ، شۇ ھامانلا ئۇچتى. ئاللا قانداقتۇ بىر تامغا بېرىپ چۇشتى. مەن ئۇستىدىن چۇشمەي تۇرغان ئىدىم. قۇيرۇغى بىلەن كېلىشتۇرۇپ سول كوزۇمگە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن سول كوزۇم قارغۇ بولدى. مەن ئاتتىن يىقىلدىم، شۇ ھامان ئۇ ئاتمۇ نەگىدۇ غايىپ بولدى. تامدىن چۇشۇپ ماڭدىم. ئون نەپەر يالىڭاچ يىگىت ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ يىگىتلەر مېنى كورۇپ: "ساڭا جاي يوق، ۋاقتىسىز كەلدىڭ!"—دېيىشتى. "ئولتۇرسام قوبۇل قىلمامسىلەر"،—دېدىم. "يولۇڭدىن قالما!"— دېيىشتى. غەمكىن بولۇپ يولغا چۇشتۇم. يىغلايتتىم. ئاخىرى سالامەت باغدادقا كەلدىم. ساقىلىمنى چۇشۇرۇپ قەلەندەر بولدۇم. شۇ ئىككى قەلەندەرنى يولدا ئۇچراتتىم. ئۇلارغا سالام بەردىم. غېرىپلىغىمنى ئېيتتىم. ئۇلار: "بىزمۇ غېرىپ" دېيىشتى. كوز ۋە ساقىلىمنىڭ ۋەقەسى شۇ!—دەپ سوزىنى تۇگىتىپتۇ ئۇچىنچى قەلەندەر.

"بېشىڭ ئازات، يولۇڭغا ماڭ!"—دەپتۇ ئوي ئىگىسى.

"بۇ يولداشلىرىمنىڭ سەرگۇزەشتلىرىنى ئاڭلىمىغىچە كەتمەيمەن!"—دەپتۇ ئۇ. ئوي ئىگىسى ئايال خەلىپە، جەپەر ۋە مەسرۇرلارغا قاراپ:

"سىلەرمۇ ئوز سەرگۇزەشتلىرىڭلارنى سوزلەرسىلەر"—دەپتۇ. جەپەر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە كىرىشتە ئىشىك ئاچقۇچى

بىرسىپ توختىدى. بىر يەرنى كولاشقا كىرىشتى. بىر قاپقاق كورۇندى. قاپقاقنى ئېلىپ، يەر ئاستى يولنى ئېچىشتى. كېيىن يەنە كېمىگە قاراپ كېتىشتى. كېمىدىن ئۇن، گوش، ياغ، ھەسەل ۋە باشقا ئوزۇقلارنى ھېلىقى جايغا توشۇشقا كىرىشتى. كوپ مقداردا ھەر تۇرلۇك ئوزۇق - تۇلۇك ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار كوپ قېتىم قاتىنىدى. ئاخىرى، ئۇلار يېڭى كىيىملەر كىيىپ چىقىشتى. ئوتتورىسىدا يېشىنى ياشىغان، ناھايىتى مۇكچىيىپ قالغان بىر كىشىمۇ بار ئىدى. بۇ قېرىنى ناھايىتىمۇ كېلىشكەن بىر ئوسمۇر يىگىت قولتۇقلاپ باراتتى. ئۇلار يەر ئوي ئىشىگىگە يېتىپ، پەسكە چۇشتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۇ يەردە تۇردى. كېيىن يىگىتتىن باشقىسى قايتىپ چىقىشتى. قاپقاقنى ئورنىغا قويۇپ ئۇستىگە توپا تارتتى، خۇددى ئاۋالقىدەك قىلىپ بېكىتتى. كېمىگە ئولتۇرۇپ، كەلگەن يوللىرىغا قايتىشتى. ئۇلار كېمە بىلەن كوزدىن يوقالغاندا، مەن دەرەختىن چۇشتۇم. ئۇلار چۇشكەن يەر ئاستىدىكى ئويگە چۇشمەكچى بولدۇم. توپىنى چەتكە تارتتىم، ھېلىقى قاپقاق كورۇندى. خۇددى تۇگمەن تېشىدەك يۇمۇلاق قىلىپ تاختىدىن ئىشلەنگەن قاپقاق ئىكەن. قاپقاقنى كوتەردىم، ئايلانما قىلىپ تاشتىن ئىشلەنگەن پەلەمپەي بار ئىكەن، ھەيران بولدۇم. بالداقتىن پەسكە قاراپ چۇشتۇم. شۇنداق كەڭرى بىر جاي ئىكەن. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئىشىك كورۇندى، ئۇنى ئاچتىم. باشقا يول ئېچىلدى. ئۇ يەردىمۇ بىر ئىشىك بار ئىكەن، ئۇنى ئېچىپ يەنە بىر باققا چىقتىم. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇز ئۇچ باغدىن ئوتتۇم. باغلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئبىلىك دەرەخلەر، گۇللەر بار ئىكەن. ئۇلارنى ماختاپ تۇگەتكىلى بولمايتتى. ئاخىرى يېپيېقىلىق بىر

ئمكەنلىكىلارنى بىلگەلار، پەقەت توغرا سوزلەيدىلار،" دەپ ئۇق-
تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. خەلىپىنىڭ
ئالدىدا ئوي ئىككىنچى ئايال سوز باشلاپتۇ.

## باغدادلىق بىرىنچى چوكانىڭ ھىكايىسى

"مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن ھادىسە كوزنىڭ ئېقىغا يىگىنە بىلەن
يازغۇدەك ئىبرەتلىك، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ئىككى ئىت مېنىڭ بىر
تۇققان قېرىنداشلىرىم. بىز بىر ئاتىدىن ئۈچ قىز ئىدۇق. بەدىنىدە
قامچا ئىزلىرى كورۇنگەن بۇ ئىككى ئىت ئانا باشقا ئاچىلىرىم.
ئاتىمىز ئولگەندىن كېيىن مىراستىن ھەركىم ئوزىگە تېگىشلىكىنى
ئالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئانىمىزمۇ قازا قىلدى. ئانامدىن
ئۈچ مىڭ تىللا پۇل قالدى. ھەر بىرىمىز مىڭ تىللادىن بولۇ-
شۇۋالدۇق. مەن ئەڭ كىچىكى ئىدىم. ئاچىلىرىم ئوزلىرىگە ئوي-
مۇلۇك قىلدى، تۇرمۇش قۇردى. بىر قانچە ۋاقىت بىللە ياشىغاندىن
كېيىن، ھەر ئىككى ئاچامنىڭ ئېرى سەپەرنى ئىختىيار قىلىشتى.
مال توپلىدى، خوتۇنلىرىدىن مىڭ تىللادىن پۇلىنى ئېلىشتى.
ھەممىلىرى بىللە يولغا چىقىشتى. مەن يالغۇز قالدىم. مېنىڭ ھەق-
قىمدە ئېغىزمۇ ئاچمىدى. بىر يولىلا بەش يىل نامۇ-نىشانىسىز
يوقالدى. ئەرلىرى پۇللىرىنى تامام قىلىشىپ ھاللىرى خاراپلىشىپتۇ.
كېيىن نامەرتلىك قىلىپ، ئاياللىرىنى باشقا يۇرتقا غېرىپ قىلىپ
تاشلاپ كېتىپتۇ. بەش يىلدىن كېيىن چوڭ ئاچام يېتىپ كەلدى.
كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يۈز يېرىدە ياماق. يەنە كېلىپ يامالغان
رەختلەر كىيىمىنىڭ ئوزىدىن ئەمەس. ئاق-قارا، ئىش قىلىپ، تېپىلە-
غىنىنى ياماپتۇ. كورگەن كىشى تاقەت قىلالمايدۇ. ئەپتى-بەشىرە-

ئايالغا ئېيتقان سوزنى تەكرارلاپتۇ.

"بەزىلىرىڭلار ئۇچۇن يەنە بەزىلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلدىم".— دەپتۇ ئوي ئىگىسى ئايال.

ئۇلار ئۇيدىن چىقىپتۇ. خەلىپە قەلەندەرلەردىن: "نەگە باردىلەر؟" — دەپ سوراپتۇ. "بارىدىغان جايىمىز يوق"، — دەپتۇ. "بىزنىڭكىگە بېرىپ قونۇڭلار!" — دەپتۇ خەلىپە. كېيىن جەپەرگە: "بۇلارنى ئېلىپ بار. ئەتە مېنىڭ هوزۇرۇمغا ئېلىپ كىر! ۋەقەسىنى يازدۇرۇپ ساقلايمىز" — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. "خوپ!" — دەپتۇ جەپەر. خەلىپە ئۇز قەسرىگە مېڭىپتۇ. كېچىنى ئۇخلىماي تەختىدە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ساراي مەمۇرلىرى يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە جەپەرگە:

"ئۇچ چوكاننى هەم ئۇلارنىڭ ئىككى ئىتىنى قەلەندەرلەر بىلەن ئېلىپ كەل،" دەپ بۇيرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد هېكايىسىنى توختاتتى.



ئون ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ باشلاپتۇ شەھرىزاد هېكايىسىنى — جەپەر ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ-دە، ئۇلارغا قاراپ:

"كېچە سىلەر بىزنى تونۇمىدىڭلار. لېكىن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلار ئۇچۇن بىزمۇ سىلەرنى ئەپۇ قىلىمىز. مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتاي: سىلەر هازىر ئابباسى خەلىپىلىرىنىڭ بەشىنچىسى خەلىپە هارۇن رەشىد دەرگاھىدا

ۋاقىت بىللە ياشىدى. كېيىن ئەرلىرى ھەلە قىلىپ، بار-يوقىنى ئېلىشىپ، بۇلارنى يەنە تاشلاپ كېتىپ قېلىشتى. ئاچلىرىم يالىڭاچ، بويۇن قىسىپ كىرىپ كېلىشتى. مەندىن ئەپۇ سورىدى. "بىزنى جازالىما!"— دەپ سورىدى.

"سەن بىزدىن ياش بولساڭمۇ ئەقىللىق سەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەر ئېتىنى ئاتىمايمىز، بىزنى خىزمەتچىلىككە ئال! قوسىقىمىز تويسا بولدى!"— دىدى.

"جان دىلىم بىلەن،— دىدىم مەن،— ئۆيۈمنىڭ تورى يەنە سىلەرنىڭكى. سىلەردىن قىممەتلىكرەك كىشىم يوق!" بۇرۇنقىدىنمۇ زىيادە ھورمەت قىلدىم. شۇ ئەھۋالدا يەنە بىر يىل ئۆتتى. بەسرە شەھرىگە بېرىش ئۈچۈن كېمە ھازىرلىدىم. ماللارنى، يولغا كېرەكلىك ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى كېمىگە جايلىدىم. ئۇلارغا:

"مەن بىر شەھەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن، ئۆيدە ئولتۇرامسىلەر ياكى مەن بىلەن بىللە بارامسىلەر؟"— دىدىم.

"سەن بىلەن بىللە كېتىمىز. سەندىن ئايرىلمايمىز"،— دىدى. مەن قالغان مالنىڭ يېرىمىنى ئۆزەم بىلەن ئالدىم. كېمىدە بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا، قايتقاندا پۇلسىز قالماي دەپ، يېرىمىنى بىر يەرگە يوشۇردۇم. ئۈچ ئاچا-سىڭىل يولغا چىقتۇق. كۈندۈزىمۇ يۈردۈق، كېچىسىمۇ يۈردۈق. كېمىمىز ئازغان ئىكەن. كېمىچى كېمىمىزنىڭ باشقا ياققا كېتىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى كېيىن ئۇقۇپتۇ. شامال ئۇن كۈن ياخشى بولۇپ تۇردى. خېلى نۇرغۇن يول باستۇق. نازارەتچى يۇقۇرى كوتىرىلىپ يولغا نەزەر سالدى. كېيىن: "شەھەرگە يېقىن كەپتىمىز"— دىدى. بىزمۇ سۆيۈنۈشتۇق. كۈندۈزى سائەت بىر چامىسى ئىدى. شەھەر ناھايىتى يېقىندىن كورۈنۈشكە

سىنىڭ نىمىسىنى ئېيتىسىز. گويا كى گوردىن چىققان مۇردا ئۇنىڭ ئالدىدا كورىكەمرەك. دەسلەپتە تونۇيالمىدىم. ئالاقاياقلاردىكى كىملەرگىدۇ ئوخشىتىپ، تىكىلىپ قارىدىم، ئەسلىيەلمىدىم. ئېھتىمال، ئۇنىڭ يۈزى، كوز ياشلىرى تونۇشۇمغا دەخلى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. قانچە دىققەت قىلساممۇ ئوخشىتالمايتتىم، تونۇ-يالمايتتىم. ئەھۋالنى سورىدىم.

"ئەي سىڭلىم، پىشانەم شور ئىكەن، كورگۈلۈگۈم كوپ ئىكەن. قۇرۇق سوزدىن پايدا يوق!" —دەپ سوزىنى تۈگەتتى.

ھامامغا ئېلىپ باردىم، كىيىملىرىنى يېڭىلىدىم.

"ئەي ئاچا، —دىدىم مەن ئۇنىڭغا، —سەن ماڭا ئانا ئورنىدا ئانا، ئاتا ئورنىدا ئاتا بولغىن. مېنىڭ ساڭا بىر نەرسە دىيىشىم ئورۇنسىز. لېكىن ئەيىپ كىشىنىڭ ئوزىدە بولىدۇ. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە مىراس ئالغان ئىدىم. ھەممىدىن ياخشى ياشاپ كېلىۋاتىمەن!" ئاچام بىر يىل مەن بىلەن بىللە تۇردى، كوپ ياخشىلىقلار قىلدىم. كىچىك ئاچامنى ئويلايتتىم. كوپ ئوتمەي ئۇمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ، چوڭ ئاچامغا قارىغاندا يەنىمۇ يامانىراق ئەھۋالدا ئىدى. ئۇنىڭغا چوڭىدىنمۇ ئارتۇغىراق ياخشىلىق قىلدىم. بىر قانچە ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى: "تۇل ئولتۇرۇشقا تاقىتىمىز يوق. ئەرگە تېگىمىز"، — دىيىشتى. "ھازىرقى ئەركەكلەر يامان، بۇ زاماندا ئەر تاپىمەن دىگەن كىشى بىكار ئاۋارە بولىدۇ. ئوزەڭلارمۇ ئەرنى سىناپ كوردۇڭلارغۇ؟" —دىدىم. سوزۇمگە كىرمىدى. مېنىڭ رازىلىقىمسىز يەنە ئەرگە تېگىشتى. قاراپ تۇرالمىدىم، كېرەكلىك نەرسىلىرىگە ھەمكارلاشتىم. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن كېتىشتى. بىرئاز

ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر تۈرلۈك يىپەك كىيىملەر كىيگەن ئەللىكچە قۇل قىلىچ يالىڭاچلاپ، شاھنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ خېلى خەۋپسىرىدىم. بىرئاز يۈردۈم. مەلىكىنىڭ قەسرىگە كىردىم. دەرۋازىلارغا ئالتۇن پوپۇكلەر بىلەن ئىشلەنگەن پانۇس ئېسىلغان. مەلىكە ياتاتتى. ئۇ يالتىراق دۇرلەر قادالغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان ئىدى. بېشىدا ھەر تۈرلۈك قىممەتلىك گوھەرلەر ئورنىتىلغان تاج، بېلىدە يەنە ئالاھىدە زىننەتلەنگەن كەمەر بار ئىدى. بويىنىغا كۆزنى قاماشتۇرغۇچى ھەر خىل مەرۋايىتلاردىن ئىشلەنگەن زىننەت تۇمارى ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئىشىك ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ يەرگە كىردىم. ئۇ يەردىن يۇقۇرىغا چىقىش ئۈچۈن يەتتە بالداقلىق شوتا بار ئىدى. شوتىدىن چىقتىم. ئۇ يەر رەڭمۇ-رەڭ گىلەملەر بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەنگەن جاي ئىكەن. مەرمەردىن ياسالغان تەختكە ھەر تۈرلۈك دۇرى-گوھەر ئورنىتىلغان، بىر تەرەپتە پاقىرىغان شولە كۆزنى قاماشتۇردى. دىققەت بىلەن قارىسام، ئۇ نەرسە بىر كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان غاز تۇخۇمىدەك كېلىدىغان گوھەر ئىكەن. ئۇ خۇددى چىراققا ئوخشاش يېنىپ، ھەر تەرەپنى يورۇتىدىكەن. بۇ شىرەگە كىشنى ھەيران قىلىدىغان ھەر تۈرلۈك، ھەر خىلدىكى نەپىس رەختلەر ئېچىپ قويۇلغان. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇ يەردە يېقىغلىق شاممۇ بار ئىدى. "ئەلۋەتتە بۇ شامنى بىر كىشى ياققان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدىم. باشقا جايلارغا كىردىم. ئويلەرنى ئايلىنىپ ناھايىتى ئەجەپلەندىم. ئۆزەمنى يوقىتىپ قويدۇم. كەچ بولدى، چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئىشىكنى تاپالمىدىم. يەنە قايتىپ شام يېقىلغان ئويگە كىردىم. تەختكە

باشلىدى. "بۇ شەھەرنىڭ نامى نىمە؟"—دەپ سورىدۇق كېمە-
چىدىن.

"بىلمەيمەن دىدى ئۇ، —ئۆمرۈمدە بۇ شەھەرنى كورمىگەنمەن
ۋە بۇ دېڭىزدا يۈرمىگەنمەن".

"نىمە بولسا مەيلى، بۇ شەھەرگە چۈشۈش كېرەك. ئىككى
كۈن شۇ يەردە دەم ئالىمىز، يولغا تەييارلىنىپ كېتىمىز"، —دىدى
دورغا مەسلىھەت بېرىپ. شەھەرگە يەتتۇق. كېمىچى شەھەرگە
كەتتى. بىز ئۇنى كۈتەتتۇق. خېلىدىن كېيىن شەھەردىن قايتىپ
كەلدى: "تۇرۇڭلار، شەھەرگە كىرىڭلار!"—دىدى بىزگە. شەھەرگە
كىردۇق. ئۇياق-بۇياقنى كوردۇق. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا
بايراق كوتەرگەن دەرۋازىۋەن تۇراتتى. يېقىن بېرىپ قارىسام،
ئۇلار تاش بولۇپ قېتىپ قاپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىردىم. بۇ يەردىمۇ
ھەممىسى قارا تاشقا ئايلىنىپ قېتىپ قالغان ھالدا كوردۇم. پۈتۈن
بازارنى ئايلاندىم. ھەممە ئادەم، مال، ئالتۇن-كۈمۈشلىرى شۇ پېتە-
چە قېلىپ تاشقا ئايلانغان. شەھەردە بىرەر تىرىك جان ئۇچراتمىدىم.
ھەيران بولدۇم. "بۇنىڭدا بىرەر سىر بولسا كېرەك" دەپ ئويلە-
دىم. ھەممىمىز شەھەرنىڭ ھەرتەرىپىگە تارقالدۇق. ھەركىم
ئالتۇن-كۈمۈش يىغىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن ساراي ئىچىگە
كىردىم. ساراي ناھايىتىمۇ ھەشەمەتلىك ئىكەن. شاھ ئوردىسىغا
كىردىم. ھەممە ئەسۋاپلىرى ئالتۇندىن ئىدى. شۇ ئويدىكى نەپىس
پەردە ئارقىسىدا، ساراي مەمۇرلىرى: ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ئەقلىنى
ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئىسىل كىيىملەرنى كىيىپ ئولتۇ-
راتتى. يېقىنراق بېرىپ قارىدىم. شاھ ئالتۇن-كۈمۈش، ھەر تۈر-
لۈك قىممەتلىك تاشلار ۋە دۇرلار بىلەن زىننەتلەنگەن تەختتە

قىلىپ كەلگىنىگنى سوزلە!"

"ئېيتىپ بېرىمەن!" ـ دېدىم. ئۇز تارىخىمنى سوزلۇدۇم، ئۇ، ھەيران قالدى. كېيىن مەن شەھەر خەلقى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ:

"ئۇز تەختىدە قارا تاش ھالىتىدە كورگىنىڭ مېنىڭ ئاتام. بۇ شەھەرنىڭ شاھى ئىدى. ئۇ، ئۇيىدە كورگەن كۇرسى ئۇستىدىكى تاشقا ئايلانغان ئايال مېنىڭ ئانام. ئۇلار تۇرغان جايلىرىدا تاشقا ئايلانغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوتقا چوقۇناتتى. ئانام كوپ زامان بالا كورمىگەن ئىكەن، قېرىغان ۋاقتىدا مەن تۇغۇلۇپتىمەن. مېنى تەربىيەلەپتۇ، چوڭ بولدۇم. قېرى بىر بۇۋىمىز بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن ئۇ، ئۇزىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ئاتا-ئانامدىن يوشۇرۇن تۇتاتتى. ئاتام ئۇنى ئۇز دىنىمىزدا دەپ تونۇيتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى ناھايىتى ھورمەت قىلاتتى. مېنى تەربىيە قىلىشنى ئانام ئۇنىڭغا تاپشۇردى. موماي ماڭا ئىسلام دىنىدىن تەلىم بەردى. ناماز ئوقۇشنى ئۇگەتتى. ھەممىنى ئۇگەنگىنىمدىن كېيىن، موماي ماڭا: "بۇ سىرنى ئاتاڭغا ئېيتما، يوشۇرۇن تۇت! ئەگەر بىلسە، سېنى ئولتۇرىدۇ،" ـ دەپ جېكىلىدى. مەن موماي-نىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ "سىرنى" ئاتامغا بىلدۇرمىدىم. شۇ ئەھۋالدا بىر قانچە ۋاقىت ئوتتى. موماي ئولدى. شەھەر خەلقى ھامان ئوتقا سېغىنىپ گۇناغا پاتتى. بىردىن ئۇزاق-يېقىنغا ئاڭلانغان چاقماقتەك قاتتىق: "ئەي شەھەردە ياشىغوچى ئاھالە، ئوتقا چوقۇ-نۇشتىن يېنىڭلار! تەڭرىگە ئىبادەت قىلىڭلار!" ـ دىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئادەملەرنى قورقۇنچ باستى. ھەتتاكى تېخىچە يۇرۇ-گىم دۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ھەممە ئادەملەر ئاتامنىڭ ئالدىغا

چىقىپ ئولتۇردۇم. ئۇستۇمگە نەرسىلەر يېپىندىم. ئۇخلىماقچى بولغان ئىدىم، ئۇخلىيالمىدىم، ئۇيقۇ كەلمىدى. يېرىم كېچىدە بىر كىشىنىڭ يېقىملىق تاۋۇش بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاۋازى بوش ئىدى، شۇ تەرەپكە باردىم. ئاۋاز چىقىۋاتقان جاينىڭ ئىشىكى بېكىتىلمىگەن ئىدى. ئاچتىم، قارىسام ئىبادەتخانا ئىكەن. ئېسىغلىق ئىككى شامداندا شام يېقىقلىق تۇرۇپتۇ. مىھراپ ئالدىغا جايناماز سېلىنغان. ئۇنىڭدا چىرايلىق كېلىشكەن بىر يىگىت يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ شەنىگە يېزىلغان:

مۇنەججىم يۇزىنى كۆك تەرەپ بۇردى،
ئاسماندا ھەشەملىك گۈزەللىنى كۆردى.
كىيگەن زەرباپ كىيىم ئۇ ئىككى قەۋەت،
زۆھەل يۇلتۇزىدەك بەرنا ۋە سولەت.
ئىككى قېشىدا بار قاپقارا خالى،
مىررىختەك ئۇنىڭ ھوسنى ـ جامالى.
كىرپىكى ئوق بولسا، قېشىدۇر كامان،
مەشۇقلىرىغا دائىم بەرمەيدۇ ئامان.
يۈزىدە ئاتارۇتتەك ئەقىل بەلگۈسى،
قەلبىدە مەۋج ئۇرار مەغرۇرلۇق ھەسسى.
ئاي قىلىپ ھەيرەتتە كېيىن سالام بەردى،
يۈزىگە پەردە تارتىپ چېدىرغا كىردى.

پۇتۇن شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا پەقەت ئۇنىڭ سالامەت قالغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئىچكىرى كىرىپ سالام بەردىم. ماڭا قاراپ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاپ بەردى. "بىرنەرسە سورىسام جاۋاپ بېرەمسىز؟" ـــ دىدىم. يىگىت ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. "ئەي قىز، ـــ دىدى ئۇ، ـــ سەن ئاۋال بۇ يەرگە قانداق

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھەرىزاد سۆزىنى، — ئوي ئىگىسى چوكان ئۆز
سەرگۈزەشتىسىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ:



ئون يەتتىنچى كېچە

خۇشاللىقتىن ئۆزەمگە ئۆزەم ئىشەنمەيتتىم. كېچىسى ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە ياتتىم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ خەزىنىگە كەلدۇق. باھاسى قىممەت، ئۆزى يېنىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قورغاندىن چىقتۇق. كېمىچى ۋە قۇللار بىلەن كورۇشتۇق. ئۇلار مەندىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئىكەن، خۇرسەن بولۇشتى. مەندىن ئەھۋال سوراشتى. كورگەنلىرىمنى ئېيتتىم. يىگىت ۋەقەسىنى، خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ھادىسىلەرنى ئۇلارغا ئېيتتىم، ھەيران قېلىشتى. مانا بۇ ئىككى ئىت سۈرىتىدىكى مېنىڭ ئاچىلىرىم مېنى بۇ يىگىت بىلەن بىللە كورۇپ، كورەلمەسلىك قىلىشقا باشلىدى. بۇلار بىرلىشىپ ماڭا ئازار يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مېنىڭ پېيىمگە چۈشتى. كېمىگە چۈشتۇق. شامال يوق ئىدى، بىر ئاز كۈتتۇق، شامال قوزغالدى. يەلكەننى كوتەردۇق، مېڭىپ كەتتۇق. ئاچىلىرىم:

"بۇ چىرايلىق يىگىتنى نىمە قىلماقچىسەن؟" — دەپ سوراشقا باشلىدى. مەن:

"ئۇنىڭ بىلەن ئومۇر كەچۈرمەكچىمەن!" — دىدىم. يىگىت تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

"بىر سوزۇم بار. قارشى بولمىسىڭىز ئېيتاتتىم"، — دىدىم.

"مەرھەمەت!" — دىدى ئۇ. كېيىن ئاچىلىرىمغا:

"مەن ئۇچۇن بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى كىپايە، ماللارنىڭ ھەممىسىنى

يىغىلىشتى: "كىشىنى قورقۇنچقا سالغان بۇ دەھشەتلىك ئاۋاز نىمە؟"— دەپ سوراشتى ئۇلار ئاتامدىن.

"ئۇ تاۋۇشتىن سىلەر قورقماڭلار! بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۇز دىنىڭلاردىن قايتماڭلار!"— دىدى ئاتام. ئادەملەر شاھنىڭ سوزىنى ماقۇل كورۇشتى، تېچلاندى. يەنە ئۇز دىنلىرىغا مۇستەھكەم بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يىل ئوتتى. ھىلىقى قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئىككىنچى قېتىم قايتا ئاڭلاندى. ئەمما بۇلار ئۇز ئېتىقاتلىرىدا قالىۋەردى. ئاسماندىن بالا ياغدى. كۈن چىقار ۋاقتىدا مەندىن باشقا ھەممە جانلىق مەۋجۇدات بىردىنلا تاشقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن بېرى مەن يالغۇز شۇ يەردە مانا مۇشۇ ئەھۋالدا ناماز ئوقۇيمەن. روزا كەلگەندە روزا تۇتىمەن. قۇرئان تالاۋەت قىلىمەن. سوزلىشىدىغان بىر كىشىمۇ يوق، بىر ئۇزەم يالغۇز ناھايىتى زېرىكتىم ۋە قىسىلدىم"، — دىدى.

"مەن بىلەن بىللە باغدادقا بېرىشقا رازى بولمامسىز؟ ئۇ يەردە ئالىملار بىلەن سوزلىشىسىز، مەلۇماتىڭىز ئېشىپ، پىكرىڭىز ئېچىلىدۇ، — دىدىم، — بۇ يەردە مال قاچىلانغان كېمە بار. شۇنىسىمۇ باركى، ئالدىڭىزدا ئولتۇرغان بۇ چورىڭىز ئۇرۇق - ئەۋلاتلىق ئايال. تەقدىر بىزنى بۇ شەھەرگە كەلتۇردى. بانا بىلەن بىز بۇ ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھى بولدۇق. ھەممىدىن مۇھىمى سىز بىلەن كورۇشتۇق." يەنە كوپ نەرسىلەرنى سوزلەپ، ئۇنى ئۇزەم بىلەن بىللە كېتىشكە كوندۇردۇم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

"سەن كىم بولسەن؟" ـــ دىدىم مەن.

"بىردەمدىلا مىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ــ دىدى ئۇ، ــ ماڭا چوڭ مىھربانلىق قىلدىڭغۇ؟ مەن بايا سەن ئۆلۈمدىن قوتۇلدۇرغان ئىلان بولىمەن. ئۇزەم جىنلاردىنمەن. ئەژدەرھامۇ جىندىن بولۇپ، ئۇ مىنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەنلا قۇتۇلدۇم. مىنى قۇتقازغاندىن كىيىن دەرھال ھاۋاغا ئۇچۇپ، كىمەڭنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭدىكى نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئويۇڭگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويدۇم. كىمە سۇغا چوكۇپ كەتتى. ئاچىلىرىڭنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم. بۇ ئىككى ئىت سىنى سۇغا تاشلىغان ئاچىلىرىڭ".

كىيىن مەن بىلەن بىللە بۇ ئىتلارنى كوتۇرۇپ ئۇچۇپ، ئويۇمنىڭ ئوگزىسىگە چۇشۇرۇپ قويدى. كىمىدە قالغان ھەممە نەرسىلىرىمنى كام ـ كۈتىسىز ئويۇمدە كوردۇم. ئۇ، ھەر كۈنى بۇلارنى ئۇچ يۈز قامچا ئۇرۇش كىرەكلىگىنى، ئەگەر شۇنداق قىلمىسام، ئۇزەمنى ئۇرىدىغانلىغىنى بىلدۇردى. ۋەدە بەردىم. ۋەدىگە مۇۋاپىق ھەر كۈنى شۇنداق ئۇرىمەن، لىكىن يەنە ئۇلارغا ئىچىنىمەن. ئۇلارمۇ ئەيىپىنىڭ مەندە ئەمەسلىگىنى ياخشى بىلىدۇ".

خەلىپە ئەجەپلىنىپتۇ.

"سىنىڭ بەدىنىڭدىكى قامچا ئىزلىرىنىڭ سەۋەۋى نىمە؟" ـــ دەپ سوراپتۇ خەلىپە ئىككىنچى ئايالدىن.

## باغدادلىق ئىككىنچى چوكاننىڭ ھىكايىسى

چوكان سوز باشلاپتۇ: "ئەي خەلىپە مىنىڭ ئاتام ئولۇپ، ئۇنىڭدىن ماڭا كوپ مال ـ دۇنيا قالدى. ئارىدىن ئانچە كوپ ۋاقىت

سله‌ر ئېلىڭلار!" ــ دېدىم. ئۇلار:" خوپ!" دېيىشتى. لېكىن ماڭا قارشى يامان نىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلاشتى. شامال ياخشى بولۇپ، كېمىمىز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. توختىماي يول باساتتۇق. خەتەرلىك دېڭىزنى بېسىپ تېچ دەرياغا ئۆتتۇق. بىر ئاز يۈرۈپ بەسرە شەھىرىگە يېقىنلاشتۇق. شەھەر بىنالىرى پاقىراپ كورۈنۈشكە باشلىدى. كەچ كىرگەن ئىدى. بىزنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىغىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئاچىلىرىم مەن بىلەن يىگىتنى كوتۈرۈپ دەرياغا تاشلىدى. يىگىت سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي- دىكەن، سۇغا غەرق بولدى. مەن سۇدىكى بىر ياغاچ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ئالدىم. دولقۇن ياغاچ بىلەن مېنى چايقاپ - چايقاپ ئاخىرى سۇنىڭ قىرغىغىغا چىقىرىپ تاشلىدى. قۇياش چىققان ئىدى. مەن كىيىملىرىمنى سىقىپ ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتتۇم. تار بىر چىغىر يول ئۇچراتتىم، شۇ يول بىلەن يۈرۈۋەردىم. شەھەرگە تەخمىنەن ئىككى سائەتلىك يول قالغان ئىدى. بىر ئىلاننى خورما دەرىخىدەك يوغان بىر ئەژدەرھا قوغلاپ كېلىۋاتقانلىغى كورۈن- دى. ئىلان ئەژدەرھادىن قېچىپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىكەن. ئەژدەرھا ئۇنىڭ قۇيرۇغىدىن تۇتتى. ئىلانىنىڭ كوزلىرىدىن ياش ئاقاتتى. تېز ھەركەت قىلغىنىدىن ئىلانىنىڭ تىللىرى ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. رەھىم كەلدى. ئەژدەرھاغا تاش ئاتتىم، ئەژدەرھا شۇ ئاندىلا ئولدى. ئىلان قانات چىقىرىپ ھاۋاغا كوتىرىلدى، كوزدىن غايىب بولدى. مەن ھەيران بولدۇم. چارچىغان ئىدىم، ئولتۇردۇم. ئۇيقۇم كەلدى، ئۇخلۇدۇم. ئويغىنىپ قارىسام، ئاياق تەرىپىمدە بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىدا ئىككى ئىت بار. ئۇ قىز ئايىغىمنى ئۇگىلاپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇيۇلۇپ ئايىغىمنى يىغدىم.

ئۇ، توپ ـ توغرى كېلىپ، يەرنى سۈيۈپ سالام بەردى: "مېنىڭ بىر يېتىم قىزىم بار، ئۇنى ياتلىق قىلاتتىم. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ نىكاھى بولىدۇ. بۇ يەرگە بىز مۇساپىر، ھېچكىمنى تونۇمايمىز. دىللىرىمىز سۇنۇق. تويىمىزغا بارغان بولسىڭىز، سىزنىڭ شاراپىتىڭىز بىلەن باشقىلارمۇ كەلسە، بىچارە يېتىمنىڭ كۆڭلى كوتىرىلسە، تويىمىز تويدەك بولسا"، ــ دەپ يىغلىدى. ئايغىمنى سۈيدى. ئىچىم ئاغرىدى، رەھىمىم كېلىپ: "جېنىم بىلەن!" ــ دېدىم. "مېھمانلار كەلگەندە سىزنى ئالغىلى كېلىمەن"، ــ دەپ يەنە قولۇمنى سۈيدى، چىقىپ كەتتى. مەن بېرىشقا ھازىرلاندىم. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ، موماي كىرىپ كەلدى، تازىم قىلدى. "شەھەر ئۇلۇغلىرى كېلىشتى. مەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئۇقتۇردۇم. خۇرسەن بولۇشتى، ئۇلار سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ!" ــ دېدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم. چورە قىزنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتىم. كوچىلار ئازادە سۈپۈرۈلگەن، سۇ سېپىلگەن. يېقىملىق شامال ئۆتەتتى. مەرمەردىن ئىشلەنگەن ئېگىز گۈمبەز ئاستىدىكى ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىغا يەتتۇق. موماي ئىشىكنى تاقىلداتتى. دەرۋازا ئېچىلدى، ئىچكىرى كىردۇق. يوللارغا گىلەم ـ پاياندازلار سېلىنغان؛ قاتار شاملار ئورنىتىلغان. چوڭ شامداندا شام ياناتتى. زىننەتتە تەڭدىشى يوق بىر ئۆيگە كىردۇق. ئالاھىدە يېپەك گىلەملەر سېلىنغان؛ ئىككى قاتار قويۇلغان شاملار ياندۇرۇلغان ئىدى. ئۆينىڭ تورىدە ھەرخىل قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان ئورۇندۇق، كوزنى قاماشتۇرغۇچى گۈللۈك ئەتلەس پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، پەردە ئارقىسىدىن ياش قىزنىڭ چىقىپ كەلگەنلىكىنى بايقىيالماي قالدىم. ئادەممۇ شۇنداق گۈزەل، شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن. ئۇ، سالام بېرىپ، بىزنى

ئۇتمەي، ئۇز زامانىسىنىڭ ئەڭ بەختلىك كىشىسىگە تەگدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئاران بىر يىل هايات كەچۈردۈم. ئۇ، ئۇلدى. ئۇنىڭدىنمۇ سەكسەن مىڭ تىللا ئالتۇن مىراس قالدى، بۇ داۋراڭ ھەممە تەرەپكە تارقالدى. ئۇندەك كوينەك تىكتۇردۇم. ھەر بىرى مىڭ تىللا قىممىتىدە ئىدى. بىر كۈنى ئەمدىگىنە چۈشلۈك تاماق يەپ بولۇپ تۇرغان ئىدىم. جاۋغايلىرى ئاغزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئاندا ـ ساندا قالغان قېشىنىڭ موينلىرى بەكمۇ ئۇزۇن، كوزى ئورىدەك چوڭقۇر، چىشلىرى ئاغزىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئەتەي قويۇپ قويغان تىيەكتەك لىڭىلداپ ئورلەپ چىققان، ھەر خىل ئۇزۇن ـ قىسقا ئاپپاق چېچىغا خاس ئىشلەنگەن رومال سالغان دوك، سولغۇن رەڭ، بۇرۇنلىرىمۇ قۇيۇپ قويغاندەك ئۇزىگە ياراشقان بىر قېرى خوتۇن كىرىپ كەلدى. شائىرنىڭ بۇ شېرى ئەينەن شۇنداق موماينى ئەسلىتىدۇ:

قېرى قەددى ئىگىلگەن خۇددى كەمەلەك،
كوزى گوردەك ئىچكىرى بۇرنى ئىلمەك؛
دۇنيا كورمىگەن ئۇ ھىلىگەر شۇنداق،
بىر يۈزى قارا بىر يۈزىكى ئاق.
"يوۋاش بول" دەيدۇ بارچە ھاياتنى،
بېرەر، قايتۇرۇپ ئالۇر ئامەتنى.
ئومۇچۇك تورىدەك باغلار يىپلارغا،
قارشىلىق قىلۇر كۈچى نۇرغۇنغا.
يىگىتنى باشلار بۇزۇق يولغا ئۇ،
ئاپىرىپ ساتۇر، گايى پۇلغا ئۇ.
ئايالىلارنىمۇ يولدىن ئازدۇرار،
بىرى چۇن، بىرىگە گور قازدۇرار.

ئۇنىڭكى چاچلىرى نۇر چاچتى زالغا،
خۇشبۇيلۇق تارقـدى ئۇندىن جاھانـغا.
لەۋ ئېچىپ ئەسنىدى، ئېچىلدى غۇنچە،
چىمەندە ئېچىلسا بولماس ئۇ شۇنچە.
قاراپ ئەينەككە قىلدى كەرەشمە،
ئۆزىگە دەر ئىدى:
— ھەددىڭدىن ئاشما!
جاھانغا خال بولۇر، ھوسنۇ ـ جامالىڭ،
ئاينىڭ نۇرىدۇر، سېنىڭكى جايىڭ.
قۇياش قىلىش ئۈچۈن سېنى تاماشا،
دەرۋازاڭ يېنىغا كەلدى قىر ئاشا.

مەن ئۇنى كورۇشۇم بىلەنلا ئىختىيارىمنى قولۇمدىن بېرىپ قويدۇم. يىگىت كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى سوزلىشىشكە باشلىغان ئىدۇق، قازى توت گۇۋاچى بىلەن كىرىپ كەلدى. سالاملاشتۇق. ئۇلار ئولتۇرۇشتى. نىكا ئوقۇلۇپ مىھرى ھەققى خېتى پۇتۇلدى، ئۇلار كەتتى، يىگىت ماڭا تىكىلىپ:

"مۇبارەك بولسۇن بۇگۇنكى كېچىمىز، ئەي مەلىكەم، مەن بىر شەرت ھەققىدە سوزلىمەكچىمەن".

"قانداق شەرت ئۇ؟" — دىدىم مەن.

"مەندىن باشقىغا قارىماسلىققا، كوز سالماسلىققا قەسەم ئىچەشىڭنى سورايمەن!" — دىدى ئۇ.

مەن دەرھال رازىلىق بىلدۇردۇم. يىگىت خوشال بولدى. مۇھەببىتىم بارغانسېرى ئېشىپ باراتتى. داستىخان سېلىندى. گۇلاپ ـ شاراپ ئىچىشتۇق. كەچ بولدى، ياتتوق. بەختكە قارشى تاڭ ئاتتى. بىر ئايغىچە شۇنداق خوشال ـ خوزام ھايات كەچۇردۇق.

قارشى ئېلىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

كىرىپ كەلدىڭ بۇ يەرگە شۇلداق چىرايلىق،
جەننەتنىڭ ھورلىرى قىلغاي مالايلىق.
ئەگەر ئوي سەزسە ئىدى كىم كىردى،
ئاياغىڭنى سۈيۈشكە ھازىر ئەردى.

ئاندىن:

— مەرھەمەت، ئەي ئالىجاناپ.
مەنمۇ سىزگە لايىق، سىزمۇ ماڭا باپ.

"خۇش كەپسىز. قەدىرلىك ئاچا، غايەت شات ۋە بىنھايەت مىننەتدارمەن"، — دىدى ۋە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى: "مېنىڭ بىر ئاكام بار. ئۇ، سىزنى قەيەردە، تويىدىمۇ ياكى بايرام كۈنلىرىدىمۇ كورگەن ئىكەن. كېيىن پۈتۈن ۋايىغا يەتكەن ياخشى سۈپەتىڭىزنى ئاڭلىغان. شۇنىڭدىن بېرى سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا يۈرىگى پارە. شەك يوقكى، سىز بىر ئالاھىدە زاتسىز. ئۇمۇ سىزدىن قالمايدىغان كېلىشكەن بىر يىگىت. ئۇ، سىز بىلەن قوشۇلۇشنى ئىستەپ، شۇ يولنى تۇتتى. رۇخسەت قىلسىڭىز، رەسمى رەۋىشتە، نىكا مۇراسىمىنى ئوتكۈزمەكچى."

"خوپ!" — دىدىم مەن. قىز خۇرسەن بولدى. سول تەرەپتىكى بىر ئىشىكنى ئاچقان ئىدى. قەددى كېلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. شائىر ئېيتقاندەك:

ئۇ، ئويغاندى، ئورنىدىن تۇردى ئاستا،
ئېگىشتى ئالدىغا بىر خىل قاراشتا.
ياتقان ئورنىدا كىيىدى كىيىمنى،
تەسۋىرگە تىل ئاجىز، ئۇ ئەۋرىشىمنى.

شەرتىلا بۇزۇلمايدۇ، ئۇنىڭمۇ تەلۋى يەردە قالمايدۇ!"—دېدى.
گەپ خېلىلا سوزۇلدى. ئەڭ ئاخىرى كوندۇم. كوزۇمنى يوشۇ-
رۇپ تۇردۇم. يىگىت رومىلىمنىڭ ئۇچىگە بېشىنى تىقىپ، ئاغزىنى
ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قاتتىق سۆيدىكى، يۈزۈمنىڭ گوشى ئۇزۇ-
لۇپ چۇشكەندەك بولدى. كوڭلۇم ئېغىپ قالدى. موماي مېنى
قۇچىغىغا ئېلىپ تىزىسىغا ئولتۇرغۇزدى. ھۇشۇمغا كەلدىم. دۇكان
قولۇپلانغان. موماي بېشىمدا قايغۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭا قاراپ:
"يۇر ئويگە بارىمىز، ئېرىڭنى گۇمانلاندۇرماسلىق ئۇچۇن،
ئوزەڭنى كېسەللىككە سال! ئورۇنۇپ يات! مەن دورا ئېلىپ كېلە-
مەن. تېز ئارىدا ساقىيىسەن!"—دېدى. بىر سائەتتىن كېيىن
ئورنۇمدىن تۇردۇم. قورقۇپ، ھەر تۇرلۇك بولمىغۇر پىكىرلەرگە
بېرىلگەن ھالدا ئويگە يېتىپ باردىم. "كېسەل بولۇپ قالدىم"
دەپ بېكىنىپ ياتتىم. كەچ بولدى، ئېرىم كىرىپ كەلدى.
"نىمە بولدۇڭ مەلىكەم؟"—دەپ سورىدى.
"مىجەزىم يوق، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ!"—دېدىم. شامنى ياقتى،
يېقىنراق كېلىپ يۈزۈمگە كوزى چۇشتى.
"يۈزۈڭدىكى نىمە جاراھەت؟"—دېدى ئەجەپلىنىپ.
"بۇگۇن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزغا مۇۋاپىق كوچىدا كېتىۋاتقان
ئىدىم،—دېدىم مەن،—كوچىنىڭ تارجايىدا ياغاچ ئاتىلغان بىر
توگىگە توغرى كېلىپ قالدىم. ھەر قانچە ئېھتىيات قىلساممۇ، ياغاچ
ئېلىپ پەرەنجەمنى يىرتتى. يۈزۈمگە تېگىپ يارىدار قىلدى،
مۇشۇ ھالغا چۇشتۇم. ھىلىمۇ ياخشى كوزۇمگە تېگىپ كەتمىدى.
شەھەرنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى ئادەم سىغمايدىغان يەرلىرىنىڭ
بارلىغى ئوزىڭىزگە مەلۇم".

بىر ئايدىن كېيىن، مەن بازارغا بېرىپ كىيىملىك ئېلىشقا رۇخسەت سورىدىم، رۇخسەت بەردى. كىيىندىم، مومايىنى ئېلىپ بازارغا باردىم. موماي دۇكاندا ئولتۇرغان بىر يىگىتنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

"بۇ چوڭ باينىڭ ئوغلى ئىدى. ئاتىسى ئۆلدى، ناھايىتىمۇ كوپ دۇنيا قالدى. بۇنىڭدىن نىمىنى سورىساڭ تېپىلىدۇ. ھېچ قەيەردە يوق نەرسىلەر بۇ يىگىتتە بار، — كېيىن يىگىتكە قاراپ دىدى، — ئەڭ ياخشى، ئەڭ قىممەت كىيىملىرىڭنى كورسەتكىن!"

"خوپ!" — دىدى يىگىت. موماي يەنە يىگىتنى ماختاشقا چۈشتى.

"شۇنچە ماختاشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ — دىدىم مەن مومايغا ئاچچىغلىنىپ، — بىز بۇ يەرگە كىيىملىك ئالغىلى كەلدۇق. كىيىملىكنى ئالىمىز، كېتىمىز". يىگىت سورىغان مالنى كورسەتتى. پۇل بەرسەك، يىگىت پۇل ئېلىشتىن باش تارتتى.

"بۇ، مېنىڭ بۇگۇنكى سوغام، پۇل ئالمايمەن!" — دىدى ئۇ.

"ئەگەر پۇل ئالمىسا مالنى قايتۇرۇپ بېرىڭ!" — دىدىم مەن مومايغا.

"بۇلار بىرنى سۆيۈپ قويۇش ئۇچۇن مېنىڭ قىلغان ھەدىيەم!" — دىدى يىگىت.

يىگىتنىڭ مۇددىاسىنى بىلدىم.

"بىرنى سۆيسە ھېچقىسى يوق. ئۇنىڭ بەدىلىگە شۇنچە نەرسىلەرنى ئالسەن"، — دىدى موماي.

"خۇدا ساقلىسۇن، — دىدىم مەن، — سېنىڭ كوز ئالدىڭدا قانداق شەرت قىلغىنىمنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟" موماي بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

"دۇرۇس، سەن تەتۈر قاراپ تۇرساڭ، ئۇ سۆيسە، سېنىڭمۇ

دىن قىلىپ، دەجلە دەرياسىغا تاشلايمەن. بىلىقلار يىسۇن. قەسىمنى بۇزغانلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولۇشى كېرەك"، — دېدى.
مەن يىغلاپ يېلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇدۇم:

نىمە قىلساڭ شۇ ساڭا ھالال بولغاي،
مەن يېتىم، ھېچكىم ساڭا سوئال قويمىغاي.

بۇنى ئاڭلاپ غەزنۋى تېخىمۇ ئورلىدى. بۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇدى:

نىمە قىلدىم، سەن قاراپسەن باشقىغا.
ئەھدى بۇزۇق، سەن ياراپسەن باشقىغا.

مەن يىغلايتتىم. ئۇ ماڭا دەشنەم بېرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

يوق ساڭا بۇندا ئورۇن، سەن ئەھدى-پەيمان بۇلغىدىڭ،
چىن مۇھەببەت يولىدا بىر سوز ۋە بىر جان بولمىدىڭ.
مال-جېنىمدىن كەچتىم مەن، ئەھدى-پەيمان بۇزمىدىم.
سەنمۇ جېنىڭدىن كېچىپ، ئەھدىڭگە قۇربان بولمىدىڭ.

* * *

سۇيگۈمگە ئوزگىلەر بولسا مۇشتىرەك،
ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئولمىگىم كېرەك.
شېرىك مۇھەببەت، رەقىبلىك ياۋدىن —
ئولۇم مىڭ ئارتۇق، شۇندىن بار دېرەك.

ئېرىم قۇلىغا: "چاپ!" دېگەن ئىدى. قۇل قىلىچىنى يالىڭاچلىدى. كېيىن ماڭا قاراپ:
"ئاخىرقى مىنۇتلار ئۇستىدە تۇرىسەن. تىلەكلىرىڭنى ئېيت!" — دېدى.
"ئەي ياخشى ئادەم، ماڭا بىر ئاز مۇھلەت بەر! ۋەسىيىتىمنى

"ئەتىلىككە ھاكىمغا ئەرز قىلىمەن، شەھەردىكى ھەممە توگىچىلەرگە سېلىق سالىدۇ،" — دېدى.

"بىرسىنىڭ خاتاسى ئۇچۇن تەشۋىشلەنمەڭ. توغرىسى مەن ئىشەك مىنىپ كېتىۋاتقان ئىدىم. ئىشەك پۇتلىشىپ يىقىلدى، ئۇستىدىن دومىلاپ چۈشتۈم. يۈزۈم يەردە ياتقان بىر ياغاچقا تېگىپ، شىلىنىپ كەتتى"، — دېدىم.

"ئەتىلىككە بۇ ۋەقەنى جەپەرگە ئېيتىمەن. شەھەردىكى ئىشەكلەرنى ئۆلتۈرسۇن!" — دېدى.

"مېنى دەپ ھەممىنى ھالاك قىلماڭ، بولار ئىش بولدى. ھەممە ئەيىپ ئىشەكنى ئەپلەپ مىنەلمىگەن مەندە،" — دېدىم. ماڭا قاتتىق گەپ قىلىپ ئاچچىغى بىلەن تۇرۇۋالدى ۋە "سەندىن مەن باشتىلا قەسەم ئالغان ئەمەسمۇ؟" — دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

لېۋىڭگە مەلىكەم كىم سۈيۈپتۇ،
يۈزۈڭنىڭ بېغىدىن كىم گۈل ئۈزۈپتۇ.
يۈزۈڭ بېغىم مېنىڭ، سەن ئاڭا باغۋەن،
گۈلۈڭنى ئۈزگىنى تۇرمامدۇ روشەن.

ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قاتتىق ۋاقىرىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، يەتتە نەپەر قارا قۇل كىرىپ كەلدى. ئۇلار مېنى قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزۇشتى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتى. قۇللارنىڭ بىرىگە ئىككى مورەمدىن بېسىپ تۇرۇشقا، يەنە بىرىگە ئىككى ئايىغىمنى بېسىپ تۇرۇشقا، ئۈچىنچى بىرىگە قىلىچ يالىڭاچلاپ تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار بۇيرۇغانىنى قىلدى. قىلىچ ھازىرلىغان قۇل:

"غوجام مەن بۇنى قىلىچ بىلەپ ئىككىگە بولىمەن. بىر بۆردە-

يىرگەنمەستىن ئېلىپ تۇرۇپ قولۇڭغا.

سوزنى تۈگەتتىم. توختىماي يىغلايتتىم. ئېرىم يىغلىغىنىم ئۈچۈن بەكرەك غەزەپلىنەتتى. كېيىن ئۇ، بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئىنساپ قېنى؟ باشقىلارغا سەن يۈردۈڭ!
يىراقلىشىپ ئالاقەڭنى سەن ئۈزدۈڭ.
تاشلاپ كەتكەن بى ۋاپانى تاشلايمەن،
مەن بۇزمىدىم، ئۆز ئەھدىڭنى سەن بۇزدۇڭ.

مەن ئۇنىڭغا يىغلاپ ئىلتىجا قىلدىم.

"بەلكى سوز بىلەن كوڭلىنى ئالارمەن، ھېچ بولمىغاندا جازانى يېنىكلەشتۈرسە" دەپ ئويلايتتىم. شۇ چاغدا "ئەي ئوغلۇم! — دىدى موماي، — بەرگەن ئاق سۈتۈم ھورمىتى، بۇ خوتۇننى كەچۈر. بۇنىڭ شۇنچىلىك ئازاپلانغىدەك گۇناھى يوق، سەنمۇ ياشسەن. بۇنىڭ قارغىشىدىن قورقمەن!" شۇ سوزلەرنى دەپ مومايمۇ ھۆكرەپ يىغلىدى.

"كەچتىم! — دىدى يىگىت، — لېكىن پۈتۈن ئومرىدە ئىزى ساقلانغىدەك بىر جازا بېرىشىم كېرەك". ئۇ، قۇلىغا كىيىملىرىمنى يېشىشنى بۇيرۇدى. بېھى نوتىسىدىن چىۋىق ھازىرلاتتى. شۇ چىۋىق بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. بېشىم قېيىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ئۇ، ئۇردى، كېيىن قۇلىغا قاراپ:

"قاراڭغۇ چۈشكەندە، موماي بىلەن بىللە ئوزىنىڭ ئويىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلاڭلار"، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار خوجايىنىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلدى. ئويۈمدە داۋالاندىم، يارىلىرىمغا دورا سۈركىدىم. بەدىنىمنى ئاسرىدىم. تېز ئارىدا ياخشى بولدى. لېكىن، كورۈپ تۇرۇپسىلەركى، تاياقنىڭ ئىزى قالدى. توت

سوزلەي"، ــ دىدىم قۇلىغا، كېيىن بېشىمنى كوتەردىم، شۇنداق ئىززەتلىك ئىدىم، خورلۇققا چۈشتۈم. كوز ياشلىرىم تىنماي ئاقىدۇ. ئەلەم بىلەن يىغلاپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

سەن تۈندە ئۇخلىدىڭ، مەن ئويغاق ئوتتۇم،
كوز ئاچتىڭ مەس بولۇپ، ئوزىنى ئۇنۇتتۇم.
ئەمما پىكرىم مېنىڭ بولدى قېشىڭدا،
خىيالىم چەرخ ئۇرۇپ يۈردى بېشىڭدا.
يۈرەك تاقەتسىز، تىنىمسىز جېنىم،
كەزسە ئەتراپىڭدا دۈشمىنىڭ، سەن كىم؟
بېقىشقا پۇرسەتنى تاپسام ئەگەردە،
كوز يېشىم ئېقىپ توسقاي شۇ يەردە.
ھەممىنى بەرگەنمەن، لېكىن كورۇش يوق،
بېقىپ ھوسنۇڭگە بىردەم تۇرۇش يوق
ئەگەر ئولسەم مېنى قىلغىن سەر ئەفراز،
"مۇساپىر مەشۇقۇم قەۋرى" دەپ ياز.

ئېرىم غەزەپ بىلەن قاراپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

باغرىم تېشىپ، بولەكلەرگە يار بولدۇڭ،
بىگانىگە كۆتكىنىڭچە زار بولدۇڭ.
مەن ئوزەمگە مۇناسىپ يار تاپتىم دىسەم،
نامۇناسىپ يارغا ئۇچراپ خار بولدۇم.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، يەنىمۇ بەتتەرراق يىغلاپ، ئەپۇ قىلىشنى ئۆمىت قىلىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

يۈرىگىڭ تار، ئىنساپ سىغماس باغرىڭغا،
باغرىم ئۈزۈپ تاشلاپ قويدۇم يولۇڭغا!
بۇ ئەلەملىك جاراھەتكە نەزەر سال،



—ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

كېيىن خەلىپە بىرىنچى ئايالدىن:

"ئاچاڭنى جادى قىلغان جىننى كوردۇڭمۇ؟ ئۇ قەيەردە، بىلەمسەن؟" — دەپ سوراپتۇ.

"بىلىمەن! — دەپتۇ ئۇ، — ماڭا بىرنەچچە تال چېچىنى بەرگەن، چاچنى كويدۇرۇپ ئىسە-رىق سالسام كوھقاپتا بولسىمۇ ھازىر بولىدۇ."

ئون سەككىزىنچى كېچە

"چاچلىرىڭنى كەلتۈر!" — دەپتۇ خەلىپە.

ئايال ئېلىپ كەپتۇ. خەلىپە بىر تالنى كويدۇرۇپتۇ. چاچنىڭ ھىدى ئەمدى چىقىشقا باشلىغان ئىكەن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن ساراي يىمىرىلگەندەك بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قەيەردىندۇر جىن پەيدا بولۇپ سالام بېرىپتۇ.

"بۇ خوتۇن، — دەپتۇ جىن خەلىپىگە-قاراپ، — ماڭا ياخشىلىق قىلدى. مېنىڭمۇ ئەجرىنى ياندۇرۇشۇم زورۇر بولدى. ئۇ مېنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇردى، دۈشمىنىمنى ئولتۈردى. مەن ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلەتتىم. ئوچ ئېلىپ بېرىشنى زورۇر ھساپلىدىم، بۇنىڭغا سالغان زىيانلىرى ئۈچۈن ھەمشىرىلىرىنى ئولتۈرۈشنى ئويلىغان ئىدىم. مېنى قۇتقازغان ئايال خاپا بولمىسۇن دەپ، ئۇلارنى ئىتقا ئايلاندۇرۇۋەتتىم. ئەي خەلىپە، ئەگەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى خالىسىڭىز سىزنىڭ ۋە بۇ ئايالنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن قۇتۇلدۇرىمەن".

"قۇتقاز ئۇلارنى، — دەپتۇ خەلىپە، — تەكشۈرۈپ كورىمىز. ئاندىن كېيىن مانا بۇ ئايالغا زۇلۇم قىلىپ ئۇنىڭ بەدىنىنى جاراھەت

ئايغىچە ئۆزەمنى داۋالىدىم، ئاخىرى ساقايدىم. كېيىن ئەنە شۇ ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ئۆيگە قايتتىم. سارايدەك ھويلا خاراپلىشىپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىدىغان كوچىلار باشتىن ـ ئاياق بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بىز تۇرغان ئۆي ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپتۇ. ھەيران بولدۇم، نىمە ۋەقە بولغىنىنى بىلەلمىدىم. مانا بۇ ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم، ئۇنىڭ يېنىدا ئەنە شۇ ئىككى قارا ئىت تۇرغان ئىكەن. سالام بەردىم. ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق. بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى سوزلىدىم. بۇ سىڭلىم سالامەت قالغىنىمغا سۆيۈندى. ئۇمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلىدى، بىللە تۇرۇشقا باشلىدۇق. مەنمۇ، سىڭلىممۇ ئەرنى تىلغا ئالماي قويدۇق. بىزگە مانا بۇ بازارچى سىڭلىمىز كېلىپ قوشۇلدى. بۇ ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆتكەن كۈنگىچە شۇ يوسۇندا ھايات كەچۈردۇق. ئادەتتىكىچە بازارچى سىڭلىمىز ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىشقا بازارغا چىققان ئىدى. مۇنۇ ھامالغا يولۇقۇپتۇ. بىر ـ ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ قەلەندەر، كېيىنرەك سودىگەرلەر كېيىمدە سىلەر كىرىپ كەلدىڭلار. تېخى بىز بۇ بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرنى ئەسلىگىچىلىكمۇ بولمىغان ئىدۇق، ئۆزىمىزنى سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزدا كوردۇق. بىزنىڭ ۋەقەلىرىمىز شۇ، ـــ دەپ سوزىنى توگەتتى ئايال.

خەلىپە ھەيران بولۇپ، بۇ ئىبرەتلىك ھىكايىنى يېزىپ ئېلىپ ساقلاشنى بۇيرۇدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

# ئۈچ بېيت ھېكايىسى

بىر ئاخشىمى خەلىپە ۋەزىرى جەپەرگە مۇنداق دەپتۇ:

"بۈگۈن كېچىسى شەھەرنى ئايلىنىپ چىقايلى. ھاكىملار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى كوزدىن كەچۈرەيلى. ئۇلاردىن پۇقرالارغا زۇلۇم يەتكەنلىرى بولسا، تەكشۈرۈپ شىكايەتلىرىنى ئاڭلىساق، نارازىلىقلىرىنى بىلسەك، ئەگەر راست بولسا ئۇنداقلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىساق!" "خوپ!" — دەپتۇ جەپەر. خەلىپە، جەپەر ۋە مەسرۇر شەھەرنى ئايلىنىپ كورۇش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇلار بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدا كېتىۋاتقىنىدا، بېشىدا سىۋەت كوتەرگەن، قولىدا ھاسا تۇتقان بىر قېرى كىشى كورۇنۇپتۇ. ئۇ، ئاستا-ئاستا قەدەم يوتكەپ كېتىپ بېرىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئوخشىتىپ ئايغا مېنىڭ ئىلمىمنى بەرمەكتە باھا.

مەن دىدىم:

— ئىلىمگە ئارتۇق بۇ باھا بەلكى خاتا،
بۇ زاماندا يوق بىلىمنىڭ قەدرى، دولەت كېرەك،
بىلىم ئەھلىگە لايىق ئەمەس بۇنىڭدەك ئارتۇق باھا.
رازىمەن ئىلمىمنى قويۇشقا بىركۈنلۈك رىزقىغا گورو،
كىم ئۈچۈن كېرەك قەلەم- قەغەز ئۇنى ئالماس بىرو.
بىز پېقىر دەرتمەن كىشىمىز خارلىقتا ياشايمىز ھامان،

قىلغان كىشىنى تاپىمەن".

"خوپ خەلىپە، مەن ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن. سۇرۇشتۇرۇپ بىلەرسىز"، ــ دەپتۇ جىن. كېيىن جىن قولىغا سۇ توشقۇزۇلغان قاچىنى ئاپتۇ، سۇغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. "بۇرۇنقى سۇرىتىڭلارغا قايتىڭلار!"، ــ دەپ سۇنى ئىتلارغا سېپىپتۇ. ئۇلار ئەندىكىپتۇ-دە، ئۆز ئەسلىگە كېلىشىپتۇ، ئىككى ئىتنىڭ ئورنىدا چىرايلىق ئىككى چوكان پەيدا بوپتۇ.

"ئەمدى بۇ ئايالغا زۇلۇم قىلغان كىشىنى تاپ!"، ــ دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە. شۇ چاغدا:

"بۇ ئايال، ــ دەپتۇ جىن، ــ سىنىڭ ئوغلۇڭ ئەل ئەمىننىڭ خوتۇنىدۇر. بۇنى شۇ ئۇرغان. ئەل ئەمىن بۇنىڭغا ئاشىق بولغان" دەپ، قويۇلغان شەرتلەر بىلەن ئۆيلەنگىنىنى ۋە باشقا ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاياق سوزلەپتۇ. خەلىپە ئوغلىنى قىچقىرتىپ، ئايال ۋەقەسىنى سوراپتۇ. ئوغلىمۇ جىن ئېيتقاندەك ھكايە قىپتۇ. خەلىپە قازىلارنى ۋە گۇۋالارنى ھازىرلاپ، ئۈچ قەلەندەرگە ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرىنى نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا جاي بېرىپتۇ. كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپتۇ. ئۇرۇلغان ئايالنى ئوغلى ئەل ئەمىنگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. كوپ ئىنئام بېرىپ، ۋەيران بولغان جايلىرىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. يېڭى ئىمارەتلەر قۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. بازارچى ئايالنى خەلىپە ئۆزى نىكاھىغا ئاپتۇ. كېچىسى يېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئالى ساراي بېرىپ، قۇللارنى، چورىلەرنى خىزمىتىگە قويۇپتۇ.

"خوپ!" دەپتۇ ئاقساقال كىشى بۇ گەپتىن خوش بولۇپ. بېلىقچى ئۇلار بىلەن بىللە دەريا بويىغا بېرىپتۇ. تورنى يېيىپ تاشلاپتۇ. بىر نەرسە ئىلىنگەندەك قىلىپ، تور ئېغىرلىشىپتۇ. تارتىپ ئېلىپ قارىسا، ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىنغان ساندۇق ئىكەن. خەلىپە ساندۇقنى قىرلاتماقچى بوپتۇ، ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ. خەلىپە بېلىقچىغا يۈز تىللا ئالتۇن بېرىپتۇ. بېلىقچى ئۆيىگە كېتىپتۇ. جەپەر بىلەن مەسرۇر ساندۇقنى كۆتىرىپ خەلىپە بىلەن سارايغا قايتىپتۇ. شام يېقىپتۇ. ساندۇق خەلىپە ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. جەپەر بىلەن مەسرۇر ساندۇقنى بۇزۇپ ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئوراقلىق بىر گىلەم كۆرۈنۈپتۇ. گىلەمنىڭ ئاستىدا رومال كۆرۈنۈپتۇ. رومالنى ئېچىپ قارىغان ئىكەن، بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايال چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەلىپىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كۆزلەرىدىن ياش كېتىپتۇ.

"ئەي ۋەزىرلەر، — دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە قاراپ، — بۇ قانداق گەپ. مېنىڭ دەۋرىمدە ئادەملەرنى بوغۇزلاپ دەرياغا تاشلاپتۇ. بۇنىڭ جاۋاپكارلىغى مېنىڭ بوينۇمغا چۈشمەمدۇ؟ قاتىلنى ئەلۋەتتە تېپىپ، ئۇنى ئەڭ دەھشەتلىك ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرىمەن، بوۋام ئاپباس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ھەققىدە، — دەپتۇ خەلىپە قەسەم قىلىپ، كېيىن جەپەرگە قاراپتۇ، — بۇنى ئۆلتۈرگۈچىنى تېپىپ كەلمىسەڭ، بوۋاڭ بەرمەكنىڭ ھەممە ئەۋلادىنى سەن بىلەن قوشۇپ، مۇشۇ ساراي ئالدىدىكى دەرۋازىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن."

جەپەر خەلىپىنىڭ غەزىۋىنى كۆرۈپ موھلەت سوراپتۇ. خەلىپە ئۈچ كۈنلۈك موھلەت بېرىپتۇ. جەپەر غەم-قايغۇ بىلەن خەلىپە ئالدىدىن چىقىپ، شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ، نېمە قىلىشنى

يازدا ئۇزۇقسىز ئۇتەرمىز، قىشتا توڭلايمىز يامان.
ئۇتسە ئىلىم ئەھلى، ئىتلار قاۋاپ خارلايدۇ كوپ،
زارىنى ھىچكىم ئىشىتمەس، كىمگىمۇ زارلايدۇ خوپ.
بىر پەزىلەت ئەھلىنى تىپچ جاي ـ قەۋرى كۈتەر...
ئەھلى دولەت ئاي بولۇپ كوك ئۇستىدە پارلاپ ئۇتەر.

* * *

ھۈنەرلىرىم دەستىدىن مەن قىلمەن پەرياد،
ھەربىر ھۈنىرىم بىر نەپەس قىلدۇ ناشاد.
ئىراق مۈلكدە ھۈنەرۋەنلىك ئىپىپتۇر،
كىمكى ھۈنەرسىزدۇر بۇ يەردە ئازات.
جاھان ھۈنەرلىرىدىن ئالغان لەززىتىم شۇ،
كالتەك يەپ ئۇگەنگەن ھۈنىرىمدىن دەيمەن: "دات!"

خەلپە بۇ شېئىرلارنى ئاڭلاپ: "بۇ سوزگە قارىغاندا، بۇ كىشى بەكمۇ كەمبەغەل كورۇنۇدۇ"، ـ دەپتۇ. كېيىن ئۇ كىشىدىن: "قانداق ھۈنىرىڭىز بار؟" ـ دەپ سوراپتۇ.

"مەندە ھۈنەر جىق. ھازىر بىلىقچىمەن، ئايىلىم، بالام بار. كۈن كوتىرىلگەندە ئويدىن چىققان ئىدىم. كەچ كىرىپ مۈشۇ ۋاقىت بولدى. ھەركەت قىلدىم، ھىچ نەرسە تاپالمىدىم. بالىلىرىم ئالدىغا نىمە دەپ بېرىشىمنى بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ كوز ياشلىرىنى كورۇشكە تاقىتىم يوق. قۇرۇق قول بارغىنىمدىن كورە ئۇزەمگە ئولۇم تىلەپ كېتىپ بارىمەن، كوز نۇرۇم!" ـ دەپتۇ قېرى كىشى جاۋاپ بېرىپ.

"بىز بىلەن دەجلە دەرياسىغا بارساڭ، بىزنىڭ تەلىيىمىزگە ئاتاپ تور سېلىپ باقساڭ، تورۇڭغا نىمە چىقسا مەيلى، يۈز تىللا قىزىل ئالتۇن بېرىپ سېتىپ ئالاي!" ـ دەپتۇ خەلپە.

چاغدا، قىرىپ مۆكچەيگەن بىر بوۋاي يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئالدىراش يۈگۈرگىنىچە، ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ، جەپەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

"ئەي ۋەزىر، بۇ يىگىتنىڭ سوزىگە ئىشەنمەڭ، ئۇ خوتۇننى مەن ئۆلتۈرگەنمەن. مېنىڭ جازالىنىشىم كېرەك"، — دەپتۇ. يىگىت بولسا:

"ئەي ۋەزىر، بۇ قېرى ئەقلىدىن ئازغان. ئۇزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى ئۇزىمۇ ئۇقمايدۇ. ئايالنى مەن ئۆلتۈرگەن. مېنى ئېسىڭلار!" — دەپتۇ.

"ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ قېرى، — سەن ياشسەن، تېخى دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋىسىگە قانمىغانسەن! مەن بولسام، ئومرۇمنى ياشىدىم، يەيدىغاننى يېدىم، ئارزۇ-ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسىگە قاندىم. دۇنيادىن تويغانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايالنى مەن ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن مېنىڭ جازالىنىشىم كېرەك! مېنى دارغا ئېسىڭلار!"

ۋەزىر ھەيران قېلىپ يىگىتنىمۇ، قېرىنىمۇ، خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. خەلىپە ئالدىدا ئۇلار يەرنى سۆيۈپتۇ:

"ئايالنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تېپىپ كەلدىم!" دەپتۇ ۋەزىر.

"قېنى ئۇ؟" — دەپتۇ خەلىپە.

"مانا بۇ يىگىت ئايالنى مەن ئۆلتۈرگەن! — دەيدۇ — دەپتۇ ۋەزىر — بۇ قېرى كىشى بولسا، مەن ئۆلتۈردۈم، يىگىت يالغان سوزلەيدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلدىم"، — دەپتۇ.

خەلىپە قېرى بىلەن يىگىتكە دىققەت بىلەن قاراپ:

"قايسىڭ ئۆلتۈردۈڭ!" — دەپتۇ غەزەپ بىلەن.

بىلمەي قاپتۇ. "بۇ ئايالنىڭ قاتىلنى قەيەردىن ۋە قانداق قىلىپ تاپىمەن. ئەگەر تۆھمەت بىلەن باشقا بىرسىنى ئېلىپ كەلسەم، ئۇنىڭ قىساسىغا قالىمەن"، — دەپ ئويلاپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ يېتىپتۇ. توتىنىچى كۈنى خەلىپە كىشى ئەۋەتىپتۇ. جەپەر خەلىپە ئالدىغا كەپتۇ. "قاتىل قېنى؟" — دەپ سوراپتۇ خەلىپە. "تاپالمىدىم!" دەپتۇ جەپەر. خەلىپىنىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۇرلەپتۇ. جەپەرنى ساراي دەرۋازىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەۋلادى بىلەن دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇنى ئېسىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن شەھەر خەلقىغە خەلىپىنىڭ ۋەزىرى جەپەر بەرمەكى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى قوشۇپ دارغا ئېسىشقا بۇيرۇغانلىغىنى جاكا قىلدۇرۇپتۇ، جەپەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى كورۇش ئۇچۇن، ھەر تەرەپتىن ئادەملەر كېلىشىپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ دارغا ئېسىلىشىنىڭ سەۋەۋىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. دار ھازىرلىنىپتۇ. ۋەزىر ۋە باشقىلار دار ئاستىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. جاللاتلارنىڭ كوزى خەلىپىنىڭ ھوكمىگە، قولىغى بۇيرۇقىغا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا يېڭى كىيىم كىيگەن ناھايەتىمۇ چىرايلىق بىر يىگىت يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، ئالدىراشلىق بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئوزىگە يول ئېچىپ، جەپەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ:

"سىزگە كېسىلگەن بۇ جازا ماڭا تېگىشلىك، ساندۇقتىكى ئولۇك چوكان مېنىڭ ئايىلىم. ئۇنىڭ قاتىلى مەن. مېنى دارغا ئېسىڭلار! مەندىن قىساس ئېلىڭلار!" — دەپ ئوزىنى جەپەر ۋەزىرنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ. جەپەر ئوزىنىڭ داردىن قۇتۇلغانلىغىغا سۆيۈنگەن بولسىمۇ، يىگىتنىڭ ياشلىغىغا ئېچىنىپتۇ. بۇ يىگىتنى كورگەنلەر ھەيران بولۇپ، بىر بىرى بىلەن پىچىرلىشىپتۇ. شۇ

يۈرۈپ، بىر قېرى باغۋەنگە دۇچ كەلدىم، ئۇنىڭدىنمۇ سورىدىم. "ئەي ئوغلۇم، بۇ يەردىن بىھى تېپىش تەس. بەلكىم تېپىلماس، ئۇنى ھازىر بەسرە ھاكىمىنىڭ بېغىدىن تېپىش مۇمكىن بولار. ئۇنىڭ باغۋەنلىرى خەلىپە ئۈچۈن بىھى ساقلايدۇ ۋە خەلىپىگە بىھى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ"، — دېدى باغۋەن. مەن ئۇيىگە يېتىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم كۆڭلۈمنى تىنجىتمىدى. باغۋەن ئېيتقان بەسرىگە قاراپ ماڭدىم، كېچە-كۈندۈز دىمەي، ئون توت كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچ بىھىنى ئۈچ تىللاغا ئېلىپ كېلىپ بەردىم. ئۇ بىھىنى قولۇمدىن ئېلىپ پۇراپ قويۇپ قويدى. مەن دۇكىنىمغا چىقىپ كەتتىم، سودا قىلىپ ئولتۇراتتىم. چۈش ۋاقتى ئىدى، بىر قارا زەڭگى كەلدى. قولىدا بىھىسى بار ئىكەن، ئوييناپ كېتىپ بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن:

"ئەي ياخشى كىشى، سەن بۇ بىھىنى نەدىن ئالدىڭ. ماڭىمۇ بىر نەچچە دانىسى كېرەك ئىدى"، — دەپ سورىدىم. ئۇ زەڭگى كۈلۈپ تۇرۇپ: "ئوينىشىمدىن ئالدىم. مەن باشقا تەرەپكە كەتكەن ئىدىم، قايتىپ كەلسەم، سۆيۈملۈكۈم كېسەل ئىكەن. يېنىدا ئۈچ بىھى تۇرغان ئىكەن، ئۇ: "ئەخمەق ئېرىم شۇ بىھى ئۈچۈن بەسرىگە بېرىپ، ئۈچ بىھىنى ئۈچ تىللاغا سېتىپ ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ ماڭا بىرىنى تەقدىم قىلدى"، — دېدى. ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، دۇنيا كوزۇمگە قاراڭغۇ بولۇپ كورۇندى. دىمىغىمدىن ئاچچىق دۇت چىقىپ كەتتى. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، دۇكاننى ئەتتىم. ئايىلىمنىڭ ئالدىغا باردىم. قارىسام، بىھىنىڭ ئىككىسى تۇرۇپتۇ. "ئۈچىنچىسى قېنى؟" دەپ سورىدىم. "ئۇقمايمەن، ئۇنى كورگۇنۇممۇ يوق!" — دېدى ئايىلىم. بايىقى ئادەمنىڭ سوزىنى راست

"مەن!" — دەپتۇ يىگىت.

"يالغان سوزلىمە، مەن ئۆلتۈردۈم"، — دەپتۇ قىرى.

"ھەر ئىككىسىنى ئاس!" — دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە قاراپ ئاچچىغى بىلەن. جەپەر قارشى چىقىپتۇ:

"بىر كىشىنىڭ خۇنى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈش زالىملىق بولىدۇ، خەلىپە"، — دەپتۇ.

"ئايالنى مەن ئۆلتۈردۈم" دەپتۇ يىگىت ۋە ساندۇقنىڭ بەلگۈلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. خەلىپە ھەيران بولۇپ، بۇ ۋەقەگە قىزىقىپتۇ:

"نىمە ئۈچۈن ئۇ ئايالنى ئۆلتۈردۈڭ ۋە نىمە ئۈچۈن ھېچكىم بىلمىگەن سىرنى ئۆزەڭ كېلىپ ئاشكارە قىلىپ، دارغا ئېسىلىشنى سورايسەن؟" — دەپتۇ.

"ھۆرمەتلىك خەلىپە، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ ئايال مانا بۇ قىرى تاغامنىڭ قىزى، مېنىڭ خوتۇنۇم ئىدى. بۇ قىرى كىشى مېنىڭ قېيىنى ئاتام بولىدۇ. بىز خېلى يىللار بىللە ئۆمۈر كەچۈرۈپ، ئۈچ ئوغۇل كوردۇق. ئۇ مېنى ناھايىتىمۇ ياخشى كورەتتى. مەن ئايلىمىدىن ھېچقانداق يامانلىق كورمىگەن ئىدىم. مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ئۇ قاتتىق ئاغرىدى. تېۋىپلارغا كورسەتتىم، تۈزەلدى. ھامامغا ئېلىپ بارماقچى ئىدىم. ئۇ "ھامامغا بېرىشتىن بۇرۇن، بىر نەرسىنى كوڭلۇم تارتىۋاتىدۇ"—دىدى. "نىمە ئۇ، ئېيتقىن!"—دىدىم، "بىھى بولسا پۇرايتتىم، ئازراق يىگىممۇ بار ئىدى"، — دىدى. مەن بىھى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتىم. پۈتۈن شەھەرنى ئىزلىدىم، تاپالمىدىم. ئەگەر شۇ چاغدا بىھىنىڭ باھاسى بىر تىللا بولسىمۇ ئالاتتىم. غەم بىلەن خىيال سۈرۈپ كېچىنى ئوتكۈزدۈم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شەھەر باغلىرىغا بېرىپ بىرمۇ بىر ئايلىنىپ كوروۈپ



ئىكەن دەپ ھىس قىلدىم. پىچاقنى غىلاپتىن سۇغىرىپ ئېلىپ، ئارقىسىدىن كېلىپ، كوكسىگە تىزىمنى تىرەپ ئولتۇردۇم، ئىندە-مەي بوينىغا پىچاق سالدىم ۋە كاللىسىنى شارتتىدە كېسىپ ئالدىم. پەردە ۋە رومال بىلەن ئوراپ، گىلەمگە يوگەپ، ساندۇققا سالدىم، ئوز خېچىرىمغا ئارتىپ دەجلە دەرياسىغا ئېلىپ باردىم. ئوز قولۇم بىلەن دەرياغا تاشلىدىم. مەندىن تېزرەك قىساس ئېلىڭ! بۇ سىرنى ھىچكىم بىلمەيتتى، چوڭ ئوغلۇمغا كوزۇم چۇشتى. ئۇ، يىغلايتتى. ئۇ، ئانىسىنىڭ ئولۇمىدىن خەۋەرسىز ئىدى. "نىمىشقا يىغلايسەن؟"—دەپ سورىدىم. ئوغلۇم يىغلاپ، "بىھىنىڭ بىرسىنى ئېلىپ ئۇكىلىرىم بىلەن كوچىدا ئويناپ يۇرگەن ئىدىم. قاۋۇل بىر زەڭگى ئېتىلىپ كېلىپ، بىھىنى قولۇمدىن تارتىۋالدى-دە: "قەيەر-دىن ئالدىڭ!"—دەپ دوق قىلدى. "كېسەل ئانام ئۇچۇن ئاتام ئەتەيلەپ بەسرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئۇچىنى ئۇچ تىللاغا سېتىپ ئېلىپ كەلگەن"—دىدىم ۋە مەن بۇ سوزنى ئىككى-ئۇچ قايتۇرۇپ تەكىرارلىدىم. لېكىن، زەڭگى بىھىنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. ئۇنى ئاز دەپ، مېنى ئۇرۇپ ئوز يولىغا كەتتى. ئانامدىن قورقۇپ تېخىچە ئويگە كىرەلمەي، ئۇكىلىرىم بىلەن شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلدىم"، دىدى بۇ سوزنى ئاڭلاپ، زەڭگىنىڭ سوزى تاغامنىڭ قىزى ئۇچۇن تامامەن ئويدۇرۇپ چىقىلغان بوھتان ئىكەنلىگىنى ئېنىق بىلدىم. ئۇنى بىگۇنا ئولتۇرگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئەلەم بىلەن يىغلىدىم. كېيىن، بۇ بوۋاي ئويگە كىرىپ كەلدى. مەن تاغامغا بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بەردىم. تاغامۇ پېنىمغا ئولتۇرۇپ يىغلىدى. يېرىم كېچىگىچە يىغلىدۇق. بەش كۇنگىچە ماتەم تۇتتۇم. بىز بۇگۇنگىچە ئۇنىڭ ناھەق ئولگەنلىگىگە

ئوزىڭىزنى زەڭگىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدۇ"، — دەپتۇ. جەپەر بۇ سوزنى ئاڭلاپ يېڭىۋاشتىن يەنە يىغلاپتۇ. بالىلىرى بىلەن بىر بىرلەپ يىغلىشىپ خەيرلىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئامراق كىچىك قىزىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنى باشقا بالىلىرىنىڭ ھەممىسىدىنمۇ ياخشى كورۇ-دىكەن. ئۇنىڭ بېشىنى كوكرىگىگە بېسىپ خەيرلەشمەكچى بوپتۇ. قارىسا قىزىنىڭ يانچۇغى دومباق تۇرغىدەك، قاراپ ئۇنىڭ بېھى ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ.

— يانچۇغۇڭدىكى بېھىنى كىم بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ قىزىدىن.

"بۇنى بۇنىڭدىن توققۇز كۈن بۇرۇن خىزمەتچىمىز رەيھانى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ناھايىتى تەسلىكتە ئىككى تىللاغا سېتىپ ئالدىم"، — دەپتۇ قىزى. جەپەر قۇل بىلەن بېھىنىڭ دېرىگىنى ئاڭلاپ ناھا-يىتى خوش بوپتۇ:

"رەيھاننى قىچقىرا!" — دەپتۇ. رەيھانى كېلىپ سالام بېرىپتۇ.

"بەختى قارا، — دەپتۇ جەپەر رەيھانىغا — بۇ بېھىنى قەيەردىن ئالدىڭ؟"

"ئەي غوجام، — دەپتۇ قۇل، — يالغان سوز كىشىنى ئالداپ ئولۇمدىن قۇتۇلدۇرغىنىدەك، ھەقىقەتمۇ كىشىنى دەردى - بالادىن قۇتۇلدۇرىدۇ. مەن بۇ بېھىنى سىزنىڭ ھوجرىڭىزدىن ئوغرىلىغىنىم يوق، بۇنىڭدىن توققۇز كۈن ئىلگىرى شەھەرنىڭ بىر كوچىسىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان ئىدىم، بىر توپ ياش بالىلارغا كوزۇم چۈشتى. بىرىنىڭ قولىدا شۇ بېھى بار ئىكەن، تارتىپ ئالدىم. ئۇ بالىنى ئۇردۇم، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: "ئەي ئاكا، بۇ بېھى ئانامنىڭ، ئانام كېسەل. ئاتامدىن بېھى سورىغان. ئاتام بېھى

قايغۇرىمىز. بۇنىڭ ھەممىسى شۇ زەڭگىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈش تارىخى مانا شۇ. بوۋىلىرىڭىزنىڭ ھورمىتى، مېنى تېزرەك ئېسىڭ، ئۇنىڭسىز ھاياتلىق ماڭا كېرەك ئەمەس“ — دەپتۇ يىگىت.

"ئەلۋەتتە، شۇ زەڭگىنى تېپىپ جازالايمەن!“ — دەپتۇ خەلىپە.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئون توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"يىگىت ئۆزرىلىك ئىكەن، زەڭگىنى تېپىپ جازالايمەن! — دەپتۇ خەلىپە جەپەرگە قاراپ، — ئەگەر شۇ زەڭگىنى تېپىپ كەلمىسەڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى ئۆلتۈرىمەن“.

جەپەر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. "زەڭگىنى قەيەردىن تاپاي دەپ“، — زار-زار يىغلاپتۇ. "بۇ نوۋەت قۇتۇلۇشۇم ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ساڭزا يىگىلى ھەمىشە ھېيت ئەمەس“، — دەپ ئۈمىتسىزلىنىپتۇ. بىرەر ھىلە ئىشلەپ تېپىشقا كۆڭلى تارتماي، ئۈچ كۈنگىچە ئۆيىدىن چىقماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئۆيىگە قازىنى قىچقىرتىپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بالىلىرى بىلەن خەيرلىشىپتۇ. بالىلىرىمۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ يىغا ساپتۇ. جەپەرمۇ ئۆزىنىڭ يىغىسىنى باسالماپتۇ. شۇ ۋاقىتتا خەلىپە ئەۋەتكەن كىشى كىرىپ كەپتۇ: "خەلىپە ناھايىتى ئاچچىغى بىلەن سىزنى يوقلىماقتا، ئەگەر بۈگۈن سىز زەڭگىنى تاپمىسىڭىز

جەپەر خەلپىگە، — نۇرىدىن بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى شەمسىدىننىڭ ھېكايىسىدىك قىزىق ئەمەس."

"ئۇ، قانداق ۋەقە ئىكەن؟" — دەپ سوراپتۇ خەلپە.

"ئەي خەلپە، — دەپتۇ جەپەر، — قۇلۇمنى ئۇلۇمدىن ئازات قىلمىسىڭىز ئېيتمايمەن".

"ھېكايەڭ بۇ ۋەقەدىن قىزىق بولسا ئازات قىلىمەن!" — دەپتۇ خەلپە. ۋەزىر ھېكايىگە كىرىشىپتۇ.

بىلەن تۇزىلەمدىكىن؟ دەپ، بەسىرە دىگەن جايدىن ئۇچ بىھىنى ئۇچ تىللاغا سېتىپ ئېلىپ كەلدى. مەن بىرىنى ئويناش ئۇچۇن ئانامغا كورسەتمەي ئېلىپ چىققان ئىدىم. قايتۇرۇپ بېرىڭ!"—دەپ قانچە يېلىنغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ زارلىنىشىغا ئېتىۋار قىلماي ئېلىپ كېلىۋەردىم. بۇ يەردە كىچىك مەلىكەم بىھىنى كورۇپ، ئۇنى ئىككى تىللاغا مەندىن سېتىپ ئالدى."

جەپەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇلۇمگە ئوزىنىڭ قۇلى رەيھانى سەۋەپ بولغىنىنى بىلىپتۇ. قۇلىنىڭ ئوزىگە يېقىن بولغانلىقىغا ئېچىنىپتۇ، ئوزىنىڭ قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ.

قۇلدىن زىيان تارتقان كىشى ئوز ھاياتى يولىدا،
شۇ قۇلىنى قۇربان قىلىپ يەنە ئالار باشقا قۇل.
كوپ قۇللارنى ئېلىش-سېتىش ئىختىيار ئوز قولۇڭدا،
ئەمما ئوزەڭ ئوخشاشنى تاپالمايسەن، سەن پۇتكۇل.

باشقىلار چارە تېپىپ ئوز دەردىگە دەرمان قىلار،
بولمىسا ماڭا چارە، مەن نىمىنى دەرمان قىلاي.
ئىشقى ئەھلى ھەممىدىن سۆيگىنى پىنھان تۇتار،
مەن ئۇنىڭ مىھرىنى پاش، دەردىنى پىنھان قىلاي.
بۇ ھەۋەس ئوزىنى ئىشق دەپ ئېلان قىلار،
ئايرىلىشنىڭ ئەلىمدە نالە-زار ئەپغان قىلاي.

جەپەر قۇلىنى ئوزى بىلەن بىللە خەلىپە ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ. خەلىپە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ. ئىبرەتلىك بۇ ھىكايىنى يېزىپ تارقىتىش بىلەن بىللە خەزىنىدىمۇ ساقلاشنى بۇيرۇپتۇ. "بۇ ھىكايە، —دەپتۇ

شەمسىدىننىڭ ئىكەن. شۇ كېچە ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئۇ-بۇ توغرىدا
سۆزلىشىپ كېلىپ، ئاخىرى ئاكىسى ئۇكىسىغا ئۆيلىنىشنى ئويلاۋات-
قانلىقىنى ئېيتىپتۇ. "چوڭ بولدۇق، بىزنىڭمۇ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمىز
بولۇپ قالدى. ھەر ئىككىمىز بىر كۈندە ئۆيلەنسەك بەكمۇ كۆڭۈل-
لۈك بولاتتى،" — دەپتۇ. "قارشىلىقىم يوق!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ
ئۇكىسى. ئۇلار مۇنداق قارار قىلىشىپتۇ: "بىز بىر كۈندە ئۆيلىنىمىز.
ئاياللىرىمىز بىر كۈندە تەڭ تۇغسا، بىرسىنىڭ تۇغقىنى ئوغۇل،
يەنە بىرسىنىڭ تۇغقىنى قىز بولسا، ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ
قويساق، ئۇلار ئەر-خوتۇن بولۇشسا."

"ئەي ئاكا، — دەپتۇ نۇرىدىن، — ئۇ ۋاقىتتا قىزىڭ تويلۇغى
ئۈچۈن مېنىڭ ئوغلۇمدىن نېمە ئالىسەن؟" "تويلۇق ئۈچۈن ئۈچ مىڭ
تىللا پۇل، ئۈچ باغ، ئۈچ كەنت ئالىمەن. مېھرى ھەققى بۇنىڭدىن
كەم بولسا توغرا بولمايدۇ"، — دەپتۇ. "مېنىڭ ئوغلۇم شۇنچىلىك
نەرسە بېرەمدۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ نۇرىدىن، — ئىككىمىز
ئاكا-ئۇكا ۋە باراۋەر دەرىجىدىكى ۋەزىر. بىر-بىرىمىزدىن شۇنچە
كۆپ دۇنيا-مال تەلەپ قىلساق، ئۆزىمىزگە ياخشىمۇ؟ سۈرۈشتۈر-
گەندە، مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ مەرتىۋىسى سېنىڭ قىزىڭدىن ئۈستۈن.
چۈنكى، كىشىنىڭ ياخشى ئاتىغى-نامى ئوغۇل بىلەن چىقىدۇ.
سېنىڭ سۆزۈڭگە قارىغاندا، قىزىڭنى ئوغلۇمغا بەرمىسەڭ كېرەك.
چۈنكى، سېتىشنى خالىمىغان مالنىڭ باھاسى يۇقۇرى. بەرمەس
قىزنىڭ تويلۇغى ئېغىر بولىدۇ" دەپتۇ. شەمسىدىن ئۇكىسىدىن
بۇ گەپنى ئاڭلاپ: "ھەي ئۇكام! سەن ئەقىلسىزلىق قىلىپ مەن
بىلەن يات كىشىلەردەك تالاشما، شەك يوقكى، سەن ئوغلۇڭنى
مېنىڭ قىزىمدىن يۇقۇرى قويۇپ ئارتۇق كۆرسەتكىنىڭ، — ۋەزىرلىكتە

# نۇرىدىن بىلەن ئاكىسى شەمسىدىننىڭ ھېكايىسى

"مىسىر شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئۈلگىسى ئىكەن. ئۇنىڭ دانىشمەن ۋە قاملاشقان بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ ۋەزىر يېشى چوڭ كىشى بولۇپ، ساقاللىرى ئۇقاردەك ئاپپاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ بىر بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى شەمسىدىن، كىچىگە-نىڭ ئىسمى نۇرىدىن ئىكەن. نۇرىدىن ئاكىسىغا قارىغاندا يەنىمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھەتتا ئۇنى كورۇش ئۈچۈن چەتئەللەردىنمۇ ئادەملەر كېلىشىپتىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىر ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي ۋاپات بوپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا قايغۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ باللىرىغا مېھرىبانلىق قىلىپ، شاھانە كىيىملەر تەقدىم قىپتۇ:

"سىلەرنى، — دەپتۇ شاھ، — ئاتاڭلارنىڭ ئورنىغا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدىم. شۇ ۋەزىپىنى سىلەر ئۆتەڭلار".

ئۇلار خوش بوپتۇ. شاھ ئالدىدا ئىگىلىپ تۇرۇپ تازىم قىپتۇ. راسا بىرئاي ئاتىسىغا ماتەم تۇتۇپتۇ. كېيىن ھەر قايسىسى بىر ھەپ-تىدىن ۋەزىرلىك قىلىشىدىكەن. شاھمۇ بىر يەرگە بارسا ئۇلارنىڭ بىرىنى نوۋەت بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە شاھ تاڭ ئاتقىچە سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. سەپەر نوۋىتى

ساياھەت خۇددى تاغدىن ئاشقان ئاھۇغا ئوخشايدۇ.
ئوقۇڭ ئېتىلمىغۇنچە تەگمىگەي مەقسەت-نىشانغا.
ئايالغان جان ئۇنىڭدا كويكۈچى پىراق ئوتىغا ئوخشايدۇ.
كومگەن ئالتۇن كومۇرگە تەڭ، قەدرى-قىممەتتە.
خەزىنە تۇرسا گويا، ساق-ھۇشيارغا ئوخشايدۇ.

* * *

بۇ مەنسەپ ئورنىدۇر، ئەمەس نىمەت ئويى،
كېتەيمەن بۇ ماكاندىن ئومرۇم بويى.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرىدىن قۇللىرىدىن بىرىنى قىچقىرتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئېتىنى يېپەك توقۇم، ئالتۇن جابدۇقلۇق ئىگەر بىلەن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئات ئېلىپ كېلىنىپتۇ. شۇ يەردە ئېتىغا ئەرەپ خۇرجۇننى ئارتىپ مىنىپ تۇرۇپ، قۇلىغا: "كوڭلۇم ئەلقەيلۇبىيا كەتتىگە بېرىشنى ئىستەيدۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن، ھېچكىم ئۇ يەرگە مېنىڭ ئارقامدىن ئىزلەپ بارمىسۇن!" — دەپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە قاھىرەدىن چىقىپ، دەشتۇ-باياۋانغا قاراپ مېڭىپتۇ. چىڭ چۈش ۋاقتى بىلەن ئابىلىس شەھرىگە كەپتۇ. ئېتىدىن چۈشۈپ دەم ئاپتۇ. كېيىن ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ، يەم-خەشەك راسلاپ يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى چۈشتە قۇددۇس شەھرىگە كېلىپ، سارايغا چۈشۈپتۇ. غىزالىنىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن، گىلەمنى تېگىگە سېلىپ خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ يېتىپتۇ. ئاچچىغى تېخى بېسىلمىغان ئىكەن. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەنە ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ھەلەب شەھرىگە كېلىپ، بىر كارۋان سارىيىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن دەم ئاپتۇ. ئۇياق-بۇياقلارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ يەنە يولغا چىقىپتۇ. نەگە بېرىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. بەسرە شەھرىگە بېرىپ، كارۋان سارىيىغا كىرىپ، ئېتىدىن چۈشۈپتۇ.

ئۆزەڭگىنى مەن بىلەن باراۋەر قويىدىغانلىق چوڭ ئەخمەقلىق. مەن شەپقەت قىلىپ سېنى ۋەزىرلىككە كۆتەرمىسەم سېنىڭدە ئەقىل ۋە ئەخلاقتىن نېمە بار؟ مەن سېنى بۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈشۈمدىن مەقسەت باشقىچە ئىدى. بىر تەرەپتىن ماڭا ياردەمچى بولۇپ ھەمكارلاشسۇن، ئىككىنچىدىن روھى چۈشۈپ خاپا بولمىسۇن دېگەننى ئويلىغان ئىدىم. ئەمدى سەن مېنىڭ يۈزۈمگە قاراپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى قىلدىڭ. ئەمدى تاغدەك دۇنيا بەرسەڭمۇ، ئوغلۇڭغا قىزىمنى بەرمەيمەن!» نۇرىدىن ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ: «مەنمۇ ئوغلۇمغا سېنىڭ قىزىڭنى ئېلىپ بەرمەيمەن!»—دەپتۇ ئۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەمسىدىن: «مېنىڭ ئالدىمدا سەپەر بار. بولمىسا، ئەدىۋىڭنى بېرىپ قوياتتىم. كوپ ھولۇقۇپ كەتمە. سەپەردىن كېلەي، ئاندىن كېيىن كورۇشىمىز، سۆزلىشىمىز»—دەپتۇ. نۇرىدىننىڭ غەزىۋى ئوتتەك يېنىپ ئورلەپتۇ. دىۋاندىن چىقىپ كەتكۈدەك ھالغا كەپتۇ. لېكىن ئۇ، ئوزىنى تۇتۇۋېلىپ ئارتۇق گەپ ياندۇرماپتۇ. ھەممە گەپلەرنى كوڭلىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ھەر بىرى ئۆزىچە كېچىنى ئوتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئېتىپ، شاھ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. شەمسىدىن شاھ بىلەن يولغا چىقىپتۇ. نۇرىدىن نامىزىنى ئوتەپ خەزىنىگە كىرىپتۇ. بىر خۇرجۇنغا ئالتۇن ئاپتۇ. ئاكىسىنىڭ ھاقارەتلىك سوزلىرىنى ئەسلەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

سەپەر قىلماق خۇددى كوپۈك سۇغا ئوخشايدۇ،
ئۇزاق تۇرسا سۇ سېسىپ ئوغىغا ئوخشايدۇ.
ئاڭلىماق، كورمەكتىن پەرق ئېتەر يەر ۋە ئاسماندەك،
بىرسىنىڭ ئېيتقىنى چۈش، ئاڭلىغىنى ئۇيقۇغا ئوخشايدۇ.
قىزىشىنىڭ ئورنى بار، كىم ئۇنى بىلمەس، تاشلىنار پەرقسىز،

نۇردىن بېشىنى ئىگىپ جىم تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ نۇردىننى ئۆز ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. خۇرجۇن-قاچىلىرىنى ئېتىغا ئارتىپ، ئۇنى ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ ھوجرىسىنىڭ قاتارىدىكى بىر ئۆيگە چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ھۆرمەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆڭلىدە يىگىتكە ئاتا-بالىلىق مۇھەببەت پەيدا بوپتۇ.

"مەن قېرىپ قالدىم، — دەپتۇ بىر كۈنى ۋەزىر، — ئوغلۇم يوق. ئۆيۈمدە ساڭا تەڭ كېلىدىغان بىر قىزىم بار. ھازىرغىچە كۆپ ئەلچىلەر كەلدى، ئۇلارنى ياقتۇرماي قايتۇردۇم. لېكىن، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنىڭ دىلىمغا ئورناشتى. قىزىمنى چورىلىككە ئېلىشقا رازىلىق بەرسەڭ، مەن سېنى بەسرە شاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇكامنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۆز ئورنۇمغا ۋەزىر قىلىپ، پۇت-قولۇمنى بوشاتسام."

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان نۇردىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ "خوپ!" دېگەن جاۋاپنى بېرىپتۇ. ۋەزىر خوش بولۇپ، ئادەتتە ئەمەلدارلارنى كۈتىدىغان ئالاھىدە ئۆينى زىننەتلەشكە ئەمرى قىپتۇ. كېيىن ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى، دۆلەت ئەرباپلىرىنى، يۇرت موتىۋەرلىرىنى قىچقىرتىپتۇ، ھەممە ھازىر بولغان چاغدا:

"سىلەرگە مەلۇمكى، — دەپتۇ ۋەزىر — قاھىردە ۋەزىرلىك قىلىپ تۇرغان ئاكامنىڭ ئوغلى بار ئىدى. مېنىڭ ئوغلۇم يوق، بىرلا قىزىم بار. ئاكامنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن، شۇ قىزىمنى ئوغۇللىرىنىڭ بىرسىگە بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. ئاكام رازى بولۇپ ۋەدە بەردى. ۋەدىسىگە مۇۋاپىق بۈگۈن مانا بۇ يەردە ئولتۇرغان ئوغلىنى ئەۋەتىپتۇ. يېتىپ كېلىشى بىلەن، قىزىمنى نىكاھلاپ قويۇشقا قارار قىلدىم. ھېچ شۇبھە يوقكى، ئۇ

گىلەمنى يېشىپ خۇرجۇننى ئاپتۇ. ئاتنى دەرۋازىۋەنگە سوۋغۇتۇشقا بېرىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئاتنى يېتىلەپ يۈرگەن ئىكەن، ساراي دەرۋا- زىسىدىن كوچىنى كوزىتىپ ئولتۇرغان بەسرە شاھىنىڭ ۋەزىرى ئاتنى كورۇپ قاپتۇ. "قىممەتلىك جابدۇق ۋە ئىگەر-يۈگەنلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئات، — دەپتۇ ۋەزىر ئوز ئوزىگە، — پادىشا ياكى ۋەزىرلەرنىڭ مىنىدىغان ئېتى. كىم كەلگەندۇ؟" ئۇ ئاخىرى ئات يېتىلىگەن دەرۋازىۋەننى چاقىرتىپ كىرىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئىگىلىپ تازىم قىپتۇ ۋەزىر خېلى قېرى ئادەم ئىكەن. دەرۋازىۋەندىن ئاتنىڭ ئىگىسىنى سوراپتۇ. "بۇ ئاتنىڭ ئىگىسى، — دەپتۇ دەرۋازىۋەن، — سودىگەر ئەۋلادىدىن، چىرايىدا تېگى يوق بىر يىگىت. ھازىرلا كېلىپ سارايغا چۈشتى" ۋەزىر شۇ زامانلا ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. كارۋان سارىيىغا مېڭىپتۇ. يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. نۇرىدىن بۇ ۋەزىرنى كورۇش بىلەن ئورنىدىن تېز تۇرۇپتۇ، ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ. ۋەزىر ئاتتىن چۈشۈپ، نۇرىدىن بىلەن كورۇشۇپتۇ:

"قەيەردىن، نىمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ئوغلۇم؟" — دەپتۇ ۋەزىر نۇرىدىنغا.

نۇرىدىن ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سوزلەشكە كىرىشىپ:

"قاھىرىدىن كەلدىم، ئاكام ۋەزىر ئىدى. مەن ناھايىتى قىسىلدىم. ھەممە شەھەرنى، ھەممە ياقنى كورمىگىچە يۇرتۇمغا قايتماسلىققا شەرت قىلدىم"، — دەپتۇ.

"ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇنداق ئەركىنلىككە يەتكەن كىشى تېخى يوق. بۇنداق ھەۋەس كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر يولۇڭنى شۇنداق داۋام قىلىۋەرسەڭ، ئاخىرى بىرەر پاجىەگە يولۇقۇشۇڭ مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن."

كىرىپتۇ...

ئەمدى سوزنى شەمسىدىندىن ئاڭلايلى! بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ، شاھ بىلەن سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئۇكىسى يوق. قۇللىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلار:

"سىز شاھ بىلەن سەپەرگە كەتكەن كۈنى كەينىڭىزدىن ئۇزدىنىڭ ئىتىنى مىنىپ: "دىلىم قىسىلدى. بىر نەچچە كۈن ئەلقەيلۇبىيا تەرەپنى ئايلىنىپ كېلىمەن"، — دەپ يولغا چىققان ئىدى. "ھېچكىم ئارقامدىن بارمىسۇن" دەپ تەكىتلىدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر يوق"، — دېيىشىپتۇ.

شەمسىدىن ئۇكىسىدىن ئايرىلغىنىغا خاپا بوپتۇ. ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئۇزگۈرۈپتۇ. "بۇنىڭ سەۋەبى — دەپتۇ شەمسىدىن ئۇز - ئۇزىگە، — شۇ كېچە ئارتۇق گەپ قىلىپ، خاپا قىلىپ قويغىنىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ گەپلەرنى ئۇكام كوڭلىگە ئالغان، قاتتىق قىسلغان، نىمە قىلىشىنى بىلمەي چىقىپ كەتكەنىدۇ." شەمسىدىن ۋەقەنى شاھقا بايان قىپتۇ. شاھ ئۇزىگە قاراشلىق شەھەر، ۋىلايەت باشلىقلىرىغا خەت يېزىپتۇ. بىراق، نۇرىدىن يىگىرمە كۈن ئىچىدە ناھايىتى يىراق كەتكەن ئىكەن. ھەر تەرەپتىن ئىزلەپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئىنىق بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلەلمەپتۇ. شەمسىدىن قايغۇغا چومۇپتۇ. ئۇ، ئۇزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ؛ قىسقا ئويلىغىنىغا، تەدبىرسىزلىگىگە ئېچىنىپتۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۇتكەندىن كېيىن شەمسىدىن قاھىرە شەھىرىدىكى بىر باينىڭ قىزىنى ئاپتۇ. بۇ ئاجايىپ بىر ئىشكى، نۇرىدىن ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئالغان كۈنى شەمسىدىنىڭمۇ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ. باشتا سوزلەنگەن شەرتكە مۇۋاپىق ئاياللىرىنىڭ قوساق كوتىرىشى، تۇغۇشى بىر كۈنگە توغرى كەپتۇ.

ھەرقانداق ياتتىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل. ئەگەر خالىسا، مېنىڭ بىلەن بۇ يەردە تۇرىدۇ. ئاتىسىنىڭ يېنىغا بېرىشنى خالىسا، قىزىم-نىمۇ قوشۇپ قويىمەن".

ئۆيدە ئولتۇرغانلار:

"ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز"، — دېيىشىپتۇ.

يىگىتكە نەزەر سېلىشىپتۇ، قاراپتۇ. ئۇ ھەممىگە يېقىپ چۈشۈپتۇ. ۋەزىر قازى ۋە گۇۋاھلارنى ھازىرلاپتۇ. ئۇلار نىكاھ ئوقۇپتۇ، ئەتىرە چېچىپتۇ. ۋەزىر قۇللىرىغا ئوغۇلنى ھاممامغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىممەتلىك ئېسىل كىيىم-لەرنى تەقدىم قىپتۇ. نۇرىدىن ھاممامدىن ئون تورت كۈنلۈك ئايدەك بولۇپ چىقىپ، ئېتىغا مىنىپ يېنىدىكى قۇللار بىلەن، توپ توغرا ۋەزىرنىڭ ھويلىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ سارىيىغا كىرىپ، ۋەزىرنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يىگىرمىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

نۇرىدىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ۋەزىر: "ئوغلۇم، ئەمدى سەن خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا بار! بۇ كېچە ئۇتسۇن، ئەتە ساڭا بەخت تىلەپ، ياخشى تىلەكلەر بىلەن شاھ ئالدىغا بارىمەن!" — دەپتۇ.

نۇرىدىن ۋەزىرنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، خوتۇنىنىڭ قېشىغا

چوڭى ئاكامنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بوپتۇ. كىچىگى ھوزۇرىڭىزدىكى مۇشۇ يىگىت. مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن ئىدى، قىزىمنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردىم. مەن قېرىدىم، كۈچ ـ قۇۋۋىتىم قالمىدى. قۇلىقىمۇ ياخشى ئاڭلىمايدىغان، كۆزۈممۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. جانابى شاھىمىزدىن ئورنۇمغا شۇ يىگىتنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەشنى سورايمەن. بۇ يىگىت بۇرۇن مېنىڭ جىگىرىم بولسا، ئەمدى مېنىڭ كۈيوغلۇم بولۇپ قالدى. بۇنى شۇ ۋەزىپىگە لايىق، ھۇشيار يىگىت دەپ ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر شاھىمىز بۇ يىگىتنى ۋەزىپىگە تەيىنلىسە، مەنمۇ خاتىرجەم بولغان بولاتتىم. بۇ مەسىلەتكە مۇۋاپىق ئىش بولغان بولاتتى."

ۋەزىرنىڭ تەكلىۋى شاھقا مۇۋاپىق كەپتۇ. شاھ نۇرىدىننى ۋەزىرلىك مەنسۇپكە تەيىنلەپتۇ. ئۇنىڭغا قىممەتلىك كىيىم ـ كېچەك كىيگۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تۇلپارلىرىدىن بىرىنى تەقدىم قىپتۇ، مۇئاش تەيىنلەپتۇ. نۇرىدىن شاھنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ. ۋەزىر بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتىپتۇ. قېيناتا، كۈيوغۇل ئىككىسى ناھايىتى خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. "بوۋىقىمىز ھەسەن بەدرىدىننىڭ ئايىغى ياراشتى. بۇ دەرىجىگە ئەلۋەتتە شۇنىڭ خاسىيىتىدىن يېتىشتۇق" دېيىشىپتۇ. ئەتىسى نۇرىدىن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەرنى سۆيۈپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي كېرەملىك شاھىمىز يۈكسىلىپ تاپقىن كامال،
كەلمىسۇن قايغۇ ساڭا دايىما خۇرسەن ياشا.
دۈشمىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولسۇنۇ، تاپسۇن زاۋال،
ئەدلىدە ئالەمگە كۈندەك نۇر چېچىپ گۈلشەن ياسا.

شاھ ئۇنى ۋەزىرلىك كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. نۇرىدىن

شۇنىسى قىزىقكى، خۇددى شەمسىدىنىڭ ئېيتقىنىدەك، نۇرىدىنـ
نىڭ ئايىلى ناھايىتى چىرايلىق بىر ئوغۇل، شەمسىدىنىڭ ئايىلى
ئالەمدە تەڭدىشى يوق چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. بىر شائىرنىڭ
بۇ شېرى ئۇنىڭغا ناھايىتى ماس كېلىدىكەن:

بۇنىڭ ئەجەپ بىر كەيپىياتى ۋە ھالىتى بار،
بېغىشلىغاي كىشىگە زەۋق بۇ بەزمە ئارا.
كىم ئۇنىڭ بىلەن سوزلەشسە، ھالاۋىتى بار،
بۇنداق گۈزەلنى كورمىگەندۇر ئۇشبۇ دۇنيا.
جاھان گۈزەللىرى تەڭ كېلەلمەس،
ئايغىنى سۇيۇپ يۈزىنى سۇرتەر خىجالەتتىن.
پەزىلەتتىن ئېلىپ ئازغىنا يۇغۇرسا،
ئۇلارغا يۇقىقاي ھوسنى بىلەن ماھارەتتىن.

نۇرىدىن ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ھەسەن بەدرىدىن دەپ ئات قويۇپتۇ.
ۋەزىر بەك خوش بولۇپ ناھايىتى چوڭ توي قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىن
ئۇ نۇرىدىننى شاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. نۇرىدىن شاھنى
كورۇپ، تازىم قىپتۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ چىرايلىق ۋە ناھايىتىمۇ يېقىملىق،
سوزگە ئۇستا، ئوتكۇر يىگىت بولۇپ، شاھ ھەققىدە قىسقا ۋە مەزمۇنـ
لۇق قىلىپ مەدھىيە سوزلەپتۇ. شاھمۇ ئۇنى ھورمەتلەپ قارشى ئېلىپ
مىننەتدارلىق بىلدۈرۇپتۇ. ۋەزىردىن يىگىت توغرىسىدا سورىغان
ئىكەن، "ئاكامنىڭ ئوغلى بولىدۇ!"، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

"قايسى ئاكىڭىزنىڭ ئوغلى، بىز ھېچ ئاڭلىمىغان ئىكەنمىز"، —
دەپتۇ شاھ.

"ئەي ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر — ئاكام مىسىر شاھىنىڭ
ۋەزىرى ئىدى. ئۇ، ئولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالدى.

قىلىش بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. كۆنلەردىن بىر كۈنى ئۇرىدىن ئوغلىنى قىچقىرىپتۇ. قىممەتباھا كىيىملەر كىيگۈزۈپتۇ. چاققان ۋە ناھايىتى كېلىشكەن ئاتقا مىندۈرۈپ، سارايغا ئېلىپ، شاھقا كورسىتىپتۇ. شاھ بالىنىڭ ھوسنىنى تاماشا قىلىپ ھەيران بوپتۇ. ھەقىقەتەن بالىنىڭ چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن. ھەركىتى كىشىنى ھەيران قىلغۇدەك يېقىملىق ئىكەن. ئاتىسى بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كورگەن كىشى ئۇنى يەنە بىر قېتىم كورۇش ئۇچۇن يولدا كۇتۇشۇپ تۇرىدىكەن. شائىرنىڭ توۋەندىكى شېرى خۇددى شۇنىڭ توغرىسىدا يېزىلغاندەك، ئۇنىڭغا باپ كېلىدىكەن:

مۇنەججىم يۇزىنى كوككە بۇرىدى،
ئاسماندا چىرايلىق گۇزەلنى كوردى.
زەرباپتىن تون كىيگەن ئىككى قەۋەت،
مىررىخ يۇلتۇزىدەك بەرنا ـ بەسەۋلەت.
ئالمىدەك يۇزىدە بار ئىككى خالى،
ھوسنى ـ جامالدا زوھرە مىسالى.
كىرپىگى ئوقتۇر، قاشلىرى كامان،
مەشۇقلار جېنىغا بەرمەيدۇ ئامان.
ئاتارۇددەك دانىشمەن يۇزدە بەلگۇسى،
قەلبىدە مەۋج ئۇرار مەغرۇرلۇق ھىسسى.
ئاي قېلىپ ھەيرەتتە كېىپ سالام بەردى،
يۇزىنى بېكىتىپ چېدىرغا كىردى.

شاھقا بالا ناھايىتى يېقىپتۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ئىنئام ـ ئېھسانلار بېرىپتۇ.

"ھەر كۈنى، — دەپتۇ شاھ ۋەزىرگە، — ئوغلۇڭنى ئوزەڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەل!"

كۆرسىغا ئولتۇرۇپتۇ. خىزمىتىنى ئادا قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ، خۇددى تەجرىبىلىك ۋەزىرلەردەك ئىش كورۇپتۇ. شاھ ئۇنىڭ مۇئامىلە- سىگە، ئەقلىگە بارىكاللا دەپتۇ، زوقلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن خوش بوپتۇ. خىزمەت ۋاقتى توگەپ دىۋان يىغىلىشىدىن كېيىن، نۇرد- دىن ئويىگە قايتىپتۇ. كۆنلۈك ئىشنى ئۇ ڧېرىدانىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھەددىدىن تاشقىرى خۇرسەن بوپتۇ. نۇرىدىن شۇ يوسۇندا بىر نەچچە ۋاقىت ئىش ئىشلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا شاھنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ مۇئاشىنىمۇ ئاشۇرۇپتۇ. بىر نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاپتۇ. نۇرىدىنىڭ ئابرويى، بايلىقى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇ، مەخسۇس سودا كېمە- لىرى يۇرگۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان قۇللار ۋە خىزمەتچىلەر كوپىيىپتۇ. كوپ ۋاقىت ئوتمەي، چوڭ يەرلەرگە، باغلارغا ئىگە بوپتۇ. نۇرىدىنىڭ ئوغلى ھەسەن بەدرىدىن توت ياشقا كىرىپتۇ. بوۋىسى ۋاپات بوپتۇ. نۇرىدىن ناھايىتى چوڭ تەزىيە مۇراسىمى ئوتكۈزۈپ، ڧېرىدانىسىنى دەپنە قىپتۇ. كېيىن ئوغلىنىڭ تەربىيىسى- گە نۇرىدىنىڭ ئوزى قول سېلىپ كىرىشىپتۇ. بىر ئاز چوڭ بولغاندا ئوز ئويىدە ئوقۇتۇش- تەربىيە قىلىش ئۇچۇن، مەخسۇس مۇئەللىم تەيىنلەپتۇ. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلىمى ئاشسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنىڭ كورۇنۇشى كامالىغا يېتىپتۇ. شائىر ئېيتقاندەك:

ئۇزىنى كەمتەر تۇتۇپ، تولۇن ئايغا ئوخشاتتى،
ئىشتىپ ئاي قىزىرىپ، پەردىگە كىرىپ ياتتى.
قۇياش چىقار ۋاقتىدا، كائىنات بولۇپ ئويغاق،
بىر قاراشتا بۇ پۈتۈن ئىشق ئەھلىنى ئويغاتتى.

مۇئەللىم كېچە- كۈندۈز سارايىدا ھەسەن بەدرىدىننى تەربىيە

ھادىسە يۈز بەرسە، توپ-توغرا مىسىردىكى تاغاڭنىڭ قېشىغا بار. ئۇنى تاپ، مېنى مۇساپىرچىلىق بىلەن غېرىپلىقتا، كىشىلەرنىڭ يۇرتىدا، سېنىڭ پىراقىڭدا جان ئۈزدى دېگىن.»

ئوغلى خەتنى ياخشىلاپ قاتلاپ، يىپ بىلەن ئوراپتۇ. كېيىن تونىنىڭ ياقىسىغا، ئەستەر بىلەن تېشى ئارىلىقىغا تىكىپتۇ. ئاتىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ. نۇرىدىن ئوغلىغا قاراپ:

«ساڭا بەش تۈرلۈك ۋەسىيىتىم بار، — دەپتۇ، — بىرىنچىسى شۇكى، مەنىسى يوق تېتىقسىز ئادەملەرگە ئارىلاشما! شۇنداق قىلساڭ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرى-شۇملۇقلىرىدىن ساقلىنىسەن؛ ئىككىنچىسى، باشقىلارغا يامانلىق قىلما! ئۇ سېنى خىجالەتتە قويىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئۆز ئەيىبىڭنى ئۆزەڭ بىلىپ تۈزەت، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سوزلەشتىن ساقلان! تۆتىنچىسى، ئىچىملىك ئىچمە، ئۇ، كىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، كۈلكىگە قويىدۇ، ھەر قانداق پىتنە-ئىغۋانى تۇغدۇرىدۇ، بارلىق ئەسكىلىك شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. بەشىنچىسى، پۇلنى تېجەپ ئىشلەت، ئېھتىيات بىلەن ساقلا! ئويلىماستىن ئورۇنسىز يەرلەرگە سەرپ قىلما! بولمىسا، ئەڭ پەس كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالىسەن!»

نۇرىدىن ۋەسىيىتىنى تۈگىتىپلا جان ئۈزۈپتۇ. ھەممىنى غەم بېسىپتۇ، شاھمۇ، ئەمىرلەرمۇ قايغۇرۇپتۇ. دەپنە رەسمىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ، كومۇپ قويۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئىككى ئاي ماتەم تۇتۇپ شاھنىڭ ئالدىغا — دىۋانغا بارماپتۇ، شاھقا كورۇنمەپتۇ. شاھنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساراي خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنى ۋەزىر قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننىڭ ئاتىسىدىن قالغان مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، شاھنىڭ

كۇنلەردىن بىر كۇنى ھەسەن بەدرىددىننىڭ يېشى ئون بەشكە كىرگەندە، نۇرىددىن ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ، ئوغلىنى يېنىغا قىچقىرىپ ۋەسىيەت قىلىپ:

"ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ساڭا مەسلىھەت ئورنىدا سۆز قىلاي، بۇ سۆزۈمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت! ئېسىڭدە ساقلىساڭ ۋە بۇنىدىن كېيىن مەن ئېيتقانىدەك ئىش قىلساڭ، يەرگە قارىمايسەن. ئادەملەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بول: ھەربىر ئىش ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىل! ئېھتىياتچان بولۇشقا ئادەتلەن" سۆزلەۋېتىپ ئۆز ۋەتىنىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. كېيىن ئاكىسى شەمسىددىننى ئېسىگە ئېلىپ، كۆز ياشلىرىنى ئاران توختاتقان ھالدا، سۆزىنى داۋام قىپتۇ: "ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ مىسىردا شەمسىددىن ئىسىملىك بىر تۇققان ئاكام بار. ئۇ سېنىڭ تاغاڭ بولىدۇ، ئۇ، مىسىر شاھىنىڭ ۋەزىرى. مەن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا مىسىرنى تاشلاپ چىققان، سەن قولۇڭغا قەلەم، قەغەز ئالغىن. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى يازغىن"

ھەسەن بەدرىددىن قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىنى يېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سۆزلەپتۇ. مىسىردىن چىقىپ بۇ يەرگە كەلگەندە ۋەزىر بىلەن تونۇشقىنىنى، ئۆيلەنگەن كۈنلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى يازدۇرۇپتۇ.

"مانا مېنىڭ ۋەسىيىتىم، — دەپتۇ ئوغلىغا نۇرىددىن — بۇ خەتنى ئېھتىيات بىلەن ساقلا! بۇنىڭدا ئۇرۇغۇڭ، ئۆزەڭنىڭ كىملىگىڭ، ئەسلى-نەسلىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان. ئەگەر ساڭا بىرەر

دىن جوھۇدقا، ــ ئاتام چۈشۈمگە كىرىپ، قەۋرىنى زىيارەت قىلمىغ-
ىنم ئۈچۈن مەندىن رەنجىدى. چوچۈپ ئويغانـسام چـۈشۈم. ئىش
بىلەن بولۇپ كېلەلمەي قالغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ، ئورنۇمدىن
تۇرۇپ توپ-توغرا بۇ يەرگە كەلدىم."

"ئاتاڭ، ــ دەپـتۇ ئۇ، ــ سودا كېمىلىرى ماڭـغۇزغان ئىـدى.
بىرىنچىسى يېتىپ كەلدى. سەن خالىساڭ شۇ كېمىلەردىكى مالنى
مەن ئىككى مىڭ تىللاغا سېتىپ ئالماقچىمەن، ــ شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇ ھەسەن بەدرىددىننىڭ جاۋاۋىنى كۈتمەيلا، قەغەز-قەلەم بىلەن
ئىككى مىڭ تىللانى ھەسەن بەدرىددىننىڭ يېنىغا قويۇپتۇ، ــ رازى
بولساڭ، ھوججەت يېزىپ بەر! ھەسەن بەدرىـددىن قولىغا قەغەز-
قەلەمنى ئېلىپ، تۆۋەندىكى ھوججەتنى قىلىپ بېرىپتۇ:

"شۇ خەتنى يازغۇچى مەن نۇرىددىن ۋەزىرنىڭ ئوغـلى ھەسەن
بەدرىددىن، ئىسھاق يەھۇدىغا ئاتامنىڭ سودا كېمىسىدىكى ماللىرىنى
ساتتىم، ئۇنىڭ باھـاسى ئۈچۈن ئىكـكى مىڭ تىلـلا پۇلـنى نەق
ئالدىم."

جوھۇد پۇلنى بېرىـپ، قەغـەزنى ئاپـتۇ. ھەسەن بەدرىـددىن
يىغلاپ قاپتۇ، كەچ كىرىپ ئاي چىقـقىچە ئاتىسـىنىڭ قەۋرىسىگە
بېشـىنى قويۇپ يېتىپتۇ، بوينى ئاغرىپتۇ، بېشـىغا خىش يېتىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئاسمانـغا قىلىپ يېتىپتۇ. ئاي يورۇغىدا
ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كوركەملىكى تېخىمۇ جانـلىنىپ كورۇنۇپتۇ. قەۋ-
رىستانلىقتا جىنلارنىڭ ماكانى بار ئىـكەن. چىشى جىنـنىڭ كوزى
ئۇنىڭغا چۈشۈپـتۇ. ئۇنىڭ ھوسـنىنى تاماشا قىپـتۇ. "بۇ ئەلـۋەتتە
جەننەتتىن يېڭىلا چىققان ئادەمـلەردىن بولسا كېرەك. بۇ دۇنيادا
بۇنداق چىرايلىقنى تېپىش تەس!" دەپ ئاسمانغا كوتىرىلىپتۇ. ئۇ

مۇلكىگە قوشۇشنى بۇيرۇپتۇ، يېڭى ۋەزىر شاھنىڭ بۇيرۇغىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ھەتتا ھەسەن بەدرىدىننى قاماققا ئالماقچىمۇ بوپتۇ. ئەسكەرلەر ئارىسىدا مەرھۇم نۇرىدىننىڭ يېقىن كىشىسى بار ئىكەن، ئۇ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپتۇ. شۇ زامان ھەسەن بەدرىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ: "ھازىر يېڭى ۋەزىر كېلىپ سېنى تۇتىدۇ، مال-مۇلكىڭنى مۇسادىرە قىلىدۇ. بۇ-شاھنىڭ پەرمانى. سەن تېز ئۇزەڭنى چەتكە ئال!"—دەپتۇ. "ئۆيگە كىرىپ بىر نەرسە ئالغۇدەك ۋاقىت يوقمۇ؟"—دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن ئۇ كىشىگە. "تېز بول، ئۇزەڭنى ئېلىپ قاچ!"—دەپتۇ ئۇ كىشى يەنە. ھەسەن بەدرىدىن ياش بولغانلىقىدىن، ئوزۇقمۇ ئالماي، يېلىڭ چاپاننى سېلىپ بېشىغا يوگەپ، شەھەر تاشقىرىسىغا قاراپ چېپىپتۇ. كوچىدا خەلق: "شاھ ئۇلگەن ۋەزىرى نۇرىدىننىڭ مال-مۇلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن بەدرىدىننى تۇتۇپ ئولتۇرۇشقە يېڭى ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. ھەي ئىست! ھەسەن بەدرىدىندەك شۇنداق كېلىشكەن ياخشى يىگىت ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپتۇ"—دەپ ئېيتىشىپتۇ. بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان ھەسەن بەدرىدىن ئىختىيارسىز شەھەر تېشىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، يولى ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىگە توغرا كېلىپ قالغان ئىكەن. شۇ يول بىلەن مېڭىپ، ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ، چاپاننى بېشىدىن ئېلىپ، ئەمدى نەپەسنى رۇسلاپ يىغلاشقا باشلىغان ئىكەن، بىر جوھۇد كېلىپ يەرنى سۇيۇپتۇ. ئۇ بەسىرلىك ئىكەن.

"ئەي ۋەزىرنىڭ ئوغلى، نىمە ئۇچۇن بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرىسەن؟"—دەپتۇ ئۇ ھەسەن بەدرىدىنگە.

"تېخى ھېلىراقتا ئۇخلىغان ئىدىم،—دەپتۇ ھەسەن بەدرى-

ئەسلەپ، — ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئۇكام نۇرىدىن بەسرە ۋەزىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭدىن ئوغلى بارلىغىنى يېڭىدىلا ئاڭلىدىم، ئۇكامنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن قىزىمنى پەقەت شۇنىڭ ئوغلىغىلا بېرىمەن، باشقا ھېچكىمگە بەرمەيمەن. قىزىم تۇغۇلغان كۇنى ئىنىمنىڭ ئوغلىغا ئۇنىڭ بېشى باغلانغان. مەرھەمەتلىك پادىشاھىمىز ئۇچۇن قىز كەم ئەمەس، بەلكى ناھايىتىمۇ كوپ."

بۇ جاۋاپتىن شاھ قاتتىق رەنجىپتۇ.

"مەن قىزىڭنى سورىسام، — دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن، — سەن ئورۇنسىز جاۋاپ بىلەن باشقىلارنى شېپى كەلتۇرۇپ، ئوزەڭنىڭ قىزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتىڭ. شۇ سوزۇڭ ئۇچۇن قەسەم قىلەمەنكى، سېنىڭ قىزىڭنى قەستەن ئوردىنىڭ ئەڭ توۋەن مەرتىۋىدىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرىسگە بېرىمەن." پادىشانىڭ دوك، سەت بىر ئات باققۇچى — مىراخورى بار ئىدى. شاھ شۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ، شۇنىڭغا ۋەزىرىنىڭ قىزىنى نىكاھلىماقچى بوپتۇ. شۇ كېچىسى ئۇنىڭ قىزىغا چېقىلىشنى بۇيرۇپتۇ. دوك ھامىمام ئالدىدا چوم تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. قۇللار كولۇپ دوكنى زاڭلىق قىلىپ، تېرىكتۇرۇپتۇ. ۋەزىرىنىڭ قىزى ئاياللار ئارىسىدا تۇرغان ئىكەن.

دىۋە: "ئەنە شۇ قىز، مۇشۇ يىگىتكە بەكمۇ ئوخشايدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى نەگىدۇ ئەۋەتىلگەن. ئومرۇمدە شۇنداق چىرايلىق قىزنى ۋە شۇنداق سەت، خۇنۇك، دوك كىشىنى كورگىنىم يوق!" — دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىدا بىر دىۋىگە ئۇچراپ، سالام بېرىپتۇ. دىۋە جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ.

"قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟" — دەپ سوراپتۇ جىن دىۋىگە قاراپ.

"قاھىرىدىن!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دىۋە.

"قەۋرە يېنىدا ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ ھوسنى - جامالىنى تاماشا قىلغىلى مەن بىلەن بىللە بارامسەن؟" — دەپتۇ جىن.

"بارسام باراي"، — دەپتۇ دىۋە. ئۇلار ئۇچۇپ قەۋرە ئۈستىگە كېلىشىپتۇ.

"ئۆمرۈڭدە شۇنداق چىرايلىق يىگىتنى كۆرگىنىڭ بارمۇ؟" — دەپتۇ جىن. "بۇنىڭ تەڭدىشى يوق، — دەپتۇ دىۋە، — لېكىن، مەن بۇ يىگىتكە ئوخشاش كۆركەم بىر قىزنى كۆرگەنمەن، ئۇ بۇ يەردە ئەمەس، قاھىرىدە مىسىر شاھىنىڭ ۋەزىرى شەمسىدىن نامىلىق كىشىنىڭ قىزى. بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى قاھىرە شاھى ئاڭلاپ قىزنىڭ ئاتىسىنى چاقىرتىپتۇ. "ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ شاھ شەمسىدىنگە، — سېنىڭ بىر قىزىڭ بارلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلىشتى. ماڭا نىكاھلاپ بېرىشكە قارشى بولمىساڭ كېرەك دەپ ئويلايمەن!" — دەپتۇ.

"ئەي شاھىم ئۆزرەمنى ئاڭلىغىن، كۆز ياشلىرىمغا رەھمى قىلغىن. ساڭا مەلۇم، ئۇكام نۇرىدىن مەندىن مۇشۇنىڭ سەۋۋى بىلەن يامانلاپ كېتىپ قالغان. ئۇ ۋەزىرلىكتىمۇ ماڭا شېرىك ئىدى. بىر كۈنى بالىلىرىمىزنىڭ تويى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق. ئۇ، مەندىن رەنجىدى. بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل بۇرۇنلا، مەن قىز تاپسام ئۇنىڭ ئوغلىدىن باشقىسىغا بەرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىر ۋەقەنى بىر قۇر

تۇرغىنىنى سېزىپتۇ، ئۇياق-بۇياققا قاراپتۇ. ھەيران بولۇپ ۋاقراپ تاشلاشقا ئاز قاپتۇ. دىۋە شام يېقىپ كېلىپ:

"سېنى بۇ يەرگە مەن ئېلىپ كەلدىم. ساڭا ياخشىلىق قىلماقچىمەن. بۇ شامنى ئال! ئۇنى كوتۇرۇپ ئەنە ئاۋۇ ھامامغا كىر. ئادەملەر ئىچىگە ئارىلىشىپ كەت! ئۇلار بىلەن بىللە توي بولۇۋاتقان ھويلا ئىشىكىگىچە بار. شۇ يەردە ئۇزەڭنى تېزلىك بىلەن كۇيوغۇلنىڭ سول تەرىپىگە ئال! خىزمەتچىلەر، سازچىلار، ئۇسۇلچىلار يېتىپ كەلگەندە قولۇڭنى يانچۇغۇڭغا سال! تىللانى سىقىملاپ ئېلىپ ئۇلارغا چاچ، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق ئالتۇن چاچ، يانچۇغىڭدا ئالتۇن جىق، ھېچ نەرسىدىن قورقما!"

ھەسەن بەدرىدىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ: "بۇ قانداق توي ۋە قانداق قىز، نىمە ئۇچۇن ماڭا بۇنچىلىك ياخشىلىق قىلىندۇ."

ھەسەن بەدرىدىن دىۋىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ شامنى كوتۇرۇپ ھامامغا بېرىپتۇ. ئاتلىق تۇرۇپ دوكنى كورۇپتۇ. بېشىدا سەللە، ئۇستىدە زەر بېسىلىپ ئازادە تىكىلگەن كىيىم بىلەن ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا دوكنى قىزنىڭ ئويى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. دوكنى يىگىت ئۇچۇن راسلانغان ئويگە چۇشۇرۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن دوكنىڭ سول تەرىپىگە ئوتۇپ يىگىت قولدىشى بولۇپ ئويگە كىرىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئويگە كىرگەن سازچىلار، ئۇسۇلچىلارغا پۇلنى ئايىماي چېچىپتۇ، ھېچكىم ھەسەن بەدرىدىنچىلىك پۇل ئوردەپتۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە سازچىلار، ئۇسۇلچىلار يانچۇغىنى ھەسەن بەدرىدىن ئورگەن تىللا بىلەن توشقۇزۇپتۇ. ئۇلار ناھايىتى خوش

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

جىن دىۋىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ. "يالغان سۆزلىدىڭ، — دەپتۇ دىۋىگە جىن، — بۇ يىگىتتىن چىرايلىق كىشى ئادەم نەسلىدىن تېخى دۇنياغا كەلمىگەن. بۇ يىگىت زامانەمىزدىكى گۈزەللەرنىڭ زىننىتى. تەنھا ۋە تەڭداشسىزدۇر."


يىگىرمە بىرىنچى كېچە

"ئەي سىگلىم، — دەپتۇ دىۋە، — سىنىڭ جىنىڭغا قەسەم قىلىپ شۇنى تەكرار ئېيتىمەنكى، ئۇ قىز، بۇ يىگىتتىن ئېشىپ چۈشمىسىمۇ، يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك بىر بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. سەن ئىككىسىنى بىر جايدا كۆرگىنىڭدە، ھەر ئىككىسىنى بىر ئاتىنىڭ بالىسى بولمىسىمۇ، بىر ئۇرۇق ياكى قېرىنداش دەپ ئېيتقان بولاتتىڭ. ئەپسۇسكى شۇنداق بىر چىرايلىق قىز دۇنيادا تەڭدىشى يوق شۇنداق سەت بىر دوكقا خوتۇن بولىدۇ." بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىن:

"ئەي دىۋە، كەل! بۇ يىگىتنى كوتەر، ئۇچۇپ سەن ماختىغان قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى! قايسىسىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى شۇ يەردە كورەيلى!" — دەپتۇ.

"خوپ! — دەپتۇ دىۋە، — بۇ شۇبھىنى ئېچىشتا بۇنىڭدىن باشقا ئەپلىك يول يوق!"

كېيىن ئۇ، ھەسەن بەدرىدىننى كوتۇرۇپ ھاۋاغا ئۆرلەپتۇ. قاھىرە شەھرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. يىگىتنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپتۇ. يىگىت كوزىنى ئېچىپ قارىسا ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى يېنىدا ئەمەس، تامامەن ئۆزى كورمىگەن بىر شەھەردە

كىرىشىپتۇ. ئۇلار بىلەن بىللە ۋەزىرنىڭ قىزىمۇ كىرىپ كەپتۇ. قىز غايەت بىزەلگەن، چاچلىرى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەن. خۇشبۇي ئەتىرلەر سېپىلگەن. قىممەتلىك كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن. چوچەك - رىۋايەتلەردىكى پەرىلەر ئۇنى شۇ تاپتا، شۇ تۇرقىدا كورسە، بەزىلىرى ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالمىغۇدەك، بەزىلىرى قورچاقتەك قېتىپ، بارماقلىرىنى چىشلىشىپ قالغۇدەك ئىكەن. خوتۇنلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى خۇددى ئاينىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك ئوراپ ئاپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئولتۇرغان ئىكەن، قىز مەغرۇر ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. دوك ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنى سۆيمەكچى بولغان ئىكەن، قىز يۈزىنى ئوروپ ئارقىغا داجىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ، ھەسەن بەدرىدىنگە بۇرۇنقىدىنمۇ يېقىن كېلىپ قاپتۇ. ھەممە كۈلۈشۈپ ۋاڭ - چۇڭ كوتۇرۇشۇپتۇ. ئۇسۇلچىلار ۋاقىرىشىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئۇلارغا يانچۇغىدىن بىر سىقىم ئالتۇن ئېلىپ چېچىپتۇ. ئۇلار يەنىمۇ قىزىپ چۇقان كوتۇرۇشۇپتۇ. "بۇ قىز سېنىڭكى بولۇشنى تىلەيمىز" — دېيىشىپتۇ ئۇسۇلچىلار. ھەممىلىرى يىگىت ئەتراپىنى ئوراپ ئاپتۇ. دوك يالغۇز ئۆزىلا شۈمشىيىپ چىقىپ قاپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئالدىدا ئاياللار شام تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ ئايدەك نۇرلۇق يۈزىگە زوقلىنىپ قاراپ، ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئاياللار ھەسەن بەدرىدىنىڭ ئالدىدا قىزغا يەنە يەتتە خىل كىيىم كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلار ھەربىر كىيىمنى كىيگۈزگەندە ئالاھىدە جىلۋىلىنىپ ھوسنىگە يېڭى ھوسۇن قوشۇلۇپتۇ. ئاياللار ئۇنى بىر بىرىدىن ئارتۇقراق كوروپ باھا بېرىشكە كىرىشىپتۇ. بۇ بايرام تۇسىدىكى مۇراسىم تۈگەپ، تارقىلىشقا جاۋاپ بوپتۇ. ھەممىلىرى تارقىلىشىپتۇ. پەقەت ھەسەن بەدرىدىن

بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەملەر ھەسەن بەدرىددىننىڭ مەرتىلىكى بىلەن
ھوسنىگە قىزىقىپ ھەيران بوپتۇ. دوكىنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە يوت-
كەپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرنى ئىچكىرى
كىرگۈزمەپتۇ، شۇ چاغدا سازچىلار بىلەن ئۇسۇلچىلار: "ئەگەر بۇ
يىگىت ئۆيگە كىرمىسە بىزمۇ كىرمەيمىز"، — دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ.
ئاخىرى "بىزگە ھەممىدىن مۇشۇ يىگىت كۆپرەك پۇل ئۇرىدى،
بۇ يىگىت كىرمىسە قىزنى ئېرىگە قوشۇپ بەرمەيمىز!" — دېيىشىپتۇ.
ھەسەن بەدرىددىننى قىزنى كۆچۈرۈپ كىرىدىغان ئۆيگە بىللە
ئېلىپ كىرىپتۇ. دوكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەمىرلەر،
ۋەزىرلەر ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن ساراي مەمۇرلە-
رىنىڭ خوتۇنلىرى دەرىزىدىن تاكى قىزنىڭ ئۇرۇندىغىچە ئىككى
قاتاردىن سەپ بولۇپ سارايىنىڭ ئىچىگە لىق تولۇپتۇ. ھەربىر
ئاياللىڭ قولىدا يېقىلغان شام بار ئىكەن. ئۇلار ئۇچۇق چىراي
ئولتۇرۇشۇپتۇ. خوتۇنلار ھەسەن بەدرىددىننىڭ كۆركەملىكىگە،
يېقىملىق چىرايىغا ھەيران قېلىشىپتۇ. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مايىل
بولۇشۇپتۇ. ئۇسۇلچىلار ۋە سازچىلار: "بىزگە پەقەت مۇشۇ يىگىت
ئالتۇن ئۇرىدى. بۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماڭلار، ئېيتقىنىنى
قىلىپ بېرىڭلار!" — دېيىشىپتۇ. ئاياللار يىگىت ئەتراپىغا ئولىشىپ
يۈزلىرىدىن چۈمپەردىلىرىنى ئېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ھوسنىگە مەھلىيا
بولۇپ قېلىشىپتۇ. ھەر بىرى يىگىت يېنىدا بىر يىل، بىر ئاي،
ھېچبولمىغاندا يەنە بىر سائەت بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىپتۇ. يىگىتكە
ساقلىق تىلەپ شۇنداق چىرايلىق قىزنى شۇنداق دوكىغا نىكاھ قىلىشقا
سەۋەبچى بولغانلارنى قاغىشىپتۇ، سازچىلار داپلىرىنى ئاھاڭغا تەڭ-
كەش قىلىپ، ئولتۇرۇشنى قىزىتىپتۇ. ئاياللار چىقىپ، قايتىپ

جاھاندا ساڭا باشقا قىز يوقمىدى؟ مېنىڭ دىلبىرىمنى ئۆزەڭگە نىكاھ قىلىپ ئېلىپ، مېنى كوزۇڭگە ئىلماي، نىمە قىلماقچىسەن؟ جاۋاپ بەر؟"—دەپ يەنە ۋاقىراپتۇ. دوك قورققىنىدىن لاغىلداپ-تىترەپ، جىم تۇرۇپتۇ. "ئەي لەنتى، كېيىمگە جاۋاپ بەر دەيمەن! بولمىسا، جېنىڭنى ئېلىپ، تېنىڭنى توپىغا ئايلاندۇرىمەن"—دەپتۇ. قورقـ. قىنىدىن ئۇلۇكتەك قېتىپ قالغان دوك: "مەندە گۇنا يوق، مېنى بۇ ئىشقا پادىشا زورلىغان، مەن بۇ قىزنىڭ ھوكۇزدىن سۆيگىنى بار ئىكەنلىگىنى بىلمەپتىمەن! توۋا قىلدىم. بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيـ. مەن!"—دەپتۇ. "ئەگەر كۆن چىققىچە سۇخانىدىن چىقماسلىقا، قىزنىڭ ئۇيىگە قاراپ قەدەم باسماسلىققا ۋە ئېغىز ئېچىپ بىلجىرـ. لىماسلىققا قەسەم قىلمىساڭ، سېنى ھازىر ئولتۇرىمەن"—دەپتۇ، دوك قەسەم بېرىپتۇ. دىۋە شۇ ھامان دوكنى كوتۇرۇپ بېسىپ، پۇتىدىن سۇخانىدىكى قۇدۇقنىڭ يۇقۇرىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. "تاڭ ئېتىپ كۆن چىققىچە مانا شۇ يەردە قىمىرلىماي تۇرىسەن! مەن سېنى ساقلاپ تورىمەن!"—دەپتۇ دىۋە.

ھەسەن بەدرىدىن چىملدىق ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر قېرى خوتۇن يەڭگە بولۇپ قىزنى ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەسەن بەدرىـ. دىنگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ: "قىزنى ئال، ئوغلۇم"—دەپتۇ. قىز چىمىلدىققا كىرىپتۇ. قىزنىڭ ئېتى سىتتۇلھوسن ئىكەن. قىز ناھايىتىمۇ كوڭلى يېرىم ھالدا كىرىپ ئوز-ئوزىگە: "ئولتۇرسىمۇ مەن ئۇ دوكنى ئەر قىلىپ ئوزەمگە يېقىن يولاتماسمەن!"—دەپتۇ. كېيىن ئۇ، قارىسا، توشەكتە ھەسەن بەدرىدىن ئولتۇرغىدەك.


"ئەي سۆيۈملۇگۇم،—دەپتۇ قىز،—تېخىچە ئولتۇرۇپسەن، مەن سېنى دوكنىڭ ئاغىنىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇڭا،

بىلەن دوكلا قاپتۇ. قىزنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقان ئۇشۇ يېرىدە كىيىمى كىيگۈزۈشكە كىرىشىپتۇ.

"ئەي يىگىت، — دەپتۇ دوك ھەسەن بەدرىددىنگە قاراپ، — بۇ ئاخشام مېنى سەن ئۆز ئىھسانلىرىڭ بىلەن خۇش قىلدىڭ. ئۆلتۈرۈشمىزنى قىزىتتىڭ. ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتامسەن؟"

ھەسەن بەدرىددىن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ دىۋىگە يولۇقۇپتۇ. "توختا! — دەپتۇ دىۋە، — دوك ھوجرىدىن چىققاندا سەن ئىچكىرىگە كىر! چىمىلدىق ئىچىدە ئولتۇر. قىز كەلسە: "مەن سېنىڭ ئېرىڭمەن، ساڭا يامان كوز تەگمىسۇن، دەپ بۇ ھىلىنى ئىشلەتكەن ئىدىم. سەن كورگەن دوك مېنىڭ ئاتباقارىمدىن بىرى" دەپ، قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇر. يۈزىنى ئاچ، ھېچ نەرسىدىن تارتىنما!"

ھەسەن بەدرىددىن دىۋە بىلەن سوزلىشىپ تۇرغاندا دوك ئويدىن چىقىپ سۇخانىغا قاراپ مېڭىپتۇ. دىۋە چاشقان سۈرىتىگە كىرىپ، دوكنىڭ ئارقىسىدىن سۇخانىغا بېرىپتۇ. چاشقاندەك چىرىلداپ دوكقا كورۈنۈپتۇ. "بۇ نىمە؟" دەپ ھەيران بوپتۇ دوك. چاشقان ئاستا-ئاستا يوغىناپ مۇشۇك بوپتۇ. "مياۋ-مياۋ" دەپ مياۋلاپتۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يوغىناپ كۈچۈك سۈرىتىگە كىرىپتۇ. "ھاۋ-ھاۋ" دەپ قاۋاپتۇ. كۈچۈك يوغىناپ ئىشەك سۈرىتىگە كىرىپ، دوكنىڭ يۈزىگە قاراپ ھاڭراپتۇ، دوك قورقۇپ: "ئادەم بارمۇ، كېلىڭلار! ماڭا ياردەم قىلىڭلار" — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئىشەك يوغىناپ قورقۇنۇچلۇق ھوكۈزگە ئايلىنىپتۇ، پۈتۈن سۇخانىنى ئىگەللەپتۇ. كېيىن ئۇ، ئادەم تىلىدا سوزگە كېلىپ: "ئەي دوك، لەنەت ساڭا، ئەي سەتلەرنىڭ سەتى" — دەپتۇ، دوك قورقۇپ تىترەشكە باشلاپتۇ، قورقىنىدىن چىشلىرىنىڭ كاسىلداشلىرى خېلى يەرگىچە ئاڭلىنىپتۇ. "ئەي شۇم،



سىنى بۇندا كورۇش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن.»

«قانداق قىلىپ دوك ساگا ئەر بولۇپ يېقىنلاشسۇن. قانداق قىلىپ ئۇ مېنىڭ يىگىت قولدىشىم بولسۇن. ئۇ كىم، بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئات باقارلىرىمدىن بىرى»—دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن مەغرۇرلىنىپ.

«ئانداق بولسا، مېنىڭ ئېرىم كىم؟—دەپتۇ قىز—سەنمۇ ياكى ئۇ؟»

«ئەي سىتتۇلھوسن،—دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن،—بىز بۇ ئىشنى ئاتايىن دوكنى مەسخىرە قىلىش ئۇچۇن قىلغان. سېنىڭ يۈزۈڭگە يامانلارنىڭ كوزى تەگمىسۇن! دەپ ئاتاڭ بىلەن كېلىشىپ، دوكقا ئون تىللا پۇل بېرىپ ياللاپ ئېلىپ، شۇنداق قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇ، ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى.»

قىزنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ. «سەن مېنىڭ مېھرىمنى كۇچەيتتىڭ»—دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىنگە قىز. كېيىن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ھەشقى-پېچەك چىرماشقاندەك چىرمىشىپتۇ. بۇ ھالنى سوزمەنلەر كورۇپ قالمىسۇن ئۇچۇن، چىملىدىقنىڭ پەردىسىنى تاشلاپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بۇ كېچە لېۋى شېكەر يار ئالدىدىمەن،
ئوتقا چۇشۇپ كويۇشتىن يېمەسمەن غەم.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پەردىدۇر كوينەك،
بۇمۇ كوتىرىلىپ، بولسام ئىدىم مەھرەم.

بىر شائىرنىڭ تووەندىكى شېئىرىمۇ ئىككىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا ناھايىتى باپ كېلىدىكەن:

چوچۇپ ھەسەتخورلاردىن ياردىن ئۇزاقلاشما!
پىراق دەردىدە يېنىپ كەزمە، دەشتۇ-تاغ ئاشما!

قارىساق موشۇ يەردە يېتىپسەن، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق. ئۆزەڭ ئېيتقىن، ئاخشام قەيەردە ئۇخلىغان؟" — دېيىشىپتۇ ئادەملەر.

ھەسەن بەدرىدىن: "ئاخشام ئەل ئۇيقىغا كەتكەندە قاھىرىدە ئىدىم" — دەپتۇ. تۇرغانلاردىن بىرى: "سەن ئاخشام كوكنار ئىچكەنمۇ ياكى نەشە چەككەنمۇ؟" — دىسە، يەنە بىرى: "ياڭاق تۈۋىدە ياتقانمۇ؟" — دەپتۇ. ئۈچىنچى بىرسى:

"بۇ ساراڭغا ئوخشايدۇ؟ — دەپتۇ، — ئۆزەڭ ئويلاپ كور! بۇ يەرنى دەمەشق دەيدۇ. ئاخشمى قاھىرىدە ئۇخلىغان كىشى ئەتىسى دەمەشقتە ئويغىنىپتۇ دىسە، كىممۇ ئىشىنىدۇ؟" — دەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن سوزگە كىرىشىپ:

"خۇدا ھەققى راست ئېيتىۋاتىمەن. ئەي ياخشىلار، ئاخشام قاھىرىدە بولدۇم. تۈنۈگۈن كۈندۈزى بەسرىدە ئىدىم" — دەپتۇ. شۇندا بىرسى: "ئىست، شۇنداق چىرايلىق ياش بىر يىگىتمۇ ساراڭ بوپ قاپتۇ" — دەۋېتىپتۇ. تۇرغانلاردىن يەنە بىرى:

"ھۇشۇڭنى يىغ، توغرىسىنى سوزلە!" — دەپتۇ.

"كېچە قاھىرىدە كۈيوغۇل ئىدىم" — دەپتۇ ئۇ.

"بەلكى چۈشۈڭدە شۇنداق بولغاندۇ؟" — دېيىشىپتۇ ئادەملەر. ھەسەن بەدرىدىن قانچىلىك ۋاقىت دوك بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىنى، كېيىن يالغۇز ئۆزى قىلىپ كىيىملىرىنى يەشكىنىنى، قىز بىلەن بىللە بولغىنىنى، ئالتۇنلىرىنى يوشۇرغانلىرىنى ئەسلەپ: ياق، بۇ ۋەقەلەر چۈشۈمدە بولغان ئەمەس، بەلكى ئوڭۇمدا بولغان دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، كوچىلارغا قاراپ يۈرۈپتۇ. باللار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ھەر نەرسىلەرنى دەپ زاڭلىق قىلىپ

چوشەن، ھەسەتكە ئوروڭ يوق ئىشقى مەرھەمىدە،
ھەسەتكە رەربە بەر ئىشقى بىلەن ۋىدالاشما!
رەقىپ تەنىسىدىن قورقما، ۋىسالغا يېقىنراق بول،
چىدا، ناز ـ خۇلقىغا قانائەت قىل، زېھنىڭنى چاچما!
مۇھەببەتنىڭ يۈكى ئېغىر، كوتەرمەككە ئەر كېرەك،
ئەگەر جاننى ئايار بولساڭ، كويەرسەن ئوتتا ئويناشما!

ئىككىسى مۇرادىغا يېتىشىپ، شۇنداق شېرىن ئۇيقىدا ياتقاندا، جىن دېۋىگە: ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى بۇنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇش كېرەك"ــ دەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن قاتتىق ئۇيقىدا ياتقان چېغىدا، دېۋە ئۇنى كوتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. جىنمۇ بىللە ئۇچۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن كوينەكچان ئىكەن. تاڭ ئاتماستا دەمەشق شەھىرىگە كەپتۇ. دېۋىگە ھارغىنلىق يېتىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننى دەمەشقنىڭ بىر دەرۋازىسىغا يېقىن بىر ھويلىنىڭ ئىشىگىگە قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تاڭ يورۇپ، ئىشىكلەر ئېچىلىپ، كوچىغا چىققان كىشىلەر بۇ كوينەكچان يىگىتنىڭ كوچىدا ئۇيقىدا ياتقىنىنى كورۇپتۇ. ئۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئۇيقىدىن قالغان كىشىدەك قاتتىق ئۇخلاۋاتقىدەك. بىر كىشى: "بۇ كېلىشكەن يىگىت بىلەن بۇگۇن كېچە قانداق بەختى ـ سائادەتلىك قىز بىللە بولغاندۇ؟" دېسە، ئىككىنچىسى "بۇ بەڭۋاش، كېچىسى قەھۋەخانىدا مەس بولۇپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ!"ــ دېيىشىپتۇ. ئۈچىنچىسى: "بۇنى دۇشمەنلىرى ھۇشسىز قىلىپ تاشلىغان"ــ دەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئويغىنىپ قارىسا، ئوزى بىر ئىشىك ئالدىدا ياتقىدەك. ئەتراپىغا ئادەملەر توپلىشىپ تۇرغىدەك. ئۇ، بۇ ئىشقا ئەجەپلىنىپ:

"ماڭا نىمە ئۈچۈن ئولىشىپ ئالدىڭلار، بىرەر ھادىسە بولدىمۇ؟"ــ دەپ سوراپتۇ، ئادەملەردىن.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىردىن قىزنىڭ ئاتىسى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ، قىزنىڭ ئات باقار دوكقا زورلاپ بىرىلگىنىگە ناھايىتى خاپا ئىكەن. "ئەگەر قىزىم شۇ ئىپلاس ئات باقار دوكقا بويسۇنغان بولسا، ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق! ئەلۋەتتە ئۇلتۇرىمەن."— دەپتۇ ۋەزىر. ئۇ، ئورۇندۇق يېنىغا بېرىپ: "سىتتۇلھوسن!"دەپ قىچقىرىپتۇ. قىز ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: "لەببەي!" دەپ، خوشال ئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئاتىسىغا ئىككى ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. قارىسا، قىزىنىڭ يۈزى يەنىمۇ پارلاپ كورۇنۇپتۇ. قىزىنى شۇنداق خوشال كورگەن ۋەزىر غەزىۋىگە پايلىماي: "ئەي لەنتى! سەن شۇ ئاتباقار دوكقا چۈشكىنىڭگە شۇنچە خوش بولامسەن؟!"— دەپتۇ. قىز كۈلۈپتۇ، "بەس قىلىڭ، — دەپتۇ قىز ئوز ئاتىسىغا، — كىچە دوكنىڭ ئۈستىدىن ئادەملەرنى كۈلدۈرگىنىڭىزمۇ يېتەر. ئېرىمىنىڭ ئېلىپ تاشلىغان تىرمىغىغا ئەرزىمەيدىغان ئۇ دوكىنى بۇگۈن يەنە نىمە قىلىپ تىلىڭىزغا ئېلىپ يۈرىسىز؟ ئاخشامقىدەك ياخشى ئەرنى مەن چۈشۈمدىمۇ كورگىنىم يوق! مېنى ئارتۇقچە مەسخىرە قىلىپ كۈلمەڭ. دوكىنىمۇ ئىككىنچى تىلىڭىزغا ئالماڭ! خوتۇنلارنىڭ، سىزنىڭ ئېرىڭ شۇ! دەپ كۈلگىنىمۇ يېتەر!" ۋەزىرنىڭ غەزىۋى يەنىمۇ ئورلەپتۇ. كوزلىرى چانغىدىن چىقىپ كەتكىدەك بوپتۇ. قىزىغا ۋاقىراپ: "بۇ يالغان گەپنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ئىست، ساڭا بەرگەن تەربىيەم! ئاتباقار دوك بىلەن بىللە بولغىنىڭنى يوشۇرامسەن؟!" "ماڭا ئۇ لەنتى دوكنى ئەسلەتمەڭ. ئەمدى ئۇنداق چاقچاق قىلماڭ!— دەپ ئاچچىغلىنىپتۇ قىز. "ئات باقار دوكنى ئون تىللاغا كۈلكە ئۈچۈن ياللىغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتنىڭ ئوزىدىلا ئۇ كېتىپ قالغان. مەن چىمىلدىقتا كىرگەن كىشىنى كوردۇم. ئۇسۇلچىلار

مىگىپتۇ. ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئېتىشىپتۇ. ئۇنىڭغا ئاتقان بىرەر نەرسىسى تەگسە، مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇ، بىر ئاشپەزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپتۇ. ئاشپەز ھەيۋەتلىك، گەۋدىلىك، كىملا كورسە ئەيمىنىدىغان، ئەمما دىلى يۇمشاق كىشى ئىكەن. ھەسەن بەدرىدىن ئۇنىڭدىن پانا تىلەپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرگەن چوڭ ـ كىچىك بۇنى كورۇپ تارقىشىپتۇ. ئاشپەزنىڭ ھەسەن بەدرىدىنگە دىلى ئېرىپ، ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىپتۇ ۋە:

"ئەي ئوغلۇم، قەيەردىن سەن؟ ۋەقەنى سوزلە! مېنىڭ قارىشىمچە. سەن دانا كورۇنىسەن!" — دەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن بېشىغا چۈشكەن ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ.

"ئەي ياخشى يىگىت، — دەپتۇ ئاشپەز، — تارىخىڭ خېلى قىزىق ئىكەن. ئاجايىپ ۋەقەلەرنى بېشىڭدىن ئوتكۈزۈپسەن. لېكىن بۇ ھىكايەڭنى سەن 'سىر' قىلىپ ساقلا! ھېچكىمگە ئېيتما! مۇشۇ يەردە مەن بىلەن بىللە تۇر. مېنىڭ بالام يوق! سەن ماڭا ئوغۇل بول!"

"خوپ ئاتا!" — دەپتۇ جاۋاپ ئورنىدا ھەسەن بەدرىدىن.

ئاشپەز دەرھال بازارغا بېرىپ، ھەسەن بەدرىدىنگە قىممەتلىك كىيىم ئېلىپ كېلىپ كىيدۈرۈپتۇ. كېيىن ئوزى قازىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپ، ھەسەن بەدرىدىننى ئوغۇل قىلىپ ئالغانلىقىغا قازىنى گۇۋا قىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن دەمەشق شەھرىدىكى ئاتاقلىق ئاشپەزنىڭ ئوغلى بولۇپ تونۇلۇپتۇ. ئۇ، ئاشپەز دۇكىنىدا خىزمەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئوتەپتۇ.

تاغىسىنىڭ قىزى سىتتۇلھوسن تاڭ ئەمدى يورۇغان چاغدا ئويغىنىپتۇ. قارىسا، ھەسەن بەدرىدىن ئورنىدا يوقكەن. تۇرۇپتۇ.

يىتى ئازاپلىدىم.» بۇ سوزنى ئاڭلاپ ۋەزىر: «نېمە دەپ ۋالاخ-لايسەن؟ مەن دىۋە ئەمەس، قىزنىڭ ئاتىسى»— دەپتۇ. «ئانداق بولسا مېنى مۇشۇ ئەھۋالغا سالغان دىۋە كەلمەستىن بۇرۇن، يولۇڭغا ماڭ!— دەپتۇ دوك.—مېنى ھوكۇزنىڭ سۆيگىنىگە نىكاھ قىلدۇرۇپ قويغان كىشىنىڭ ۋە بۇنى ئويلاپ تاپقان كىشىنىڭ ئاتىسىغا لەنەت! ماڭ، بۇ يەردىن چىق! ئىلدامراق كەت!» ۋەزىر ئەجەپلىنىپ: «سېنى كىم بۇ ھالغا سالدى؟ سوزلە!»— دەپتۇ. دوك ئاخشىمى ئۆيدىن چىقىپ سۇخانىغا كەلگەندىن كېيىن بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى سوزلەپتۇ ۋە: «مەن دىۋىدىن رۇخسەتسىز سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ بۇ يەردىن كېتىدىغانغا ساراڭ ئەمەس. ئۇ، ماڭا: ‹كۈن چىققاندا سەن ئوز يولۇڭغا كەت› دېگەن. كۈن چىقتىمۇ ياكى ۋاقتى بارمۇ؟ چۈنكى مەن كۈن چىققىچە بۇ يەردىن مىدىر-لىماسلىققا قەسەم بەرگەن!»— دەپتۇ دوك. ۋەزىر ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، دوكنى ئېسىلغان جايدىن بوشىتىپتۇ. دوك كۈننىڭ چىققان-چىقمىغانلىقىغا قاراپ تۇرماي، شاھنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپتۇ. بولغان ھادىسىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ۋەزىر ئويگە قايتىپ كىرىپتۇ. قىزى بىلەن بولغان ۋەقەدىن ئەجەپلىنىپتۇ:

«ۋەقەنى ئېنىقراق بايان قىل!»— دەپتۇ ئۇ قىزىغا.

«كېچە ماڭا كورسەتكىنىڭىز،— دەپتۇ قىز سوز باشلاپ،—چىرايلىق يىگىت. ئۇ كېچىدىن مەن بىلەن بىللە بولدى. ئىشەنمىسىڭىز، مانا يېنىڭىزدا ئۇنىڭ سەللە، تونلىرى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا، بىلمىدىم، نىمدۇر بار، خالتىسىمۇ تۇرۇپتۇ.» ئاتىسى قىزىدىن ئۇ سوزنى ئاڭلاپ، چىملدىققا كىرىپ، سەللىنى قولىغا ئاپتۇ. «مەۋسە-

ئۇنى ماڭا ئالدىدىن كورسەتكەن ئىدى. ئۇ، ئالتۇنلارنى سىقىملاپ ئورىدى، سورۇندىكى سازچىلار، ئۇسسۇلچىلار ۋە باشقىلارنىڭ يان- چۇغىنى ئالتۇن بىلەن توشقازدى. بۇ كېچە مەن شۇ گۈزەل يىگىت بىلەن بىللە بولدۇم"—دەپتۇ. "ئاتاڭنىڭ كوزىگە دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كورۈنىۋاتىدۇ، ئەي بەختى قارا!—دەپتۇ ۋەزىر غەزەپ بىلەن،—سەن نىمىلەرنى بىلجىراۋاتىسەن! ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟" "ئەي ئاتا، مېنىڭ دىلىمنى ۋەيران قىلماڭ، ئەزمەڭ! نىمىشقا شۇنچىلىك بىلمەسلىككە سالىسىز. مېنىڭ ئېرىم گۈزەل يىگىت. ئۇ، ئېھتىمال سۇخانىغا چىققاندۇ"—دەپتۇ. ۋەزىر ھەيران بولۇپ، سۇخانىغا بېرىپتۇ. قارىسا، ئۇ يەردە ئاتباقار دوكنىڭ بېشى توۋەن، ئايىغى تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغىدەك. ۋەزىر ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. "ئەي دوك"—دەپتۇ ۋەزىر ئۇنىڭغا. دوك ئۇنى دىۋە دەپ، قورقۇپ جاۋاپ بەرمەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يىگىرمە ئىككىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

دوك قورقۇپ جاۋاپ بەرمەپتۇ. ۋەزىر غەزەپلىنىپ: "سوزلە! سوزلىمىسەڭ، مانا مۇشۇ قىلىچ بىلەن كاللاڭنى ئالىمەن!"—دەپتۇ. "دىۋىلەرنىڭ پادىشاھى،—دەپتۇ ئاتباقار دوك،—شۇ يەرگە ئېسىپ قويۇپ كەتكىنىڭدىن بېرى بېشىمنى كوتەرگىنىم يوق! رەھىمە قىل، ناھا-

بۇ تارىخلارنى ئۆز تارىخىغا سېلىشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ نىكاھ كۈنلىرى، باللىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى بىر بىرىگە ئوخشاش ئىكەن. خەتنى ئېلىپ شاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سۆزلەپ، شاھنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىپتۇ. شاھ ھەيران بوپتۇ. دەرھال ۋەقەنى يېزىشقا بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ئۆكسىنىڭ ئوغلىنى كەچكىرگىچە كۈتۈپتۇ. لېكىن ئۇ كەلمەپتۇ. ئەتىسى، ئۆگۈنى، ئىندىنىمۇ ئىش قىلىپ بىر ھەپتىگىچە كۈتۈپتۇ، كەلمەپتۇ. ۋەزىر ئۆزىچە قانداقتۇر ھادىسىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يىگىرمە ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن ۋەزىر ئۆزىچە ئۆيلىنىپ قولىغا قەغەز-قەلەم ئاپتۇ: "مەن بىر ئىش قىلاي!" دەپ سىتتۇلھوسنىنىڭ ئۆيىدىكى ئەسۋاپ-جابدۇقلارنى بىر بىرلەپ يېزىپتۇ. شۇ ئاخشىمى ئۆيدە بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز جاي-جايىدا خەتكە يېزىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ تون ۋە سەللىسىنى قولىغا ئېلىپ ئالتۇنلار بىلەن قوشۇپ ئاسراشقا تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ قىزنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشۇپ ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ، خۇددى ئاتىسىغا

لىيدە ئىشلەنگەن بۇ سەللە ئەلۋەتتە ۋەزىرلەر سەللىسىدۇر" دەپتۇ ۋەزىر ئۆز-ئۆزىگە. ئورالخان نەرسىنى ئېلىپ، بىر بىرلەپ ئېچىپ كورۇپتۇ. كىيىملەر ئارىسىدىن پۇلدان تېپىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى مىڭ تىللا پۇل بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېمىدىكى مال توغرىسىدىكى خاتىرىمۇ بار ئىكەن. شەمسىدىن قەغەزنى ئوقۇ- ۋېتىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. بىر زاماندىن كېيىن هوشىغا كەپتۇ. بولغان ۋەقەنى چۈشىنىپتۇ.

"ئاخشامقى يىگىتنى بىلدىڭمۇ؟" — دەپتۇ شەمسىدىن قىزىغا قاراپ. "ياق!" — دەپتۇ قىز.

"ئۇ، — دەپتۇ ۋەزىر شەمسىدىن چىرايى ئېچىلىپ—سېنىڭ تاغاڭ يەنى مېنىڭ ئۇكامنىڭ ئوغلى هەسەن بەدرىدىن ئىكەن. ئەپسۇس- كى، بۇ ۋەقەنى مەن بىلمەي قاپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر هەسەن بەدرىدىننىڭ چاپىنىنى مىجىغلاپ باقسا ئۇنىڭ ياقىسىدىكى تۇگۇنچەككە قولى ئۇرۇلۇپتۇ، ئۇنى سوكۇپ قاراپتۇ. ئۇ يەردىن بىر تۇمار چىقىپتۇ. ئېلىپ ئوقۇسا، نۇرىدىننىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئىكەن:

خاتىرىنى كورۇپلا ئېرىپ ئاقتىم،
ئۇ ياشىغان يەر نەدە تاۋاپ قىلسام.
ئايرىدىڭ ئۇنى مەندىن سوراپ باقتىم،
يىتەرمەنمۇ يولىنى بىلىپ باقسام.

شەمسىدىن ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭدا بەسرە ۋەزىرىنىڭ قىزىغا ئويلىنىش تارىخىدىن باشلاپ ۋاپاتىغىچە كەچۈرگەن كۈنلەر، ئوغلى هەسەن بەدرىدىننىڭ تۇغۇلۇش تارىخى مۇكەممەل يېزىلغان ئىكەن، ئەجەپلىنىپتۇ. ناهايىتى خوشلۇغىدىن تىترەشكە باشلاپتۇ.

ئىسمى ئالاۋىيە"ـــ دەپتۇ. ئىككىنچىسى ۋە باللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بىر بىرلەپ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسملىرىنى ئېيتىپتۇ. نوۋەت ئەجىپكە كەپتۇ. ئۇ: "ئىسمىم ئەجىپ، ئانامنىڭ ئىسمى سىتتۇلھوسىن، ئاتامنىڭ ئىسمى ۋەزىر شەمسىدىن"ـــ دەپتۇ. باللار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ:

"شەمسىدىن سېنىڭ ئاتاڭ ئەمەس بوۋاڭ!"ـــ دېيىشىپتۇ. ئەجىپ "ئاتام" دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باللار يەنە كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئىش ئەلەم قىپتۇ.

"سەن ئاتاڭنى بىلمەسەڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرما، كەت! بىز بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەنلەر ئوينىمايدۇ"ـــ دەپلا، ئۇنى تاشلاپ نېرى كېتىشىپتۇ. ئەجىپنىڭ يۈرىكى سىقىلىپتۇ. ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ. خەلپەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟"ـــ دەپ سوراپتۇ. ئەجىپ باللارنىڭ سۆزىنى دەپ بېرىپتۇ. خەلپەت ئۇنىڭغا:

"ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئەمەس، ئاناڭ سىتتۇلھوسىننىڭ ئاتىسى، سېنىڭ بوۋاڭ. ئاتاڭنى سەنمۇ بىلمەيسەن، بىزمۇ بىلمەيمىز. چۈنكى شاھ ئاناڭنى ئاتىباقار دوكقا بەرگەن. توي ئاخشىمى دىۋە كېلىپ ئاناڭ بىلەن ياتقان. سېنىڭ ئاتاڭنىڭ تايىنى يوق!"ـــ دەپتۇ. ئەجىپ خەلپەتتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ئۆيىگە قايتىپ ئانىسى سىتتۇلھوسىننىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ مومىسىغا ھەسرەت توكۇپتۇ. ئەجىپنىڭ يىغا بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىنى مومىسى ياخشى ئۇقالماپتۇ. ئەمما سىتتۇلھوسىن ئوغلىنىڭ يىغىسىدىن يۈرىكى قىسىلىپ ئۇنىڭ ئوچۇپتۇ:

"نېمىشقا شۇنچىلا تېلىقىپ يىغلايسەن؟ ئوچۇغراق گەپ قىل!"ـــ

ئوخشاش شەھلا كوزلۇك، يۇمىلاق يۇزلۇك ئىكەن. ئۇنىڭغا "ئەجىپ" دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇنى ئىسىل يوگەكلەرگە ئوراپ ئىنىكئانىسىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن كۇن ئايدەك، ئاي يىلدەك بەرىكەتلىك بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە ۋەزىر ئۇنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپتۇ، تەربىيە قىلىشنى ـ ئۇگىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەجىپ توت يىل مەكتەپكە قاتناپتۇ. باللار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، سوقۇشۇپتۇ. باللار ئۇنىڭدىن بىزار بوپتۇ. ئۇ، باللارغا ماختىنىپ: "كىم ماڭا تەڭ كېلەلەيدۇ. مەن مىسىر ۋەزىرىنىڭ ئوغلىمەن"ــ دەيدىكەن. خالىغان كىشىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ بوزەك تاپىدىكەن. باللار يىغلاپ خەلپەتكە شىكايەت قىپتۇ. خەلپەت ئۇلارغا:

"مەن سىلەرگە بىر گەپ ئۇگىتىپ قوياي. ئۇ. يەنە شۇنداق بوزەك قىلسا، ئۇنىڭغا ئېيتساڭلار، مەكتەپكە كېلەلمەيدىغان بولىدۇ! ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر،"ــ دەپتۇ.

"تېزرەك ئېيتىڭ!"ــ دەپتۇ باللار چۇرۇلدىشىپ.

"ئەتە كەلگەندە،ــ دەپتۇ خەلپەتــ بىر ئويۇن ئويىنىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىڭلار. بۇ ئويۇنغا ئاتىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەنلەر قاتنىشىدۇ دەپ شەرت قويۇڭلار. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەنلەر ھارىمىدۇر، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئويناشقا شەرتى توشمايدۇ" دەڭلار. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن باللار مەكتەپكە كېلىشىپتۇ. ئەجىپمۇ كەپتۇ. باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپتۇ. "بىز ئويۇن ئويناىمىز! لېكىن بىز بىلەن ئاتىسى، ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىگەنلەر ئويناليالمايدۇ"ــ دەپتۇ. بۇ گەپتىن كېيىن بىرى:

"مېنىڭ ئىسمىم مېجىت، ئاتامنىڭ ئىسمى ئەزىزدىن، ئانامنىڭ

ئايالـمۇ، ئەجىپمۇ ئۇزـنى توختىتالـماي ماتەمدار كىشىدەك يىغلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر شەمسىدىن كىرىپ كەپتۇ، ـ بۇلارنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كورۇپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. سىتتۇلھوسن ئەجىپ بىلەن مەكتەپ باللىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئوتكەن ۋەقەنى سوزلەپتۇ. ۋەزىر شەمسىدىن ئۇكىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئەسلەپ ئوزىنى توختۇتالماي يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئۇكىسىنى ئەسلەپ، بۇرۇن ئارىلىرىدا بولۇپ ئوتكەن ماجرانى، قىزىنىڭ ۋەقەسىنى خاتىرلەپ، بۇنىڭدا نىمە سىر بارلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇ زامانلا ۋەزىر شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ بولغان ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. شەرققە ـ بەسرە تەرىپىگە بېرىپ، ئۇكىسىنىڭ ئوغلىنى ئىزلەش ئۇچۇن رۇخسەت سوراپتۇ. شاھتىن ئۇنى قەيەردە تاپسا ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن ھېچكىم قارشىلىق كورسەتمەسلىكىدەك قىلىپ، ھەممە شەھەر باشلىقلىرى ۋە ھاكىملارغا تەۋسىيە خەت قىلىپ بېرىشنى سوراپتۇ. شاھ ئالدىدا ئۇ، ئوزىنى توختۇتالماي يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ. شاھنىڭ رەھمى كەپتۇ. شاھ بارچە مەملىكەت ۋە شەھەر باشلىق-لىرىغا، ھاكىملارغا قارىتىپ مەكتۇپ يېزىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر خۇشلۇ-غىدىن دەرھال شاھ بىلەن خوشلىشىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. تەييارلىقنى تۇگىتىپ، قىزىنى ۋە ئەجىپنى ئوزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۇرۇپ شەھەر ئارىلاپ، مول يۇرۇپ، دەمەشق شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات ۋە چىرايلىقلىغى، سۇيىنىڭ كوپ ۋە راۋانلىغى، دەرەخلىرىنىڭ تۇرلە-رىنىڭ كوپلۇگى، خورمىلىرىنىڭ خىللىغى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ ۋە شائىرلارنىڭ دەمەشق ھەققىدە يازغان بۇ ئىككى شېئىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلىرىگە ئاپتۇ:

دەپتۇ. ئەجەپ باللاردىن ۋە خەلپەتتىن ئاڭلىغان سوزلىرىنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ.

"ئاتاڭ مىسىر شاھىنىڭ ۋەزىرى"، — دەپتۇ سىتتۇلھوسن. "يالغان ئېيتما! ئۇ مېنىڭ ئاتام ئەمەس، سېنىڭ ئاتاڭ. ئەگەر راستىنى ئېيتمىساڭ، مانا شۇ خەنجەر بىلەن ئۇزەمنى ئولتۇرىمەن!" — دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاش بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەسەن بەدرىدىن سىتتۇلھوسنىنىڭ كوز ئالدىدا گەۋدىلىنىپتۇ. سىتتۇلھوسن ئۇنىڭ كوركەملىكىنى، ھوسنى-جامالىنى ئەسلەپ بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

خىيالىمدا سەن بار ھازىرقىدەك،
يولۇڭغا تەلپۈنەر تەشنا يۈرەك.
سەن بولساڭ يېنىمدا دوزاخمۇ بوستان،
قاراڭغۇ كورۈنەر سەنسىز كەڭ جاھان.
بولمىساڭ سەن قۇچاغىمدا گەر،
ھەرقانداق شىرىنلىك تېتىيدۇ زەھەر.

ئارقىدىن بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

پۈتۈن زېھنىمنى ئېلىپ ئۇ، ئۇزاق كەتتى،
يالغۇز قالدىم مەن ئۇندا ئىشتىياق كەتتى.
يېقىن يەتكىنىمدە مەن يار ۋەسلىگە،
قويۇپ مېنى پىراقىغا ئۇ يىراق كەتتى.
كوزۇمدىن ئۇيقۇ قاچتى، تېنىمدە يوق ھالاۋەت،
بېرىشكە جان-دىلنى جاڭجالۇ-ئۇلاق كەتتى.
دىيىشكە نالە-زارىمنى گوۋا تەرىقىسىدە كىم،
كوزۇمنىڭ يېشى ئېقىپ، راۋان بىر بۇلاق كەتتى.
كوزۇمدىن ئۇچتى قاچان ئاق بەدەن، قارا كوزۇڭ،
توكۇلدى ئەڭ بۈرۈن گوھەر، كېيىنچە ئۇ، ئاق كەتتى.

تۇزۇلۇشىگە، شەھەر تەرتىۋىگە ھەيران قاپتۇ. ئەجەپ ئالدىدا، دىۋان بېگى بىلەن خىزمەتچى، قۇللار كەينىدە مېڭىشىپتۇ. ئەجەپكە يول ئېچىپ، يېقىن كەلگەن توگىنى ئورۇش ئۇچۇن بىر قۇل قولىغا قامچا ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. ئەجەپنى كورگەن دەمەشقلىقلار ئۇنىڭدىن كوزىنى ئۇزەلمەپتۇ. تىكىلىپ قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپمۇ مېڭىشىپتۇ. ئەجەپ قۇلى بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ ئاشخانىسىغا كوزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ ئوغلىغا كوزى چۈشۈپ، ئاتىلىق مېھرى-مۇھەببىتى قوزغىلىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن تاتلىق ئانار شەرۋىتىدىن تۇرلۇك دارى-دەرمان بىلەن قىلىنىدىغان "ھۇببۇل رۇممان①" ناملىق تاماقنى ھازىرلاۋاتقان ئىكەن. ئوزىنى ئاران توختىتىپ، ئىختىيارسىز ئەجەپنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

"ئەي ھورمەتلىك مىھمان، مېنى ئىشتىن توختاتقان يىگىت، — دەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن، — دۇكىنىمغا مەرھەمەت، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ! تاماقلىرىمدىن بىر ئاز يەپ، ئەلەملىك كوڭلۇمنى داۋالاڭ" — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن، كېيىن ئۇ بۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇپتۇ:

يەتمىگەي دەخلى، قەدرى پادىشاھىغا،
ئىلتىپات قىلسا كەمتەرىن گادايىغا.

ئۇنىڭ كوزلىرىدە ياش ئايلىنىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن بۇرۇن كىم بولغىنىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەسلەپ كوز ياشلىرىنى توختىتالماپتۇ. ئەجەپنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، يۇرەكلىرى تېپچەكلەش-

① ھۇببۇل رۇممان — تاتلىق ئانار شەرۋىتى، قايماق، قەلەمپۇر، قارا ۋە ئاقمۇش قوشۇپ ئېتىلىدىغان تاماق.

چىمەنلەر چورىسىگە دەرەخلەر بوپتۇ گۈل،
دەرەخلەر ئۈستىدە سايرىشۇر بۇلبۇل.
بۇ شەھەر ئېرۇر گۈزەل ۋە راۋان،
بېھىشكە ئوخشىغاي دەمەشق شۇئان.

• • •

دەمەشق شەھرىدە كىم مېنىڭدەك ساياھەت قىلار،
بولەك شەھەرگە بارسا ئۇ، قانداق تاقەت قىلار.
دىسەم يېگىدىن تۇغۇلدۇم، بۇ قەسەم بولار،
تۇغۇلمىغان كىشى بۇندا كوپ نادامەت قىلار.
ۋىچىر-ۋىچىر قىلىدۇ ھەر دەرەختە يۈزلەپ قۇش،
يۇمشاق ھاۋادا بۇندا جانۇ-تەن كەڭ راھەت ئالار.
شامال كىتاپ ئوقۇشقا يوپۇرماق ۋاراقلايدۇ،
سەھەردە گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللار قىرائەت قىلار.
نەقشلىك كورۇنۇشلەر كوز قاماشتۇرار باقساڭ.
قارىساڭ شۇنچە كوپ زەۋق-شەۋق ىشارەت قىلار.

ۋەزىر خىزمەتچى ۋە قۇللىرىغا: "بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئالىمىز"—دەپ، "ھىسباد" ناملىق بىر مەيدانغا چۇشۇپ چېدىر-لىرىنى تىكىشىپتۇ. خىزمەتچى-قۇللار شەھەرنىڭ مەھەللە، بازار، مەسچىد، مەدرىسىلىرىنى كورۇشكە كېتىشىپتۇ. بەزىلىرى نەرسە-كېرەك ئېلىشىپتۇ. بەزىلىرى ئارتۇق نەرسىلىرىنى سېتىشىپتۇ. بەزى-لىرى ھاممامغا بېرىشىپتۇ. بەزىلىرى دۇنيادا تېڭى يوق بەنى ئۇمەييە① يادكارلىقلىرىنى تاماشا قىپتۇ. ئەجىپمۇ دىۋان بېگى ۋە قۇل-خىزمەتچىلىرى بىلەن شەھەر كورۇشكە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر

① بەنى ئۇمەييە — 720-يىلى شامنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان خەلىپىلىك.

"ئاشخانىغا كىرىپ، مېنى ناھايىتى خوش قىلدىڭلار، قېنى مەرھەمەت قىلىپ غىزادىن ئېلىڭلار" — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن. ئىككىسى تاماققا كىرىشىپتۇ. كېيىن:

"سىزمۇ ئولتۇرۇپ بىز بىلەن تاماق يەڭ! — دەپ تەكلىپ قىپتۇ ئەجەپ، — بىزمۇ ئىزلىگەن كىشىمىزگە يولۇققىساق ئەجەپ ئەمەس. بىر بىر كىشىنى ئىزلەپ، سەرگەردان بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق."

"ئەي ئوغلۇم ياشقىنا تۇرۇپ سەنمۇ جۇدالىق دەردىگە موپتىلامۇسەن؟" — دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەدرىدىن.

"شۇنداق دەپتۇ ئەجەپ، — مەن ئاتامدىن ئايرىلغانمەن. كوڭلۇم ئۇنىڭ پىراقىدا گىريان، دىلىم ئۇنىڭ ئىشتىياقىدا ۋەيران. مەن بوۋام ۋە ئانام بىلەن بىللە شەھەر كېزىپ ئۇنى ئىزلەپ يۈرىمىز. بۇ شەھەرگىمۇ ئۇنى ئىزلەپ كەلدۇق. ئاھ...مېھرىبان ئاتام بىلەن قاچان كورۇشۇشكە نىسىپ بولار؟" ئۇنىڭ يىغىسىغا ھەسەن بەدرىدىنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ ئوزىنىڭ دەردى يېڭىلانغاندەك بىلىنىپتۇ. ئۇمۇ ئاتا — ئانىسىنى ئەسلەشكە باشلاپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننىڭ كوز ياشلىرىغا قۇلىنگمۇ رەھمى كېلىپ، ئۇمۇ يىغىسىغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار، يىغلىغاچ، تاماقنىمۇ ناھايىتى تويۇپ يەپتۇ. كېيىن خەيرلىشىپ دۇكاندىن چىقىپ، كەلگەن يولىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئوز ھوشىنى يوقىتىپ، جېنى چىقىپ تېنى قالغاندەك بولۇپتۇ. تاقەتسىزلىنىپ، ئوزىنى تۇتالماي گاراڭ بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئولتۇرالماي، دۇكانغا قۇلۇپ ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. تېخى ئۇلار چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتمە-

كە باشلاپتۇ. قۇلغا قاراپ:

"بۇ بىچارىمۇ بىزگە ئوخشاش دەرتمەن كورۇنۇدۇ. كەل! ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ بىر ئاز دەم ئالايلى! تاماق يەپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئېچلاندۇرايلى" دەپتۇ، — قۇل ئېتىراز بىلدۇرۇپ:

"ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيىش ياراشمايدۇ. مەن بىرەر هادىسە يۈز بەرمىسۇن دەپ قولۇمغا قامچا تۇتۇپ يۇرىمەن. بۇ يەرگە كىرىشكە زادى بولمايدۇ" — دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، هەسەن بەدرىدىن هەيران بوپتۇ: "كىرسە نىمە بولىدۇ؟ سىلەر بىردەم ئارام ئېلىۋالىسىلەر، مەنمۇ خۇرسەن بولىمەن! ئەي قارا تەنلىك، ئاقكوڭۇل ئىنسان! نىمشقا مېنىڭ يۈز خاتىرەمنى قىلمايسەن؟" — دەپتۇ. قۇلغا ۋە ئۇنىڭغا قاراپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

قارايغان يۈزۈڭ بىزگە ئېيتىدۇ،
ئەمەسمەن مۇقەررەر هەممە ئىشتا خام.
خالىق دۇنيادا ئەيىپ ئىش ئىكەن،
ۋە لېكىن ئۇ، ئالغان ياخشى نام.

كېيىن ئۇ يەنە مۇنۇ شېئىرنىمۇ ئوقۇپتۇ:

هەمىشە ياخشىلىق هورمىتىدىن،
شاهنشاه يېنىدا ئۇ باقى بولدى.
كېلىشكەن قامتى ۋە سەنئىتىدىن،
گاهى سازەندە، گاهى ساقى بولدى.

قۇل هەيران بولۇپ ئەجەپ بىلەن دۇكانىغا كىرىپتۇ. هەسەن بەدرىدىن پىشۇرغان تائاملار ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا هۆببۇل رۇممانىدىن بىر تەخسىگە سېلىپ، يۈزىگە شىكەر بىلەن بادام سېپىپ ئېلىپ كەپتۇ.

ھەسەن بەدرىدىننىڭ كوزىنى خىيانەتكار بىر كوزدەك ھىس قىپتۇ. ئۇ، قولىغا تاش ئاپتۇ. ئوز ئاتىسى ھەسەن بەدرىدىنگە قارىتىپ تاشنى ئېتىپتۇ. تاش ھەسەن بەدرىدىنگە توغرا كېلىپ، پىشانىسىگە تېگىپ، يېرىپ تاشلاپتۇ. ئۇ يەردىن ئۇرغۇپ قان چىقىپتۇ، قان ئېقىپ يۇزىگە چۇشۇپتۇ. كوزىگە ئالەم قاراڭغۇلۇغى تىقىلىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن سەللىسىدىن يىرتىپ ئېلىپ، پىشانىسىنى تېڭىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن قىلغان ئىشىغا، سەۋرسىزلىگىگە پۇشايمان قىپتۇ. ئوزىنى - ئوزى كايىپ دۇكىنىغا يېنىپتۇ. ئوز ئاتا - ئانىسىنى، بەسرىنى ئەسلەپ، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

عېرىپلىق شامدا كۇل بولۇپ مەن كويەي،
بۇ غۇربەتنى ئوزەم بەخت دەپ سۇيەي.
يۇرت ۋە يار ئۇچۇن قىلاي نالە - زار،
بۇ جايدا يوق ماڭا ئىچ كۇيەر، غەمگۇزار.

كېيىن بالىنى "بىكارلا خاپا قىلىپ قويدۇم. ئوزەممۇ خۇددى يامان نىيەت بىلەن ئۇنىڭ كەينىگە چۇشكەن كىشىدەك تەلۋىلەرچە ئۇنىڭ پېيىگە چۇشتۇم،" دەپ ئويلاپتۇ. دۇكىنىغا بېرىپ ئېلىم - سېتىم بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. كوڭلى بۇزۇلۇپ بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

زامان ئىنساۋىغا كوڭلۇڭنى قويما،
نادامەت بىرلە كېيىن كوكسۇڭنى ئويما.
زاماندا بولسا ئىنساپ سەن تويا‌تتىڭ،
قانائەت قىلىپ توي مەيلى تويما.

ھەسەن بەدرىدىنىڭ تاغىسى ۋەزىر شەمسىدىن ئەسلىدە بۇ شەھەردە ئىككى كۇن تۇرماقچى بولغان ئىكەن. لېكىن كوڭلىگە يېقىپ بىر كۇن ئارتۇق تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ھىمسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا قەيەرگە چۇشسە شۇ يەردىكى كىشىلەردىن ھەسەن

گەن ئىكەن، ھەسەن بەدرىدىن يېتىپ كەپتۇ.

"نىمىشقا بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىسەن؟" — دەپ سوراپتۇ قۇل ئۇنىڭدىن.

"شەھەر تاشقىرىسىدا ئازراق ئىشىم بار ئىدى. سىلەرگە ھەمرا بولۇپ باراي دەپ چىقتىم" — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

"مەن شۇنداق ئىش چىقىشتىن قورققان ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ، ئەجەپكە، — ئۆيلىنىشىمدەك بولۇپ چىقتى. بۇ نەسىنىڭ تامغىنى يەيمىز دەپ، ئۆزىمىزنى بىئارام قىلىدىغان بولدۇق. ئەمدى بۇ بىزنىڭ كەينىمىزگە چۈشتى." ئەجەپ قۇلغا خاپا بولۇپ:

"كارىڭ بولمىسۇن، مەيلىگە قوي، كېلىۋەرسۇن، — دەپتۇ، — ئۇ ئەگەر ئۆز ئىشىغا بارماي، تۇرار جايىمىزغىچە كەلسە، ئۇ چاغدا ھەيدەيمەن. سەنمۇ شۇ چاغدا ئۆز بىلگىنىڭنى قىل!"

شۇ چاغدا ھەسەن بەدرىدىن بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەيلى قىل ئىلتىپات ۋە يا قىل غەزەپ،
قاچمىغاي ھالىۋىدىن پاشا ھېچ تەرەپ.

ئەجەپ بېشىنى سىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. قۇلنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ. ئەجەپنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ-ئىز يۈرۈۋېرىپتۇ. ئۇلار چېدىرلىرىغا يېقىنلىشىۋېرىپتۇ. لېكىن ئاشپەزمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالماي مېڭىپتۇ. ئەجەپ ئاچچىغلىنىپتۇ. قۇل "ۋەقەنى بوۋامغا ئېيتىپ قويمىسىغىدى؟" دەپ خاتىرجەمسىزلىنىپتۇ. ئەجەپنىڭ يۈرىگى قىسىلىپ ئاشپەزگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپتۇ. ئاشپەزنىڭ كوزى خۇددى ئاتىسىنىڭ كوزىدەك يېقىملىق كورۇنۇپ ئىندىمەپتۇ. بىراق ئەجەپنىڭ تەشۋىشى ئېشىپ،

ياشاپ ئۆتكەن بۇ يەرلەردە ئىنىم قىلىپ ھامان سەيلى،
تامىلىرىدىن كوزلىرىمنى مەن ئۈزۈپ ئالالمايمەن.
ئاڭا ئەمەس ۋاپا ھەققى، ئىشقى تۆپەيلى،
ھورمەت بىلەن كوز ياش قىلماي تۇرالمايمەن.

"مېنىڭ ھورمىتىم ۋە مۇھەببىتىم بۇ ئۆيلەردە ياشىغانلارغا تېگىشلىك" دەپ مېڭىپ چوڭ ھويلىغا چىقىپتۇ. ئۇ يەردىن ھەر تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن گۇمبەز شەكلىدىكى بىر ئىشىككە كوزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. تامدىكى ئالتۇن ھەل بىلەن چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان ئۇكىسىنىڭ نامىغا كوزى چۈشۈپتۇ. ئۇنى ئوقۇپتۇ. خەتنى سۆيۈپ، تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلاپتۇ. ئۇكىسىدىن ئايرىلغىنىنى ئەسلەپ، قايغۇلۇق ھالدا بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

سورايمەن ھالىڭنى چىقسا قۇياشتىن،
تامىلىرىڭدىن كوزلىرىمنى ئالالماستىن.
ئامانلىق تىلەيمەن ھەممە يەردە،
سالامەتلىك تىلەيمەن ھەر قەدەمدە.
ئەزىز دوستلارنى تىلەيمەن ياتاردا،
سەھەردە، چۈش مەھەلدە، تاڭ ئاتاردا.
ئاي بىلەن قۇياشتا مېنىڭ نە ئىشىم بار،
كوڭۈلدە يەككە - يالغۇز تەشۋىشىم بار.
ھەسەل يىسەم تېتىيدۇ ماڭا زەھەردەك،
ئۇنىڭسىز كوز يېشىم توكۇلەر سەلدەك.
جۇدالىقتىن بۇ يۈرەك بولدى پارچە،
تاۋاپ قىلاي قەدەم جايىنى يانا شۇنچە.
ئۇنىڭسىز ھېچقاچان مەمنۇن ئەمەسمەن،
ياكى خەت ئىچىدە مەزمۇن ئەمەسمەن.
ماڭا ئۇنىڭسىز بولماس تەسەللى،
مېنى تاشلاپ كەتكەن ئىنىمغا بەللى.

بەدرىددىننى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. موردىن، مەۋسەل، دىيار بەكرى شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، بەسرىگە يېتىپتۇ. ۋەزىر يۈكلىرىنى بىر يەرگە جايلاپ قويۇپ، شاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. شاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شاھمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ، كۆرۈشۈپتۇ. تۆردىن جاي بېرىپتۇ. ۋەزىردىن بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ. ۋەزىر ۋەقەنى بايان قىپتۇ. نۇرىددىننىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ. شاھنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

"بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن ئۇ، مېنىڭ ۋەزىرىم ئىدى. مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭدىن بىر بالا قالغان ئىدى. ئۇ، شۇ يەردە ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىككى ئاي كېيىن ئۇ، غايىپ بولدى. ھازىر قەيەردىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى شۇ يەردە، ئۆز ئۆيىدە تۇرۇدۇ"—دەپتۇ. شەمسىددىن ئۇكىسىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھاياتلىقىنى بىلىپ خۇرسەن بوپتۇ.

"ھۆرمەتلىك شاھىم،—دەپتۇ ۋەزىر شەمسىددىن،—ئۇكام نۇرىددىننىڭ ئائىلىسىنى كۆرۈشكە رۇخسەت بەرسىڭىز!"—دەپتۇ. شاھ رۇخسەت قىپتۇ. شەمسىددىن ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇكىسىنىڭ قەدىمى چۈشكەن جايلارنى سۆيۈپ تاۋاپ قىپتۇ. ئۇكىسى نۇر-ددىننىڭ شۇ يەرلەردە غېرىپ بولغىنىنى ئەسلەپ، يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يارىدىن خالى كۆرەرمەن ئۇشبۇ ئايۋاننى شۇدەم،
گۈلىدىن خالى كۆرەرمەن ئۇشبۇ بوستاننى شۇدەم.
باھار پەسلى ئۆتۈپ، كېتتۇ كۈز پەسلى غازاڭ تاشلاپ،
بۇلبۇل ئورنىدا كۆرەرمەن سېغىزخاننى شۇدەم.

ئۇنىڭغا ئۇلاپ بۇ شېئىرنىمۇ ئوقۇپتۇ:

سۆيۈنچ بولسۇن ئەي كوگۈل ساڭا خۇدانىڭ پەزلىدىن،
ئۈشبۇ چاغ ئېلىپ كەلدى ماڭا يىراقتىن خۇشخەۋەر.
مەن بۇ كارۋان يولىغا تەشنا ئىدىم شامۇ-سەھەر،
ھەمدۇلىللا ماڭا ئۇ كىشىدىن كەلدى ئاۋاز ۋە خەۋەر.

ۋەزىر شەمسىدىن ئەجەپنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەجەپنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئايال نەۋرىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ يىغلاپتۇ.

"ھازىر، — دەپتۇ شەمسىدىن، — يىغىنىڭ ۋاقتى ئەمەس. سىز بىز بىلەن بىللە قاھىرىگە — مىسىرغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ، ئەمدى پەرىشانلىغىمىزنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاقتى." نۇرىدىننىڭ ئايالى "خوپ" دەپ، شۇ زامانلا ئورنىدىن تۇرۇپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. شاھ ۋەزىر شەمسىدىنگە ۋە مىسىر شاھىغا ئاتاپ قىممەتلىك سوغىلارنى تەقدىم قىلىپتۇ. شەمسىدىن يولغا چىقىپ، دەمەشىق شەھىرىگە كېلىپ چۈشۈپتۇ.

"بىز بۇ يەردە، — دەپتۇ شەمسىدىن يېنىدىكىلەرگە قاراپ، — بىر ھەپتە تۇرىمىز. شاھىمىزغا قىممەتلىك سوغىلارنى ئالىمىز!" ئەجەپ قۇلىغا:

"شەھەرگە بارايلى. ئېشىنى يەپ، بېشىنى يارغان ئاشپەزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەيلى!" — دەپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ قۇل. ئەجەپ قۇل بىلەن كوچىغا چىقىپتۇ. ئاشپەزنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. كۈن ياناي دەپ قالغان چاغ ئىكەن. ئاشپەز يەنە ھۆببۇل رۇممان ناملىق تاماق ئېتىۋاتقان ئىكەن. ئەجەپ ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىپ قارىسا، تاش تەككەن يەردە ھىلمۇ يارىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. ئەجەپ سالام بېرىپتۇ.

"ھەممە ۋاقىت، — دەپتۇ ئۇ، — پىكرى-خىيالىم سەندە بولدى."

ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ئۇكىسىنىڭ ئايالى تۇرغان ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇكىسىنىڭ ئايالى بالىسىنى يوقاتقاندىن بېرى كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يۈز-كۆزىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋەتكەن. كىيىملىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ يىرتىۋەتكەن ئىكەن. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، ئۆز ئوغلىغا ئاتاپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەۋرە قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ، ھەر كۈنى ئەتە-ئاخشامدا شۇ قەۋرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلايدىكەن. ۋەزىر شەمسىدىن بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلگەندە، ئايال بىر نەرسە ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئاڭلاپ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قۇلاق سالسا، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي كۆز نۇرۇم، ئىشنى ئۆزەڭگە ئاسان ئەيلىدىڭ،
قويۇپ غەم ئۆيگە مېنى ئەجەپ سارسەن ئەيلىدىڭ.
ئاھكىم كۆرگەن كىشى بولغايمۇ سۆيسەم كۆزىنى،
بەرمىدىڭ ماڭا خەۋەر كۆڭلۈمنى ۋەيران ئەيلىدىڭ.

شۇ چاغدا ۋەزىر شەمسىدىن ئىچكىرى كىرىپ ئۇكىسىنىڭ ئايالىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھەتتا ئايالنىڭ ئوغلى ھەسەن بەدرىدىن ئۆز قىزى سىتتۇلھۇسن بىلەن نىكاھ كېچىسى قوشۇلغانلىقىنى، شۇ كېچىسى ئەتىگەندە يەنە غايىپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن بولغان بالىنىڭ ساق-سالامەت تۇغۇلغانلىقىنى، بالىغا "ئەجىپ" دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقىنى، ئۇ، بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ تىرىكلىكىنى بىلىپتۇ. ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى شەمسىدىن ۋەزىرنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ، قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئىزىمىزدىن ماڭىسىڭىز، ئىككىنچى قېتىم بۇ يەرگە قەدەم باسمايمىز. بۇ شەھەردە خېلى كۆپ تۇرىمىز. چوڭ دادام شاھقا ئەرزىگۇدەك سوغات تاپقىچە خېلى ۋاقىت ئۆتىدۇ. بىز شۇ ۋاقىت ئىچىدە يەنە كېلىمىز."

"مەرھەمەت، — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن، — ئېيتقىنىڭلاردەك بولسۇن!" ئۇ يەنە تاماق ئېلىپ كەپتۇ.

"ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ!" — دەپتۇ ئەجىب. ھەسەن بەدرىدىن خوش بولۇپ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھۆببۇل رومان يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ، تاماق يەپ تۇرۇپمۇ كوزىنى ئەجىبتىن ئالماپتۇ. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەجىبكە قىزىقىسىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ.

"سىز — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىنگە ئەجىب، — ماڭا قاراۋېرىپ چىشىمغا تېگىۋاتىسىز. مەن باشتىلا تولا قاراپ زېرىكتۇرمەسلىكىنى سىزگە شەرت قىلىپ قويغان ئىدىم. لېكىن يەنىلا ئۆز بىلگىنىڭىزنى قىلىۋاتىسىز! مەندىن كوزۇڭىزنى ئۈزمەيۋاتىسىز!" بۇ سوزنى ئاڭلاپ ھەسەن بەدرىدىن بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مۇھەببىتىم سىرىنى ساقلىدىم يۈرىگىمدە،
گوھەرلەنى ساقلىغاندەك خەزىنەمدە.
خەزىنە سىرىنى ھېچكىمگە پاش قىلماسمەن،
ئومۇر ئوتەر شۇ خىل ۋىسالغا يېتەلمەسمەن.
چىراي - ھوسنۇڭگە يەنىمۇ قىلىپ بەندە،
بەندىلىكتە قىلدىڭ ئايىنى شەرمەندە.
مەن ئاي ئەمەسمەن، ئادەم، ئىنايەت قىل!
مۇرۇۋۋەت ئەيلە ماڭا جەۋرىنى نىھايەت قىل!
ۋىسالىڭ ماڭا جەننەت، لەۋلىرىڭ كەۋسەر،

ھەسەن بەدرىدىن ھاياجانلانغىنىدىن تىلى سوزگە كەلمەي، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن بۇ مىسرالارنى ئوقۇپتۇ:

قارا چاچ ئوغلۇم كېلىپسەن ماڭا،
سوراپ ھالىمنى خوش قىلدىڭ يانا.
بۇ خاراپ ئويىنىڭ مېھمىنى ئۆزەڭ،
ئەقلىمنى لال ـ بەھۇش قىلدىڭ يانا.

ئۇ ئاللا قانداق بىر ھالەتتە ئەجەپكە تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. يەنە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كەلگىنىڭدىن خەۋەر كەلدى مەن بىچارىگە،
يوق يۈرەك پارچىلانغان يۈز پارىگە.
ئارزۇنى سوزلىمەككە يوق مەندە كۈچ،
تېپىلماس سەۋرى ـ تاقەت مەندەك زارىگە.
نەچچە دەپتەر بولدى ھەسرەت ھىجران قىسسىسى،
نى ھەۋەستۇر بۇ مېنىڭدەك بىر ئاۋارىگە.

بۇ شېئىردىن كېيىن ھەسەن بەدرىدىن ئۇلارغا:
"ئىچكىرى كىرىڭلار، تاماق يەڭلار، ئەي ئوغلۇم، ئوتكەن نوۋەت مەن قەستەن سېنىڭ ئارقاڭغا چۈشكىنىم يوق. ئۆزەمنى تۇتالماي، ھوشۇمنى يوقىتىپ گاراڭ بولغان ھالدا ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ مېڭىپتىمەن" ـــ دەپتۇ.
"سىز بىزگە بولغان دوستلۇغىڭىزنى نىمە بىلەن كورسەتمەكچەسىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ئەجەپ، ـــ بەرگەن ئازغىنا تامىقىڭىزنى دەسمايە قىلىپ، كەينىمىزگە كىرىپ، بىزنى شەرمەندە قىلماقچى بولدىڭىز! بىز يەنە كىرىپ تامىقىڭىزنى شۇ شەرت بىلەن يەيمىزكى، ئىككىنچى قېتىم كەينىمىزدىن چىقىپ ئەگىشىپ يۈرمەيسىز. ئەگەر

سېنىڭ دادالىڭ ھەسەن بەدرىدىنىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ." "بۇ ھۆببۆل رۆممان كوڭۈلنى ئاينىتقىدەك ناھايىتى تەمسىز بوپتۇ" — دەپتۇ ئەجىپ، — "بىز دەمەشقتە بىر ئاشپەز تەييارلىغان ھۆببۆل رۆماندىن يىدۇق. ھۆببۆل رۆممان دەپ ئەنە شۇنى دىسە بولىدۇ". مومىسى غەزەپلىنىپ قولىغا بۇرۇلۇپتۇ. ئاچچىغى بىلەن:

"سەن بالامنى ئاشخانىغا ئۆگىتىپ بۇزۇپسەن!" دەپتۇ ئۇ، بوغۇلۇپ-قېقىلىپ. قول قورقۇپ، ئاشخانىغا كىرگىنىدىن تېنىپتۇ.

"بىز ئاشخانىنىڭ يېنىدىنلا ئۆتتۇق" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.


يىگىرمە توتىنچى
كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

"بىز ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندۇق، ئۇنىڭ ئەتكەن تامىغى سېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. شىرىن ۋە لەززەتلىك" — دەپتۇ ئەجىپ. ئايال بېرىپ ۋەقەنى ۋەزىر شەمسىدىنگە ئېيتىپتۇ. ۋەزىر قولنىڭ بۇ ئىشىغا ئاچچىقلىنىپتۇ، ئۇنى قىچقىرىپتۇ: "بالىنى نىمە ئۈچۈن ئاشخانىغا ئېلىپ كىردىڭ؟" — دەپ سوراپتۇ. قول قورققىنىدىن تاترىپ ئاستا:

"ئاشخانىغا ئېلىپ كىرمىدىم" — دەپ جاۋاپ قىپتۇ.

"بىز كىردۇق، تويغىچە ھۆببۆل رۆممان يىدۇق. ئاشپەز بىزگە ئابى ناۋاتمۇ تۇتتى" — دەپ ۋاقىراپتۇ ئەجىپ. ۋەزىر ئۇنىڭدىن

لىۋىلىڭ خىيالى دائىم تەشنالىغىمنى كېسەر.

ھەسەن بەدرىددىن ئۇلارغا ھۇببۇل رۇممانىنى نوۋەتـمۇ ـ نوۋەت يېگۈزۈپتۇ. ئاخىرى تۈگىتىپـتۇ. ئۇلار قوزغىلىپـتۇ. ئاپـتۇۋىدا سۇ ئېلىپ كېلىپ، قوللىرىنى يۇيۇشۇپتۇ. ئۇستى ـ بېشىغا ئەترە چېچىپ- تۇ. ئۇلار ئىتتىك چىقىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئەجىپ مومىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. مومىسى ئەجىپنى كورۇپ ئۇنىڭ پىشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. ئۇز ئوغلى ھەسەن بەدرىددىن توغرىسىدا ئۇزاق خىيالغا كېتىپتۇ ۋە خىيالىدا شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن ئۈمىت قىلدىم ۋىسالىڭ، تەركى جان بولدى قىيىن،
ۋىسالىڭ مېھرىدە بولماق بەختلىك بولدى قىيىن.
يا ئۇمىدىم ئۈزمىدىڭ، ياكى بەزمە تۈزمىدىڭ،
بىلمىدىم نا مېھرىبان، يا مېھرىبان؟ بولدى قىيىن.

"قەيەرگە باردىڭ قوزام؟" ـــ دەپ سوراپتۇ مومىسى ئەجىپتىن.

"دەمەشق شەھـرىنىڭ بازار مەسچىدلـىرىنى ئايـلانـدىم" ـــ دەپتۇ ئەجىپ. مومىسى بىر قاچىدا ھۇببۇل رۇممان ئېلىپ كەپتۇ.

"قېنى، سەنمۇ يېـقىن كەل! غوجاڭ بىلەن بىـلـلە ئولـتۇرۇپ غىزالان" ـــ دەپتۇ ئەجىپنىڭ مومىسى قۇلىغا. قۇل بىر چەتكە ئوتۇپ ئولتۇرۇپ:

"قوسىغىم توق!" ـــ دەپتۇ.

ئەجىپنىڭ قوسىغى بەكمۇ تويغان ئىـكەن، شۇنداق بولسـمۇ، مومىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر كاپام ئېلىپ: "بۇ ناھايىتى تەمـسىز ئىكەن؟" ـــ دەپتۇ.

"مەن پىشۇرغان ھۇببۇل رۇممانىنى ياراتمايۋاتـسەن. بۇنـداق تاماقنى ئېتىشنى، ـــ دەپـتۇ مومـسى ئۇقتۇرۇپ، ـــ مېنىڭـدىن ۋە

توغرىدا يىگەن كالتەكلىرىمنىڭ ئاغرىقى ھېلىمۇ بەدىنىمدىن كەت-كىنى يوق!" دەپتۇ قول. "ئۇنداق تاماقنى مەن ۋە مېنىڭ ئانامدىن باشقا ھېچكىممۇ قىلالمايتتى. بۇ قانداق گەپ؟ ئانام بولسا خېلى يىراقتا" — دەپ ئويلاپتۇ ھەسەن بەدرىدىن. كېيىن ئۇ، قولىنىڭ قولىدىن قاچا بىلەن پۇلنى ئېلىپ، ھۆببۇل رۇممان ئۇسۇپ بېرىپتۇ.

كوپ ئۆتمەي، قول تاماقنى ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ، ھەسەن بەدرىدىننىڭ ئانىسى تاماقنى تېتىپ كورۇپتۇ. ئۇ، ناھايىتى ياخشى پىشۇرۇلغان. تەمى شىرىن، ئوزى لەززەتلىك. بۇنى كىم پىشۇر-غىنىنى بىلىپتۇ. ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، يىقىلىپتۇ. ۋەزىر ئالدىراپ - تېنەپ دەرھال سۇ سېپىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئايال ھوشىغا كېلىپ:

"ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم تىرىك بولسا، بۇنى ئەلۋەتتە شۇ ئەت-كەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىشى بۇ خىل تاماقنى بىلمەيدۇ، بۇنداق پىشۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇنى بىرلا مەن بىلەتتىم. مەنمۇ بۇنى ئوغلۇمغىلا ئۆگەتكەن" — دەپتۇ. بۇ گەپنى ۋەزىر ئاڭلاپ خوش بولۇپ: "ئۇكامنىڭ ئوغلىنى كورىدىغان كۇنمۇ بار ئىكەن" دەپتۇ ئۇ ئوز - ئوزىگە. دەرھال ئۇ ئوزىنىڭ قوللىرىنى ئالدىغا چىقىرىپتۇ. "يىگىرمە كىشى بېرىپ ئاشخانىنى بۇزۇڭلار، ئاشپەزنىڭ ئاياق - قوللىرىنى باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار! لېكىن ئۇنىڭغا ئازار بەرمەڭلار!" دەپتۇ. قوللار: "خوپ!" دېيىشىپتۇ. ۋەزىر ئاتلىنىپ دەمەشق ھاكىمىغا بېرىپ ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا مىسىر شاھىنىڭ قەغىزىنى كورسىتىپتۇ. ھاكىم قەغەزنى ئېلىپ كوزىگە سۇرتۇپتۇ:

"سىزنى ئاۋارە قىلغان كىشى قەيەردە؟" — دەپ سوراپتۇ

بەتتەر غەزەپلىنىپتۇ. قۇل ھامان تىنىپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

"ئەگەردە، — دەپتۇ ۋەزىر قۇلغا، — سۆزۈڭ توغرا بولسا، بۇ يەرگە كەل! خوجاڭنىڭ يېنىغا ئوتتۇپ ئولتۇر. كۆز ئالدىمدا تاماق يە!" قۇل ۋەزىر كۆرسەتكەن يەرگە ئوتتۇپ ئولتۇرۇپ، تاماقنى يىمەكچى بوپتۇ، بىراق، يىيەلمەپتۇ.

"مەن تۇنۇگۈندىن بېرى توقمەن!" — دەپتۇ ئۇ. ۋەزىر ئاشخانىدا ئۇنىڭ تاماق يېگىنىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئازاپلانغان قۇل:

"مېنى ئۇرماڭلار! مەن راستىنى ئېيتاي!" — دەپتۇ. ئۇرۇشتىن توختاپتۇ.

قۇل: "بىز ئاشخانىنىڭ يېنىدىن ئوتتۇپ كېتىۋاتساق، ئاشپەز ھۇببۇل رۇممان ناملىق تاماق ھازىرلاۋاتقان ئىكەن، بىزنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدىمىزغا شۇ تاماقتىن ئېلىپ كەلدى. ئۇنداق لەززەتلىك تاماقنى مەن ئومرۇمدە يىمىگەن ئىدىم. ئۇ، بۇنىڭدىن بەك تەملىك" — دەپتۇ. ھەسەن بەدرىددىننىڭ ئانىسى غەزەپلىنىپتۇ.

"ھازىر ئاشخانىغا بارىسەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئاشپەزنىڭ ھۇببۇل رۇممانىدىن بىر قاچا ئېلىپ، خوجايىنىڭغا يېگۈزىسەن. قايىسى شىرىن ئىكەنلىگىنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئېيتسۇن." "خوپ!" دەپتۇ قۇل. ئايال ئۇنىڭغا قاچا بىلەن يېرىم تىللا پۇل بېرىپتۇ. قۇل دۇكانغا قاراپ چېپىپتۇ. ئاشپەزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"ئويدىمۇ ھۇببۇل رۇممان قىلغان ئىكەن. بىز سىزنىڭ ئەتكەن تامىغىڭىزنىڭ تەمىنىڭ ياخشىلىغى توغرىسىدا ئۇزاق تالاش-تارتىش قىلدۇق. مانا بۇ يېرىم تىللاغا ھۇببۇل رۇممانىڭىزدىن بېرىڭ. لېكىن، ئېھتىيات قىلىپ، ياخشىراق قىلىپ بېرىڭ! بۇ

ئاز قوشۇپسەن!"

"مېنىڭ بۇ گۇنايىمغا شۇنداق قىلىش لازىممكەن؟"

"ھە... ئەلۋەتتە، بۇ ئاز، سېنى دارغا ئېسىش لازىم." ھەسەن بەدرىدىن جىم بوپتۇ. ئۇلار توگىلىرىگە يۈكلىرىنى ئارتىشىپ يولغا چۇشۇپتۇ. قەمرى دىگەن جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننى ساندۇقتىن چىقىرىشىپتۇ.

"ھۇببۇل رۇممانىنى راست سەن پىشۇردۇگمۇ؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

"ھە...ئە، مەن!" — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىرگە ھەسەن بەدرىدىن.

"يەنە باغلاڭلار!" — دەپتۇ ۋەزىر. بۇرۇنقىدەكلا باغلاپ يەنە ساندۇققا سېلىشىپتۇ. يولنى بېسىپ قاھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر ھەسەن بەدرىدىننى ساندۇقتىن چىقىرىشقا بۇيرۇپتۇ. ياغاچچىنى قىچقىرىپ: "ياغاچتىن قورچاق ياسا!" — دەپ بۇيرۇپتۇ ۋەزىر ئۇنىڭغا.

"ئۇنى نىمە قىلىسىز؟" — دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەدرىدىن.

"سېنى قورچاققا يوپۇشتۇرۇپ مىخلايمەن، شۇ ھالدا پۈتۈن قاھىرە شەھرىنى ئايلاندۇرىمەن" دەپتۇ ۋەزىر.

"نىمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق قىينايسىز؟" — دەپ سوراپتۇ ھەسەن بەدرىدىن.

"ھۇببۇل رۇممانىنى قەلەمپۇرسىز پىشۇرغىنىڭ ئۈچۈن". "دورا-دەرمىگى كەم بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش لازىممكەن؟ شۇنچە قىينىغىنىڭىز، ھەركۇنى بىر ۋاقىت تاماق بەرگىنىڭىز يەتمەمدۇ؟" — دەپتۇ ئۇ.

ھاكىم.

"ئۇ بىر ئاشخانىدا ئاشپەز!" — دەپتۇ ۋەزىر شەمسىدىن. ھاكىم دەرھال ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بېرىپ قارىسا ئاشخانا بۇزۇلغان. ۋەزىرنىڭ قۇللىرى شۇ زامانىلا دۇكاننى بۇزۇپ، ھەسەن بەدرىدىننى باغلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ۋەزىرنى كۈتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئۆزىچە: "تاماقتىن بىرەر نەرسە چىقىپ قالدىمىكىن؟ يا باشقا ئىش بولدىمىكىن؟" دىگەن خىيالغا كېتىپتۇ. ۋەزىر قايتىپ كەپتۇ. ئۇ، ئۆز چېدىرىغا كىرىپ ئاشپەزنى قىچقىرىپتۇ. ئۇنى سەللىسى بىلەن باغلىغان ھالدا ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن تاغىسىنىڭ ئالدىدا قاتتىق يىغلاپتۇ:

"ئەي خوجام، مېنىڭ گۇنايىم نىمە؟" — دەپ سوراپتۇ.

"ھۇببۇل رۇممانىنى سەن پىشۇردۇڭمۇ؟" دەپتۇ ۋەزىر. "خوش، ئۇنىڭدا باشنى ئالغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلدىمۇ؟" "بۇ ئەڭ يەڭگىل ۋە ئەڭ ياخشى قىساس" دەپتۇ ۋەزىر غەزەپ بىلەن.

"گۇنايىمنى ئېيتامسىز؟" دەپ سورىسا، ۋەزىر "ھازىر" دەپ، توكىلىرىنى تەييارلاشقا قۇللىرىنى قىچقىرتىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننى ساندۇققا سېلىپ، توكىگە ئارتىپ يۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. قۇللار بۇيرۇقنى ئورۇنداپتۇ، ئۇنى توكىگە يۈكلەپ يولغا چۈشۈپتۇ. كەچكىچە يول مېڭىپتۇ. كەچقۇرۇن بىر ئۆتەڭگە كېلىپ قونۇپ، تاماق يېيىشىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىننىمۇ ساندۇقتىن چىقىرىپ، تاماق يېگۈزۈپتۇ. كېيىن يەنە ساندۇققا سېلىشىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن غوغا قىلىپ سوراپتۇ.

"مېنى نىمە گۇنا ئۈچۈن بۇنداق قىلىسىلەر؟"

"سېنىڭ قىلغان گۇنايىڭ شۇكى، ھۇببۇل رۇممانىغا قارىمۇچنى

شۇنچە كۈتتۈرۈپ، تاشلاپ كېتىپ، قەيەرلەردە يۈردىڭىز؟ دىگىن.
ئەركىلەپ سوزلىشىپ كور. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن خەتنى كورسىتە-
مىز."

ۋەزىر ساندۇقتىن ھەسەن بەدرىدىننى چىقىرىپتۇ. ئۇستىۋاشلىرىنى
يېشىپ ئېلىپ، پەقەت كوڭلەكچان قويۇپتۇ. شۇنىڭدىمۇ ھەسەن
بەدرىدىن ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۇخلاۋېرىپتۇ، كېيىن بىر يېنىغا
ئاغدۇرۇلۇپ، كوزىنى ئېچىپ، ئوزىنى يورۇقچۇلۇقتا كورۇپتۇ.
"قانداق مەس-ئەلەسلەرچە خىيال بۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ ھەسەن بەدرىدىن. ئىككىنچى ئىشىككىچە بېرىپتۇ. قارىسا،
بۇ ئوي نىكاھ كېچىسىدىكى ئويىنىڭ ئوزى. ئۇنىڭ كىيىملىرى،
سەللىلىرى ئوزى قويغان ئورۇندا تۇرۇپتۇ. بۇنى كورۇپ گۇمانلى-
نىپتۇ. "چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟" دىگەن خىيالغا كەپتۇ. پىشانىسىدىن
چىققان تەرنى ئېرتىپتۇ. يەنىمۇ ھەيران بوپتۇ: "بۇ — ھېچ گۇمان-
سىز شۇ ئوي. مەن ساندۇقتا ئەمەسمىدىم" ئۇ، شۇ ئوي بىلەن
ئوز-ئوزىگە سوزلەپتۇ. سىتتۇلھوسن قوزغىلىپ چىمىلدىقنىڭ بىر
چېتىنى ئېچىپتۇ.

"كىرمەمسىز، قاچانغىچە كۈتۈپ ئولتۇرىمەن؟" — دەپتۇ.
ھەسەن بەدرىدىن بۇ ھالدىن ئەجەپلىنىپتۇ، كۈلۈپتۇ. "ھەققەتتە،
بۇ، شىرىن بىرخىيال بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپ، ھەر تۈرلۈك
پىكىرلەرگە چۈشۈپتۇ. نىمە بولغىنىنى چۈشىنەلمەي ئەقلى چېچىلىپتۇ.
سەللىلىرىنى، كىيىملىرىنى، پۇل خالتىسىنى كورۇپ ھەيرانلىقى
يەنە ئېشىپتۇ. شۇ چاغدا سىتتۇلھوسن:

"مەن سىزنى ئاخشام كورگەندىكىدەك خوشال ئەمەس،
ئەكسىچە خىياللارغا چومگەن ھالدا كورۈۋاتىمەن!" — دەپتۇ.

"بىز ساڭا يەنە مۇشۇنداق ئىش قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭ-دىنمۇ ئارتۇقراق جازا بېرىشىمىز مۇمكىن!" — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەرزىمىگەن بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا بەرگەن بۇ جازالىرىڭىز مېنى ھەددىدىن ئارتۇق قىيناش بولۇپ ھىساپلانمامدۇ؟" — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن.

"مەن ساڭا شۇنى يەنە بىر قېتىم ئېيتايكى، سېنى دارغا ئېسىش كېرەك" دەپتۇ ۋەزىر شەمسىدىن. شۇ چاغدا ياغاچچى قورچاقنى پۈتكۈزۈپ ئېلىپ كەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ھەيران بوپتۇ. كەچ بوپتۇ. ۋەزىر قورچاقنى ساندۇققا ساپتۇ. ۋەزىر ھەسەن بەدرىدىن-نىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۇخلاپتۇ. ۋەزىر ھەسەن بەدرىدىننى ساندۇققا سېلىپ، قىزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، قىزى سىتتۇلھوسنىگە: "نىكاھ ئاخشىمى ساڭا قوشۇلغان تاغاڭنىڭ ئوغلىنى تېپىپ كەلدىم" دەپتۇ ئۇ، "ئورنىڭدىن تۇر! ئۆيدىكى ساندۇقنى ئېچىپ مەن يازغان خاتىرىنى ئال! شۇنىڭغا قاراپ چورىلىرىڭگە بۇيرۇق قىل! ئۆينى نىكاھ كېچىسىدىكىدەك جابدۇ-سۇن! كېيىن ئۆزەڭمۇ نىكاھ كېچىسىدىكىدەك كىيىم كىيىپ، ئورۇن راستلا!"

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ شامنى يېقىپ، دادىسىنىڭ خاتىرىسىگە قاراپ، ھەممە نەرسىنى ئۆز جايىغا قويۇپتۇ. بۇ ئۆيگە بۇرۇن كىرگەن كىشى بۇ يەرنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئازراقمۇ ئۆزگەر-مىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزىمۇ خۇددى شۇ كېچىدىكى كىيىملىرىنى كىيىپ چىمىلدىققا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

"تاغاڭنىڭ ئوغلى ئالدىڭغا كىرسە، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنى

ئۇلار مېنى ياغاچ قوچاققا مىخلاپ پۈتۈن شاھەرنى سازايـە قىلىپ ئايلاندۇرۇپ كەلمەكچى ئىدى.»

«نېمىشقا؟»

«ھىلقى تاماقنىڭ دورا ـ دەرمىگى كەم بولغىنى ئۈچۈن، شۇڭا ئۇلار دۈكىنىمنى بۇزدى. ئەسۋاپلىرىمنى سۇندۇردى، ئۆزەمنى ساندۇققا سولىدى. دارغا ئاسماقچىمۇ بولدى. قورچاقچىنى قىچقىرىپ ياغاچ قورچاق ياساشقا بۇيرۇدى. ھىلىمۇ ياخشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈم ئىكەن» ــ دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن. سىتتۇلھۇسن كۈلۈپ ئېرىنىڭ كوكرىكىگە بېشىنى قويۇپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئايالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇيلاپتۇ: «بۇ ۋەقە چۈشكىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئويغۇمغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ...» ئۇ، بۇنىڭدا نىمە «سىر» بارلىغىنى چۈشىنەلمەي، ھەيران بولۇپ، خىيال قىلىپ تۇرغاندا، بۇ ئىشلارنىڭ كېتىپ بېرىشىنى كۈزىتىپ تۇرغان ۋەزىر شەمسىدىن كىرىپ كەپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن ئەجەپلىنىپ:

«مانا بۇ كىشى، ــ دەپتۇ ئۇ ئايالىغا «ھۈببۇل رۇممانغا قەلەمپۇر بىلەن قارىمۇچنى ئاز سالىسەن، دەپ مېنى دارغا ئاسماقچى بولغان.»

«ئەي ئوغلۇم، سىر ئېچىلدى. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى. سەن ھەقىقەتەن ئۇكامنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن. بۇنداق ئىشنى قىلىشىمدىن مەقسەت نىكاھ كېچىسى قىزىم بىلەن بىللە بولغانلىغىڭنى ئېنىقلاش ئىدى. ئەمدى گۇمانىم يېشىلدى. نىكاھ كېچىسى قىزىم بىلەن بىللە بولغان سەن ئىكەنسەن. سەن بۇ ئۆيلەرنى، ياتقان جايلىرىڭنى، سەللە ـ تونلىرىڭنى، ئۆز قولۇڭ بىلەن يېزىلغان خەتنى، ھەممىسىنى تونۇدۇڭ، ئېنىقلاپ تەستىقلىدىڭ. مەن سېنى بۇرۇن كورمىگەن، تونۇمايتتىم. ئاناڭنىمۇ بەسىرىدىن بىللە ئېلىپ

ھەسەن بەدرىدىن كۆلۈپ:

"مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغىنىمغا قانچە ۋاقىت بولدى؟" — دەپ سوراپتۇ.

"ھېچقانچە ۋاقىت بولغىنى يوق، — دەپتۇ سىتتۇلھوسن، — نېمىدىن گۇمانسىراپ تۇرىسىز. نېمىشقا يېڭىلىشىسىز؟ ھازىرغىنا سىرتقا چىققان ئىدىڭىزغۇ؟" ھەسەن بەدرىدىن ئەجەپلىنىپ:

"توغرا ئېيتىسىز، مەن دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ چۈش كورسەم كېرەك. چۈشۈمدە دەمەشىق دېگەن شەھەرگە باردىم. ئۇ يەردە ئون يىلدىن ئارتۇق ھايات كەچۈردۈم. ئاشپەزلىك قىلدىم. بىر كۈنى دولەت ئەرباپلىرىنىڭ باللىرىدىن بىر بالا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا قولىمۇ بار ئىدى" — دەپ بولۇپ ئوتكەن ۋەقەنى بىرمۇ-بىر سوزلەپ كېلىپ، قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ كورۇپتۇ. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان تاش تېگىپ يارغان ئىز بىلىنىپ تۇرغىدەك.

"ئەي مەلىكەم، بۇ، چۈش ئەمەس، ئوڭۇم. چۈنكى، ئۇ بالا تاش بىلەن ئۇرۇپ پېشانەمنى يارغان ئىدى. ئىزى ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. ھە، راست، بۇ ئوڭۇمدا بولغان ئىش. سىز بىلەن قوشۇلغان كېچە مەن دەمەشققە باردىم. كىيىملىرىم شۇ يەردە قالغان ئىدى. مەن ئاشپەزلىك قىلدىم" — بىرئاز توختاپ يەنە سوزلەپتۇ. "مەن ھۇببۇل رۇممان ناملىق ئاش ئەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭغا دورا-دەرمەكتىن ئازراق سالغان ئىكەنمەن... بەلكى مەن دەرىزە سىرتىدا ئۇخلاپ قېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈمدە كورۈۋاتقاندىمەن."

"چۈشىڭىزدە بۇلاردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى كوردىڭىز؟" — دەپتۇ سىتتۇلھوسن.

"ئەگەر ئويغىنىپ قالمىغىنىمدا، — دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن، —

ۋەزىر شەمسىدىن ئىككى كۈندىن كېيىن، شاھ ھوزۇرىغا بېرىپ تازىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ، شاھ خۇرسەن بولۇپ كورگەن ـ بىلگەنلىرىنى سوزلەشكە ئۈندەپتۇ. ۋەزىر شەمسىدىن كورگەن ۋەقەلىرىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. "ئىزلىگەنلىرىڭنى تېپىپ-سەن، زىيان ـ زەخمەتسىز ئېلىپ كەپسەن. مەن ئۇنى، ئەلۋەتتە، كورۇشۇم كېرەك، ئەتىلىككە دىۋانغا بىللە ئېلىپ كەل!" ـــ دەپتۇ شاھ. "قۇللۇق، ئەتىلىككە ھوزۇرىڭىزغا ھازىر قىلاي!" ـــ دەپتۇ ۋەزىر شەمسىدىن.

ئەتىسى ھەسەن بەدرىدىن تاغىسى بىلەن شاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. تازىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ. شاھ ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىن تاغىسىنىڭ يېنىغا ئوتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھ ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. "كېمىنىڭىزنى بەسرىلىك ھەسەن بەدرىدىن دەپ ئاتايدۇ" ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ جاۋاۋى شاھقا غايەت ئورۇنلۇق كورۇنۇپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە سوئاللارنى بېرىپ سىناپ كورۇپتۇ.

"ھوسىننىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى نىمىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ؟" دەپتۇ شاھ.

"ھوسىن كوپ نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كوپ تەرەپلىمە-لىكتۇر، ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسەن بەدرىدىن، ـــ مەسىلەن، كىشىنىڭ يۈزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوسىن كىشىنىڭ يۈزىنىڭ يېقىملىق كورۇنۇشى، ئېتىنىڭ يۇمشاقلىغى، بۇرۇن پىچىمىنىڭ كېلىشىملىكى، كوزىنىڭ جەزىبىدارلىغى، ئاغزىنىڭ كىچىكلىكى ۋە باشقا ئەزاغا مۇناسىپلىغى، تىلىنىڭ نازۇكلىغى، لېۋىنىڭ تاتلىقلىغىغا باغلىق تەرەپلىرى، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىدىكى چىراي

كەلدىم"ــ دەپ ھەسەن بەدرىدىننى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنمۇ خوشلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي تاغىسىنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپتۇ.

"بۇ ئىشلارنىڭ سەۋىۋى، ئاتاڭ بىلەن مېنىڭ ئارامىدا بولغان ماجرادۇر" ــ دەپتۇ، يەنە ۋەزىر ئۇكىسى بىلەن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئەسلەپ. كېيىن ۋەزىر ئەجىپنى چاقىرتىپتۇ.

"مانا مېنى تاش بىلەن ئۇرغان بالا" ــ دەپتۇ ھەسەن بەدرىدىن. "بۇ سېنىڭ ئۆز ئوغلۇڭ ئەجىپ" ــ دەپتۇ ۋەزىر تونۇشتۇرۇپ. ھەسەن بەدرىدىن بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بۇشېىرنى ئوقۇپتۇ:

ھايات تارقاق ئىدى، توپلاش ئۇنى ئاندىن ئىدى مۇشكۇل.
مۇيەسسەر ئەيلىدى تەڭرىم مۇناجاتىم ئېيتىپ مەقبۇل.
يېتىپ كەلدى ئوغۇل، پۇرقەت سوزىنى تىلغا ئالمايمەن،
كوزۇمدىن ياش ئېقىپ ئەمدى ئىگىنىمنىمۇ قىلماس ھول.
ئەگەر مەن يىغلىسام زەۋقۇ ـ سۇيۇنۇشمدىنلا يىغلايمەن،
مۇبادا يىغلىسام قاھ ـ قاھ ئۇرارمەن ئەمدى مەن مىڭ يول.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ، بالىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

شۇم پەلەك قىيناش ئۇچۇن ئاۋال قەسەميات ئەيلىدى.
ئەندى ئۇ ئىنساپقا كەلدى، ئازراق مېنى شات ئەيلىدى.
ئاجرىتىپ ئوغلۇمدىن ئاۋال قويدى پەرزەنت داغىغا،
ئاخىر كېلىپ كوڭلۇمدىكى داغلارنى بەربات ئەيلىدى.

ئانىسى كېيىن بېشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئوغلىغا سوزلەپ بەردى. ھەسەن بەدرىدىنمۇ ئۆز بېشىدىن ئوتكەنلەرنى باشتىن ـ ئاياق ئانىسىغا سوزلەپ بېرىپتۇ.

# ماشىنچى، دوك، جوھۇد، ئاشپەز، سىپارلارنىڭ ھېكايىلىرى

— ئەي بەختلىك شاھ،— دەپ شەھرىزاد باشلاپتۇ،— ئاڭلىشىمچە قەدىمقى زامانلاردا چىن شەھەرلىرىدىن بىرىدە بىر ماشىنچى بولۇپ، ئۇ، شاڭخو-چاخچاقنى ناھايىتى ياخشى كورىدىكەن، ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا ھال-ئوقتى ياخشىلىنىپ شات-خورام كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ، بەزىدە خوتۇنى بىلەن شەھەرنى ئارىلاپ كوڭۇل ئېچىش ئۈچۈن كوچىلارغا چىقىدىكەن، بازارلارنى كورىدىكەن. ئۇ، بىر كۈنى شۇ ئادىتى بىلەن ئەتىگەن تۇرۇپ، خوتۇنىنى ئېلىپ تاماشىغا چىقىپتۇ. ئۇلار كۈن بويى تاماشا قىلىپ ئاخشىمى ئويىگە قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر دوكىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭ كورۇنۇشى ھەرقانداق خاپىلىق تارتقان كىشىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋېتىدىكەن. ماشىنچى خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ، بىر دەم زاڭلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار غەزەپلەنگەن كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كوڭلىنى خوش قىلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، چاخچاقلىشىپ كوڭۇل كوتىرىش مەقسىدىدە دوكنى ئوز ئويلىرىگە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. دوك رازى بوپتۇ. ئۇلار بىللە مېڭىشىپتۇ. ماشىنچى كېتىۋېتىپ بازاردىن نان، قورۇلغان بېلىق گوشى، لىمون ۋە باشقا تاتلىق-تۈرۈم نەرسىلەرنىمۇ ئاپتۇ. ئويىگە بېرىپ دوكنى تاماق جوزىسىغا تەكلىپ

بەلگىلىرىدۇر."

شاھ ھەسەن بەدرىدىنگە ئەدىبىيات ساھەسىدىن يەنە بىرنەچچە سوئال بېرىپتۇ. ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ جاۋاپلىرى شاھقا ماقۇل بوپتۇ. شاھ بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنى ئۆز سارىيىغا خىزمەتكە ئاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەپەر ۋەزىر ھىكايىسىنى تۈگىتىپتۇ. خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ھىكايىگە قىزىقىپ قۇلىنىڭ قېنىدىن كېچىپتۇ. بۇ ھىكايىنى خاتىرىگە ئېلىپ خەزىنىدە ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ.

"شەھرىزاد بۇ ھىكايە ماشىنىچى، دوك، جوھۇد ۋە نىسارالار ھىكايىسىدىن قىزىق ئەمەس" — دەپتۇ. شەھرىيار:

— ئۇ ھىكايە قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز ھىكايىنى باشلاپتۇ.

قېنى بوشاتقىل كوڭلۈڭنى غەمدىن،
نىمە ئۈچۈن مەھرۇمسەن شۇ ياخشى دەمدىن.
بۇگۈنكى ئىشىڭنى قويساڭ ئەتىگە،
كوڭلۈڭ بوشامدۇ، تەشۋىش ـ ئەلەمدىن؟"

"قانداق قىلىمىز؟" ــ دەپتۇ ماشىنىچى خوتۇنىغا قاراپ. "يىپەك رۇمالغا ئوراپمىز، ــ دەپتۇ خوتۇنى، ــ سەن كوتىرىسەن. مەن ئالدىڭدا ماڭىمەن. ئەگەر بىرەرسى كورۇپ قېلىپ سورىسا، ئوغلۇم كېسەل بولۇپ قالغان، ئانىسى بىلەن تىۋىپقا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز" دەيسەن. "كوچىلار قاراڭغۇ، ھېچكىم سەزمەيدۇ". ماشىنىچىغا بۇ پىكىر ماقۇل كەپتۇ. ئۇ، دوكنى چوڭ يىپەك رۇمالغا ئوراپتۇ، كوتۇرۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ يېنىدا: "ۋاي بالام، قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟ تىۋىپنىڭ دورىسى پايدا قىلمىدىمۇ؟ نىمىشقا بىمارام بولىسەن" ــ دەپ كېتىۋېرىپتۇ. كورگەنلەر: "بالىسى كېسەل ئىكەن، تىۋىپقا كورسەتكىلى كېتىۋاتقان بولسا كېرەك" ــ دەپ ئويلىشىپ، تىۋىپقا تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يول بوشىتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار يولدا ئۇچرىغانلا كىشىدىن تىۋىپنىڭ ئويىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى يېقىندىكى جوھۇد تىۋىپنىڭ ئويىنى كورسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار بېرىپ ئىشىكنى تاقىلدىتىپتۇ. بىر قارا چورە چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. قارىسا كېسەل بالىنى كوتەرگەن ئەر ـ ئايال تۇرغىدەك:

"نىمە ئىشىڭلار بار؟" ــ دەپ سوراپتۇ چورە. "تىۋىپقا كېسەل ئوغلىمىزنى كورسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدۇق. مانا بۇ يېرىم تىللانى خوجايىنىڭغا بېرىپ، بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزنى يەتكۈزسەڭ! بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىمىز. تۈن قاراڭغۇ ئىكەن. تىۋىپنىڭ

قىپتۇ. بېلىقنى دوكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. ھەممىلىرى ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ماشىنىچىنىڭ خوتۇنى چوڭ بىر پارچە بېلىق گوشىنى ئېلىپ دوكىنىڭ ئاغزىغا ساپتۇ. قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى بىر قولى بىلەن بېكىتىپ تۇرۇپ: "سەن بۇنى چاينىماستىن بىراقلا يۇتمىساڭ ئاغزىڭنى قويۇپ بەرمەيمەن" — دەپتۇ. دوك ئۇنى چاينىماستىن بىراقلا يۇتۇپتۇ. بېلىقنىڭ چوڭ بىر قىلتىرىقى دوكىنىڭ تامىقىغا بېرىپ قادىلىپ قاپتۇ. ئاردىن ئانچە كوپ ۋاقىت ئۆتمەي دوكىنىڭ نەپەس ئېلىشى توختاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھەرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.


يىگىرمە بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھەرىزاد ھېكايىسىنى.

دوك ئولۇپتۇ. ماشىنىچى ھەيران ۋە سەرسان بوپتۇ. ماشىنىچىنىڭ خوتۇنى: "ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى. سۇسلۇق قىلىپ بۇنىڭ ئىشىنى ئەتىگە قويماستىن بۈگۈنلا تۈگىتىش كېرەك، چۈنكى ئۇز ئىشىغا سۇسلۇق قىلىپ كەيىنگە سۈرگەن كىشىلەر توغرىسىدا شائىر مانا مۇنداق دىگەن دەپتۇ:

كۈتمىسەڭ ئەتىدىن ياخشى ئۇمىت،
پەرىشان ئوتىسەن كېچە ۋە كۈندۈز.
ئوتنى تەلۋىدەك تۇتىسەن سەزمەي،
كىرپىك قاقماستىن سانايسەن يۇلتۇز.

چاشقانلار ئوغرىلايدۇ. ئۇنىڭ ئوگزىسىدىن ئىت ئوكسىمەيدۇ" — دەپتۇ. شۇنىداق قىلىپ، جوھۇد بىلەن خوتۇنى ئىككىسى دوكنى كوتۇرۇپ، تامدىن ھەقەمسايىسى بولغان ئاشپەز مۇسۇلماننىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلۇكنى تامغا يولەپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئۆيلەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار تېخى ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگىچىلىك ۋاقىت ئوتمىگەن ئىكەن. خوشنىسى ئىشىك ئېچىپ ھويلىغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا پانۇس بار ئىكەن. قاراپ ئاشخانىنىڭ بۇرجىگىدە موكۇپ تۇرغان ئادەمگە كوزى چۈشۈپتۇ. "نەرسىلىرىمىزنى ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوغرى شۇ بولسا كېرەك"— دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ. "ھەي، — دەپتۇ ئۇ، ۋاقىراپ، — گوشلىرىمىزنى سەن ئوغرىلاپ تۈگەتكەن ئىكەنسەن. مەن ئۇنى مۇشۇك بىلەن ئىتتىن كورۇپ يۈرۈپتىمەن. كوچىلاردىكى ئىت - مۇشۇكلەرنى قويماي قىرىپ بىرمۇنچە گۇنانى ئۇستۇمگە ئارتىۋاپتىمەن. تامدىن يەنە چۈشەمسەن - يوق؟!" ئاندىن قولىغا يوغان توخماقنى ئېلىپ دوكنىڭ ئالدىغا دۋەيلەپ كەپتۇ. چەنلەپ تۇرۇپ توخماق بىلەن دوكنىڭ بېقىنىغا، كوكرىگىگە كېلىشتۇرۇپ ئۇرۇپتۇ. قارىسا دوك تىن تارتماپتۇ. يېقىن كېلىپ قارىسا، ئىككى موك بولۇپ ئۇلۇكتەك ياتقىدەك. ئۇ، ئوزىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئوكۇنۇپتۇ: "نىمە نەس بېسىپ، بۇ كىشىنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويدۇم. قولۇمنى ناھەق ئادەم قېنىغا بويىدىم"— دەپتۇ - دە، يېقىن بېرىپ قارىسا ئۇ، دوك ئىكەن. "دوكلۇغۇڭ يەتمىگەندەك گوش - ياغلارنى ئوغرىلىغىنىڭ نىمىسى؟ شۇ ھالىڭغا ئوغرىلىق قىلغىچە كومىچىڭنى يىسەڭچۇ؟"— دەپ يانپىشىغا ئېلىپ كوتۇرۇپ ئويدىن چىقىپتۇ. بازار بېشىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر دالان يېنىدىكى دۇكانغا يولەپ

ئۆزى چۈشكەن بولسا"، — دەپتۇ ئايال.

چورە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بالىخانىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ماشىنىچىنىڭ ئايالى ئېرىگە: "دوكىنى ئىشىككە يۆلەپ قوي، بىز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرايلى!" — دەپتۇ. ماشىنىچى دوكىنى ئىشىككە يۆلەپ قويۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي تىكىۋېتىپتۇ. چورە تېۋىپنىڭ ئالدىغا چىقىپ: "ئىشىك ئالدىدا ئاللا قانداقتۇ بىر ئەر - خوتۇن كېسەل بالىنى كوتۇرۇشۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار سىزگە مانا بۇ يېرىم تىللانى بەردى. تۆۋەنگە چۈشۈپ كېسەلنى كورۇپ دورا بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىدۇ" — دەپتۇ.

يېرىم تىللانى كورۇش بىلەن تېۋىپ خوش بولۇپ ئالدىراپ - تېنەپ پەسكە چۈشۈپتۇ. يول قاراڭغۇ ئىكەن. ئالدىراشلىقتا ئىشىكنى ئاچقان ئىكەن، دوك قاتتىق سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، دوك قېقىلىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. تېۋىپ تۇتۇپ قارىسا، ئۇ، ئولۇپ قالغان ئىكەن. "بۇ قانداق ھادىسە، — دەپ ۋاقىراپ تاشلاپتۇ تېۋىپ، — مەن كورمەي كېسەلگە تېگىپ كېتىپتىمەن. ئاران تۇرغان كېسەل ئولۇپ قاپتۇ" — تېۋىپ ھولۇقۇپ - ھومۇدەپ كەتكىنى ئۈچۈن نېمە قىلىشنى بىلمەي دوكنى كوتۇرۇپ ئويىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. خوتۇنىغا بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. "نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئەگەر بۇ ئولۇك تاڭ ئاتقىچە ئويدە تۇرۇپ قالسا، مۇسۇلمانلار بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تېپىپ قالغۇدەك بولسا، سەن بىلەن مېنى ھالاك قىلىپ قالماي، جوھۇد تۇخۇمىنى قۇرۇتۇدۇ. بۇنى ئاپىرىپ ھەققەمسايىمىز مۇسۇلمان ئاشپەزنىڭ تېمىغا يولەپ قويايلى. ئۇ، خاننىڭ ئاشپىزى، ئۇ، ئويىگە ياغ - گوشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. تولا چاغلاردا ئۇنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى ئوغرى مۇشۇك، ئىت -

يېرىپ تاشپەز چىقىپ: "ئۇنى ئاسماڭلار!"دەپ ۋاقىراپتۇ، كېيىن "دوكىنى ئىسارا ئەمەس، مەن ئۆلتۈرگەن"ــ دەپتۇ. "نىمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟"ــ دەپتۇ ھاكىم: "ئاخشام ــ دەپتۇ ئاشپەز، ــ مەن ھويلىغا چىقسام، ئۇ تامدىن چۈشۈپ نەرسىلىرىمنى ئوغرىلاۋاتقان ئىكەن. كوكرىكىگە بىرنى ئۇرغان ئىدىم، شۇ ئاندىلا تىن تارتماي ئولدى. ئۇنى كوتۇرۇپ بازار بېشىغا باردىم. ئۇ يەردە بىر دالان يېنىدىكى دۇكانغا يولەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ يانغان ئىدىم. مەن بىر مۇسۇلماننى ئوز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغۇنۇم يېتەر. مېنىڭ گۇنايىم بىلەن يەنە بىر ئىسارانى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قېنىغا زامىن بولۇش مەن ئۈچۈن ئارتۇق گۇنا. قاننى ئۇنىڭدىن ئەمەس، مېنىڭدىن ئېلىڭلار!" بۇ سوزدىن كېيىن ھاكىم ئىسارانى بوشۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. جاللاتقا ئوز ئىقرارى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىگىنى بويىنغا ئالغان ئاشپەزنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. جاللات ئىسارانىڭ بويىندىن ئارغامچىنى ئېلىپ ئاشپەز-نىڭ بويىنغا ساپتۇ. جاللات ئۇنى دارنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ ئاساقچى بولۇپ، ھاكىمنىڭ ئىشارىتىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا تىۋىپ جوھۇد ئادەملەر ئارىسىدىن: "ئۇنى ئاسماڭلار، ئاخشام ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەن، ــ دەپ جار سېلىپ چىقىپ كەپتۇ، ۋەقە مانا مۇنداق بولغان دەپتۇ، ــ كەچقۇرۇن مەن ئويدە ئۆلتۈرسام، بىر ئەر ۋە بىر ئايال ئىشىكنى چەكتى. ئۇلار شۇ دوك كېسەلنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. چورە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار چورىدىن ماڭا يېرىم تىللانى كىرگۈزۈپ بالىخانىدىن چۈشۈپ كېسەلنى كورۇشۇمنى ئىلتىماس قىپتۇ. چورە چىقىپ ماڭا پۇلنى بەردى. ۋەقەنى بايان قىلدى. قاراڭغۇ ئىدى. مەن كېسەلنى

قويۇپتۇ. ئۇزى ئۇيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا دەللاللىق قىلىپ يۈرگەن بىر نىسارا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ، مەس ئىكەن. سەن-تۇرۇلۇپ، ئىغاڭلاپ دوكىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم مۈكچىيىپ قاراپ تۇر-غىدەك، مەس بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈنلەي باشقا خىياللار بىلەن كېلىپ: "سەن تېخى مېنىڭ قالپىغىمنى ئوغرىلاپ قاچماقچىمۇ؟ بولمىسا نىمەمگە قاراپ تۇرىسەن؟" — دەپ كېلىشتۇرۇپ بىر مۇش ئۇرغان ئىكەن، دوك يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. نىسارا ۋاقىراپ كوچا ساقچىسىنى قىچقىرىپتۇ. مەسلىكتە ئۇ، دوكىنىڭ ئۈستىگە دوملاپ چۈشۈپ، دوكنى بوغۇشقا باشلاپتۇ. كوچا تەكشۈرۈپ يۈرگەن كېچىلىك ساقچى كېلىپ قارىسا، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇۋاتقان. "نىمە گەپ؟" — دەپتۇ ساقچى. "قالپىغىمنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان ئىدى، تۇتىۋالدىم" — دەپتۇ نىسارا. "تۇر ئورنۇڭدىن!" — دەپتۇ كوچا ساقچىسى. نىسارا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ساقچى يېقىن بېرىپ قاراپ كورسە دوك ئۆلۈك ياتقىدەك. "نىسارا، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ قويدى!" — دەپ ۋاقىراپتۇ كوچا ساقچىسى، كېيىن ئۇ، نىسارانىڭ قولىنى قايرىپ باغلاپ ھاكىمنىڭ ئۇيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. "مۇشنىڭ زەر-بىدىن ئۆلگەنمىدۇ؟" — دەپ ھەيران بوپتۇ نىسارا، ئۇنىڭ كەيپى تارقىلىپتۇ. تۈرلۈك-تۈمەن خىياللارغا چوكۇپ كېتىپتۇ. نىسارا تاڭ ئاتقىچە ھاكىمنىڭ ھوكىمىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھاكىم كېلىپ ۋەقەنى ئاڭلاپ دەرھال جاللاتنى قىچقىرتىپتۇ. قاتىلنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ. دار ھازىرلىنىپتۇ. نىسارا دار ئاستىدا ئېسىلىشقا تەييارلانغان ئىكەن. بىردىن ئالدىراپ-تىنەپ ئادەملەر توپىنى

ئاغرىق بالىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. شۇنى كورۇپ بېرىدىكەنسەن" — دىگىن. شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىنغا دەپ يېرىم تىللا پۇلمۇ بەر- دىم. چورە خوجايىنغا خەۋەر قىلىش ئۇچۇن كىرىپ كەتتى. مەن دوكىنى ئىشىكتە يولەپ قويۇپ قايتىپ كەتتىم. جوھۇد ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى يىقىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇزىچە: دوكىنى مەن يىقىتىپ ئولتۇرۇپ قويدۇم دەپ ئويلىغان. توغرىمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ ماشىنىچى جوھۇدتىن "توغرا!" — دەپتۇ جوھۇد جاۋاپ بېرىپ.

هاكىم ماشىنىچىغا قاراپ، كېيىن جاللاتقا نەزەر سايتۇ. ماشىنىچى هاكىمغا: "جوھۇدنى ئازات قىلىڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئېسىڭ!" — دەپتۇ. هاكىم يەنىمۇ هەيران بوپتۇ: "بۇ هەقىقەتتە، — دەپتۇ هاكىم، — ئالەمگە داستان قىلىپ تارقاتقىدەك ۋەقە ئىكەن." هاكىم جاللاتقا: جوھۇدنى ئازات قىلىپ، ماشىنىچىنى ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات: "باغلا، ئاس، ئۇنى ئاسما، بۇنى ئاس!" دىگەن بۇيرۇق- لاردىن بېزىپ تۇرغان ئىكەن. "بىرىنى ئاس، بىرىنى ئازات قىل" — دىگەن قۇرۇق بۇيرۇقتىن باشقا ئىش يوق! دەپ تېرىكىپ كېلىپ توغرىلاپ تۇرۇپ ماشىنىچىنىڭ بويىنىغا ئاغامچىنى ساپتۇ. مەلۇم بولۇشچە، دوك خانىنىڭ قىزىقچىسى ئىكەن. خان ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىكەن. دوك مەس بولۇپ قېلىپ شۇ ئاخشامدىن بېرى كورۇنمىگەن ئىكەن. ئىككىنچى كۇنى چۇش ۋاقتىدا خان ئۇنى سوراپتۇ. هازىرلا بىركىم دوكىنى هاكىمغا ئولۇك هالدا ئېلىپ كېلىشكىنىنى ئېيتىپتۇ. هاكىمنىڭ قاتىلنى ئېسىشقا بۇيرۇق قىل- غىنىنى، لېكىن قاتىلنى ئېسىش ئالدىدا ئىككىنچى، ئۇچىنچى قاتىللارنىڭ پەيدا بولىغىنىنى، ئۇلارنىڭ هەممىسى: "قاتىل ئۇ

كوروۇپ بېقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ كېسەلگە ئۇرۇنۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىشىكنى ئاچقاندا پەلەمپەيگە يىقىلىپ چۈشۈپ تىن تارتماي ئۆلدى. بىز ئەر-خوتۇن ئۇنى كوتۇرۇپ ھەقەمسايىمىزنىڭ ئوگزىسىگە ئېلىپ چىقتۇق. ئاشخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ تامغا يولەپ قويدۇق. ئۇ، بۇنى "ئوغرى" دەپ ئويلاپ، توخماق بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەن ئولتۇردۇم دەپ ئويلاپتۇ. ئۇقۇشماستىن بىر مۇسۇلماننى ئولتۇرگىنىممۇ يېتەر، بىلىپ تۇرۇپ ناھەق يەنە بىرنىڭ ئولتۇرۇلۇشىدەك بۇ يېڭى گۇناھنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن."
ھاكىم جاللاتقا ئاشپەزنى ئازات قىلىشقا، ئۇنىڭ ئورنىغا جوھۇدنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. جاللات جوھۇدنىڭ بوينىغا ئاغامچىنى سېلىپ ئاشپەزنى بوشىتىپتۇ. ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھازىرلانغان ئىكەن. بىردىن ئادەملەر ئارىسىدىن ماشىنىچى چىقىپ كەپتۇ: "جوھۇدنى ئاسماڭلار! ئازات قىلىڭلار، دوكىنى ئۇ ئەمەس، مەن ئولتۇرگەن، — دەپ ۋەقەنى سوزلەشكە كىرىشىپتۇ، — تۈنۈگۈن خوتۇنۇم بىلەن تاماشاغا چىقىپ كەچ ئويگە قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدىم. كوزۇم كوچىدىكى دوكقا چۈشتى. ئۇ، مەس ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا چالغۇ ئەسۋاۋى بار ئىدى. مەن ئۇنى ئويگە ئېلىپ باردىم. بېلىق ئالغان ئىدىم. داستىخانغا ئولتۇرۇشتۇق. بېلىقتىن تېتىدۇق. خوتۇنۇم چاخچاق قىلىپ بىر لوخما بېلىقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى. دوك ئۇنى يۇتقان ئىدى، تامىغىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىپ، شۇ زاماتلا تىن تارتماي ئولدى. بىز ئەر-خوتۇن ئۇنى كوتۇرۇپ تېۋىپ جوھۇدنىڭ ئويىگە ئېلىپ باردۇق. بىر خوتۇن چىقىپ ئىشىك ئاچتى. مەن ئۇنىڭغا: "خوجايىنىڭغا ئېيت، بىر ئەر-ئايال

كورۈپ سالام بەردىم. ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ يىگىت قويىندىن ياغلىققا ئورالغان كۆنجۈت چىقىرىپ مەندىن: "بۇنىڭ بىر پاتمىنىنىڭ باھاسى قانچە پۇل بولۇۋاتىدۇ" دەپ سورىدى. "يۈز تەڭگە!" دەپ جاۋاپ بەردىم. "بولمىسا بۇنىڭغا خېرىدار تېپىپ بابۇن ناسىر كوچىسىدىكى جەۋۋالى سارىيىغا بار. مەن شۇ يەردە تۇرىمەن!" دىدى. ئۇ، ياغلىقتىكى كۆنجۈتنى ماڭا بېرىپ ئۆزى كەتتى. كۆنجۈتنى ئالغۇچىلارغا كورسەتتىم. بىر يۈز يىگىرمە تەڭگىدىن سوزلەشتىم. توت ھامالنى تېپىپ، ئۇ ئېيتقان جايغا باردىم. ئۇ، ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. مېنى كورۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئامبارنى ئاچتى. كۆنجۈتنى تارتتۇق، ئەللىك ئەردەپ چىقتى، پۇلى بەش مىڭ تەڭگە بولدى. يىگىت ماڭا سېتىپ بەرگەن بىر ئەردەپ كۆنجۈت ئۈچۈن ئون تەڭگىدىن پۇل بەرمەكچى بولدى. ئۇ: "پۇلنى كۆنجۈتنى ساتقان كىشىلەردىن ئۆزەڭ يىغىۋال! ماڭا توت مىڭ بەش يۈز تەڭگىسىنى ئايرىپ ئېلىپ قوي! مەن باشقا ئىشلىرىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېلىپ سەندىن پۇلنى ئالىمەن" دىدى. "خوپ!" دەپ قولىغا سۇيىدۇم. ئويگە قايتتىم. مەن شۇ سودىدا ئالغۇچىدىن يىگىرمە تەڭگە، ساتقۇچىدىن ئون تەڭگىدىن يىغىپ بىر سائەتتە بىر مىڭ بەش يۈز تەڭگە پايدا ئالدىم. راسا بىر ئاي ئوتكەندە يىگىت كەلدى. پۇلنى سورىدى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم. پۇلنى ھازىرلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم: "ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە ماڭا بىرئاز مېھمان بولۇپ ئويۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز" ــ دىدىم. "ھازىر ۋاقتىم يوق! ئىشىم كوپ، بۇ پۇللار يەنە سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپ تۇرسۇن! مەن لازىم بولغاندا كېلىپ

ئەمەس، دوكىنى مەن ئۆلتۈرگەن" دەپ قانداق قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلىگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. خان دەرھال دەرۋازىۋەننى قىچقىرتىپتۇ: "بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل!" دەپ بۇيرۇپتۇ. دەرۋازىۋەن بارسا ھاكىم ماشىنىچىنى ئېسىش ئالدىدا ئىكەن. "توختاڭلار!" دەپتۇ دەرۋازىۋەن. ھاكىمغا خاننىڭ بۇيرۇغىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھاكىم خاننىڭ ئالدىدا تازىم قىلىپ تۇرۇپ ۋەقەنى سۆزلەپتۇ. خان بۇ ئاجايىپ ۋەقەگە ھەيران قېلىپ: "بۇنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىش كېرەك — دەپتۇ، كېيىن ئۇ ئالدىدا ئۆلتۈرغانلاردىن سوراپتۇ، — سىلەر بۇنىڭدىن قىزىقراق ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟" خاننىڭ خىتاب قىلىپ سورىغىنىنى كۆرۈپ نىسارا ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ: "مەن، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ يەرگە، سىزنىڭ قول ئاستىڭىزغا كېلىشتىن بۇرۇن كۆرگىنىمنى ئېيتىپ باقسام!" خان: "سۆزلە!" — دەپتۇ.

## نىسارانىڭ ھېكايىسى

"مېنىڭ كۆرگەنلىرىم دوكىنىڭ ۋەقەسىدىن قىزىقراق، دەپ ئويلايمەن. مەن سىزنىڭ قول ئاستىڭىزغا كۆپ مال بىلەن كەلگەن ئىدىم. ئۆزەم قاھىرىلىكمەن. شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلىك كىشىلەردىنمەن. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلەنگەنمەن. ئاتام دەللال ئىدى. مەن بالاغەتكە يېتىپ ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلغىنىمدىن كېيىن ئاتام ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ مەنمۇ شۇ كەسپنى قىلدىم. بىر كۈنى بازاردا ئولتۇراتتىم، ناھايىتى چىرايلىق بىر يىگىتكە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ، ناھايىتى ياخشى كىيىنگەن. مەن

ئككى كوزۇم گاھى بۇندا، بەزى بولدى ئاڭا بەلدە.

كوركەم بولۇپ كورۈنىدى. كورگەن ھامان مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولىنى سۆيدۇم، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلىدىم. "پۇلىڭىزنى ئالماسىز ياخشى يىگىت" دېدىم. "ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ، — مەن ئاۋال ئوزەمنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەي، كېيىن ئالاي" دېدى. مەن ئويۇمگە تەكلىپ قىلدىم. "خوپ!" — دېدى ئۇ، كېيىن "مېنى پەقەت ئوز پۇلۇمدىن خىراجەت قىلىپ مېھمان قىلساڭ بارىمەن" دېدى. مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇنى مېھمانخانامغا باشلاپ ئېلىپ كىردىم. ئۇنىڭغا لايىق تائام-لارنى تەييارلىدىم، بىللە تاماق يېدۇق. بۇرۇن مەن سەزمىگەن ئىكەنمەن، قارىسام ئۇ، تاماقىنى سول قولى بىلەن يېدى. تاماق يەپ بولدۇق. قولىغا سۇ قۇيۇپ لوڭگە تۇتتۇم. كېيىن سوھبەتكە ئولتۇردۇق. "ھورمەتلىك مېھمان، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ، — تاماقنى چەپ قولىڭىزدا يېگىنىڭىز ئۈچۈن مەن بىرئاز ئەجەپلەن-دىم. قولىڭىز ئاغرىمدۇ؟ ياكى باشقا سەۋەپ بارمۇ؟ ماڭا بىلدۈ-رۈشنى خالىسىڭىز ئېيتىپ بەرسىڭىز." يىگىت ئاھ ئۇرۇپ بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى:

دوستۇم، سوراپ يارامنى قەلب ئوتىنى ياندۇردۇڭ،
ئەسكە سېلىپ ئوتكەننى يېڭى غەمگە قالدۇردۇڭ.

كېيىن ئۇ، قولىنى يېڭىدىن چىقىرىپ كورسەتتى. قولى جەينىگىدىن كېسىلگەن ئىكەن. كورۇپ ھەيران بولدۇم. ئۇ: "ھەيران بولما! بۇنىڭمۇ بىر سەۋەبى بار. ئۇ ناھايىتىمۇ دەھشەت-لىك"—دېدى. "خوش، بولمىسا ئاڭلايلى!"—دېدىم. "مەن باغداد-لىقمەن، — دەپ باشلىدى ئۇ سوزىنى، — ئاتام باغدادنىڭ ئاتاقلىق

ئالىمەن!" دېدى. كېتىپ ئىككى ئاي غايىپ بولدى. مەن ھامان ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. ئىككى ئاي بولدى دېگەندە، ئۇ شاھزادىلەردەك قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، خۇددى شائىر:

كەلدى مېھماندەك يىگىت ھەر تەرەپ جەۋلان قىلىپ،
مەن تەرەپ قويدى قەدەم چىراي ئېچىپ، خەندان قىلىپ.
رەڭگى-روىي بويىغا بۇ كوكۇل بولدى ئەسىر،
دىلنى مەھكەم باغلىدى تۇرغان يېرىم بوستان قىلىپ.

دېگەندەك كۆزۈمگە كۆرۈندى. پۇلنى سورىدى. دەرھال ئالدىغا ئېلىپ قويدۇم. مېھمان بولۇشقا ئىلتىماس قىلدىم. پۇلنى يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى: "پۇلنى لازىم بولغاندا ئالىمەن. ئىشلىرىم تېخى تۈگىگىنى يوق. ئىشىم تۈگىگەن ھامان دەرھال كېلىمەن" دەپ يەنە كەتتى. مەن ئۆز-ئۆزەمگە: "بۇ يىگىتنىڭ قولى ۋە كوڭلى ناھايىتمۇ ئوچۇق كىشى ئىكەن. بۇ قېتىم كەلسە مەن چوقۇم ئۇنى مېھمان قىلاي، ياكى ھويلامغا تەكلىپ قىلىپ بىر زىياپەت قىلاي. چۈنكى مەن ئۇنىڭ پۇلنى ئىشلىتىپ كوپ پايدا ئالدىم" دېدىم. بۇ نوۋەت ئۇ، يىل ئاخىرىدا يەنىمۇ قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا كەلدى. ئۇ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، خۇددى ھازىرلا تۇغۇلغان ئايدەك ئىدى. ئۇ، شائىر ئېيتقاندەك:

ئاي ۋە كۈننى بىر كۈندە تېخى ھېچكىم كورمىگەن،
ھەر ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ كوك ئۈستىدە يۈرمىگەن.
ئەجەپلىنىپ ياقا تۇتۇپ تىكىلگەنچە قالدىم مەن،
تاڭ ئاتقىچە كوز يۇممىدىم تەلمۈرۈپ بەك تالدىم مەن.
خىيالىمنى ئوغرىلىدى ھەر ئىككىسى شۇ كۈندە،

جارجىس بازىرىغا بەتتىم. ئۇ يەردە مېنى دەلاللار ياخشى كۈتۈۋالدى. مېلىمنى ئېلىپ بازارغا سالدى. لېكىن مالنىڭ باھاسى ئۆز قىممىتىگە يەتمىدى. ئىچىم پۇشتى. شۇ چاغدا ماڭا دەلاللارنىڭ ئاقساقىلى يولۇقتى: "ساڭا پايدىلىق بىر يول بار، ئۇ بولسىمۇ، — دېدى ئاقساقال گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، — ماللىرىڭنى باھاسىغا يەتكۈزۈپ پۇختا ھوججەت بىلەن سات. مەلۇم مۇددەت بەلگىلە. كېيىن ھەر پەيشەنبە، دۈيشەنبە كۈنلىرى نېسى يىغ. ھەر تەڭگىگە ئىككى ۋە ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق پايدا كۆرىسەن. باشقا كۈنلىرى قاھىرە شەھىرى ۋە ئۇنىڭ نىل دەرياسىنى تاماشا قىلىپ يۈرگىن". "بۇ ياخشى مەسلىھەت" — دېدىم. مەن دەلال بىلەن بىللە سارايغا قاراپ ماڭدىم. ماللارنى بازارغا ئېلىپ كەلدۇق. نېسىگە سېتىپ كېرەكلىك ھوججەتلەرنى ئېلىپ سارايغا ياندىم. بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. ھەر كۈنى ئەلۋەتتە شاراپ ئىچەتتىم. قوي گۆشىدىن تاماق قىلدۇرۇپ يەيتتىم، شەرۋەتلەرنى ئىچەتتىم. قىلىدىغان ئىشىم ھوججەتكە مۇۋاپىق ھەپتىدە ئىككى كۈن پۇل يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. بازارغا باردىم، بايلارنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇراتتىم. سەرراپ ۋە دەلاللار چۈش ۋاقتىدا پۇل ئېلىپ كېلەتتى. مەن پۇلنى ساناپ ئېلىپ خالتامغا سالاتتىم. سارايغا قايتىپ كېلەتتىم. كۈنلەردىن بىر كۈنى ھاممامغا بېرىپ سارايغا قايتتىم. شاراپ بىلەن غىزا يەپ ئۇيقىغا ياتتىم. ئويغىنىپ توخۇ گۆشى يېدىم. كېيىن زېرىكىپ بەدرىدىن بوستانى دەپ ئاتالغان تونۇش بىر باينىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بازار قىزىغىچە سۆزلەشتىم. شۇ چاغدا بويى كېلىشكەن، چوڭ سۈپەت بىر خانىم يېتىپ كەلدى. بىردىنلا سالام

كىشىلىرىدىن ئىدى. مەن سەييياھلار ۋە مىسىرلىقلاردىن مىسىرنىڭ تەرىپىنى كوپ ئاڭلىغان ئىدىم. دىلىمدا بۇ شەھەرنى كورۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى. ئاتام ئولگەندىن كېيىن خېلى كوپ پۇل ۋە تۇرلۇك ماللاردىن ھازىرلاپ مەۋسىلىغا كەلدىم. ئۇ يەردىن سىزنىڭ بۇ شەھىرىڭىزگە كەلدىم. بۇ يەرگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىگىم ئۈچۈن خۇرسەن ئىدىم" — دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

قۇددۇس گۇلشىنى بۇلبۇلى ئىدىم، ئۇنىڭدىن ئاجرىدىم،
مۇپتىلا بولدۇم ھەۋەسكە بۇندا كەلدىم مەن شۇ ئان.
مەن پەرىشتە ئىدىم، جەننەت ئىدى ئۇ جاي ماڭا،
ھەزرىتى ئادەمگە ئوخشاش جايىم بولدى بۇ جاھان.

* * *

توغما كورلار يىقىلمايدۇ ئويمانغا،
ئوچۇق كوزلەر ئازگاللارغا يىقىلار.
يول قويمىغاي بەزەن نادان نوقسانغا،
بۇ خاتاغا گاھى ئاقىل تىقىلار.
مۇشەققەتتىن ھەر قانداق ئىش توغۇلار،
خىيانەتكار بەزىدە دەۋر سۇرىدۇ.
چوڭ بايلىقلار تاپقان بولسا ئوغرىلار،
خىيانەتتىن ئەمەس بەختىدىن كورىدۇ.

شەھىرىڭىزگە يېتىپ كېلىپ ماللىرىمنى خان سارىيىغا چۇشوردۇم. ئۇلارنى ئىچكىرى كىرگۇزدۇم. خىزمەتچىگە تاماق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئۇيقۇدىن تۇرۇپ تاماق يىدىم. كېيىن بەيئەل قەسرى كوچىسىغا ماڭدىم. ئايلىنىپ كېلىپ ياتتىم. ئەتىگەن تۇرۇپ ماللارنىڭ بىر قىسمىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ كورستىشكە نىيەت قىلدىم. بىر ئاز مالنى خادەمگە كوتەرتىپ بازارغا ماڭدىم.

قولغا ئېلىپ بەردىدىنىگە تىل ھەت يېزىپ بەردىم. كىيملىكنى خانىمغا ئۇز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلىپ: "بۇنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، بۇ مەندىن سىزگە ھەدىيە" — دىدىم. "قۇللۇق" دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ئايال. "بۇلا ئەمەس، يەنە بىر كىيملىك بېرەي، پەقەت يۈزىڭىزنى بىرلا ئېچىپ كورسىتىڭ!" — دىدىم. ئۇ، يۈزىنى ئاچتى. تىلىم تۇتۇلدى، ئەقلىدىن ئازدىم. ئايال يۈزىنى يېپىپ، كىيملىكنى قولىغا ئالدى. كېتىۋېتىپ: "قەدىرلىگىنىڭىز ئۇچۇن رەخمەت" دەپ يولغا چۈشتى. مەن دۇكاندا خېلى ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمنى ئىگەللىگەن ئىدى. مۇھەببەت ماڭا غالىپ كەلدى. سىرنى يوشۇرۇپ تۇرالمىدىم. ئۇ خوتۇن توغرىسىدا مەن بەزى نەرسە-لەرنى سورىدىم. ئۇ چوڭ بىر ئەمىرنىڭ قىزى ئىكەن. ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا ناھايىتى كوپ دۇنيا مىراس قالغان ئىكەن. باي بىلەن خەيرلىشىپ سارايغا قاراپ ماڭدىم. خىزمەتچى تاماق ئېلىپ كىردى. لېكىن مەن ھامان ھېلىقى خوتۇن توغرىسىدا ئويلايتتىم. شۇڭا ھېچ نەرسە يىمەي ئۇخلاشقا ياتتىم. بىراق ئۇيقۇم كەلمىدى، تاڭ ئاتتى. كىيمنى ياخشىلاپ ئۆزگەرتىپ كىيدىم. بىر ئاز ئىچىملىك ئىچىپ ئازراق تاماق يىدىم، يەنە شۇ دۇكانغا باردىم. سالاملىشىپ ئولتۇردۇم. ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ئايال يەنە كەلدى. ئۇ، تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ياخشىراق كىيىنگەن ئىدى. يېنىدا بىر چورە قىزمۇ بار ئىدى. ئۇ، باي بىلەن ئەمەس، مەن بىلەن سالاملاشتى. "بىر مىڭ ئىككى يۈز تەڭگىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭا بىرەر كىشى قوشۇپ بېرەلمەمسىز؟" — دىدى ئۇ، ئۇنىڭ سوزلىرى تۈنۈ-گۈنكىدىن مۇلايىمراق، تاتلىغراق، يېقىملىغراق ئىدى. "نىمىشقا مۇنچە ئالدىرايسىز؟" — دىدىم مەن. ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سوز-

قىلدى. باي جاۋاپ قايتۇردى ۋە سوزلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ سوزلىرى ماڭا يېقىملىق تۇيۇلدى، مۇھەببىتى دىلىمغا ئورۇنلاشتى. ئۇ، زەرباپ كىيىملىك بولسا كورستىشنى سوريدى. بەدرىددىن مەندىن ئالغان ماللاردىن بىر كىيىملىك كورسەتتى. خانىمغا ئۇ ياريدى. بىر مىڭ ئىككى يۇز تەڭگىگە كېلىشتى. "مەن بۇنى ئېلىپ كېتىپ پۇلىنى ئويدىن ئەۋەتىپ بېرەي"— دىدى خانىم. "ياق!— دىدى بەدرىددىن،— مانا مالنىڭ ئىگىسىمۇ شۇ يەردە، مەن پۇلنى ئوز ۋاقتىدا تاپشۇرۇشۇم كېرەك." "ئىست ساڭا،— دىدى خانىم،— مەن ھەر قېتىم سەندىن مال ئالىمەن. باھاسىنى كوپ تالاشمايمەن. پۇلىنى دائىم ئوز ۋاقتىدا ئويدىن ئەۋەتىپ تۇرىمەن. شۇنىڭغا قارىماي بۇ قېتىم ھەجەپ قىلىق قىلدىڭ؟" "توغرا!— دىدى دۇكاندار،— ئۇ باشقا ۋاقىت ئىدى. مەن ھازىر مۇشۇ ئولتۇرغان خوجايىنغا پۇل تولۇشۇم كېرەك." ئايال ئاچچىغى بىلەن كىيىملىكنى بەدرىددىننىڭ ئالدىغا تاشلىدى، رەنجىگەن بىر ئاھاڭدا: "سودىگەر-لەردىن ھېچقاچان كىشىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. سىلەرگە ئادەم ئەمەس، پۇل كېرەك"— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا يېنىپ، ئاستا-ئاستا قەدەم تاشلىدى. ماڭا، مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ: "ئادەمنى رەنجىتمەي بۇ تەرەپكە كېلىڭ"— دىدىم. "سىز ئۇچۇن قايتتىم"— دىدى ئۇ، قايرىلىپ كېلىپ. "ئوزىڭىز قانچىگە ئالغان ئىدىڭىز؟"— دىدىم بەدرىددىنگە. "بىر مىڭ بىر يۇز تەڭگىگە!"— دىدى ئۇ.

"ساڭا يەنە يۇز تەڭگە پايدا قوشۇلسۇن. ماڭا قەغەز، قەلەم بەر، مەن شۇ باھاغا تىل خەت يېزىپ بېرەي"— دىدىم. كىيىملىكنى

ئېلىپ كەلدى ۋە "يېتىپ كەلدۇق"ــ دەپ شۇ يەردە توختىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەبۇششەما لەقەملىك ئۇبۇل بەرىكەت دىگەن كىشى‌نىڭ ئۆيىنى سوراپ بىلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ سورۇشتۇرگىلى كەتتى. بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ: "شۇ يەردە ئىكەن، چۇشۇق!"دىدى ماڭا. "سەنمۇ شۇ ئۆيگە بىللە بار، كورۇپ قوي! ئەتە ئەتىگەن خېچىرنى ئېلىپ كەل!" دەپ ئۇنىڭغا توت تىللا ئالتۇن بەردىم. ئۇ، پۇلنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئىشىكنى تاقىلداتتىم. بويىغا يەتكەن ئىككى چىرايلىق قىز چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. "مەرھەمەت،ــ دىيىشتى ئۇلار،ــ بىزنىڭ خانىممۇ سىزنى كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. سىزنىڭ تېزرەك كېلىشىڭىزنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلى‌مىدى." مەن يەتتە ئىشىكتىن ئوتۇپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردىم. ئۆينىڭ چوڭ باقىقا قارىتىپ ئېچىلىدىغان قاتار دەرىزىلىرى ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىشلەنگەن، باغ ھەر تۇرلۇك مىۋىلىرى، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلىرى بىلەن كوڭۇلنى ئۇزىگە جەلىپ قىلغۇدەك دەرىجىدە كېلىشكەن ئىدى، تۇرلۇك رەڭدىكى قۇشلار تىنماي سايراپ تۇراتتى. ئۆيلىرى سۇلتانى ئاھاكلىرى بىلەن ئاقارتىلغان. تاملىرى ئادەمنىڭ ئەكسى كورۇنگىدەك قىلىپ پاقىرتىلغان. ئۆيۇقلىرىغا بەكمۇ ئالاھىدە نەقىشلەر ئويۇلغان، ئۇنىڭغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەر تۇرلۇك خەتلەر يېزىلغان. يەرگە مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان. ھويلا ئوتتۇرىسىغا كول ياسالغان، كولنىڭ توت بۇرجىگىگە ئالتۇندىن ياسالغان تۇرلۇك قۇشلار ۋە توت ئىلان ئور‌نۇتۇلغان، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چاچما سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان. ئۆيدىكى ھەر تۇرلۇك يىپەك گىلەملەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇنى توقىغان سەنئەتكارلارغا كىشى ئىختىيارسىز ھالدا

لەشتىم. بىر ئىشارەت قىلغان ئىدىم. مەقسىدىمنى چۈشىنىپ ئورنى-
دىن تۇردى، خۇددى كىرىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭغا قاتتىق
باغلانغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىزىدىن يۈرۈپ بازاردىن چىقتىم.
خانىم مېنى يېنىغا قىچقىرىپ مۇنداق دېدى: "ئەي سۆيۈملۈكۈم،
سىزنى مەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. تۇنۇگۇندىن بېرى مەندە
ئۇيقۇ يوق، ئارامىمۇ يوق. يېيىش-ئىچىشتىن قالدىم، پەقەت سىزنى
ئويلايمەن" — دېدى. "سىزنى كۆرگەندىن بېرى، — دېدىم مەن، —
كۆزۈمنى يۇمغۇنۇم يوق. مېنىڭ قايغۇم سىزنىڭكىدىن ئارتۇق
ئىكەنلىكىنى رەڭگى-روپۇمدىنمۇ بىلسىڭىز كېرەك. ئەي سۆيۈم-
لۈكۈم، سىزنىڭكىگە بارايلىمۇ ياكى بىزنىڭكىگە بارايلىمۇ؟" — دېدى.
"مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن. سارايدىن باشقا بارار جايىم يوق،
ئەگەر ئېغىر كەلمىسە سىزنىڭكىگە بارساق" — دېدىم مەن. ئايال:
"ناھايىتى ياخشى!" — دېدى. دەرھال تۇرغان يېرىنى بايان قىلدى.
"ئەتىگەنلىكتە ئۇلاقتا مېنىڭ مەشھۇر ئەلخەيبانىيە گۈزىرىگە
بېرىپ ئۇبۇل بەرىكەت نەقىپ ئۆيىنى سوراڭ، ئۇ كىشىنىڭ لەقىمى
ئەبۇششەما، بۇنى بىلمەيدىغان كىشى يوق. مەن شۇ يەردە بولىمەن.
لېكىن كېچىكمەسلىكىڭىزنى سورايمەن. مەن يولىڭىزغا قارايمەن!"
دەپ كەتتى. مەن خوشلىقىمدىن شۇ كېچە سارايدا ئۇخلىيالمىدىم.
بىركېچە بىر يىلدەك تۇيۇلدى. تۈننى ئۇيقۇسىز ئاران ئۆتكۈزدۈم.
تاڭنىڭ ئاتقىنىغا ئىشەنمەيتتىم. ئەتىگەن تۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى
كىيدىم. بىر ياغلىققا بەش يۈز تىللا پۇلنى چىگىپ سارايدىن
چىقتىم. كارۋان ئىشىكىگە بېرىپ بىر خېچىرنى كىراغا ئېلىپ
مىندىم. ئۇنىڭ ئىگىسىدىن ئەلخەيبانىيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى
ئۆتۈندۈم. بىر دەمدە ئۇ مېنى ئەلمۇنكەرى دېگەن كوچا بېشىغا

تەشرىپ ئەيلىگەن چېغىڭدا كۆتمىگىم لازىم بولۇر،
چۈنكى بۇ كوز گەۋھىرىم يولۇڭغا پايەندازىم بولۇر.
يەتكۈزۈپ بېشىم پەلەكنىڭ ئۈستىگە گۈل تاجدەك
قويسا بوشاۋۇق ئۈستىگە شەۋقىم سەر ئەپرازىم بولۇر.
مال ـ دۇنيا توھپە قىلماققا يەتكەي ھال ـ قۇدرىتىم،
جاننى ئۆتسام سەن قوبۇل ئەتسەڭ ساڭا تازىم بولۇر.
بەزمە ۋەسلىڭدە مۇغەننى بولمىغى لازىم ئەمەس،
يىغىدىن ئەۋجىم قولۇمدا ھاسىدىن سازىم بولۇر.

ئۇ، ماڭا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى شىكايەت قىلىپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆز ۋەقەلىرىمنى سۆزلىدىم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى مېنى تامامەن ئۆزىگە تارتتى. پۇل مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيتتى. بىز ئويناشتۇق، كۈلۈشتۇق. كەچ بولدى، قىزلار ئىچىملىك ئېلىپ كېلىشتى. يېرىم كېچىگىچە ئىچىشتۇق. كېيىن بىللە ئۇخلىدۇق. ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆمرۈمدە بۇنداق كېچىنى بىرىنچى كورۈشۈم ئىدى. پۇل چىگىلگەن ياغلىقنى ئورۇنىنىڭ تېگىگە قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ كوچىغا چىقتىم. ماڭدىم. ئۇ: "مۇبارەك يۈزىڭىزنى قاچان كورىمەن"ــ دەپ يىغلىدى. "كەچقۇرۇن كېلىمەن"ــ دېدىم. سىرتتا خېچىرچى مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. مىنىپ سارايغا كەلدىم. ساراي دەرۋازىسىدا خېچىردىن چۈشۈپ يېرىم تىللا كىراكەشكە بەردىم. كۈن پېتىش ئالدىدا كېلىشىنى بۇيرۇدۇم. ئۇ: "خوپ" دېدى. سارايغا كىرىپ ناشتا قىلىپ نېسى يىققىلى كەتتىم. كوپ ئوتمەي سارايغا قايتتىم. گوش، شىرنىلىكلەر ئالدىم. كۈن پاتقىچە ئۆز ئىشىم بىلەن بولدۇم. كۈن پاتقاندىن كېيىن ھامماللىنى قىچقىردىم. ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېۋەتكە سېلىپ ھامماللغا بەردىم، ئۇنىڭ ھەققىنى بەردىم. ئايالنىڭ

"بارىكاللا" ئوقۇيدۇ. تېخى ئولتۇرغۇچىلىكمۇ بولمىغان ئىدىم، ئۇ، ئاي يۈزلۈك كىرىپ كەلدى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



يىگىرمە ئالتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئۇ ناھايىتى ئاجايىپ چىرايلىق كىيىنگەن ئىدى. مېنى كۆرۈش بىلەن بەكمۇ خۇشال بولدى. بىز قانداق كۆرۈشكىنىمىزنى سەزمەي قالدۇق. ئۇ ماڭا تىكىلىپ: "مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىڭىز راستمۇ؟" — دەيتتى. مەن بولسام بۇ كۆرۈشۈشكە ئىشەنمەيتتىم: "سىزنىڭ قۇلىڭىز مەن" — دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كەلگىنىمگە ھەشقاللا ئېيتتى: "سىزگە يېتىشىدىغان كۈنمۇ بار ئىكەن. سىزنى كۆرگۈنۈمدىن بېرى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق." مەن ئۇياتقىنىمدىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇردۇم. دەرھال داستىخان سېلىپ ئەڭ لەززەتلىك تاماقلارنى ئېلىپ كەلدى. گوش، ھەسەل بىلەن ئىشلەنگەن ئالاھىدە تائاملار، توخۇلار ئىچىگە سېلىنىپ پىشۇرۇلغان تۈرلۈك-تۈمەن خىلدىكى يېمەكلىكلەر بار ئىدى. بىللە يېيىشتۇق. داستىخان يىغىلدى. قول يۇيۇش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كېلىندى. قولۇمنى يۇدۇم، كېيىن يۈزلىرىمگە ئىپار سۈيى قوشۇلغان گۈل سۈيىنى سەپتى. سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردۇق. ئايال بۇ شېئىرنى ئوقىدى:

سەۋرىم ئاز ھەر كۈنى ئىشقىم ئارتۇق،
يانچۇغۇم بوش، دىلىم مۇڭغا لىق تولغان.
پۇلسىز ئاشىقنىڭ ئېتىۋارى يوق،
قۇرۇق سوز قۇلاققا مۇشتەك ئۇرۇلغان.

* * *

كەمبەغەللىك كىشىنىڭ زەۋق نۇرىنى سۇندۇرار،
كۈن پاتقاندا ئۇنىڭ نۇرى خىرەلىشىپ كەتكەندەك.
كەمبەغەللىك كىشىنى مۇشەققەتكە كوندۇرەر،
ئارزۇلارنى قانچە يازسا تولماس كوڭۇل دەپتەردەك.

كورۇنمىسە پېقىر ئادەم ھېچكىم ئۇنى يوقلىماس،
خايى بولسۇن ئۇ يا يوق، ھېچكىمنىڭمۇ ئىشى يوق.
خالى يەردە يىغلار ئۇ، "ئاھ" تارتار ھەر نەپەس،
قېرىنداشمۇ يات ئاڭا، كويۈنگۈچى كىشى يوق.

سارايدىن چىقتىم، بەيئەل قەسرەيىن كوچىسىغا قاراپ ماڭدىم. زۇۋەيىلا دەرۋازىسىغا يەتتىم. ناھايىتى كوپ ئادەم توپلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئادەملەرنىڭ كوپلىگىدىن دەرۋازىنىڭ يولى توسۇلۇپ قالغان. يېنىمدا ئۇبدانغىنا كىيىنگەن بىر سىپاھ كىشى تۇراتتى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالدىم. قولۇم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يانچۇغىغا چۇشتى. يانچۇغىدا پۇلدان، ئۇنىڭدا ئازغىنا تىللا بارلىغى سېزىلدى. دەرھال قولۇمنى تارتتىم. شۇ ھامان ئۇ كىشى سەزدى. يانچۇغىنىڭ يەڭگىللىگىنى بىلىپ، قولىنى سالدى. يانچۇغى قۇرۇق، ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ، ماڭا تىكىلدى. ئۇ كىشى قولىدىكى تايىغى بىلەن بېشىمغا ئۇردى. يەرگە يىقىلدىم. بەزى ئادەملەر قارىشىپ قېلىشتى. كىمدۇر بىرسى: "ئادەم شۇنچە كوپ

ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدىم. خېچىر بىلەن ناھايىتى تېزلا ئۆيىگە باردىم. ئىچكىرى كىردىم. ھەممە ياق سۈپۈرۈلگەن، سۇ سېپىپ تازىلانغان. شاملار يېقىلغان. ئاياقلار ھازىرلانغان. مەن كىرىش بىلەن سۆيۈملۈگۈم بويىنۇمغا ئېسىلدى ۋە بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقىدى:

تىرىكلىك سەنسىز ماڭا بولدى دىشۋار،
بولدۇممەن شاراپتەك ۋەسلىڭگە خۇمار.

"مەن بەك سېغىندىم" — دېدى ئۇ، ئاغرىنغان ئاۋازدا. داستىخان سېلىندى. ھوزۇرلىنىپ تويغىچە تاماق يېدۇق. قىزلار داستىخاننى يىغىپ، بىزگە ئىچىملىك ئېلىپ كەلدى. يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشۇپ ئىچىشتۇق. كېيىن ياتاققا كىردۇق. تاڭ ئاتقىچە بىللە ياتتۇق. ئەتىگەن تۇرۇپ ياغلىقتا چىگىلگەن ئەللىك تىللا پۇلنى بەردىم. خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتىم. تاشقىرىدا خېچىرچى تۇرغان ئىكەن، خېچىرنى مىنىپ سارايغا قايتىپ كەلدىم. بىر ئاز ئۇخلىدىم. كېيىن تاماق ھازىرلاشقا كىرىشتىم. تۈرلۈك مېغىزلار، شىرىنلىكلەر، تاماققا ئوخشاش قوۋۇرۇلغان ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر ھازىرلىدىم. ھەممىدىن ئۈلارنى ئەۋەتتىم. ئۆيگە كىرىپ ئەللىك تىللا پۇلنى ئېلىپ ياغلىققا چىگدىم. كۈندىكىدەك خېچىرغا مىنىپ ماڭدىم. ئىچكىرى كىردىم، سالاملاشتۇق. ئىچىشتۇق، يېيىشتۇق، تاڭ ئاتقىچە بىللە بولۇشتۇق. سەھەر تۇردۇم، ئەللىك تىللا بىلەن ياغلىقنى قويۇپ سارايغا ماڭدىم. شۇ يوسۇندا بىر قانچە ۋاقىت ئۆتتى. پۇلۇم تۈگىدى. ئەقەللى بىر تىللادەك نەرسە قالمىدى. شۇ كېچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. "ئازغان ئىكەنمەن" دېدىم، قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلدىم. خاتىرەمگە تۆۋەندىكى شېئىر كەلدى:

پىكىرگە چومدى. ئۇچ-توت كىشىنى قىچقىردى، ئۇلار گۇۋا بولدى. هاكىم جاللاتقا بۇيرۇق قىلدى. جاللات ئۇنىڭ قولۇمنى كەستى. سىپاهنىڭ كۆڭلى تىنچىدى. هاكىم ئۆز يولىغا كەتتى. ئادەملەر چۆرەمنى ئوراپ ئالغان ئىدى. ماڭا بىر ئاياقتا شاراپ تۇتتى. سىپاه پۇلدانىنى ماڭا بەردى: "ياخشى يىگىت كۆرۈنسەن، ھەر قانچە پۇلدىن قىسىلساڭمۇ، ئوغرىلىق قىلماسلىغىڭ كېرەك ئىدى"—دېدى. مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

دوستلار، ئوغرى ئەمەسمەن ۋە يا يانچۇقچى،
مەنمۇ خىيالىمنى ئوغرىلاتقانمەن...
زامانىنىڭ كۈلپىتى مېنىمۇ باستى،
سىز ئۆتكەن يول بىلەن مەنمۇ ماڭغانمەن.
غەمكىنلىك، ۋەسۋەسە، نامراتلىق ئېشىپ—
يىغىلدىم، تەڭرىنىڭ قىلغان قەھرى بۇ.
بۇ ئوق بېشىمدىن ئۇچۇردى تاجىمنى،
ئېلىپ كەتتى، قالدى ماڭا غەم-قايغۇ!

كېيىن ئۇ، ئۆز يولىغا كەتتى. قولۇمغا لاتا ئورالغان ھالدا مەنمۇ يولغا چۈشتۈم. ئەھۋالىم ئۆزگەرگەن، رەڭگىم سارغايغان، كەيپىم قاچقان، شۇ ھالدا ئاياللىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزەمنى ئورۇنغا تاشلىدىم. مېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ئايال ھەيران قالدى.

"نېمە بولدى، نەرىڭىز ئاغرىيدۇ. نېمە مۇنچە پەرىشانسىز؟" دېدى ئۇ ماڭا. "مىجەزىم يوق، بېشىم ئاغرىيدۇ. مېنى تولا سوزگە قىستىماڭ"—دېدىم مەن. ئۇ خاپا بولدى، بىئارام بولۇپ تەمترەپ كەتتى. "دىلىمنى ئورتىمەڭ—دېدى ئۇ—ئولتۇرۇپ سوزلەڭ، قارىسام بۇرۇنقى ئەپتىڭىز يوق. بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟"

تۇرسا، پۈتىنى قويغىدەك يەر يوقلىغىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بىر گۇناسىز كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟" دەپ ۋاقىراپ سىپاھ كىشىنى ئەيىپلەشتى. ئۇ: "ساقچى، بۇ لەنىتى ئوغرى ئىكەن! يېنىمدىن پۇلۇمنى ئوغرىلىدى!" دەپ غوغا كوتەردى. ھۇشۇمغا كەلدىم. بەزىلەر: "بۇ چىرايلىق يىگىت ھېچ نىمەڭنى ئالغىنى يوق" دىسە، يەنە بەزىلەر: "ئالدى" دىيىشتى. گەپ-سۆز ئۇلغايدى. ئادەملەر مىنى ئۇ سىپاھىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. بىردىن دەرۋازا يېنىغا ھاكىم ۋە ملك بېگلەر كېلىپ قالدى. مەن بىلەن ئۇ، سىپاھىنىڭ يېنىغا ئادەملەر توپلىشىپ قالغىنىنى كورۇپ قېلىشتى. بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. "نىمە گەپ؟" — دىدى ھاكىم. "ھورمەتلىك ھاكىم، — دىدى سىپاھ، — بۇ ئوغرى ئىكەن. ئادەمنىڭ جىقلىغىدىن پايدىلىنىپ، مىنىڭ يېنىمغا سېلىپ قويغان پۇلدىنىمنى يىگىرمە تىللا بىلەن ئوغرىلىدى". "يېنىڭدا يەنە باشقا كىشى بارمە-دى؟" — دىدى ھاكىم. "يوق!" — دىدى سىپاھ. ھاكىم ملك بېگكە مىنى ئاختۇرۇشنى بۇيرىدى. كىيىملىرىمنى يەشتى. پۇلدان كوينە-گىم ئىچىدىن چىقتى. پۇلدانىنى ھاكىمغا بەردى. ھاكىم پۇلدانىنى ئېچىپ ئىچىدىكى تىللانى ساندى. يىگىرمە تىللا بارئىكەن. سىپاھىنىڭ سوزىنىڭ توغرىلىغى ئىسپاتلاندى. ھاكىم غەزەپلىنىپ لەشكەر-لىرىنى قىچقىردى. ئۇلار مىنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. "توغرىسىنى ئېيت، ئەي يىگىت! — دىدى ھاكىم غەزەپ بىلەن ماڭا قاراپ، — پۇلدانىنى ئالغىنىڭ راستىمۇ؟!" مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئۇز-ئۇزەمگە دەيتتىم: "ئالمىدىم دىسەم، پۇلدان قوينۇمدىن چىقتى. ئالدىم دىسەم ئازاپلايدۇ، — دەپ ئويلاپ، بېشىمنى كوتۈرەلمەي — ئالدىم" — دىدىم. ھاكىم بۇ سوزنى ئاڭلاپ

تۇت توخۇ گوشىدە شورپا قىپتۇ. ئىچىملىك ۋە باشقا تاماق ئېلىپ كېلىشتى. يېدىم، ئىچتىم، پۇلدانىنى قويۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم. "نەگە بارىسىز؟" — دېدى ئۇ. مەن ئولتۇردۇم. "ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز پۈتۈن پۇللىرىڭىزنىڭ تۈگىشىگە ۋە ھەتتاكى قولىڭىزنىڭ كېسىلىشىگە سەۋەبچى بوپتۇ. سىزنى ئىشەندۈرۈپ ئېيتايكى، — دېدى ئۇ — مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن. ھازىر سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى ئىسپات قىلاي." شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ. قازى بىلەن گۇۋالارغا كىشى ئەۋەتتى. قازى ۋە گۇۋالار كېلىشتى. "مېنى شۇ يىگىتكە نىكاھلاپ، ئۇنىڭ راستلىقى ئۈچۈن پەتتە يېزىڭلار. ئۇنىڭدا كېرەكلىك ھەققى مېھرىمىنىمۇ ئالغىنىمنى كۆرسىتىڭلار" دېدى. ئۇلار نىكاھ ئوقۇپ پەتتە يېزىشتى. "سىلەر گۇۋا بولۇڭلار، — دېدى ئۇ، — مانا مۇشۇ ساندۇقتىكى پۇللار، ئىختىيارىمدىكى قۇللار، چۆرىلەر ھەممىسى بۈگۈندىن باشلاپ مانا شۇ يىگىتكە تېگىشلىك". ئۇلار گۇۋالىققا رازى بولۇشتى. مەن ئىنئاملارنى قوبۇل قىلدىم. گۇۋالارغا تېگىشلىك ھەق تۆلىدۇم. ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. ئايال مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ھوجرىغا ئېلىپ كىرىپ چوڭ بىر ساندۇقنى ئاچتى.

"قاراپ بېقىڭ نېمە بار ئىكەن؟" — دېدى ئۇ. مەن قارىدىم. چوڭ ساندۇق ياغلىقتا چىگىلگەن تىللالار بىلەن لىق تولۇپتۇ. "بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پۇلىڭىز. قانداق قويغان بولسىڭىز شۇ پېتىچە ساندۇققا سېلىپ قويغان ئىدىم، — دېدى ئۇ، — بۇ پۇللارىڭىزنى ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ! بۇ پۇللار ئۆزىڭىزنىڭ. بۈگۈن سىز پۇللۇق باي، مەن ئۈچۈن ئازاپلاندىڭىز. ئوڭ قولىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەن سىزنىڭ ھەققىڭىزنى ئادا قىلىشتىن يىراق. جېنىمنى

"قويۇڭ، سورىماڭ!" — دىدىم. ئۇ، يىغلىدى: "ئەمدى مېنىڭدىن كوڭلىڭىز سوۋۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دىدى، — بىلىپ سوزلەۋاتىمەن. سىز تامامەن ئۆزگۆرۈپ قالغاندەك تۇرىسىز!" مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇ، مەن بىلەن سوزلىشىشنى ئىستەيتتى. كەچ بولدى، تاماق ئېلىپ كېلىشتى. "مەن چەپ قول بىلەن يىسەم بىلىپ قالمىسۇن" دەپ تاماقنى يىمەي قايتۇردۇم. "ئېيتىڭ! — دىدى ئۇ، — بۇگۇن سىزگە نىمە بولدى؟ نىمىگە بۇنچىلىك خاپىسىز؟ نىمىشقا دىلىڭىز سۇنۇق؟" ئۇ، يەنە يىغلىدى. "هازىر ئېيتىمەن!" — دىدىم ئۇنىڭغا. ئۇ ماڭا ئىچىملىك تۇتۇپ: "بۇنى ئىچىڭ، قايغۇڭىزنى بېسىڭ! قولۇمنى قايتۇرماي ئىچىڭ! ماڭا بولغان ۋەقەنى سوزلەڭ!" — دىدى. "سوزلىشىم زورۇرمۇ؟" — دىدىم مەن. "ئەلۋەتتە!" دىدى ئۇ. "ئېيتىشىم زورۇر بولسا، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا — ئوز قولىڭىز بىلەن ئىچكۇزۇڭ". ئو، ئاياقنى تولدۇرۇپ ئىچكۇزدى. ئىككىنچى قېتىم تۇتتى، ئۇنى مەن سول قولۇم بىلەن ئالدىم. كوزۇمدىن ياش توختىماي ئاقاتتى.

"نىمىشقا بۇنداق يىغلاپ دىلىمنى ۋەيران قىلىسىز؟ نىمىشقا بۇ ئاياقنى سول قولىڭىز بىلەن ئالىسىز؟" "قولۇمدا جاراھەت بار" دىدىم مەن. "چىقىرىڭ، ئۇنىڭ دورىسىنى قىلاي!" — دىدى ئۇ. "هازىر ۋاقتى ئەمەس، قولۇمنى چىقىرالمايمەن" دەپ يەنە ئاياق سورىدىم. ئۇ، مەس بولغىچە قۇيۇپ بەردى. مەس بولۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئېچىپ كورۇپتۇ. يېنىمدىكى پۇلدانىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇننىمۇ كورۇپتۇ. قاتتىق خاپا بوپتۇ. ئىهتىمال، دۇنيادا هېچكىم بۇنچىلىك خاپا بولمىغاندۇر. بىچارە ئايال مەن ئۇچۇن تاڭ ئاتقىچە ئازاپلىنىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسام،

دىكى بار ماللىرىنى سېتىپ ئۇ ياقتا بازىرى بار ماللارنى ئالدى. بىللە سەپەر قىلدۇق. بىرنەچچە زامان ئۇنىڭ بىلەن باغدادتا تۇردۇم. "دوك ۋەقەسىدىن، — دەپتۇ، — نىساراخانىغا تازىم قىلىپ، بۇ ۋەقە قىزىق ئەمەسمۇ؟" "ياق! — دەپتۇ خان، — قىزىق ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتىڭلارنى دارغا ئاسىمەن!"

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.


يىگىرمە يەتتىنچى كېچە

ئاشپەز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرگىچە ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ: "ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن دوكقا يولۇقۇشتىن بۇرۇن كورگەن ۋەقەلىرىمنى ئېيتىپ باقسام. بۇ ۋەقە دوكنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن قىزىق بولسا بىزنىڭ قېنىمىزدىن ئۆتسىلە."

"ياخشى، سوزلە!" — دەپتۇ خان.

ئاشپەز سوز باشلاپتۇ:

## ئاشپەزنىڭ ھېكايىسى

"ئوتكەن كۈنى مەن بىر توپ قارىيلار ئارىسىدا بولدۇم. ئۇلار خەتمە قۇرئان قىلىشتى. ئۇ يەردە شەرىئەت موللىلىرى ۋە باشقا ئالىملارمۇ بار ئىدى. قۇرئان ئوقۇلۇپ تامام قىلىندى. داستىخان سېلىندى، تاماق تارتىلدى. تاماقلار ئارىسىدا زەرباچە ئىسملىك

قۇربان قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. قېنى ماللىرىڭىزنى ئۆزقولىڭىزغا ئېلىڭ!"

مەن ناھايىتى شاتلاندىم. غەملىرىم تۈگىدى. ئايالىمنى سۆيدۇم ۋە ئۇنىڭغا: "رەخمەت!" دىدىم. ئوزىنىڭ مال - مۈلكىنىمۇ ماڭىا بېغىشلىدى. بۇ ھەقتە تولۇق قىلىپ يېزىلغان بىر ھوججەتنىمۇ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقازدى. كېچىچە بىللە بولدۇق. مەن پۈتۈن ۋەقەنى سوزلەپ بەردىم. شۇخىلدا بىر ئاي ئوتكىنى يوق ئىدى. ئۇ، ئاغرىپ قالدى. كېسلى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئەللىك كۈنگە يېتەر - يەتمەي ۋاپات بولدى. مەن جىنازا رەسمىيىتىنى ئوتۇدۇم. يەتتە كۈن ماتەم تۇتتۇم. گۈمبەز ياساتتىم. ئۇنىڭ ھەققىدە كوپ ماللارنى سەدىقە قىلدىم. تەزىيە ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن بىلسەم ئۇنىڭ مال - مۈلكى ھەر تۈرلۈك، ئاشلىق ئامبارلىرى ناھايىتىمۇ كوپ ئىكەن. مېنىڭ سىزگە ساتقان كۈنجۈتۈم شۇنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ بىرسى. باشقا ماللارنىمۇ سېتىش ئاۋارىچىلىغىدا بولۇپ قېلىپ، سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېچىكىپ كەلدىم. ھىلىمۇ كىشىلەردىن مال ساتقان پۇلنى يىغىپ تۈگەتكىنىم يوق. سىز قارشى چىقماڭ! قىلغان زىياپىتىڭىز ئۈچۈن سىزدىكى كۈنجۈتنىڭ پۇلنى ئۆزىڭىزگە ھەدىيە قىلدىم، — ئوڭ قولۇمنىڭ يارامسىز بولۇپ، سول قولۇم بىلەن تاماق يېگىنىمنىڭ سەۋەۋى مانا شۇ. ماڭا قىلغان مېھماندارچىلىغىڭىز ئۈچۈن "رەخمەت" — دىدى ئۇ. "مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارامسىز؟ مەن قاھىرە ۋە ئىسكەندىرىيە ماللىرىدىن ئالدىم" — دىدى. مەن ئۇنىڭغا: "ئەگەر ئېلىپ بارسىڭىز ناھايىتىمۇ خوش بولىمەن" — دەپ ئېيتتىم، بىللە باغدادقا بېرىشقا رازى بولۇشتۇق. بىر ئايدىن كېيىن يۇرۇشكە قارار قىلىشتۇق. ئۇمۇ قوللىرى-

ۋە سول پۇتلىرىمنىڭمۇ باشمالتاقلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق!" دەپ بارماقلىرىنى كورستىپ قويىدى. بىز كورۇپ ھەيران بولدۇق.
"نىمە بولغان؟" دىدۇق بىز.

"مىنىڭ ئاتام،— دىدى يىگىت،— خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىسىدا باغدادنىڭ ناھايىتى چوڭ بايلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئىچىملىككە ناھايىتى بىرىلگەن بولۇپ، ساز ۋە ناخشىنى بەكمۇ ياخشى كورەتتى. ئۇ، ئولگەندە ئۇنىڭدىن ھىچ نەرسە قالمىدى. مەن ئۇنى ئورپ-ئادەتكە مۇۋاپىق قىلىپ كومدۇم. كوپ ۋاقىت ئوتمەي ئاتامنى ئەسلەپ يىغلىدىم. كىيىن ئۇنىڭ دۇكىنىنى ئاچتىم. دۇكاندا ئەرزىگىدەك نەرسە يوق ئىدى. ئاتامنىڭ بولسا خىلىلا قەرزى بار ئىدى. قەرز ئىگىلىرىگە موھلەت بىرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلا رمۇ كوندى. سودا قىلىشقا باشلىدىم. پەقەت جۇمە كۇنىلا دۇكان ئاچمايتتىم. كۇنلەر ئوتتى. قەرزلەرنى تولەشكە باشلىدىم. بىر قانچە ۋاقىت ئوتۇپ، قەرزلەردىن قۇتۇلدۇم، ئىشىنغانلىرىم دەسمايىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. كۇنلەردىن بىر كۇنى دۇكاندا ئولتۇرغان ئىدىم. ئۇزاقتىن كىلىۋاتقان چىرايلىق ياش بىر ئايالغا كوزۇم چۇشتى. ئومرۇمدە مەن بۇنداق گۇزەل ئايالنى كورمىگەن ئىدىم. ئۇ، ناھايىتىمۇ قىممەتباھا كىيىملەرنى كىيگەن، خىچىر مىنىپ ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى قۇللار مۇھاپىزەت قىلىپ كىلەتتى. خىچىرنى بازارغا كىرىشتىكى بىر دوخمۇشتا توختىتىپ يەرگە چۇشتى. بازارغا كىردى. ئۇنى كوزدىتىپ يۇرگەن تاۋىشى بۇنداق دىدى:

"مەلىكەم بازارغا كىرگەندە، ئىھتىيات قىلىڭ. يەنە بىرەرسى تونۇپ قالمىسۇن، بولمىسا ھاياتىمىزغا ئوت قويىسىز!"

بىر خىل ئاشـمۇ بار ئىـدى. بىز ئۇنىڭدىن يېيىشـكە باشلىـدۇق. پەقەت بىر كىشىلا قول ئۇزاتمىدى. زورلىساقمۇ كونىمىدى ئۇ كىشى.

"بۇنى يەپ تارتقان كۆلپەتىممۇ ئاز ئەمەس، زورلىماڭـلار"ــ دەپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بۇ ئاشتىن يەتكەندۇر ماڭا زور زىيان،
شۇنىڭچۈن يېمەسمەن ئۇنى مەن ھامان.

* * *

تەگرى دۇچار قىلار بولسا ھەركىمنى بەختسىزلىككە،
كوزىنى كور، قولىقىنى گاس، پۇتىنى توكۇر قىلۇر.
لەت بوپ قۇلاق، كوز ئېچىلىپ، تىلىمۇ شېرىن سوزلىسە،
ئاستا-ئاستا ئويغىنىپ ھاۋايى-ھەۋەسىمۇ قوزغىلۇر.

بىز ئۇنىڭدىن زەرباچـىنى يېـمەسلىـكىنىڭ سەۋەبـىنى يەنە سورىدۇق.

"مەن بۇ تائامنى يېمەيمەن. ئەگەر يېيىش زورۇر بولسا قولۇمنى قىرىق قېتىم شاخار بىلەن يۇيۇپ، قىرىق نوۋەت سوپۇن بىلەن،قىرىق مەرتىۋە رەيـھان سۇيى بىلەن چايقاپ، ئاندىن يەيمەن"ــ دېـدى ئۇ. كۆتكۈچى قولىنى قىچقىرىپ، سۇ ۋە شاخار، سوپۇن، رەيـھان كەلتۈرۈشـكە بۇيـرۇدى. ئۇ، ئوزى ئېيتقانـدەك قىلىـپ قولـىنى يۇدى. قورقۇپ قول ئۇزاتتى. بىز ھەيران بولـدۇق. ئۇنىڭ قول-لىرى تىترەيتـتى. دىققەت قىلساق ئۇنىڭ باشمالداق قولى كېسىل-گەن ئىكەن.

"باش بارمىقىڭىزغا نېمە بولغان؟ تۇغۇلۇشتىن شۇنداقمۇ ياكى بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىغانمۇ؟"ــ دەپ سورىدۇق بىز.

"بۇرادەرلەر، پـەقەت مۇشۇ قولۇملا ئەمەس، سول قولۇم، ئوڭ

تىلىگىنى بايان قىلىپ يۈزىنى سۈرگەي.

شېرىنى تۈگىتىپ "قىممەتلىك كېيىملىرىڭىز يوقمۇ؟" دەپ سورىدى. "مەلىكەم، — دېدىم مەن، — قۇلىڭىزنىڭ قولى قىسقاراق. بىر ئاز سەۋرى قىلىڭ! بايلار دۇكانلىرىنى ئاچىدۇ. مەن سىزگە يارىشىدىغان كېيىملەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەي." ئۇ، بۇ گەپكە ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇردۇم. مەن بارغانسېرى ئۇنىڭ ئىشقى دېڭىزىغا چومۇپ باراتتىم. ئەقلىمدىن ئازغانىدەك بولاتتىم. بايلار دۇكانلىرىنى ئېچىشتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ سورىغانلىرىنى تېپىپ كەلدىم. بەش مىڭ تەڭگىلىك مال يىغىلدى. خوتۇن ماللارنى ئېلىپ خىزمەتچىسىگە بەردى. خېچىرنى ئېلىپ كېلىشتى. ئايال مىندى، ئۇلار پۇل ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمەي كېتىشتى. مەن پۇل سوراشتىن ئۇيالدىم. ئۇنىڭ كىملىگىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتىم، شۇ پېتىچە قالدىم. بايلار مەندىن كېيىملىكلەرنىڭ پۇللىرىنى تەلەپ قىلىشتى. بەش مىڭ تەڭگىنى ئۆز ئۇستۇمگە ئېلىپ ئويۇمگە قايتتىم. ئۇنىڭ ئىشقىدا مەس ئىدىم. تاماق ئېلىپ كېلىشتى، ئازغىنا يېدىم. ئۇنىڭ چىرايى كوز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. ياتتىم، ئۇيقۇم كەلمىدى. پۈتۈن تۈن بويى ئۇنى ئويلاپ چىقتىم. شۇ خىلدا بىر ھەپتە ئوتتى. بايلار پۇلنى سوراشقا باشلىدى. مەن ئۇلاردىن يەنە بىر ھەپتە موھلەت سورىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن، كۈتكەنىدەك، ئۇ ئايال يەنە كېلىپ قالدى. ئاۋالقىدەكلا قۇللىرى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىشتى. ئۇ، دۇكانغا كېلىپ سالاملاشتى:

— پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا بېرەلمەي كېچىكتۇق. ئەپۇ قىلىڭ. ھازىر سەرراپنى قىچقىرىپ پۇلنى ئېلىڭ! — دېدى. سەرراپ

قۇل خېچىرنى قاڭتۇرۇپ قويدى. ئايال دۇكانلارنى ئارىلاپ كورۇپ، مېنىڭ دۇكىنىمنى ياختۇرۇپ دۇكىنىمغا كەلدى. قۇلىمۇ ئۇنى كوزىتىپ كەلدى. ئالدىمغا ئوتۇپ سالام بەردى. مەن ئومرۇمدە بۇنداق شىرىن ۋە بۇنداق نازۇك سوزنى ئاڭلىمىغان ئىدىم. ئۇ، يۇزىنى ئاچتى. "پاھ...پاھ..." ئادەممۇ شۇنداق كوركەم بولامدۇ؟ بىر كورۇش بىلەن ئاللا قانداق خىياللارغا چومدۇم، دىلىمغا ئىشقى ئورنىدى. مەن پات-پات ئۇنىڭ يۇزىگە قارايتتىم. ئۇنىڭ ئايدەك يۇزىنى كورۇپ ئوزەمنى تۇتالماي، بۇ شېئىرىي پارچىلارنى ئوقۇدۇم:

يۇزۇڭنى ياپمساڭ بۇ چىراي بىلەن،
ئىبادەتنى تاشلىغاي سېنى كورگەنلەر.
پېقىرنىڭ ھالىنى بىر سوراپ كورگىن،
ئاز ئەمەس ئىشقىڭدا مەندەك كويگەنلەر.

*　　　*　　　*

يىپەككە ئورالغان جاپاكەش ياردىن،
بوز كىيگەن، ۋاپادار بولسۇن ساڭا يار.
مېھرىۋانلىق كەلسە ساڭا ناچاردىن
ئۇنداق ۋاپادىن قاچ! كېلىدۇ نالە-زار.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ تووەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

سۆيگۈڭ بىلەن تاقىتىمنى بولمە، يوقاتما!
كوزۇم چۆشسە باشقىغا ئولەي جان بېرەي.
ئۇنتۇمىدىم سېنى ئويلاپ چەكسىز شاتلىقتا،
ساپ سۆيگۈنىڭ شارابىنى سۇمۇرۇپ ئىچەي.
مۇھەببەتىنىڭ قاچىسىدا سەنمۇ ئىچسەڭ مەي.
بۇ جېنىمنى ئېلىپ كەتكىن مەن ساڭا بېرەي.
سەن ئوتكەندە سوڭىگىم چىكەر نالە بولۇپ نەي.

"بىرنەرسە ئېسىمگە چۈشتى".

پۇلدىن بىرنەچچە تىللانى ئۇنىڭ قولىغا سۇنۇپ، ئۇنىڭ ماگا ۋاستىچى بولۇشىنى سورىدىم. چورە ئايال كۈلۈپ مۇنداق دېدى: "ئۇنىڭ ساگا بولغان مۇھەببىتى سېنىڭكىدىن ئارتۇق. بۇ كېيىملىكلەرنى سەن ئۈچۈن، ساگا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن ئالدۇ. خالىغان سوزۇڭنى ئوزەڭ بىمالال سوزلە! ئۇ، سېنىڭ سوزۇڭگە قارشىلىق كورسەتمەيدۇ!"

"مەن قولۇڭغا رەھمە قىل! قولۇڭنىڭ ئارزۇسىنى رەت قىلما!" دەپ دىلىمدىكىلەرنى سوزلەشكە باشلىدىم. ئايال سوزلەرىمگە رازىلىق بىلدۈرۈپ قولىغا:

"مېنىڭ خېتىمنى بۇ يىگىتكە كورسىتىڭ! — دېدى. كېيىن ماگا قاراپ، — كەل، ئېيتقاندەك ئىش قىل!" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئويىگە يول سالدى. مەن بايلارغا پۇللىرىنى تاپشۇردۇم. ئۇلار خېلى ياخشى پايدىغا ئىگە بولۇشتى. لېكىن ئۇ كېتىش بىلەن مەن يەنە قايغۇغا چومدۇم. پۈتۈن تۈننى ئۇخلىماي ھەر تەرەپكە ئېغناپ ئوتكەزدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قۇل كەلدى. مەن ناھايىتى ھورمەت بىلەن قارشى ئالدىم. ئەھۋال سورىدىم:

"ئايال كېسەل بولۇپ قالدى" — دېدى ئۇ.

"ساگا ئېغىر كەلمىسە، ئۇ ھەقتە ماگا بىرئاز مەلۇمات بەرسەڭ؟" — دېدىم مەن قولىغا. "خوپ!" — دېدى-دە، ئۇ تووەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

بۇ قىز خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خوتۇنى سىتتۇزۇبەيدىنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ خاس كېنىزىگىدۇر. ئۇ، ئوز خاھىشى

كەلدى. قول ئۇنىڭغا پۇلنى ئېلىپ بەردى. دۇكانلار ئىچىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇردۇم. دۇكانلار ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا بىرنەچچە خىل كىيىملىكلەرنى ساناپ شولارنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن بايلاردىن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېلىپ كەلدىم، ئايال ئۇلارنى ئالدى. پۇل توغرىسىدا ماڭا يەنە ھېچ نىمە دىمەي يولغا چۇشتى. ئۇ، كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلدىم. "بۇ قانداق سۇيگۇ؟!" دەيتتىم ئوز-ئوزەمگە. ئۇ بەش مىڭ تەڭگە پۇلنى بېرىپ مىڭ تىللالىق مال ئالدى. "بايلار، ئۇ ئايالنى تونۇمايدۇ. ئۇلار پەقەت مېنىلا بىلىدۇ" دەپ تەشۇىشلەندىم. "بۇ ئايال ھىلىگەر خوتۇن ئىكەن. ياشلىغىمدىن پايدىلىنىپ يۇزىنى ئاچتى، مېنى ئالداپ قاچتى. مەن ئۇنىڭ كىملىگىنىمۇ سورىمىدىم" دەپ ئولتۇرالماي قالدىم: ئۇ، بۇ نوۋەت بىر ئايغىچە كەلمىدى. بايلار مەندىن پۇلنى سوراشقا باشلىدى. يېرىمىنى سېتىش ئۇچۇن ئېلان يازدىم. ھەر خىل بولمىغۇر خىياللارنى قىلىۋېرىپ يۇرىگىم قىسىلدى. بىر كۇنى دۇكاندا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ئىدىم. بىردىنلا ئۇ خوتۇن كېلىپ قالدى. ئۇنى كورۇش بىلەن خىياللىرىم يەنە تارقالدى، تەشۇىشلەر ئۇنتۇلدى. ئۇ مەن بىلەن شېرىن سوھبەتلىشىپ ئولتۇردى:

"سەرراپنى قىچقىرىڭ، پۇلنى ئېلىڭ!" — دىدى. مالنىڭ نەر-قىدىن ئارتۇغراق پۇل بەردى. مەن شاتلىقتىن تېرەمگە سىغماي قالدىم.

"خوتۇنىڭىز بارمۇ؟" — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. "يوق، خوتۇن زاتى ماڭا يات!" — دەپ يىغلاپ تاشلىدىم.

"نىمىشقا يىغلايسىز؟"

ئەس ـ ھۇشۇمنى يىققۇچىلىكمۇ بولمىغان ئىدىم. بىردىنلا بىرقانچە
ياش قىزلار كىيىم ئېلىپ كەلدى. بىرئاز ئۆتۈپ، يەنىمۇ چىراي-
لىقراق يىگىرمە قىز ئوتتۇرىسىدا خەلپىنىڭ ئايالى سىتتۇزۇۇ-
بەيدە كەلدى. ئۇ، كىيگەن كىيىملەر، ئاسقان زىننەت جابدۇق-
لىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاران يۈرەتتى. ئۇ كەلگەندە كېنىزەكلەر
ئۇنىڭ چۆرىسىدىن چەتلەشتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىن باردىم. ئالدىدا
تۇرۇپ يەرنى سۆيدۇم. ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، يېنىدا
ئولتۇردۇم. مەندىن ئاتام ۋە ئۆزەمنىڭ نەسلى ـ نەسەبىمنى،
كەسپىمنى سورىدى. سوئاللىرىغا ئوز لايىقىدا جاۋاپ بەردىم. ئۇ،
خوشال بولۇپ:
"بىزنىڭ تەربىيەمىز بىكارغا كەتمىگەن ئىكەن، — دىدى ۋە
ماڭا قاراپ، — بۇ قىز بىزنىڭ ئۆز پەرزەندىمىز ئورنىدىكى بالىمىز،
ئۇنى ساڭا تاپشۇرىمىز". مەن قۇللۇق قىلىپ تازىم قىلدىم. شۇنداق
قىلىپ، سىتتۇزۇبەيدە قىزنى ماڭا نىكاھ قىلىشقا رازىلىق بەردى.
مېنى ئون كۈن شۇ يەردە قېلىشقا بۇيرۇدى. مەن ئون كۈن شۇ
يەردە قىزنى كورمەي تۇردۇم. پەقەت بىرلا كېنىزەك تاماق ئېلىپ
كېلىپ تۇردى. سىتتۇزۇبەيدە بىزنىڭ نىكاھىمىز توغرىسىدا
خەلپە بىلەن كېلىشكەن ئىكەن. خەلپە رۇخسەت قىلىپ، ئون
مىڭ تىللا پۇل تارتۇق قىپتۇ. سىتتۇزۇبەيدە قازى ۋە گۇۋاھلارغا
كىشى ئەۋەتتى، ئۇلار يېتىپ كەلدى. قىزنى ماڭا نىكاھ قىلدى.
نىكاھتىن كېيىن شىرنىلىكلەر بىلەن تاماق يىدۇق. تاماقلارنىڭ
تۈرى كوپ ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا مۇشۇ ئالدىمىزدىكى زەرباچە
دىگەن تاماقمۇ بار ئىدى. مەن ھەممىسىدىنمۇ مۇشۇ تاماقنى كوپ
يىدىم. قوسىقىم تويدى، قولۇمنى تارتتىم، قولۇمنى يۇيۇش ئېسىمـ

بىلەن سارايغا كىرىپ-چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت ئالغان. ھەتتا ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىش بېجىرگۈچى مەنسىۋىگە تەيىنلەنگەن. ئۆزى ھەرقانداق ئىشقا ئەپچىل-چاققان ۋە ھوشيار قىز. ئۇ، سىنىڭ توغراڭدا سىتتۇزۇبەيدىگە ئېيتىپ ساڭا تېگىشنى سورىغان. سىتتۇزۇبەيدە: "مەن ئۆزەم كۆرەي، ئەگەر ساڭا مۇناسىپ بولسا نىكاھلايمەن، بولمىسا يوق!" دەپ جاۋاپ بەردى. مەن سېنى سارايغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. ئەگەر سارايغا سالامەت كىرەلىسەڭ پايدا سېنىڭكى، ئىش پۈتۈدۇ. مۇبادا سىر باشقىلارغا ئاشكارا بولۇپ قالسا، كاللاڭ كېتىدۇ. ئەمدى ئىختىيار ئۆزەڭدە، خالىساڭ ئېلىپ بارىمەن" دىدى.

"بارىمەن، مېنى بىللە ئېلىپ بار، ھەرقانداق ئېغىرچىلىقلارغا چىدايمەن"—دىدىم. "ئانداق بولسا كەچ بولغاندا دەجلە دەر-ياسى بويىدىكى سىتتۇزۇبەيدە بىنا قىلغان مەسچىتكە بار"—دىدى قۇل. "خوپ!"—دىدىم. كەچ بولۇش بىلەن شۇ مەسچىتكە باردىم. تاڭ ئاتار ۋاقتىدا قېيىقتا ئىككى تاۋېشى كەلدى. ئۇلار بىر بوش ساندۇقنى ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. مەسچىتكە كىرىشتە دىققەت بىلەن قارىسام ئۇلارنىڭ بىرسى دۇكىنىمغا قىز بىلەن بىللە بېرىپ، ئارىمىزدا ۋاستىچىلىك قىلغان قۇل ئىكەن. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۈيۈملۈگۈم كەلدى، يېنىمغا كىردى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇچىغىمغا ئالدىم، سۆيدۇم. ئۇمۇ سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلىدى. بىرئاز سوزلەشتۇق. كېيىن مېنى ساندۇققا سېلىپ، ئۇنىڭغا قۇلۇپ سالدى. ساندۇقنى قېيىققا سالدى. ئارىدىن كوپ ئۆتمەي مەن ئۆزەمنى سىتتۇزۇبەيدىنىڭ ھەرەمخانىسىدا كوردۇم. سارايدا تېخى مەن

"بۇنىڭ بەدىنىدىن ئەلۋەتتە بىرەر يېرىنى كېسىمەن" دېدى ئۇ. شۇ سۆزلەرنى دەپ نەگىدۇ ماڭدى. شۇ كەتكىنىچە ئۇن كۈن غايىپ بولدى. ئۇن كۈندىن كېيىن كىرىپ كەلدى. "ئەي يۈزى قارا، — دېدى ئۇ، غەزەپ بىلەن، — مەن ساڭا زەرباچە يەپ قول يۇيمىغاننىڭ جازاسىنى بېرىمەن." كېيىن كېنىزەكلەرنى قىچقىردى. ئۇلار كېلىپ قولۇمنى باغلىدى. قىز قولىغا ئۆتكۈر پىچاق ئېلىپ، ھەر ئىككى قولۇم ۋە ئىككى پۇتۇمنىڭ باشمالداقلىرىنى كېسىپ تاشلىدى، ھۇشۇمدىن كەتتىم. قان ئېقىپ تۇراتتى. قانداقتۇ بىر خىل دورىنى سۈركەپ قاننى توختاتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن قولۇمنى يۈزيىگىرمە مەرتىۋە يۇيمىغىچە زەرباچە دېگەننى يېمەسلىككە ۋەدە قىلدىم. ئۇ، ماڭا بۇ سۆزنى ئۇنتۇماسلىقنى تەكىتلىدى. بۇ يەردىكى زەرباچە غىزاسىنى كورۇش بىلەنلا ئۆتكەن ۋەقە كۆز ئالدىمغا كەلدى. رەڭگىم ئۆڭۈپ قېنىم قاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر مېنى بۇ تائامدىن يېيىشكە قىستىدىڭلار. ئەلۋەتتە، مەن بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىشىم لازىم ئىدى. "ئۇ قىز سېنىڭ قولۇڭنى كەسكەندىن كېيىن ساڭا، قانداق مۇئامىلە قىلدى؟" دەپ سورىدىم مەن. "مەن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن كېنىزەكنىڭ كۆڭلى تېچلاندى. بىرنەچچە ۋاقىت بىللە ياشىدۇق. كېيىن خوتۇنۇم: "خەلىپە سارىيىدا تۇرۇۋېرىشىمىز ياخشى ئەمەس. بۇ يەرگە سەندىن باشقا ھېچكىم كەلمەيدۇ. سەن سىتتۇزۇبەيدىنىڭ ئالىجاناپلىقى سەۋەبىدىن بۇ يەرگە كىرەلىدىڭ. بۇ يەردە بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇۋېرىشىمىز ئۆز ئىززىتىمىزنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ" دەپ ماڭا بەش مىڭ تىللا پۇل بەردى: "بۇ پۇلغا ئۆزەڭنىڭ ھويلىسىنى ئۆزىمىزگە خاس قىلىپ تۈزەت!" — دېدى. مەن بۇ پۇلغا ئۆزەم-

دىن چىقىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇردۇم. شام يېقىلدى. سازلىرىنى كوتۇرۇپ ناخشىچىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىزلار بىلەن ھەممە ئويلەرگە بىرمۇ-بىر كىرىپ ناخشا ئېيتاتتى. ھەركىم قىزغا ئالتۇن-تىللالارنى ئىنئام قىلىپ بېرەتتى. ھەممە ئويلەرنى ئايلىنىپ چىقىشتى، كېيىن قىز بىلەن مېنى بىر ئويگە ئېلىپ كەلدى. كىيىملىرىمنى سالدۇردى. ئويدە مەن بىلەن قىزدىن باشقا ھىچكىم قالمىدى. مەن ئۇنىڭغا يېتىشكەنلىكىمگە ئىشەنمەيتتىم، قىزنى قۇچىغىمغا ئالدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىۋاتقان زەرباچە پۇرىقىنى سېزىپ قاتتىق ۋاقىرىدى. ھەر تەرەپتىن كېنىزەكلەر يېتىپ كېلىشتى. مەن قورقتۇم. "نىمە ئىش بولدى؟" دەپ ھەيران قالدىم. كېنىزەكلەرمۇ: "نىمە گەپ؟" دەپ سورىدى. "بۇ ساراڭنى ئالدىمدىن ئېلىپ كېتىڭلار! مەن ئۇنى ئەقىللىق ئادەم دىسەم، ئۇ بىر ساراڭ ئىكەن!" — دىدى خوتۇنۇم. "نىمە ساراڭلىق قىلدىم؟" دىدىم مەن. "ئەي دىۋانە، — دىدى ئۇ قاتتىق ۋاقىراپ، — زەرباچە يىگەن ئادەم نىمە ئۈچۈن قولۇڭنى يۇيمىدىڭ؟ ئەزىبىرايى خۇدا، شۇ ئەقىلسىزلىغىڭ، تېتىقسىزلىغىڭ ئۈچۈن سېنىڭدىن كەچتىم." كېيىن قامچىنى ئېلىپ دۈمبەمگە، بويۇنلىرىمغا ئۇرۇپ كەتتى. قامچىنىڭ زەربىدىن ھۇشۇمدىن كەتتىم. كېيىن ئۇ، كېنىزەكلىرىگە: "بۇنى شەھەر باشلىغىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار. زەرباچە يەپ يۇيمىغان قوللىرىنى كەسسۇن!" دىدى. مەن ھەيران بولدۇم. "زەرباچە يەپ قولۇمنى يۇيمىغىنىم ئۈچۈن قولۇمنى كېسەمدۇ؟" دەيتتىم ئوزئوزەمگە ھەيران بولۇپ. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى: "ھەي سىڭلىم، — دېيىشتى ئۇلار، — ئۇ بىرىنچى نوۋەت مۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئوت".

يىگىت مەنسەپدار ئائىلىسىنىڭ پەرزەندى بولسىمۇ، تەربىيىسىز
ئىكەن" دىگەن پىكىر كاللامغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىك
قىلىپ ماڭا سول قولىنى بېرىشى دىلىمغا ياقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ
تومۇرىنى تۇتتۇم. دورا بېرىپ ئون كۈنگىچە كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇ،
ساقايدى. ئوردا مەمۇرىيىتى ماڭا ناھايىتى كوپ مۇكاپات بېرىپ،
مېنى دەمەشقتىكى خانلىق كېسەلخانىغا تېۋىپ قىلىپ تەيىنلىدى.
مەن ئۇ يىگىت بىلەن ھاممامغا باردىم. ھاممامنى تامامەن بوشى-
تىشقا بۇيرۇدۇم. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىپ كىيىم-
لىرىنى سالدۇردى. يالىڭاچ بولغىنىدا قارىسام يىگىتنىڭ ئوڭ
قولى تېخى يېقىندىلا كېسىلگەن ئىكەن. كېسەل بولۇشىنىڭ
سەۋەبىمۇ شۇ ئىكەن. مەن بۇنى كورۈپ ھەيران بولدۇم. چىراي-
لىق ياش يىگىتنىڭ بىر قولىنىڭ يوقلۇقىغا ئېچىندىم. ئۇنىڭ
بەدىنىدە قامچا ئىزلىرى بار ئىدى. مەن بۇنى كورۈپ تېخىمۇ
ھەيران بولدۇم. يىگىت قامچا ئىزلىرى ئۈستىگە ھاراق سۈركىدى.
بۇ ھال مېنى ئەجەپلەندۈردى. مەندىكى بۇ ھالەت يىگىتكىمۇ
سېزىلدى. ئۇ ماڭا قاراپ: "ئەي تېۋىپ، مېنىڭ ھالىمغا ھەيران
بولماڭ! ھاممامدىن چىقىپ بېشىمدىن ئوتكەن ھەممە ۋەقەنى
سوزلەپ بېرەي"— دىدى. ھاممامدىن چىقىپ ئويگە كەلدۇق، بىللە
تاماق يىدۇق، دەم ئالدۇق. "شىپاڭغا جاي راسلاتسام، بىر ئاز
دەم ئالساق، كوڭۇل كوتەرسەك قانداق؟ قارشى ئەمەسمۇسىز؟"—
دىدى ئۇ. "قارشى ئەمەسمەن!"— دىدىم. قۇللىرىغا جاي تەييار-
لاش، قورداق قىلىش ۋە تۈرلۈك مېۋىلەر ئېلىپ كېلىشنى
بۇيرىدى. بىللە تاماق يىدۇق. ئۇ، سول قولى بىلەن يەيتتى.
"قولىڭىزنىڭ ۋەقەسىنى ئېيتىپ بەرمەمسىز؟"— دىدىم.

نىڭ ھويلىسىغا يەنە بىر كەڭ جاينى قوشۇپ سېتىۋېلىپ ئىك-كىسىنى بىر قىلىپ خوتۇنۇم بىلەن ھەممە نەرسىلىرىمىنى ئېلىپ كوچۇپ چىقتىم. باش بارمىقىمنىڭ كېسىلىش ۋەقەسى مانا شۇ، دېدى ئۇ.

"بۇمۇ دوكىنىڭ ھېكايىسىدىن قىزىق ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەڭلارنى دارغا ئاسىمەن"—دېدى خان.

## جوھۇد تىۋىپنىڭ ھېكايىسى

جوھۇد ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى سۆيۈپتۇ. "مۆھتىرەم خانىمىز،— دەپتۇ ئۇ،—رۇخسەت قىلسىڭىز مەن دوكىنىڭ ھېكايىسىدىنمۇ قىزىقراق بىر ھېكايە ئېيتاتتىم." "ئېيت!"—دەپتۇ خان.

جوھۇد سوز باشلاپتۇ: مەن ياش ۋاقتىمدىلا دەمەشقتە تىۋىپلىك قىلاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇيتتىم. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوز ئويۇمدە ئولتۇرسام، دەمەشىق ھوكۇمدارىنىڭ ساراي خىزمەتچىلىرىدىن بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ: "سىزنى ناھايىتى تېز كەلسۇن دەۋاتىدۇ" دېدى ماڭا. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ خىزمەتچى بىلەن بىللە ئوردىغا كىردىم. ئىچكىرىسىگە قارىسام تۇرلۇك مەرمەردىن ئىشلىنىپ، ئەتراپى ئالتۇن ھەل بىلەن زىننەت-لەنگەن تەختتە بىر يىگىت كېسەل يېتىپتۇ. ئۇ كېسەللىكىگە قارىماي ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئومرۇمدە شۇنداق خۇش قامەت يىگىتنى بىرىنچى قېتىم كورۇشۇم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بېشى تەرىپىگە ئولتۇردۇم. ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلىدىم. يىگىت ماڭا كوز ئىشارىسى بىلەن جاۋاپ قىلدى. "قولۇڭنى بەرگىن" دېدىم. ئۇ سول قولىنى چىقاردى، ھەيران بولدۇم. "بۇ چىرايلىق

ئۇنىڭسىز كەلگۈ سەھرا، قانسىز-دەرمانسىز،
ئۇنىڭسىز دىخاننىڭ ئىشى دائىم "ئاھ!..."
ئۇ بار، سەھرامۇ، خەلقمۇ ئارمانسىز،
بۇگا تەشنا سەھرا چاڭقاق، ئەل گۇۋا.

كېيىن ئۇلار مىسىرغا تەۋە باشقا شەھەرلەرنى تەرىپلەشكە ئۆتتى. مىسىرنى ۋە نىلنى يەنە ماختاشتى. ئاخىرى سۆزلىرىنى تۈگىتىپ ھەركىم ئۆز يولىغا كېتىشتى. لېكىن مىسىرنىڭ تەرىپى مېنىڭ خاتىرەمدە قالدى. كەچ بولدى، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتىم، ئۇخلىيالمىدىم؛ پىكرىمنى مىسىر ھەققىدىكى خىيال ئوراپ ئالغان ئىدى. تامغىممۇ شۇ خىيالدىن ئىبارەت بولدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. تاغىلىرىم مىسىرغا ئاتلاندى. مەن ئاتامدىن تاغىلىرىم بىلەن بىللە مىسىرغا ئەۋەتىشنى سوراپ يىغلىدىم. ئاتام جىقلا بانىلارنى كۆرسىتىپ ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئۆز رايىمدىن يانماي تۇرۇۋالدىم. ئاخىرى ئاتىلىمنى ماقۇل قىلدىم. ماڭىمۇ ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مال ھازىرلىدى. مەن ئۇلار بىلەن مىسىرغا بارىدىغان بولدۇم. ئاتام ئۇلارغا: "بۇنى قاھىرگە ئېلىپ بارماڭلار. ماللىرىنى دەمەشقتە ساتسۇن" دەپ تاپىلىدى. ئاتام بىلەن خوشلاشتىم. يولغا راۋان بولدۇق، مەۋسۇلدىن چىقىپ، ھەلەپكە كەلدۇق. بىرنەچچە كۈن ھەلەپتە تۇرۇپ دەمەشققە ماڭدۇق. دەمەشقتىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار، بويى ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر، ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر، قۇشلار، كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتاتتى. بىز بىر سارايغا چۈشتۇق. تاغىلىرىم ئالدى-ساتتى ئىشلىرىنى باشلىدى. مېنىڭ ماللىرىمنىمۇ ساتتى. بىر تەڭگىگە بەش تەڭگە پايدا قوندى. بۇ چوڭ پايدىنى كۆرۈپ

ئۇ سوز باشلىدى: مېنىڭ يۇرتۇم مەۋسىل. بوۋام ئۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئون ئوغۇل قالغان ئىكەن. مېنىڭ دادام بالىلارنىڭ چوڭى ئىكەن. ئۇلار ئوسۇپ چوڭ بوپتۇ، ئويلىنىپتۇ. مەن تۇغۇلۇپتىمەن. ئاتامنىڭ باشقا تۇككىلىرىنىڭ بالىسى يوقكەن. مەن تاغىلىرىم ئارىسىدا يۇرۇپ چوڭ بولدۇم. ئۇلارمۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كورەتتى. مەن چوڭ بولۇپ كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلدۇم. بىر جۇمە كۇنى ئاتام بىلەن مەسچىتكە جۇمە نامىزىنى ئوقۇغىلى باردىم. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، مەسچىتتىن چىقتۇق. ئاتام بىلەن تاغىلىرىم شەھەرلەردە بولۇپ ئوتكەن ئاجايىپ ھادىسىلەر، نەرسە-كېرەكلەر ۋە ئاۋات شەھەرلەر ھەققىدە سوزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. قاھىرىنى تىلغا ئېلىشتى. "يەر يۇزىدە بۇنىڭدەك چىرايلىق شەھەر يوق" دەپ ماختاشتى. تاغام: "بولۇپمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ نىل دەرياسىنى بەك ماختايدۇ" — دېدى. "قاھىرىنى كورمىگەن كىشىنى دۇنياغا كەلمىگەن، ئەگەر كەلگەن بولسىمۇ دۇنيانى كورمىگەن دىسە بولىدۇ" — دېدى ئاتام. كېيىن ئۇ، قاھىرە ۋە نىل ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن ئوقۇپ بەردى:

ھېچ شەھەر قاھىرىدەك ئاۋات ئەمەس،
ھېچ دەريا نىل سۇيىدەك ناۋات ئەمەس.
كەمتەر ئوزى، تەبىرى جەننەت ماكان،
سۇيى كەۋسەر، يېرى گۇزەل، گۇل-گۇلستان.

نىل دەرياسى كوزنى تارتىپ جەلپ ئېتەر،
ئەسىر قىلار قەلبىڭنى ئوزگە خاس.
يەرلىرىنى سۇغۇرۇپ قىممىتى ئوسەر،
شۇ باھا كۇپايە، تەرىپىگە ماس.

ئىدىم، قولىغا ئالماي، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىشكە ۋەدە بېرىپ، بۇ پۇلنى ئولتۇرۇشقا سەرپ قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. مەن ئۇ يېتىپ كەلگىچە ھەممىنى تەييار قىلدىم. ئۇ كەلدى. بۇ نۆۋەت يەنىمۇ بىزەلگەن ئىدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدۇم:

سەن ئېلىپ كەتكەن ئىدىڭ بۇ جاننى سەن بىھۇش قىلىپ،
قايتۇرۇپ كەلدىڭ تېنىمگە جېنىمنى سەن بىر قۇش قىلىپ.

"مەن ھەقىقەتەن چىرايلىقمۇ؟"— دېدى ئۇ ماڭا. "ئەزىبىرايى خۇدا چىرايلىقسەن!"— دېدىم. يەنە بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدۇم:

يوقتۇر گۈلزاردا سەندەك بىر چىمەن.
يوقتۇر جاھاندا سەندەك گۈل بەدەن.

"ئەگەر رازى بولساڭ مەندىنمۇ ياشراق ۋە مەندىنمۇ چىرايلىقراق بىرسىنى ئېلىپ كېلەي، بولامدۇ،— دېدى ئۇ ماڭا.— بىز بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە كۈلۈپ كوڭلىنى ئاچسۇن. ئۇ ناھايىتىمۇ زېرىكىپتۇ. خېلىدىن بېرى مېنىڭ بىلەن بىللە كېلىشنى، كېچىنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى سوراپ يۈرەتتى". "مەيلى!" دېدىم مەن. كېيىن بىز ئولتۇرۇپ ئىچىشتۇق، تاڭ ئاتقىچە بىللە بولدۇق. بۇ نۆۋەت مەن ئەمەس، ئۇ، يېنىدىن ئون بەش تىللا پۇلنى چىقاردى. "سورۇننى كېلىدىغان قىزغا ئاتاپ كەڭرىرەك قىلغىن!" دېدى. ئۆزى ئۆيىگە كەتتى. ئىككى كۈن ئۆتتى. مەن ئادەتتىكىدەك مېھماندارچىلىققا لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى ھازىرلىدىم. جاي تەييارلىدىم. ۋاقتى يېتىپ ئۇ چوكان يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە رومالغا پۈركەنگەن يەنە بىر قىزمۇ

مەن ناھايىتى خوش بولدۇم. تاغىلىرىم مىسىرغا كەتتى. مەن دەمەشقتە قالدىم. تىل بىلەن ئېيتىپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە بەكمۇ ھەشەمەتلىك چىرايلىق بىر بىنادا تۇردۇم. ئېيىغا ئىككى تىللا تولەيتتىم، ياخشى يېدىم، ياخشى ئىچتىم، قولۇمدىكى پۇل تامام بولدى. بىر كۈنى ئىشىكتە ئولتۇرغان ئىدىم. بىر ئايال كەلدى. ئۇ، ناھايىتىمۇ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن ئىدى. كوزۇم بۇنىڭدەك زىننەتلىك كىيىملەرنى تېخى كورمىگەن. مەن كوزۇمنى قىستىم. ئۇ دەرھال ئىچكىرى كىردى. مەنمۇ ئارقى-سىدىن كىردىم. ئىشىكنى ياپتىم، يۈزىدىن رومالىنى ئالدى. ئۇ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ئىشقى دىلىمغا جايلاشتى. دەرھال يۇقۇرىغا تەكلىپ قىلدىم، داستىخان سالدىم؛ مېۋىلەرنى ئېلىپ كەلدىم. بىللە يېدۇق. ئوينىشىپ ئولتۇردۇق. كېيىن ئىچىملىك ئىچتۇق. مەس بولدۇق. تاڭ ئاتقىچە بىللە بولدۇق. مەن ئون تىللا پۇلنى بەردىم. ئۇ: ”ئەي سۆيۈملۈكۈم، ئۈچ كۈندىن كېيىن. كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا، مەن يەنە كېلىمەن. مېنى شۇ يەردە كۈت!“ دەپ پۇلنى قايتۇردى. مەن ئون تىللانى قايتا سۇنغان ئىدىم. ئۇ، پۇلنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ: ”بۇنىڭغا شاراپ ۋە بۇگۈنكىدەك ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ قوي!“ دەپ بۇيرۇدى. ئۆزى خوشلىشىپ يولىغا كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىلا كەتمەي ئەقلى-ھوشۇمنى بىللە ئېلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ دېگەن ۋاقىتتا كەلدى. بۇرۇنقىغا قارىغاندا، ئۇ يەنىمۇ ئېسىل جابدۇنۇپ كەلگەن ئىدى. مەن ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىر-لىغان ئىدىم. ئولتۇرۇپ بىللە يېدۇق، ئىچىشتۇق. ئۆتكەنكىدەك تاڭ ئاتقىچە بىللە بولدۇق. يەنە ئاۋالقىدەك ئون تىللا پۇل ئۇزاتقان

كەلدىم!" دىدىم. پۇلۇمنىڭ ئاز قالغانلىغىنى ئۇلارغا ئېيتتىم. ئۇلار بىلەن بىر يىل قاھىرىدە يەنە تۇرۇپ قالدىم. قاھىرىنى تاماشا قىلىپ تويمايتتىم. قايتىدىغان ۋاقىت بولغىچە قالغان پۇلۇمنىمۇ خەجلەپ تۈگەتتىم. ئۇلار كېتىدىغان ۋاقىتتا يوشۇرۇنۇپ، ئايرىلىپ قالدىم. ئۇلار مېنى كوپ ئىزلەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ئاخىرى: "دەمەشققە كەتكەن بولسا كېرەك" دىگەن پىكىرگە كەپتۇ. شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. مەن قاھىرىدە ھېچ نەرسەم قالمىغىچە ئۈچ يىل تۇردۇم. ھەر يىلى دەمەشقىقە —ئۆي ئىگىسىگە ئىجارە پۇلىنى ئەۋەتىپ تۇراتتىم. ئۈچ يىلدىن كېيىن قاھىرىدە يەنە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. يۈرىگىم سىقىلدى، يولغا چىقتىم. دەمەشقىقە كەلدىم. ئىجارە تولىگەن ئۆيىگە چۈشتۈم. ئۆي ئىگىسى مېنى كورۇپ خوشال بولدى. ئۆي مەن كەتكەن ۋاقىتتا قانداق بېكىتىلگەن بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ئىدى. ئىشىكىنى ئېچىپ نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كىردىم. ئۆلتۈرۈلگەن قىز بىلەن بىللە ياتقان چۈشەك تېگىدىن قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن نەقىشلىك ئالتۇن ئەسۋاپ چىقتى. قولۇمغا ئېلىپ قان داغلىرىنى تازىلىدىم. ئىچىم سىرىلىپ يىغلىدىم. ئىككى كۈن شۇ ئۆيدە ياتتىم. ئۈچىنچى كۈنى ھاممامغا باردىم، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىدىم. ھاممامدىن چىقتىم. يېنىمدا پۇل دىدارى قالمىغان ئىدى. ھىلىقى ئالتۇن ئەسۋاپىنى ئېلىپ بازارغا باردىم ۋە ئۇنى سېتىش ئۈچۈن دەللالغا بەردىم. ئۇ مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىرئاز بازار قىزىشىنى كۈتتى. كېيىن ئۇ نەرسىنى بازارغا سالدى. كورگۈچىلەر ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىگىنى ئېيتىشىپتۇ. ئىككى مىڭ تىللا باھا قويۇشۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدىم.

كەلدى. ئۇلار ئىچكىرى كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدىم. شامنى ياقتىم. يۈزلىرىنى ئاچتى. ياش قىز يەنىمۇ گۈزەلرەك ئىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىدەك جانان جاھاندا يوقتۇر. داستىخان سېلىپ تاماق يىدۇق، ئىچىشتۇق. مەن يېڭى مېھمانغا كۆپرەك تەلپۈنەتتىم. تولدۇرۇپ قۇيۇپ ئاياق تۇتتۇم، دەسلەپكى ئايال غەزەپلىنىپ: "دىگىنىم توغرىمىكەن؟ بۇ مەندىن چىرايلىقراق-ھە؟" — دىدى. مەن "ھە" — دىدىم. "بۇ كېچە سەن بۇنىڭ بىلەن يات! مېنىڭ بۈگۈن تەلىۋىم شۇ!" دىدى. "خوپ!" دەپ ئۇ قىز بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ، ئايال ئورۇن سالدى. مەن تاڭ ئاتقىچە شۇنىڭ بىلەن ياتتىم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئويغاندىم. كۈن چىققان ئىدى. قارىسام قوللىرىم قان. ھەيران بولۇپ كۆزۈمنى چوڭراق ئاچتىم. قىزنى ئويغاتماقچى بولدۇم. ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. بېشىم ئايلاندى. "بۇرۇنقى خوتۇن كۈندەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرگەن بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدىم. ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم. كېيىن ئور-نۇمدىن تۇرۇپ كىيىممنى سالدىم. ئۆينىڭ ئىچىگە بىر ئورا كولىدىم. قىزنى پۈتۈن قىممەتلىك كىيىملىرى بىلەن زىننەت ئەسۋاپلىرىغا قوشۇپ ئورىغا كۆمدۈم. ئۈستىگە توپا ياتقۇزدۇم. كېيىن يۇيۇندۇم. تازا كىيىملىرىمنى كىيدىم. قالغان پۇلۇمنى يېنىمغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتىم. ئۆي ئىگىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر يىللىق ئىجارىسىنى بەردىم. مەن: "قاھىرىگە تاغىلىرىم يېنىغا بارىمەن" دىدىم. يولغا چىقتىم. قاھىرىگە بېرىپ تاغىلىرىمنى تاپتىم. ئۇلار خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بولۇشقان ئىكەن. "نىمىشقا كەلدىڭ؟" — دەپ سوراشتى. مەن: "سىلەرنى سېغىنىپ

سۇرۇپ، داغلاپ باغلىدى. مەن ھۇشۇمدىن كەتكەن ئىدىم. ماڭا بىر ئاياقتا شاراپ بەردى. كوزۇمنى ئېچىپ قولۇمنى ئوراپ ئويۇمگە كەلدىم. "سەن ئوغرىلىق بىلەن ئەيىپلىنىپسەن. ئەمدى ئوزەڭگە باشقا يەردىن جاي تاپ!" دىدى ئوي ئىگىسى. "ئوي تاپقىچە بىر-ئىككى كۇن سەۋرى قىل!" دىدىم. ئوي ئىگىسى كونگەندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئولتۇرۇپ ئويلاپ، توختىماي يىغلايتتىم. "بۇ ئەھۋال بىلەن قانداق قىلىپ يۇرتۇمغا بارىمەن" دەپ ئويلايتتىم. ئۇلار ئەيىپسىزلىكىمنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىدىم. ئىككى كۇن قاتتىق ئاغرىدىم. ئۇچىنچى كۇنى بىر ئاز كوزۇمنى ئېچىپ ياتقان ئىدىم. ئوي ئىگىسى بىلەن بازار ئاقساقىلى، يەنە بىرقانچە كىشىلەر كىرىپ كېلىشتى، مەن ھويلىغا چىقتىم. "يەنە نىمە گەپ؟" دەپ سورىدىم. ئۇلار مېنى باغلىدى، بويىنۇمغا تاقاق سېلىپ: "سېنىڭدىن تېپىلغان زىننەت تۇمارىنى دەمەشق شاھىنىڭ ۋەزىرىگە قازىلار ئېلىپ بېرىشقاندا، بۇنىڭدىن ئۇچ يىل بۇرۇن شاھىنىڭ قىزى بىلەن يوقالغانلىغى مەلۇم بولدى" دىيىشتى. بۇ سوزنى ئاڭلاش بىلەن مەندە ئەقىل-ھۇشلا ئەمەس، بەلكى تېنىمدە جېنىممۇ قالمىغاندەك بولدى. يۇرىكىم يېڭىۋاشتىن پارچىلانغاندەك بولدى. ئولۇشۇمگە گۇمان قالمىدى. "پادىشاغا توغرىسىنى ئېيتاي، خالىسا ئولتۇرەر، خالىسا كەچۇرەر" دەپ ئويلىدىم. شاھىنىڭ ئالدىغا باردۇق. شاھ ماڭا كوز قىرىنى تاشلاپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ كېيىن: "ھىلىقى ئوغرى دەپ قولى كېسىلگەن يىگىت شۇمۇ؟" — دىدى. بۇ سوزنى ئاڭلاپ بىرئاز كوڭلۇم كوتۇرۇلدى. "ھورمەتلىك شاھ، مەن ئوغرى ئەمەس. مېنى بۇ چوڭ جىنايەت بىلەن ئەيىپلەپ بازار ئوتتۇرىسىدا قامچا بىلەن

دەللال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: "بۇ بويۇن جابدۇغى، تۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ساپ ئالتۇن ئەمەسكەن، مىڭ تىللا باھا قويۇشتى. نىمە بولسا بولسۇن، مەن ئېلىپ قوياي دەپ كەلدىم" دىدى. "بۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ مىراسى، ئانداق بولسا ساتمايمەن"—دىدىم مەن. "ساتماي نىمە قىلىسەن، سېتىپ پۇلىنى ئال!" دىدى دەللال.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



يىگىرمە سەككىزىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ، —دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

"سېتىپ پۇلۇڭنى ئال!"—دەپتۇ دەللال. سوزۇمدىن گۇمانلانغان ئىكەن. زىننەت تۇمارىنى بازار ئاقساقىلىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئاقساقال ھاكىمغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ: "بۇ زىننەت تۇمارىنى مەن يوقاتقان ئىدىم" دەپتۇ ھاكىم. مەن كوززۇمنى يۇمۇپ ئاچقىچە قاراۋۇللار ئوراپ ئېلىشتى. ھاكىم زىننەت تۇمارى توغرىسىدا سورىدى. مەن دەللالغا ئېيتقان سوزۇمنى ئېيتتىم. ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

"توغرا ئەمەس!" دىدى-دە، غەزەپلەندى. بېشىمنى كوتەرگىچىلىك تۇتۇپ قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. قامچا ئۆتتى. مەن: "ئوغرىلىدىم" دىدىم قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ. ئەمما "بۇنىڭ ئىگىسىنىڭ جەسىدى ئويۇمدە بار" دەپ ھەرگىزمۇ ئېيتمايمەن" دىگەننى ئويلايتتىم. ئوغرىلىغىمنى گۇنا يېزىپ قولۇمنى كەستى. ياغ

سىڭلىسىغا ئېيتىپ، ئۇنىمۇ قىزىقتۇرغان. كىچىگى بىللە بېرىشىنى سورىغاندا، ئۇنى بىللە ئېلىپ بارغان. لېكىن شۇ كۈنىڭ ئەتىسى بىر ئۆزى يالغۇز قايتتى. مەن سىڭلىسىنى سوراشتۇردۇم. ئۇ ماڭا "بىلمەيمەن!" دەپ جاۋاپ قايتۇردى. كېيىن ئۇ، سىڭلىسىنى قانداق ئۆلتۈرگىنىنى ئانىسىغا سوزلەپ بېرىپتۇ. تىنماي يىغلىدىم. "ئەمدى مەن ئۆلگىچە يىغلايمەن،—دىدى شاھ،— سېنىڭ سوزۈڭ توغرا، ئوغلۇم، ئەگەر سەن قارشى بولمىساڭ مەن ساڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسىنى—كىچىك قىزىمنى بېرەي. بۇ قىزىم ئۇلارغا ھېچ ئوخشىمايدۇ. مەن سېنىڭدىن ئۇلارنىڭ مېھرى ھەققىگە ھېچ نەرسە ئالمايمەن. پۈتۈن تويىنى ئۆزەم قىلىپ بېرىمەن. سەن ماڭا ئوغۇل بول!" ماڭا بۇنداق ئىلتىپات نەدە تۇرۇپتۇ، شۇڭا "ھىممىتىڭىز ئۈچۈن رەخمەت" دىدىم. شۇ چاغدا شاھ قازى، گۇۋالارنى قىچقىرىپ، قىزىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ بەردى. قىزنىڭ يېنىغا كىردىم. شاھ بازار ئاقساقىلىدىن مېنىڭ پۇلۇمنى ئېلىپ بەردى. شاھنىڭ ئالدىدا ئابرويۇم ئۆستى. شۇ يىلى ئاتام ئۆلدى. شاھ ئاتامدىن قالغان ماللارنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئادەم ئەۋەتتى. شاھ ئەۋەتكەن ئادەم ئەلچى بولۇپ ئاتامدىن قالغان ماللارنى تولۇغى بىلەن ماڭا ئېلىپ كېلىپ بەردى. مەن ھازىر ناھايىتى باي، ناھايىتى شاد-خورام ياشايمەن. مانا بۇ مېنىڭ قولۇمنىڭ كېسىلىش تارىخى" دىدى يىگىت. مەن ئەجەپلەندىم، ئۈچ كۈنگىچە يىگىتنىڭ يېنىدا تۇردۇم. ئۇ، ماڭا رازى بولغىدەك پۇل بەردى. مەن ئۇ يەردىن سىزنىڭ شەھرىڭىزگە كەلدىم. تۇرمۇشۇم ياخشى ئىدى. بۈگۈن كېچە تۇيۇقسىزلا دوكىنىڭ ۋەقەسىگە يولۇقتۇم.

ساۋىدى، ئۇقرار قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مەن قىلمىغان ئىشقا ئىقرار قىلدىم. قولۇمنى كەستى"— دىدىم. شاھ "سەندە گۇنا يوق!" دەپ بازار ئاقساقىلىغا كايىپ، پۇلنى تولەشنى بۇيرىدى. بويىنۇمدىن تاقاقنى ئالدى. شاھ باشقىلارنى ئوردىدىن چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. پەقەت مىنىلا ئېلىپ قالدى. شاھ ماڭا تىكىلىپ: "ئەي ئوغلۇم، ۋەقەنىڭ راستىنى سوزلە! بۇ زىنىنەت تۇمارى سىنىڭ قولۇڭغا قانداق چۈشتى" دىدى. "ئەي شاھىم، — دىدىم مەن، — سىلىگە راستىنى ئېيتاي"، — دەپ، بىرىنچى ئايال بىلەن بولغان ۋەقەنى، ئۇ خوتۇن قانداق قىلىپ قىزنى ئېلىپ كەلگىنىنى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى، ئارىدا بولۇپ ئوتكەن گەپ-سوزلەرنى، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندا كورگۇنۇمنى، قىزنىڭ كاللىسى قانغا چىلانغان هالدا تۇرغانلىغىنى، بۇ ئىشنى كۇندەشلىك بىلەن ھىلىقى ئايالنىڭ قىلغانلىغىنى، بۇ ھەقتە مەندە گۇمان پەيدا بولغانلىغىنى ۋە باشقىلارنى باشتىن-ئاياق سوزلىدىم. بۇ سوزنى ئاڭلىغان شاھ بېشىنى چايقاپ يىغلاپ تاشلىدى. ئوزىنى توختىتالماي يۇزنگە ياغلىق تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ماڭا تىكىلدى. "ئەي ئوغلۇم، — دىدى غەمكىن ئاۋاز بىلەن، — سەن ئېيتقان بىرىنچى ئايال مىنىڭ چوڭ قىزىم. مەن ئۇنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقلىغان. بويىغا يەتكەندە قاھىرىگە ئۇۋەتتىم. ئۇ تاغامنىڭ ئوغلىغا تەككەن ئىدى. ئېرى ئولدى. يېنىمغا قايتىپ كەلدى. قاھىردىلا بۇزۇلغان ئىكەن. سىنىڭ يېنىڭغا توت قېتىم بېرىپتۇ. ئاخىرقى قېتىم ئوزىنىڭ كىچىك سىڭلىسىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسىمۇ بىر ئانىدىن تۇغۇلغان، بىر-بىرىنى ياخشى كورەتتى. چوڭى بۇ يولغا كىرىپلا قالماي، ئوز سىرىنى

لىك مىھمانلار، — دىدى ئۇ، — قارشىلىق قىلماسلىغىڭلارنى سورايمەن. بۇ سورۇندا سەتىراچ بولسا مەن ئولتۇرالمايمەن!"

ئوي ئىگىسى بۇ سوزنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدى: "بۇ يىگىت باغدادلىق تۇرسا، نىمىشقا بۇ سەتىراچتىن شۇنچە قاچىدۇ؟" دىگەن خىيالغا كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدۇق. "ئەي ئېزىز مىھمانلار، — دىدى يىگىت، — باغدادتا مۇشۇ سەتىراچنىڭ سەۋەبىدىن ئېغىر كۆلپەتلەرگە يولۇقتۇم. نەتىجىدە ئايىغىم ئاقساق بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ سەتىراچ بىلەن ھىچ قەيەردە بىللە ئولتۇرماسلىققا، بىللە تۇرماسلىققا، ھەتتاكى ئۇ بار يۇرتتىمۇ تۇرماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئىدىم. شۇ سەۋەپتىن ئوز يۇرتۇم باغدادنىمۇ تاشلاپ چىققان ئىدىم." "بولغان ۋەقەنى ئېيت" دەپ ئىلتىماس قىلدۇق بىز. سەتىراچنىڭ رەڭگى سارغايدى. يىگىت سوزىنى باشلىدى:

"ئەي جامائەت، — دىدى ئۇ— ئاتام باغدادنىڭ باي سودىگەرلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ مەندىن باشقا ئوغلى يوق ئىدى. چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكىنىمدە ئاتام ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن ماڭا كوپ مال-دۇنيا، قۇل ۋە كېنىزەك قالدى. شۇ كۇندىن باشلاپ ياخشى كىيىنىپ، ياخشى يەيدىغان بولدۇم. نىمە ئۇچۇندۇر خوتۇن جىنسىنى ياقتۇرمايتتىم. بىر كۇنى باغدادنىڭ بىر كوچىسىدا كېتىۋاتسام، ئالدىمدىن بىر توپ مەسلەر چىقىپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ يولۇمنى توستى. مەن ئۇلاردىن ئوزەمنى ئېلىپ قېچىپ بىنبەستى دىگەن كوچىغا كىرىپ قالدىم. بۇ كوچىنىڭ ئاخىرسى يوق، خالتا كوچا بولۇپ چىقتى. مەن بىر ھويلىغا كىردىم. بىر پانا جاينى تېپىپ يوشۇرۇندۇم. ئۇ يەردە بىر ئورۇندۇق بار

”بۇ ۋەقە، دوكنىڭ ۋەقەسىدىن قىزىق ئەمەسكەن، — دەپتۇ چىن خاقانى — شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھەممەڭلارنى بولۇپمۇ بۇ ۋەقەگە بىۋاستە سەۋەپچى بولغان ماشىنىچىنى دارغا ئېسىشىم كېرەك. ئەگەر سەن دوكنىڭ ۋەقەسىدىن قىزىقراق بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بەرمىسەڭ جىنايىتىڭدىن ئۆتمەيمەن“ ماشىنىچى ئورنىدىن تۇرۇپ ھېكايە باشلاپتۇ.

## ماشىنىچىنىڭ ھېكايىسى

— ئەي خاقانىم! مېنىڭ ھېكايەم بۇلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن قىزىقراق، — دەپ سوز باشلاپتۇ ماشىنىچى — بۇ ھادىسىگە ئۈچرىغىچە، ئەتىسگەندە ھەمكەسىپ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە بولدۇم. ئۇ يەردە مەندىن باشقىمۇ ماشىنىچىلار بار ئىدى. ھەممىسى بولۇپ بىز يىگىرمىگە يېقىن ھونەرۋەن ئىدۇق. ئۇلار ماشىنىچى، ياغاچچى، بوزچىلار ئىدى. كۈن چۈش بولغاندا بىزگە ئاش تارتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۆي ئىگىسى بىر چىرايلىق ياش يىگىتنىمۇ باشلاپ كىردى. ئۇ، باغدادتىن كەلگەن مۇساپىر ئىكەن. يىگىت ناھايىتى ياخشى كىيىنگەن ئىدى، پەقەت بىر ئاز ئاقسايتتى. بىز بىلەن سالاملاشتى، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق، ئۇنى مېھمان دەپ يۇقۇرىغا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ، ئولتۇرماقچى بولغان ئىدى. ئارىمىزدا ئولتۇرغان سەتىراچىنى كورۇپ قايتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىزمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ ئۇنى بۇ رايىدىن قايتىشقا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆي ئىگىسى: ”نېمىشقا كىردىڭ ۋە نېمە سەۋەپتىن قايتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇڭ؟“ دەپ سورىدى. ”ھورمەت-

ئۆنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقلايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ناھايىتى كوپ كىرىپ تۇرىمەن. سەن ئۇنىڭغا پەقەتلا مەن ئارقىلىق يېتىشەلەيسەن. بىلىگىنى چىڭ باغلا!". ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ بىرئاز تىتىكلەشتىم. قېرىنداشلىرىم، تۇققانلىرىمنىڭ سۇيۇلۇشتى. ئەتىسى مەن تامامەن دىگۇدەك ساقايدىم. موماي قىزنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايى ئوزگەرگەن ھالدا قايتىپ كەلدى: "سېنىڭدىن ئايلىناي ئوغلۇم"دىدى ـ دە، كېيىن شۈك بولدى. قىز توغرىسىدا سورىغان ئىدىم، "ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئوتكەن گەپلەرنى، بولۇپمۇ ئۇ قىزنىڭ دىگەنـ لىرىنى سورىما، ئاڭلاپ نىمە قىلىسەن؟ قىسقىسى، ئۇ ھەقتە سەن گەپ سورىما، مەن ساڭا ئېيتماي" دەپ خورسىندى. كېيىن سوزىنى داۋام قىلىپ، ئۇ قىز ماڭا: "ئەي قېرى، بۇندىن كېيىن يەنە شۇ ھەقتە ئېغىز ئاچساڭ ئەدىۋىڭنى بېرىمەن" دىدى. ئۇنىڭـ دىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاياق ـ قولۇم بوشاشتى. قىزنىڭ ئالدىدىن قانداق قىلىپ يېنىپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن. ئىككىنچى قېتىم مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن".

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كېسىلىم يەنە ئېغىرلاشتى. ئارىدىن بىرنەچـ چە كۈن ئوتۇپ موماي يەنە كىرىپ كەلدى: "ئەي ئوغلۇم سۈيۈنچە بەر!" دىدى ئۇ ماڭا. مەن ئۇنىڭدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ خوشلۇغۇمدىن جېنىم چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى: "نىمە دىسەڭ تەييار!" دىدىم مەن مومايغا. موماي مۇنداق دىدى: "تۈنۈگۈن قىزنىڭ ئۆيىگە مەن يەنە باردىم. كوزۇم ياش، دىلىم غەش ئىدى. قىز، نىمانچە غەمكىن سەن بۇۋى؟" دىدى. "مەن يىغلاپ تۇرۇپ: "ئەي مەلىكەم، سېنى سويگەن كىشى تەرىپىدىن كەلدىم.

ئىكەن، شۇنىڭغا كېلىپ ئولتۇردۇم. بىردىن سول تەرىپىمدىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېچىلدى. ئۇ، ئۆيدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭغا كوزۇم چۈشتى. ئۇ خۇددى تولۇن ئايدەك ئىدى. بۇنداق گۈزەل قىزنى ئومرۇمدە كورمىگەن ئىدىم. ئۇ، دېرىزە ئالدىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ تۇراتتى. ئوڭ-سولغا بىر قاراپ دېرىزىسىنى ئېتىپ غايىپ بولدى. يۈرىگىمگە ئوت كەتتى. پىكرىمنى شۇ ھەقتىكى خىياللار ئوراپ ئالدى. كۈن پاتقىچە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، پەقەت شۇ قىز توغرىسىدىلا ئويلىدىم. خوتۇنلارغا بولغان ئۇچمەنلىكىم يوقاپ مېھرىۋانلىققا ئايلاندى. شۇ چاغدا يېنىدا مولازىملىرى بىلەن شەھەر قازىسى كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، قىزنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. كوپۈپ-پىشىپ ئۆيگە قايتتىم. غەمكىن بولۇپ ئورنۇمغا ياتتىم. قۇللار، كېنىزەكلەر كىرىپ ئەتراپىمنى ئوراپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئۈندىمەي ياتتىم، سوئاللارغا جاۋاپمۇ بەرمىدىم. بارغانسېرى كېسىلىم ئېغىرلاشتى. ئادەملەر يوقلاپ كېلىشتى. بىر كۈنى بىر موماي كىرىپ كەلدى. كورۇنۇشىدىن ئۇ سىرنى سەزگەنگە ئوخشايتتى. بېشىمغا كېلىپ يېقىن ئولتۇرۇپ ئىنتايىن يېقىملىق سوزلەرنى قىلدى. "ئەي ئوغلۇم، — دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — نىمە سىرىڭ بار، ماڭا ئېيت! بەلكى مەن ياردەم قىلارمەن." مەن ۋەقەنى ئېيتتىم. "جان ئوغلۇم، — دېدى ئۇ موماي — سەن كورگەن باغداد شەھەر قازىسىنىڭ قىزى بولسا. سەن كورگەن ئوي قازىنىڭ ئويى. ئاتىسىنىڭ ئويى ئىچكىرىسىدە، ناھايىتىمۇ ھەشەمەتلىك، كېلىشكەن. قىز بولسا سەن كورگەن ئويدە يالغۇز تۇرۇدۇ. لېكىن ئاتىسى

ئەتىرلەرنى سەپتىم. ئادەملەرنىڭ نامازغا كېتىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. شۇ ۋاقىتتا موماي: "ھېلى تېخى ۋاقىت بار. ھاممامغا بارساڭ، چېچىڭنى ئالدۇرساڭ ياخشى بولاتتى. يېڭىلا كېسەلدىن تۇرغانسەن!" دېدى. مەن: "ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭىز" دېدىم. ئالدى بىلەن چېچىمنى ئالدۇرۇپ، كېيىن ھاممامغا بارماقچى بولدۇم. قۇلغا بازارغا بارغىن: "تۈزۈكرەك، ئېسىل سۈپەت، باشنى ئاغرىتمايدىغان، قولى چاققانراق بىر سەتىراچ تېپىپ كەل!" دېدىم. قۇل ئەنە شۇ پالاكەت سەتىراچنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ كىرىپ سالام بەردى، مەن جاۋاپ بەردىم. "دۇنيادا غەم ئەندىشە كۆرمە! قايغۇ ئەلەملەردىن خالى بول! — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — چېچىڭنى ئالدۇرامسەن؟ ياكى قان ئالدۇرامسەن؟ ئىبنى ئابباس جۈمە كۈنى چېچىنى ئالدۇرغانلاردىن يەتمىش خىل كېسەل چىقىپ كېتىدۇ، دېگەن. يەنە مۇنداق رىۋايەتمۇ بار. ھەركىم جۈمە كۈنى قان ئالدۇرسا پۈتۈن ئۆمرىدە كۆز ئاغرىقى كۆرمىگەي ۋە باشقا كېسەللەردىنمۇ خالى بولغاي". ئۇ ھە دەپ گەپنى ئاۋۇتقىلى تۇردى. مەن: "چوچەكلەرنى ئاز سۆزلەپ، چېچىمنى ئال! مەن يېڭىلا كېسەلدىن تۇرغان ئادەم" دېدىم. قولتۇغىدىن پەشتامىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇسترلاپ① نى ئالدى. ئۇ يەتتە ئىدى. سەتىراچ ئۇنى ئېلىپ ئويىنىڭ ئوتتۇرسىغا كەلدى. بېشىنى كۈننىڭ نۇرىغا توغرى كەلتۈرۈپ خېلى تىكىلىپ تۇردى. كېيىن يەنە گەپ باشلىدى. "بىلگىن، بۈگۈن يەنى جۈمە كۈنى ھىجرى يىلىنىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئۈچىنچى

① ئۇسترلاپ — يۇلتۇزلار ھەركىتىنى كۆرسەتكۈچى ئەسۋاپ، رەمچىلەرمۇ ئىشلىتىدۇ.

ئۇ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆلۈشكە ئاز قاپتۇ،" دېدىم. شۇ سۆزدىن كېيىن بىرئاز كۆڭلى يۇمشىدى. "قەيەرلىك، كىم ئۇ؟" — دېدى قىز. "مېنىڭ ئوغلۇم، بېغىمنىڭ مېۋىسى"، — دېدىم مەن، — ئۇ، "سېنى بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، دېرىزىدە گۈلگە سۇ قۇيۇۋاتقىنىڭدا كۆرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئەس-ھوشى سەندە. سەن بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە ئېيتقان سۆزۈڭنى يەتكۈزگەن ئىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھازىر ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋال يەنە سوزۇلغىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى چوقۇم" دېدىم. ياش تامچىلىرى كۆزۈمدىن مارجاندەك ئاقتى، قىزنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. "مۇشۇنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈنمۇ؟" دېدى ئۇ. "ئەلۋەتتە سەن ئۈچۈن" دېدىم. "ئانداق بولسا يىگىتكە بار. مەندىن سالام دە! — دېدى قىز، — جۈمە كۈنى، جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى كەلسۇن. مەن ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچىمەن. بىر ئاز ئولتۇرىمىز. ئاتام نامازدىن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن چىقىپ كەتسۇن!"

مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەملىرىم تارقىدى، كۆڭلۈم يورىدى. مومايغا كىيىم-كېچەك بەردىم. "غەم ئەندىشىنى تاشلا! كۆڭلۈڭنى شات، روھىڭنى ئۈستۈن تۇت!" دېدى موماي. "مەندە ھېچقانداق غەم قالمىدى" دېدىم مەن. قەۋمى-قېرىنداش، يارۇ-بۇرادەرلىرىم مېنىڭ ساقىيىشىمدىن ئۈمىت كۈتۈپ شاتلاندى. موماي ئۆيىگە كەتتى. جۈمەنى كۈتۈپ ياتتىم. جۈمە كۈنى موماي يەنە كىرىپ كەلدى، ئەھۋال سورىدى. مەن تامامەن ساقايغىنىمنى ئېيتتىم. كىيىملىرىمنى كىيدىم، خۇشبۇي

دېدىم.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



## يىگىرمە توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"ساڭا ئوخشاش ئىلمى نۇجۇمغا ماھىر سەتىراچنى ئۆمرۈمگە كېلىپ كۆرمىگەن ئىدىم. سېنىڭ سۆزلىرىڭ بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ. بول، قۇرۇق گەپنى مەن ياخشى كۆرمەيمەن. مەن سېنى چاچ ئالدۇرۇشقا قىچقىرتقان ئىدىم. ھېلى ئۇ ياقتىن، ھېلى بۇ ياقتىن تايىنى يوق سۆزلەرنى بىلجىراۋېرىپ مېنى زېرىكتۈردۈڭ. بۇ قانداق ئىش؟" دېدىم. "ئاجايىپ ئىش، — دېدى سەتىراچ، — كام سۆزلىگىنىم ئۈچۈن، سۆزگە بېخىللىغىمدىن يەتتە تۇغقان ئۇكامنىڭ ئارىسىدا پەقەت مېنىڭلا لەقىمىم "ئەسسامىت" يەنى كام سۆز دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر. ئەڭ چوڭ ئۇكامنىڭ ئىسمى "ئەلبەكبۇك" يەنى ئەزمە؛ ئىككىنچى ئۇكامنىڭ ئىسمى "ئەلھەددار" يەنى ۋاقىرىغاق؛ ئۈچىنچى ئۇكامنىڭ ئىسمى "بەقىق" يەنى غەلۋىچى؛ تۆرتىنچى ئۇكامنىڭ ئىسمى "ئەلقۇز زۇلسانى" يەنى ئاغزى ئاچچىق، يەكچەشمە؛ بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى "ئەلەششار" يەنى ئېلىپ قاچار؛ ئالتىنچى ئۇكامنىڭ ئىسمى "شەقالۇق"يەنى پوچى.

سەتىراچ سۆزىنى ئۇلاپ كېتىۋاتقان ئىدى. يۈرىكىم يېرىلىپ ئۆلۈپ قېلىشىمغا ئەقلىم يەتتى. خىزمەتچىنى قىچقىردىم. "بۇنىڭغا

يىلى، سەپەر ئېيىنىڭ ئوننىنچى كۈنى، ئىسكەندەر ۋاقتىدىن يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى مىررىخ يۇلتۇزىدىن سەككىز دەرىجە ئالتە مىنۇت ئۆتتى. بۈگۈن مىررىخ يۇلتۇزى بىلەن ئاتارۇد يۇلتۇزى ئۇچراشقان كۈندۇر. بۇ نەرسە بۈگۈن چاچ ئالدۇرۇشنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ۋە ھېساپسىز خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەرسە پېقىرغا يەنە بىر پالنى كۆرسىتىدۇكى، بۈگۈن سەن يەنە بىر كىشى بىلەن ئۇچراشماقچىسەن، يەنى ۋەدە كۈنۈگدۇر. بۇ ئىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك، ياخشى بولىدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ گەپ-سۆزگە ئايلىنىشىنى سۆزلىمىگىنىم ياخشى.»

«جېنىمدىن تويدۇردۇڭ. كاللامنى ئىلەشتۇرۇۋەتتىڭ. سېنى چېچىمنى ئالدۇرۇشقا قىچقىرتقان ئىدىم. بۇ گەپلىرىڭنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ چېچىمنى ئالغىنا!» دېدىم. «ئەزبىرايى خۇدا،— دېدى سەتىراچ،— ئەگەر ئېزىز بېشىڭدا يەنە نېمە گەپنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىڭدە بۈگۈن ھېچ نەرسىگە ئالدىرىماس ئىدىڭ. مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان بولاتتىڭ. مېنىڭ مەسلىھىتىمنى ئالغان بولاتتىڭ. مەن ساڭا يۇلتۇزلارنىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ئىش قىلىشنى مەسلىھەت كۆرسىتىۋاتىمەن. سەن مەندىن مىننەتدار بولۇشۇڭ، قارشىلىق قىلماسلىقىڭ كېرەك. مەن ساڭا ھەقىقەتەن مېھرىۋانلىق قىلىۋاتىمەن. ئەگەر سۆزۈمگە كىرسەڭ ساڭا يەنە بىر يىلغىچە خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن. ئەمدى ئۆزەڭ بىر قۇر ياخشىراق ئويلاپ باققىنا. ئەگەر ماقۇل دېسەڭ بىر يىللىق ھەققىمنىمۇ ئالمايمەن.» ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تاقىتىم تۈگىدى. «بۈگۈن سەن مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن ئارتۇغراق قىينىدىڭ!»

ئاتاڭ مەندىن مەسلىھەت ئالماي ھېچ ئىشنى ئىشلىمەيتتى. چۈنكى ھەدىس شەرىپتە ئېيتىلغان مەسلىھەتنىڭ مەنپەەتلىرىنى ئاتاڭ ياخشى بىلەتتى. سەن ياخشىراق ئويلان! مەندىن باشقا دانىراق ئادەم تاپالمايسەن. مەن پۈت تىرەپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتىمەن. خاپا بولمايمەن. ئەمما سەن بولساڭ بىر يەردە ئولتۇرۇپمۇ سىقىلىۋاتىسەن. ئاتاڭنى ھورمەت قىلغىنىم ئۈچۈن، بۇ قىلغىنىڭغىمۇ چىدايمەن." "ئەزىبىرايى خۇدا! سوزنى يەنە ئۇزارتتىڭ. سېنىڭدىن سورايدىغان مەسلىھىتىم يوق ئىدىغۇ؟ چېچىمنى ئال ـ دە، يولۇڭغا ماڭ!" دېدىم. "بىلىمەن، ــ دېدى ئۇ گېپىنى يەنە باشلاپ، ــ مەندىن قاتتىق رەنجىدىڭ! لېكىن مەن ئۇنى ئۆزەمگە ئالمايمەن، يەنىلا كېچۈرىمەن. چۈنكى سېنىڭ ئەقلىڭ تۇشمىغان، ھېلى ياشسەن. تېخى يېقىندىلا سېنى مورەمگە ئېلىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغان ئىدىم." "خۇدا رازى بولسۇن! ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ــ ئىشىمدىن قالدىم. سەنمۇ ئوز يولۇڭغا ماڭ! مەنمۇ ئىشىمغا باراي!" شۇ چاغدىلا ئۇ قولىغا ئۇستىرا بىلەن بۇلەيىنى ئالدى. ئۇستىرىنى بۇلەيگە قايتىدىن بۇلەشكە كىرىشتى. تۇتۇپ كورۇپ بېقىپ يەنىلا بۇلەيتتى، ھېچ توختىمايتتى. بىر ئايىغىنى يەردىن ئېلىپ، ئىككىنچى ئايىغىنى تىرەپ بۇلەشكە كىرىشتى. جېنىم بوغىزىمغا كېلىپ قالدى. ئاخىرى چېچىمغا ئۇستىرا سالدى. ئازىراق چۈشۈرۈپ قويۇپ يەنە گەپ باشلىدى: "ئەي ئوغلۇم، كىتاپلاردا ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى" دېگەن شېئىر بار، ئاڭلا:

ئالدىدىن ئويلاپ ئىش قىلغان ئاخىرىدا ھولۇقماس،<br>
شەپقەت كۆتسەڭ كىشىدىن ئوزەڭمۇ رەھىم دىل بول!<br>
زۇلۇم قىلمىساڭ كىشىگە زالىملارمۇ يولۇقماس،

توت تەڭگە پۇل بېرىپ يولغا سال! چاچ ئالدۇرىدىغان ۋاقىت تۈگىدى. ئەمدى چاچ ئالدۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!" دېدىم. "بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ ھولۇقتى سەتىراچ، — مەن ساڭا خىزمەت قىلماي ھەق ئالمايمەن! ئەلۋەتتە خىزمەت قىلىشىم كېرەك. سەن مېنىڭ قەدرىمگە يەتمىسەڭ، مەن سېنىڭ قەدرىڭگە يېتىمەن. چۈنكى ئاتاڭ رەھمەتلىك كوپ ياخشى، قولى ئوچۇق، كوپنى كورگەن ئادەم ئىدى. ئۇمۇ، خۇددى، شۇنداق مۇبارەك بىر كۈندە ئادەم ئىۋەتكەن ئىدى، كەلدىم. ئالدىدا بىرقانچە ئاغىنە-بۇرادەرلىرى بار ئىكەن. ماڭا قان ئېلىشنى مەسلىھەت سالدى. مەن دەرھال ئۇستىرلاپىنى كوتۇرۇپ كوردۇم. قارىسام يۇلتۇزلار ھېساۋات ۋاقتى مۇۋاپىق ئەمەس، قان ئېلىش ۋاقتى ئەمەس ئىدى. قازايى ئىلمي نۇجۇمنى ئاتاڭغا ئېيتتىم. ئىخلاس قىلغىنىدىن لام-جىم دېمىدى. ئىلمى نۇجۇم ۋاقتى كەلگىچە سەۋرى قىلدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن نىجاتلىق سائىتى كەلگىنى مەلۇم بولدى. قان ئېلىشقا باشلىدىم. مەرھۇم ئاتاڭ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى. شۇ يەردە ئولتۇرغانلارمۇ خوش بولۇشتى. خىزمەت ھەققىم ئۈچۈن رەھمەتلىك ئاتاڭ يۈز تەڭگە بەردى." "سەندەكلەرگە ئورۇنسىز پۇل چاچقان ئاتام گورىدىمۇ تىنچىمىسۇن!" دېدىم. سەتىراچ: "ئەستەغپىرۇللا، سۇبھاناللا، — دەپ ھولۇقۇپ سوزىنى يەنە داۋام قىلدى، — مەن سېنى ئەقىل ئىگىسى، ئىدرەكلىك، پەمى بار، دەپ پەرەز قىلاتتىم. سەن كېسەلىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇنداق ئورۇنسىز سوزلەرنى دەپ گۇنا قىلىۋاتامسەن يا؟ ئۇنداق بولسا سەن بۇ كامچىلىقتىن خالى. مەن ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن. نېمە سەۋەپتىن بۇنچىلىك ئالدىراۋاتقىنىڭنىمۇ چۈشۈنىمەن. مەرھۇم

"ھە دەپ قۇرۇق گەپ قىلىۋېرىپ ئىچىمنى تىت-تىت قىلىۋەتتىڭ"
دېدىم مەن. ئۇ، يەنە سۆز باشلىدى: "ۋەقەنى ماڭا ئېيتساڭ ئۆزەڭ
ئۈچۈنمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئاتاڭ مەرھۇممۇ. مەندىن
مەسلىھەت سورىماي تۇرۇپ ئىش قىلمايتتى." بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ
ئىلاجى يوقلۇقىغا كۆزۈم يەتتى. "ناماز ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى.
مەن كىشىلەر نامازدىن چىقماستىن بۇرۇن، بارىدىغان يېرىمگە
ئۇنۇتۇشۇم كېرەك ئىدى. بىر ئاز كەچ قالسام ئىشىم بۇزۇلۇدۇ"
دەيتتىم ئىچىمدە. "سۆزنى قىسقا قىل! مەنىسىز سۆزلەرنى قوي!
بىر يولدىشىمنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە بارىمەن. ئۇنىڭغا بازاردىن
بىرەر نەرسىلەر ئېلىشىم كېرەك. قۇرۇق قول بېرىشقا بولمايدۇ.
ۋاقىت بولسا قىستاپ كەلمەكتە"— دېدىم. "ھەجەپمۇ ئېسىمگە
سالدىڭ، ئوغلۇم. سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ،— دېدى ئۇ،— نىمە ئۈچۈن
مۇبارەك بولىدى؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەنمۇ بىرقانچە ئادەملەرنى
بۈگۈن ئۆيگە تەكلىپ قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۇنتۇلۇپ قېلىپ
ھېچ نەرسە ھازىرلىماپتىمەن. ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن ئەسلە-
مىسەم تازىمۇ شەرمەندە بولىدىكەنمەن. ئەمدى ئىش قىلايلى!"
"خاتىرجەم بول!— دېدىم مەن،— ئەگەر مېنى تېزراق قۇتقازساڭ
مېھمانلىرىڭغا كېتىدىغان يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھەممىسىنى مەن
بېرەي" "خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. مېھمانلىرىم ئۈچۈن
بېرىدىغانلىرىڭنى سۆزلە! ئۆيىڭدە نىمە بار؟ كۆڭلۈم تىنىم
تاپسۇن!" دەپ تۇرۇپلا ئالدى. "بەش خىل تاماق، نان، تۇزلانغان
توخۇ، ھەر خىل شىرنىلىكلەر بار" دېدىم مەن. "شۇلارنى ماڭا
ھازىرلا كۆرسەتسەڭ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئارام ئالسا!" دېدى ئۇ. مەن
خىزمەتچىگە ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم. خىزمەتچى

ئۇرۇق سالسالڭ نىمكى، ئالسەن شۇندىن ھوسۇل!

"مەن سىنى بىلىدۇ ۋە تونۇيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەپسۇسكى مىنىڭ قولۇم پادىشا، ئەمىر، ۋەزىر، ھاكىم، ئالىم ۋە پۇخرالارنىڭ باشلىرىنى چۇشۇرگەنلىگىنى بىلمەيدىكەنسەن. ماڭا ئوخشىغانلارنى شائىر مەدھىيلەپ مۇنداق دىگەن:

قولۇمدىكى بۇ ھۇنەرنى سەن ئويلىما
ھۈنەرلەرنىڭ "پەسراقى" دەپ، قىرىنداش.
بارچە كاسىپ يىپقا تىزىلغان مەرۋايىت،
ئۇنىڭ ئىچىدە ئىزىزراقى سەتىراچ.
ئىشقا چۈشەر بولسام ئەگەر ھەر ۋاقىت،
تەسلىم بولار، شاھۇ، گاداي، قىرى-ياش.

گەپنى سوزغان ئىدى. "بۇ گەپلەرنى قويساڭچۇ، ئاتا، يۈرىگىم ئىزىلىپ كەتتى!" دىدىم. "پەممىچە ھازىرمۇ ئالدىراۋاتقاندەك تۇرىسەن؟" دەدى سەتىراچ. "ئاھ" دىدىم مەن غەزەپ بىلەن. "ئېغىر بول، بالام! — دىدى سەتىراچ، — مەن ھىلىلا دىدىم، ئالدىراقسانلىق شەيتاننىڭ ئىشى، ئالدىراقسانلىق كىشىگە غەم- قايغۇ ئىلىپ كىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز 'ئالدىرىماي قىلىنغان ئىش ياخشى نەتىجە بىرىدۇ' دىگەن. سىنىڭ 'ئالدىراقسانلىغىڭ مەندە گۇمان پەيدا قىلىدى. ئىشىڭدىن مىنى خەۋەردار قىلساڭ. چۈنكى مىنىڭ مەسلىھىتىم بىلەن قىلغان ئىشىڭ نەتىجىسىز قالماس دەپ ئويلايمەن. ئۇ، ئۇستىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۇسترلاپنى قولىغا ئالدى. ئۇينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرىپ، كۈننىڭ نۇرىغا توغرى- لىدى. بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: "ناماز جۈمەگە ئانداق- مۇنداقمۇ ئەمەس. توپ توغرى ئۈچ سائەت ۋاقىت قاپتۇ" دىدى.

دېگەن بىر مىسرا شېئىر بىلەن ئەقىللىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىدە بار خۇسۇسىيەت باشقا بىرسىدە يوق. مەسىلەن، بىرسى لەتىپىگە ئۇستا. ئەگەر بىزنىڭ سوھبىتىمىزگە بارساڭ بىز ئۇچۇنمۇ، ئۆزەڭ ئۈچۈنمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى. ھېلىقى ئېيتقان دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە بۈگۈن بارما! چۈنكى سەندە ھېلى ئاغرىقنىڭ تەسىرى بار. كوپىنچە زىياپەتلەردە كىشى ئورۇنسىز گەپلەرنى تولاراق سوزلەيدىغان كاسكى-ئەزمە ئادەملەرگە دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئۇنداق ئادەملەر ساڭا توغرى كەلمەيدۇ. سەن قىسىلىسەن، خاپىغان كېسىلى شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ.“ ”خۇدا خالىسا باشقا بىر ۋاقىتتا بارىمەن“ — دېدىم مەن. ”باق! — دېدى ئۇ — بۈگۈنلا بارغىن. ۋاقىت غەنىمەت. ئۇلارنىڭ سوھبىتىدىن بەھرە ئال!“ شائىر ئېيتقاندەك:

خوش ۋاقىت كەلسە ساڭا،
بىل غەنىمەت سەن ئۇنى.
ھېچكىم بىلمەس سۇرۇلگەن
ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى.

• • •

بىر نەپەسلىك خورسەنلىكنى قولدىن بەرمە،
غەمگە چوكمە، سېنى شاتلىق كۈتمەكتە.
تەشۋىشلەرگە بوش كوڭۇلدىن جاي بەرمە،
دەم غەنىمەت، ئۆمرۈڭمۇ تېز ئۆتمەكتە.

”بۈگۈنكى كۈنۈڭنى ئەتىگە تاپالمايسەن!“ دېدى سوزىنى داۋام قىلىپ ئۇ. ئاچچىغىمغا چىدىماي كۈلەتتىم. ”مەيلى مەن بىر

ھەممنى ئېلىپ كەلدى. "شاراپ كام ئىكەن!" دىدى ئۇ بىر قۇر قاراپ چىقىپ. "ئۇمۇ بار" دىدىم مەن. "شاراپنى كورسەت. كوڭلۇمدە ئەندىشە قالمسۇن!" دىدى ئۇ. شاراپنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. خىزمەتچى ئۇنىمۇ ئېلىپ كەلدى. "ھىساپسىز مىننەتدار-مەن" دىدى ئۇ كېيىن "تۇتۇرۇق بىلەن ئەتىرە يوق ئىكەن" دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەللىك تەڭگىلىك ئەتىرنى قۇتىسى بىلەن تۇتقازدىم. ۋاقىت خۇددى يۇگۇرگەندەك قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. "خاتىرجەم بولدۇڭمۇ؟ بۇلارنى ئال! تىز چېچىمنى چۇشەر" دىدىم. "ھەممىنى ئۇز قولۇم بىلەن بىرمۇ بىر ئېنىقلاپ تۇتۇپ كورمىسەم تىنىجىمايمەن" دىدى سەتىراچ. خىزمەتچى ھەممە نەرسىنى بىرمۇ بىر ئېچىپ كورسەتتى. ئۇستىرىنى يەرگە قويۇپ ھەممە نەرسىنى بىرمۇ بىر ئوتكۇزۇپ ئالدى. كېيىن ئۇستىرىنى قولىغا ئېلىپ چېچىمنى يەنە بىر ئاز چۇشۇردى. "ئەي ئوغلۇم، — دىدى ئۇ يەنە سوز باشلاپ، — مەن ساڭا رەخمەت ئېيتايمۇ؟ ئاتاڭغا رەخمەت ئوقۇيمۇ؟ بۇگۇن زىياپىتىم پەقەت سىنىڭ ياردىمىڭ ئارقىسىدىلا ئوبدان تەييارلاندى. ئەمما مىھمانلىرىممۇ شۇنىڭغا ئەرزىيدىغان كىشىلەردىن: مەسلەن، ھامامچى زەيتۇن سەئىد، توگىچى گۇلەخ خېلىل، تېزەكچى ئوبۇلقاسىم، پوقاق خەننات، قارىباي زىققە، سېلىم قاراۋۇل، بۇخىت ئاتىباقار، ئوگۇل كوك-تاتچى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزلىرىنىڭ ئوينايدىغان ئۇسۇل-لىرى، ئوقۇيدىغان غەزەللىرى بار. بۇلارمۇ پېقىرغا ئوخشاش ئارتۇقچە سوز قىلمايدىغان، دانىشمەن ئادەملەردىن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بولەكچە بىر پەزىلەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئىچىدە خوشسوھ-بەت بىرسى بار، ئۇ دائىما:

كىشى بىلەن ۋەدىلەشكەن ئوخشايسەن، شۇنىڭ ئالدىدىغا بارىدى-غاندەك تۇرىسەن. بولمىسا مېنى ئۆزەڭ بىلەن بىللە ئېلىپ بارار ئىدىڭ. بۇ ھەقتە مەن باشقىلارغا قارىغاندىمۇ تەجرىبىلىك مەن. ساڭا ياردەم قىلىمەن. ئەندىشە قىلمەڭكى، سەن بىر يات خوتۇن-نىڭ يېنىغا بارىدىغاندەك تۇرىسەن. ئۇنداق قىلساڭ بىكارغىلا ھالاك بولىسەن، بېشىڭ كېتىدۇ. بۇ، باغداد شەھىرىدە ھېچكىم بۇنداق ئىشنى قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ جۈمە كۈنى! باغداد ھاكىمىنىڭ قانداق دەھشەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنىمۇ، ئۇنىڭ ھورمىتى بار كىشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك. كوكنار مەستانىلىرىنىڭ خىيالىدەك خام ئىش قىلما! قوي بۇ ئىشكىنى!" "ئەي شېيخ، نىمە گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟" دىدىم مەن غەزەپ بىلەن. ئۇزاق ۋاقىت جىم بولۇپ قالدى. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، چېچىمنى ئېلىپ تۈگەتتى.

"دوستلىرىڭغا بۇلارنى ئېلىپ بار. سەن قايتىپ كەلگىچە مەن سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن. كېيىن ئىككىمىز بىللە بارىمىز." دىدى. مەن ئۇنى ئالداپ يولغا سېلىش ئۈچۈن. "بىلىمەن، سەن مېنى ئالداپ يولغا سېلىپ، بارىدىغان يېرىڭگە بىر ئۆزەڭ تەنھا بارماقچىسەن. چارىسىز قېلىپ بالاغا ئۈچرىمىغىدى دەپ قورقى-مەن. — دىدى ئۇ — ئەلۋەتتە مېنى كۈت! سەن بىلەن بىللە بېرىپ چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىمەن!" "ياخشى، — دىدىم مەن، — لېكىن كوپ كېچىكىپ مېنى ساخلىتىپ قويما!" ئۇ مەن بەرگەن ماللارنى ئالدى، تاشقىرى چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى "ئۆيىگە كەتتى" دەپ ئويلىدىم. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئۆيدىن چىقىپ توپتوغرى ئۆزەم كورگەن

ئاماللاپ بېرىپ كېلەرمەن. ئەمما سەن يولۇڭدىن قالما! دوست-
لۇرۇڭ سېنى كۈتۈپ تۇرۇشقاندۇر" دېدىم مەن. "يوق! — دېدى
ئۇ، — مەن سېنى ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇرماقچىمەن. تولا
ئادەملەر ئەزمە گەپلىرىنى قىلىۋېرىپ دىققىتىڭنى ئاشۇرۇپ قويۇدۇ.
لېكىن ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئادەملەر بولۇپ، ئارتۇق سۆزلىمەي-
دىغان كىشىلەردۇر. زورۇر جايىغا لازىم تاپسا ئىككى ئېغىزلا سۆز
قىلىپ بولدى قىلىدۇ، بولمىسا يوق! ئەگەر سەن ئۇلارنى بىر
قېتىملا كورسەڭ باشقا ئۇلپەتلىرىڭدىن كېچىسەن. "ئەلۋەتتە بىر
كۈنى بارىمەن" دېدىم مەن. "بۈگۈن بېرىشىڭنى خالايتتىم، — دەپ
سۆزلەپلا كەتتى ئۇ، — بولمىسا مەسلىھەت شۇكى، مېھمانلىرىمغا
بەرگەن نەرسىلىرىڭنى مەن ئۈزەم ئېلىپ باراي، سەنمۇ بىللە بار.
ئەگەر سەن ئۆز دوستلىرىم قېشىغىلا بارىمەن دەيدىغان بولساڭ
مەن بۇ نەرسىلىرىمنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ قوياي. ئۇلار
ئۆزلىرى ئىشلىتىپ تۇرسۇن. يەپ-ئىچىپ ئۆيۈمنى ئويناۋەرسۇن.
مەن قايتىپ كېلەي. سېنىڭ بىلەن بىللە سەن بارىدىغان جايغا
باراي. مېنىڭ دوستلىرىمغا بۇ ئىش ھېچ ئېغىر كەلمەيدۇ. دەرھال
قايتىمەن" "دوستلىرىڭنىڭ يېنىغا بار. مېھماندارچىلىقنى قىلىپ،
دوستلىرىڭنى خوش قىل! ماڭمۇ دوستلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىشقا
يول قوي!" "مەن سېنى يالغۇز ئۇ يەرگە ئەۋەتىشكە رازى ئەمەس-
مەن، — دېدى ئۇ، — چۈنكى ھەر جايغا بارساڭ ساڭا مېنىڭدەك،
دانا، ھوشيار، ئىش كورگەن، كېڭەشچى بىر كىشىنىڭ بولۇشى
لازىم. سەن مەندىن ياخشىراق، داناراق كىشىنى تاپالمايسەن."
"مەن بارىدىغان جايغا ئۆزەمدىن باشقا ھەرقانداق ئەقىللىق
كىشىمۇ سىغمايدۇ" دېدىم. "پەرەز قىلىشىمچە، سەن بىر خوتۇن

گەمۇ ئاڭلاندى بولغاي. قۇللىرىدىن بىرسىگە: "نىمە گەپ؟ ئۇقۇپ كەلگىن!" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى. قۇل يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇي ئىگىسىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. "خوجام، — دەپتۇ قۇل قازىغا — ئىشىك ئالدىغا بىرقانچە ئەر - ئاياللار توپلىنىپ قاپتۇ. بىزنىڭ ئۇيگە قاراپ: ئەپسۇس قىلىشىۋاتىدۇ، ۋاقىرىشىۋاتىدۇ" قازى خەۋپسىرەپ دەرھال ئىشىك ئېچىپتۇ. توپلىنىپ تۇرغان ئادەملەرنى كورۇپ: "نىمە گەپ؟" دەپ سوراپتۇ قازى. كىشىلەر: "بىزنىڭ خوجىمىزنى نىمىشقا ئۇرۇپ ئولتۇردۇڭ؟" دىيىشىپتۇ. "كىمنى؟ نىمە ئۇچۇن ئولتۇرۇپتىمەن؟ سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلار قانداق كىشى؟ ئۇ نىمە گۇنا قىلغان، ئۇ بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىدۇ؟" دەپتۇ قازى.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

"كىمنى كىم ئولتۇردى؟ ئۇ نىمە گۇنا قىلغان ئىدى؟ بۇنىڭ ئوزى كىم؟" دەپتۇ قازى. "ئەي مۇتىھەم قازى! قىلغان ئىشىڭدىن تانماقچىمۇ سەن؟ — دەپتۇ سەتىراچ — بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى، سەن قامچا بىلەن بىزنىڭ خوجىمىزنى ئۇردۇڭغو؟"

"ئۇنى مېنىڭ ئويۇمگە كىم كىرگۈزگەن؟ قەيەردىن كېلىپ، نەدىن كىرگەن؟" دەپتۇ ئاچچىغى بىلەن قازى. "تولا لاۋزىلاشما!

تار كوچىغا باردىم. ئولتۇرۇپ دىرىزىگە كوز سالدىم. بۇرۇن بۇ كوچىغا كىرگەن چېغىمدا كىرىپ ئولتۇرغان جايغا باردىم. موماي ئۇ يەردە مېنى كۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. موماي مېنى كورۇپ ئورنىدىن تۇردى. موماي مېنى قىز ئولتۇرغان ئويگە ئېلىپ كىردى. ئۇ ياق ـ بۇ ياقلارغا كوز سالدىم. قارىسام ئوي ئىگىسى نامازدىن قايتتى. ئويگە كىردىم. ئىشىكنى تاقىدى. دىرىزىدىن قارىسام، سەتىراچ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. "بۇ لەنىتى قەيەر-دىن ئۇچۇپ كەلدى؟" دەپ ئويلۇدۇم. ئۇ، نەرسىلەرنى هامىالدىن ئۇەتىپ، ئوزى يوشۇرۇنچە كەينىمدىن ماراپ ماڭغان ئىكەن. بەختكە قارشى شۇ ۋاقىتتا ئويدىكى چورىلەردىن بىرسى خوجايىنغا گۇنا قىلىپ قويغان ئىكەن. خوجايىن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قۇلى ئارىسىغا كىرىپ ئاجراتماقچى بولغان ئىكەن. خوجايىن قۇلىنىمۇ قوشۇپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، چورىگە قوشۇلۇپ ئۇمۇ ۋاقىراشقا باشلاپتۇ. بەختى قارا سەتىراچ ئوزىچە "ئوي ئىگىسى مېنى ئۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك" دىگەن ئويغا كېپتۇ. بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ: "ۋاي داد" دەپ غەۋغا كوتۇ-رۇپتۇ. باشقىلارنى ياردەمگە قىچقىرىپتۇ. ئوزىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان كىشىلەرگە: "قازىنىڭ ئويدە مېنىڭ خوجايىنىم ئۇرۇپ ئولتۇرۇلىۋاتىدۇ!" دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى دەرهال ئۇلار قەۋمى-قېرىنداشلىرىمغا يەتكۇزۇشۇپتۇ. ئۇلار هولۇقۇپ يىغلاپ غەزەپ بىلەن قازىنىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەلدى. سەتىراچ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ شاپاشلاپ يۇرەتتى. "ئەي بىچارە خوجىمىز؟— دەپ ۋاقىراشتى ئۇلار، — ئەپسۇس ئولتۇرۇپ قويدىمكىن؟" دەپ بىر ـ بىردىن سۇرۇشتۇرەتتى. قىقاس ـ سۇرەن ئوي ئىگىسـ

سالامەت قۇتۇلدۇردۇم"—دەيتتى ئۇ يول بويى ۋاقىراپ،—ئىھ-تىياتسىزلىغىڭ سەۋەبىدىن سېنى ئەنە شۇنداق كۆلپەتكە يولۇقۇپ قالدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم،—دىدى ئۇ ماڭا قاراپ،—ھىلىمۇ ياخشى، مەن كېلىپ قېلىپ، سەن ساق قالدىڭ. بولمىسا سەن ئۇ يەردىن ساق چىقمايتتىڭ. ماڭا ئۇزۇن ئۇمۇر تىلە! سېنى ھەمىشە شۇنداق پالاكەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ يۈرەي ھە!" مەن: "قىلغى-نىڭنى ئاز دەپ، رەستىدە نىمىلەرنى دەپ ۋالاقلايسەن؟ مېنىڭ ئارقامدىن ئۇ يەرگە كىرىپ نىمە قىلاتتىڭ؟" جىنىم چىقىشقا ئاز قالدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاندىن ۋاز كېچىشكىمۇ رازى ئىدىم. ئاخىرى رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سارايغا قېچىپ كىردىم. ساراي باققۇچىغا مېنى سەتىراچتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئوتۇندۇم ۋە جاۋۋىنى كۈتمەستىنلا ساراي ھۇجرىلىرىدىن بىر-سىگە كىرىۋالدىم . "بۇ لەنىتىدىن قاچان قۇتۇلار مەن" دەيتتىم ئۆز-ئۆزەمگە. ئۇنىڭ يۈزىنى كورۇشكە تاقىتىم يوق ئىدى. شۇ ھامانلا دەللاللارغا كىشى ئېۋەتتىم. قېرىنداشلىرىمدىن بىرىگە ۋاكالەت خەت يېزىپ بېرىپ، كىشىلەردىكى ئېلىم-بېرىم ھەققىدە چۈشەندۈردۈم. بۇ ئىشلارغا ۋەكىل تەيىنلىدىم. ئۇلارغا ئوي-جاي، يەر-سۇلىرىمنى سېتىشقا بۇيرۇدۇم. شەھەرنى تاشلاپ كەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن بۇ دەردىسەردىن نېرىراق يۈرۈپ سايا-ھەت قىلىشقا كىرىشتىم. بىر نەچچە كۈندىن بېرى مەن يول يۈرۈپ شەھرىڭىزلەرگە كەلگەن ئىدىم. بۇگۈن بۇ يەرگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدىڭلار، مەن كەلدىم. قارىسام بۇ لەنىتى بۇ يەرگە مېنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ توردە ئولتۇرۇپتۇ. ئەمدى بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ-يۈز قانداق قىلىپ تاقەت بىلەن چىداپ ئولتۇرىمەن" دەپ

دەپتۇ قازىغا سەتىراچ ــ سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئۇنىڭ كىرىش سەۋەبىنى مەن بىلمەيمەن. قىزىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇمۇ قىزىڭنى سۆيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىرگەن. قوللىرىڭغا بۇيرۇپ ئۇردۇرۇڭ. ئۆزەم كىرىپ تۇتۇپ ئېلىپ چىقماستىن بۇرۇن خوجەمىزنى چىقىرىپ بەر. قېرىنداشلىرى ئېلىپ كەتسۇن! بولمىسا بېرىپ خەلىپىگە ئەرزە قىلىشتىنمۇ يانمايمەن." قازى كىشىلەردىن خىجالەت بوپتۇ. "سۆزۈڭ راست بولسا، ــ دەپتۇ ئۇ ــ ئۆزەڭ كىرىپ ئېلىپ چىق!"

سەتىراچ ئىچكىرىگە كىردى. ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ مەن يوشۇرۇنۇشقا ھەركەت قىلدىم. پانا بولغىدەك جاي تاپالماي ئاۋارە بولدۇم. تۇرغان ئۆيۈمدە چوڭ بىر بوش ساندۇق بار ئىكەن. ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئاغزىنى ئەتتىم. نەپەس ئېلىشىم تەس بولدى. سەتىراچ ئۆيگە كىرىپ مېنى راسا ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماي بېشى قېتىپ تۇرغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا ساندۇق قىمىرلاپ قاپتۇ. ئەزايى بەدىنىم بوشىشىپ كەتتى. ئۇ ساندۇقنى كوتۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى. مېنى ئۇنىڭ ئارام تاپتۇرماسلىقىغا كۆزۈم يەتكەنلىگى ئۈچۈن، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۆزەمنى يەرگە تاشلىدىم، ئايىغىم سۇندى. ئىشىككە قارىسام ئادەملەر ناھايىتى كوپ ئىكەن. مەن بۇنداق چوڭ يىغىلىشنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. يېنىمدا ئاز ــ تولا ئالتۇنۇم بار ئىدى. ئادەملەرنى پاراكەندە قىلىش مەخسىدىدە ئالتۇنلارنى چاچتىم. كىشىلەرنىڭ ئۇنى تېرىمىز دەپ ئۇمىلاخىمان بولغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇدۇل كەلگەن كوچىغا قاراپ قاچتىم. لەنىتى سەتىراچ كەينىمدىن قوغلاپ كېلەتتى. "خوجامغا ئازاپ بېرىپ قينىماقچى ئىدى، ئۇلارنىڭ قولىدىن

ئوبدانلا جايلىشىپ ئولتۇردۇم. ئەسلىدە بۇ ئون كىشىدىن خەلىپە غەزەپلەنگەن ئىكەن. ئۇلارنى قېيىقتا ئېلىپ كېلىشنى ھاكىمغا بۇيرۇغان ئىكەن. ھاكىم ئۇلارنى قېيىققا سېلىپ ماڭغان ئىكەن. مەن بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز، يەپ-ئىچىپ، ساياھەت قىلىپ كېلىشنى ئويلاپ ماڭدىم. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەندىن باشقا كوڭۇل ئاچقىدەك قىزىقچىراق بىرەر كىشى يوق ئىكەن. قېيىق قىرغاققا يەتكەندىن كېيىن ھاكىمنىڭ خادىملىرى پەيدا بولدى. ئۇلار كېلىپ قېيىقتىكىلەرنىڭ قوللىرىغا كويزا، بويۇنلىرىغا تاقاق سالدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مېنىڭمۇ بويىنۇمغا تاقاق، قولۇمغا كويزا سالدى. مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. چۈنكى مەن ئورۇنسىز سوز قىلمايدىغان ئادەملىكىمنى ئۇلارغىمۇ كورسەتمەكچى بولدۇم. مانا بۇ مېنىڭ مەرتلىكىمنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى. ھەممىمىزنى چىتىپ خەلىپە ئەلمۇستەنسىرۇن بىللاھ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. خەلىپە جاللاتقا بۇ ئون كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. جاللات بىر چەتتىن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا باشلاپ، پەقەت مەن قالدىم. خەلىپە مېنى كورۇپ: "نىمىشقا بۇنىڭ بېشىنى ئالمىدىڭ؟" دەپ سورىدى. "تايىنلانغان ئون كىشىنىڭ بېشىنى ئالدىم" دىدى جاللات. "سەن توققۇزىنىڭ بېشىنى ئالدىڭ، بۇ كىشى بىلەن ئون بولۇدۇ" دىدى خەلىپە. مەن شۇ چاغدىمۇ "لام-مىم" دىمىدىم. "ياق! — دىدى جاللات، — كېسىلگەن باش ئون بولدى. ئىشەنمىسىڭىز ساناپ كورىشىڭىز مۇمكىن!" كېسىلگەن باشلارنى بىر-بىردىن خەلىپە ھۇزۇرىغا ساناپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار، راست ئون ئىدى. خەلىپە ماڭا قارىدى: "نىمىشقا جىم تۇرىسەن؟ بۇ گۇناكارلار بىلەن بۇ يەرگە نىمىشقا كەلدىڭ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىمە قىلىپ يۇرىسەن؟" دىدى خەلىپە.

ئۇ، بۇ ئولتۇرۇشتىن چىقىپ كەتتى. بىز سەتىراچتىن: "بۇ ۋەقە راستمۇ؟" دەپ سورىدۇق. "مەن، — دېدى سەتىراچ — بۇ ئىشلارنى ئۆزەمنىڭ دانالىغىم، مەرتلىگىم، ھىمايە پەرۋەرلىكىمدىن، ئاتا كورگەن ياش يىگىتكە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قىلغانلىغىم راست. ئەگەر مەن بولماي، مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئادەم بولغاندا، بەلكى ئۇ، ئۆلۈپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ قۇتۇلۇشىغا پەقەت مەنلا سەۋەپچى بولدۇم. ئۇ، پۈتۈم سۇنۇپ كەتتى. دېدى، جېنىنىڭ ئامان قالغانلىغىنى سوزلىمىدى. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي ناھايىتى ئاز سوزلەيدىغان پەقەت ۋاقتى كەلگەندە بىر-ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويىدىغان ئادەم. ئەگەر مەن ئەزمە ئادەم بولغۇنۇمدا ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمىغان بولاتتىم. يەنە بېشىمدىن ئوتكەن ئاجايىپ قىزىق بىر ۋەقە بار، سوزلەپ بېرەي. شۇ چاغدىلا سلەر مېنىڭ ئالتە ئۇكام ئىچىدە پەقەت مېنىڭلا كام سوز، بىھۇدە گەپلەرنى قىلمايدىغانلىغىمنى تەستىقلايسىزلەر. مېنىڭ بۇ ھىكايەم بەكمۇ ئاجايىپ ۋە ناھايىتىمۇ قىزىق.

## سەتىراچنىڭ ھىكايىسى

— خەلىپە ئەلمۇستەنسىرۇن بىللاھنىڭ زامانىسىدا مەن باغدادتا ياشايتتىم. ئۇ پېقىرلارنى، ھاجەتمەنلەرنى، ئالىملارنى دوست تۇتاتتى. بىر كۈنى مەن دەجلە دەرياسى بويىغا چىققان ئىدىم. بىر قېيىق كورۈندى. مەن قېيىقتىكىلەرنى كورۈپ ئوز-ئوزەمگە دېدىمكى: "بۇ كىشىلەر ئەلۋەتتە بىرەر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارىدىغان ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مەنمۇ بۇلارغا ھەمرا بولۇپ قوشۇلۇپ باراي" دەپ ھېچكىمدىن سورىماي قېيىققا چىقىپ

ئال بەردى خەلىپە ماڭا قاراپ — ئاللە ئۇكاڭلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ھوشيار، دانا، ئالىم ۋە كام سوزمۇ؟"

"ئەزبىرايى خۇدا، ئەي خەلىپە، ئۇكىلىرىمنى مەن بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ، مېنى يەر قىلدىڭىز! ئەگەر ئۇكىلىرىم ماڭا ئوخشىغاندا ئىدى، باشقىچە كۇن كوچۇرەتتى. ئۇلار ھېچقاچان ماڭا ئوخشىمىسۇن ۋە تىرىك ياشىمىسۇن. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىغى، ئەقىلسىزلىغى، ئەزمىلىكلىگى، يوق گەپلەرگە ئىشىنىپ ۋەھىمە قىلىشلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا مەشھۇر. ئۇلار ھەممە ئىشتا كۇلكىگە قېلىپ يۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى قىڭغىر، بىرسى كور، بىرسى كېكەچ، بىرسى دوك، بىرسى چولاق بىرسى كەمشۇك. ئەي خەلىپەم، مېنى ئەزمە دەپ ئېيىپلىماڭ. چۇنكى، ماڭا گەپنىڭ ئورنى كەلگەندە، ئۇلاردىن مەرتلىگىم، ئۇلاردىن دانالىغىمنى ئىسپات قىلىپ بېرىشىم زورۇر بولۇپ قالدى. مەن ھازىر شۇنىڭغا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئوزىگە خاس ماجراسى، غەلۋىسى، يولۇققان بالالىرى بار. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزگە ئۇلارنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بېرەي.

## سەتىراچنىڭ بىرىنچى ئۇكىسى

"مېنىڭ قۇلىغى چولاق ئۇكام باغدادقا مەشھۇر ماشىنىچى، ئۇنىڭ ئىسمى ئەلبەكبۇك يەنى ئەزمە، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — بىر باينىڭ دۇكىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ دۇكاندا ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئويىنىڭ يېنىدا تۇگمەن بار ئىدى. باي ئوزى بالىخانىسىدا ياشايتتى. بىر كۇنى ئۇكام دۇكاندا كىيىم تىكىپ تۇرغاندا، بېشىنى كوتۇرۇپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا ئوي ئىگىسىنىڭ خوتۇنى دېرىزىسىدىن

"ئەي خەلپەم، — دېدىم مەن، — مەن ئەسسامەت، يەنى كام سۆز دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان كىشىمەن. مېنىڭدە ھېكمەتلىك ئىشلار كۆپ، ئەقلىمنىڭ كۆپلىگىنى ئېيتمامسىز؟ زېرەكلىكىم، پەملىكلىكىمنى دېمەمسىز؟ كام سۆزلۈكۈمچۇ تېخى! ئەمما مېنىڭ ھۈنىرىم سەتىراچلىق. ئەتىسىگەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇ كىشىلەرنىڭ قېيىقتا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. "بۇلار زىياپەتكە كېتىۋاتقان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدىم. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ ئالدىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قېيىق قىرغاقتا چىقتى. ھەربىي ۋە مەئمۇرلەر كېلىپ، بۇلارنىڭ ھەم مېنىڭ بوينۇمغا تاقاق، قوللىرىمىزغا كويزا سېلىشتى. شۇ ۋاقىتتا مەن بۇلارنىڭ گۇناكار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما ناھايىتى مەرتلىكىم ۋە كام سۆزلىكىمدىن ھېچ نەرسە دېمىدىم، بۇ ئىشلارنى پەقەت مەرتلەرنىڭ مەرتلىرىلا قىلالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنى ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ كېلىشتى. سىز ئون كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدىڭىز. جاللات ئالدى. پەقەت كام سۆزگۈلۈمدىن مەنلا قالدىم. لېكىن، مەن ئۆزەمنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا سىزگە بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلىپ باقمىدىم. "جېنىمنى ئالسىمۇ مەيلى، كام سۆزلۈك ھالىتىمدە تۇراي دېدىم. مەرت ھەرقانچە كام سۆز بولسىمۇ مەنچىلىك بۇلار؟ مېنىڭ قالغان ھەممە ئىشلىرىم مانا شۇنداق مەرتلىك، زېرەكلىك، كام سۆزلۈكتىن ئىبارەت. مەن ھەمىشە ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىمەن. لېكىن، كىشىلەر ئۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ناھايىتىمۇ ئەرزىمەيدىغان مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ" دېدىم. خەلپە مەرتلىكىمنى، كام سۆزلۈكۈمنى، دانالىقىمنى دەرھال سېزىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. "ئەي ئەسسامەت، — دەپ سو-

قاراپتۇ، ئىشارەت بىلەن سالام بېرىپتۇ. بەزىدە قول بىلەن ۋە بەزى كوزىنى قىسىپ ھەر تۈرلۈك خۇلق قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇن ئۇزىنى دالىدىغا ئاپتۇ. چورە دۇكانىغا كىرىپتۇ. ئۇكام ئىشتانلارنى ئۇنىڭغا بىرىپتۇ. چورە ئېلىپ چىقىپ كىتىپتۇ. كەچ بولغاندا ئۇكام ئويىگە كېلىپ يېتىپتۇ، بىراق ئۇ زادىلا ئۇخلىيال-ماپتۇ، ھەر تەرەپكە يۇمۇلىنىپ-تولغىنىپ يېتىپتۇ. ئەتتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكىنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. چورە كىرىپ: "خوجام سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ؟" دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق چوچۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى چورە سېزىپ: "بەختلىك كىشى ئىكەنسىز!— دەپتۇ ئۇ— خېنىم سىزنىڭ ياخشىلىغىڭىزنى ئېيتىپ خوجامغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن دەيدۇ. خوجام بىلەن تونۇشۇپ ئالسىڭىز، كوڭلىڭىزدىكى گېپىڭىزنى ئېيتىپ ئېلىشىڭىز ئوڭاي". ئۇكام سۆيۈنۈپ، چورە بىلەن بىللە كىرىپتۇ. ھېلىقى خوتۇننىڭ ئېرىنى كورۇپ سالام بېرىپتۇ. ئوي ئىگىسى سالامغا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ ۋە ئۇكامنىڭ ئالدىغا جىققىدە كىيىملىك قويۇپ: "مۇشۇلارنى تىكىپ بېرىڭ!" دەپتۇ. "جېنىم بىلەن" دەپ ئۇكام كىيىملىكلەرنى قولىغا ئاپتۇ. كەچكىچە يىگىرمىگە يېقىن كوينەك پىچىپتۇ. شۇنىڭغىچە ھىچ نەرسە يىمەپتۇ. "بۇنىڭ ھەققى قانچە تەڭگە بولىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ باي. "يىگىرمە تەڭگە!" دەپتۇ ئۇكام. "يىگىرمە تەڭگە ئېلىپ بەر!" دەپتۇ باي چورىسىگە. خوتۇن ئىشارەت بىلەن ئۇكامغا: "ھەق ئالما!" دىگەننى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇكام: "سىزدىن ھەق ئالمايمەن!" دەپتۇ-دە، كىيىملىكلەرنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. "بۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تىزرەك تىكىپ بېرەي" دەپ ئويلاپ، تۇزۇگرەك تاماقمۇ يىمەپتۇ. چورە كېلىپ

بىشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا قاراۋاتقان ئىكەن. ئۇكام قارىسا ئۇ، بىر چىرايلىق خوتۇن ئىكەن، ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ ھوسنى - جامالىغا ئاشىق بولۇپتۇ، ئىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، شۇ خوتۇنغا بېرىلگەن ھالدا كۈننى كەچ قىپتۇ. ئەتىسىگە دۇكاننى ناھايىتى ئەتىگەن ئېچىپتۇ. يىگىتنىڭ كوزىدىن بىر يىپ ئۆتكۈزۈپ، دېرىزىگە قاراپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. يەنە خۇددى شۇ مەھەلدە خوتۇنغا كوزى چۈشۈپتۇ، ئىشقى كۆچىيىپتۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە شۇنداق ئوتۇپتۇ. بىر ياماققا چۈشلۈق ئىش قىلماپتۇ. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە دۇكانغا كېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. خوتۇن ئۇنىمۇ كورۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەركەتلىرىدىن ۋەقەنى چۈشىنىپتۇ. كۈلۈپ قاراپتۇ. ئۇكامۇ كۈلۈپ قاراپتۇ. بىراق خوتۇن دەرھال يوشۇرۇنۇپتۇ. خوتۇن ئوزىنىڭ چورىسىدىن يىپەك كوينەك چىقىرىپتۇ. چورە كىيىملىكنى ئۇكامغا بېرىۋېتىپ: "خېنىم سىزگە سالام ئېيتتى. مانا شۇ رەختتىن كوينەك پىچىپ، چىرايلىق تىكىپ بەرسۇن دەپ تاپىلىدى" دەپتۇ. "جېنىم بىلەن" — دەپتۇ ئۇكام، كىيىملىكنى شۇ زامانلا پىچىپ تىكىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چورە خوتۇن كېلىپ: "خېنىم سىزگە سالام ئېيتتى. كېچىنى قانداق ئوتكۈزگەنلىكىڭىزنى سورىدى. خېنىمنىڭ كوڭلى سىزدە بولۇپ ھېچ ئۇخلىيالمىدى" — دەپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە ئالدىغا بىر كىيىملىك ئەتلەس قويۇپ، — خېنىم مۇشۇ ئەتلەستىن بۇگۈن ئىككى ئىشتان تىكىپ بەرسۇن دەيدۇ" دەپتۇ. "جېنىم بىلەن — دەپتۇ مېنىڭ ئۇكام — خېنىمغا مەندىنمۇ سالام دەڭ. بۇندىن كېيىن ھەر قانداق ئىشى بولسا مەن تەييار، ھەرگىز تارتىنمىسۇن". ئۇكام دەرھال ئىشقا چۈشۈپتۇ، كىيىمنى تىكىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن خوتۇن ئۇنىڭغا دېرىزىنى ئېچىپ

نىكاھلىماقچى بوپتۇ. خوتۇننىڭ قېشىغا كىرىدىغان كېچىسى ئۇلار ئۇكامغا: "بۇ كېچە تۈگمەندە ياتقىن، تۇرمۇشۇڭ ياخشى بولۇدۇ!" دەپتۇ. ئۇكام: "پايدىلىق ئىش بولسا كېرەك" دەپ ماقۇل بولۇپ، كېچىسى تۈگمەندە يېتىپتۇ. خوتۇننىڭ ئېرى تۈگمەنچىگە بېرىپ، ئۇكامنى تۈگمەن تېشىنى سورەشكە مەجبۇر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

يېرىم كېچىدە پوستەكچى ئۇكامنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. "بۇ ھوكۇز ناھايىتى ھورۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇ، چوكۇلمەي تۇرۇۋالدى. ئەتىگىچە ئۇن تەييار قىلىش كېرەك ئىدى، ئۇكۇت شۇ يېتىچە تۇرۇپتۇ" دەپ، تۈگمەننىڭ خاپىنىغا بوغداي تولدۇرۇپتۇ. كېيىن ئارغامچىنى ئېلىپ ئۇكامنىڭ بوينىغا سېپتۇ. ئۇكامنىڭ بوينىدىن باغلاپ: "ھە، بول چاققان! تاشنى تېز ئايلاندۇر. سەن پەقەت يەپ-ئىچىشنى بىلىدىكەنسەن!" دەپ ئۇن تارتىشقا كىرىشىپتۇ. "تېز-تېز ئايلان!" دەپ قامچا بىلەن ساۋاپ تۇرۇپتۇ. ئۇكام يىغلاپ-داتلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلماپتۇ. تاڭ ئاتقاندا خاپاندىكى بوغداي تۈگەپتۇ، تۈگمەن توختاپتۇ. چورە ئايال كىرىپ كورۇپ: "مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭغا بەكمۇ ئېچىندىم. مەن بىلەن خېنىم سېنىڭ توغراڭدا غەم قىلىپ ئويلاپ چىقتۇق" دەپتۇ. لېكىن ناھايىتى چارچىغانلىقتىن، زۇۋان سۈرگىدەك ئەھۋالى قالمىغان ئۇكام ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ. كېيىن ئۇكام ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەمدىلا ئولتۇرغان ئىكەن، بىردىنلا چورىگە ئۇكامنى نىكاھ قىلماقچى بولغان موللام كىرىپ كېلىپ، ئۇكامغا سالام بېرىپتۇ: "ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە لەززەت بىلەن خوتۇن قۇچاغلىماقچى بولۇپ تەييارلانغانلارنىڭ يۈزلىرى شۇنداق نۇرلۇق بولۇدۇ!" دەپتۇ كۈلۈپ. "ئالدامچىلار ئىككىلا دۇنيادا تىنجىمىسۇن!—دەپتۇ ئۇكام موللامغا،—مەن ئاخشامدىن تاڭ

"تەييار بولدىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇكام: "تەييار بولدى!" دەپتۇ. چورە تىكىلىپ بولغان كىيىملەرنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنى خوتۇنىنىڭ ئېرىگە بېرىپ، ئۆزى قايتىپ چىقىپتۇ. خوتۇن ئېرىگە ئۇكامنى تونۇشتۇرۇپتۇ. لېكىن بۇ ئىشلاردىن ئۇكامنىڭ خەۋىرى يوقكەن. ئەر-خوتۇن ئىككىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇكامنى ئەخمەق قىلىپ، كولدۇرلىتىپ. ھەققىگە پۇل بەرمەي، كوپ كىيىملەرنى تىكتۈرۈپتۇ. ئۇكام ئەتتىگەندە، ئەمدى دۇكانغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، چورە خوتۇن كىرىپ: "خوجام سىزنى قىچقىرىۋاتىدۇ، سىز بىلەن يەنە سوزلەشمەكچى" دەپتۇ. ئۇكام چورە خوتۇن بىلەن بىللە يەنە باينىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، خوجايىن بىلەن سالاملىشىپتۇ. باي ئۇكامنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر قانچە پاختىلىق كىيىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەش چاپان تىكىپ بېرىشىنى سوراپتۇ. ئۇكام رەخت-پاختىلارنى قولتۇقلاپ دۇكىنىغا كېلىپ، چاپانلىرىنى پۈتكۈزۈپ، بايغا ئېلىپ كىرىپ، تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. كىيىم ئۇي ئىگىسىگە ياراپتۇ. خىزمەتچىسىگە "تەكچىدىكى پۇلدانىنى ئېلىپ بەر" دەپتۇ. ئۇكام پۇلغا قولىنى ئۇزىتىش بىلەن، خوتۇن ئېرىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئۇكامغا قاراپ: "ھېچ نەرسە ئالمايمەن!" دېگىن دەپ ئىشارەت قىپتۇ، "قويۇڭ، باي ئاكا!" دەپتۇ ئۇكام يېرىم-ياتا ھىيجىيىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ، ئېشەكتىن بەتتەر خورلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇ، بەش تەرەپتىن قىسىلىدىكەن: سويگۇ، چارچىغانلىق، ئاچلىق، پۇلسىزلىق، خورلۇق بۇ بەشى بىرلىشىپ، ئۇنى ئېزىپ تاشلاپتۇ. ئۇكام ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ ئىنساپسىزلىق بىلەن خېلىلا ئىشلىتىپتۇ. كېيىن ھىلە قىلىپ، ئوزلىرىنىڭ چورىسىگە ئۇنى

بۇگۈن خوجىمىز مېھماندارچىلىقتا بېرىپ شۇ يەردە قونۇپ قالدۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن سىز بىزنىڭكىگە كىرىپ تاڭ ئاتقىچە خېنىم بىلەن بىللە بولىدىكەنسىز" دەپتۇ.

خوتۇنىنىڭ ئېرى ئۇكامىنى خوتۇنىدىن قانداق يول بىلەن كوڭۇلسىزلەندۇرۇشنى سوزلىگەندە، خوتۇنى: "ئۇزەم بىر ئىلاجىنى قىلىپ بۇ شەھەردىن ئۇنى قوغلاندى قىلىمەن" دىگەن ئىكەن. لېكىن ئۇكامنىڭ بۇ ئىشتىن تامامەن خەۋىرى يوقكەن، كەچ بوپتۇ. چورە خوتۇن كىرىپتۇ. ئۇ، ئۇكامنى بىللە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. خوتۇن ئۇكامنى كورۇش بىلەنلا: "مەن سېنى ناھايىتى ياخشى كورىمەن، سېغىنىپلا تۇرىمەن" دەپ يۇزىدىن سۇيۇپ ئاپتۇ. ئۇكامۇ ئۇنىڭ يۇزىگە سۇيمەكچى بولۇپ لېۋىنى تەككۇزگۇچە-لىكمۇ بولمىغان ئىكەن. بىردىنلا ئېرى چىقىپ، ئۇكامغا ۋاقىراپ: "سەن بىلەن پەقەت شەھەر ھاكىمى ئالدىدىلا سوزلىشىمەن" دەپتۇ. ئۇكام يېلىنىپتۇ. لېكىن ئۇ، قۇلاق سالماي ئۇنى تىللاپ ھاقارەت قىپتۇ. ئاخىرى ئۇكامنى ھاكىم ئالدىغا سورەپ ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاكىم ئۇكامغا بىرنەچچە دەررە ئۇرۇش، كېيىن توگىگە تەتۇر مىن-دۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىدا سازايە قىلىپ شەرمەندە-رەسۋاسىنى چىقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنى توگىگە تەتۇر مىندۇرۇپ، بازار كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ سازايە قىلغاندا جاكاچى: "ئېرى بار نامەھرەم خوتۇنغا ئېسىلغانىنىڭ جازاسى شۇ" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئاخىرىدا ئۇكامنى شەھەردىن ھايداپتۇ. ئۇكام شەھەردىن چىقىپ نەگە بېرىشنى بىلمەي تېنەپ يۇرگەندە مەن ئارقىسىدىن ئىستەپ بېرىپ ئۇكامنى تاپتىم. ئۇنى ئوز ئويۇمدە ساقلاپ قېلىشقا ۋەدە بەردىم. ھازىرغىچە ئۇنى ئوز ئويۇمدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن".

ئاتقىچە ھوكۈز ئۇرنىدا تۈگمەن چۆرۈدۈم". "مەن نەدىن بىلەي،
ۋەقەنى ئېيت!" دەپتۇ موللام. ئۇكام بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ
بېرىپتۇ. "بەس، مەلۇم بولدىكى، سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ ئۇنىڭ يۇلتۇزى
بىلەن توغرى كەلمەپتۇ. ئەگەر خالىساڭ، مەن نىكاھنى يېڭىۋاشتىن
ئوقۇپ قوياي" دەپتۇ موللام. "سېنى قارا،— دەپتۇ ئۇكام موللامغا،—
يەنە باشقا ھىلەڭ يوقمۇ؟" موللام شۇ يەردە قېلىپ ئۇكام چىقىپ
كېتىپتۇ. ئۇكام ناھايىتىمۇ ئاچ، يانچۇغىدا پۇلمۇ يوق ئىكەن.
دۇكاندا ئولتۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىش ئېلىپ كېلىشىنى توت كوز
بىلەن كۈتۈپتۇ. بىر چاغدا چورە ئايال كىرىپ كېلىپ: "خېنىم
قىچقىرىۋاتىدۇ" دەپتۇ. "يولۇڭغا ماڭ! لولى، خېنىمىڭ بىلەن
ئىشىم يوق!" دەپتۇ ئۇكام ئاچچىغى بىلەن پىشانىلىرىنى تۈرۈشتۈ-
رۇپ. چورە بېرىپ خېنىمغا بۇ گەپنى يەتكۈزۈپتۇ. ئارىدىن ئانچە
ئۆتمەي، خېنىم دېرىزىگە كېلىپ كورۇنۇپتۇ. ئۇ، يىغلاپ تۇرۇپ:
"ئەي قەدىرلىك سۆيگۈنۈم! نىمىشقا سېنىڭ مەن بىلەن ئىشىڭ
بولمايدۇ؟— دەپ زارلىنىپتۇ، ئاندىن،— ياكى ۋەدەڭنى بۇزدۇڭمۇ؟
ۋاپاغا جاپا دىگەن شۇمۇ؟" دەپتۇ. ئۇكام جاۋاپ بەرمەپتۇ. ئايال
تۈگمەندە بولغان ئىشقا ئۆزىنىڭ ھىچ ئالاقىسى يوقلىغىنى، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تامامەن ئەيىپسىزلىگىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا
ئۇكام خوتۇنغا كوز ساپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ ھوسنى يېقىملىق، سوزلىرى
ئۇنىڭ كوڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىپ تاشلىغاندەك بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ.
ئۇكام دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنۇتۇپ
قېلىپ ئۇ خوتۇننىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئايال بىرئاز سوزلىشىپ
خەيرلىشىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. ئۇكام ئەمدىلا ئولتۇرغان ئىكەن،
چورە خوتۇن يەنە كىرىپ كەپتۇ: "خېنىم سىزگە سالام ئېيتتى.

ئۇكام: "بۇۋى، بۇ ئىش ئۈچۈن نېمىشقا پەقەت مېنىلا تاللىدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. بۇۋى: "سېنىڭدە ماڭا ياقىدىغان خۇسۇسىيەت بار ئىكەن، پەقەت ئەزمە بولمىساڭلا بولدى دەپ ئېيتتىمغۇ؟ جىم تۇر! ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ماڭا قويۇپ بەر، سەن ئارقامدىن مېڭىۋەر!" دەپتۇ ئۇ يولغا چۈشۈپ. ئۇكام بۇۋىنىڭ ئېيتقان نەرسىلىرىدىن تاما قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ، بىر كەڭ هويلىغا كىرىشىپتۇ. ئۇ يەردە قۇللارمۇ بار ئىكەن. بۇۋى شوتىدىن بالىخانىغا چىقىپتۇ، قارىسا ناهايىتى هەشەمەتلىك بىر ساراي ئىكەن. ئۆي ئىگىلىرى ئۇكامنى كورۇپ: "سېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟" دەپ سوراپتۇ. بۇۋى ئۇلارغا قاراپ: "قويۇڭلار، ئۇنىڭغا تەگمەڭلار! چوچۈتمەڭلار! بۇ خىزمەتكار، مەن ئۇنى ياخشى كورگەنلىگىمدىن ئۆزەم ئېلىپ كەلدىم. بۇ بىزگە كېرەك" دەپتۇ.

ئۇكام بۇۋى بىلەن ناهايىتى زىننەتلەنگەن بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردىكى خوتۇنلار ئۇكامنى كورۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشىپتۇ. ئۇزلىرىنىڭ يانلىرىدىن جاي كورسىتىشىپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇكامغا قاتتىق قىقاس-سۈرەن ئاڭلىنىپتۇ. بىردىن بىر قانچە كېنىزەكلەر يىتىپ كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز بەك كېلىشكەن، بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇكام ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىگىلىپتۇ، قىزمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. ئۇكام بىلمەسلىككە سېلىپ كېنىزەكلەرگە قاراپتۇ. قىز ئۇكامغا بۇرۇلۇپ: "نېمە ياخشىلىغىڭ، قانداق خىسلىتىڭ بار؟" دەپ سوراپتۇ. "ياخشىلىغىم ئىچىمدە" دەپتۇ ئۇكام. قىز تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كېلىشىپتۇ. قىز تاماق يېيىشكە كىرىشىپتۇ، لېكىن كۇلۇشتىن توختىماپتۇ. ئۇكام ئۇنىڭغا

خەلپە مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاپ كۈلدى. "بەللى، كام سۆز، دانا ئادەم" دېدى. مېنى يولغا سېلىپ قويۇشقا، ئالدى بىلەن ھەدىيە بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن "باشقا بەش ئوكامنىڭ ھەممىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى جانابىڭىزغا ئېيتىپ تامام قىلمىغىچە ھېچ نەرسە ئالمايمەن. لېكىن مېنى ئەزمە، دەپ ئەيىپلىمەسلىكىڭلارنى، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشىڭلارنى سورايمەن" — دېدىم.

خەلپە: "سۆزلە!" دېدى.

## سەتىراچىنىڭ ئىككىنچى ئۇكىسى

"ئىككىنچى ئوكامنىڭ ئىسمىنى ئەلھەددار يەنى ۋاقىرىغاق دەيدۇ. ئۇ بىر كۈنى ئۆز ئىشى بىلەن كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇتلا بىر بوۋىگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ. "بىر ئاز تۇرۇپ تۇرغىن، ئەي ياخشى كىشى، — دەپتۇ بوۋى، — ساڭا بىر ئاز گېپىم بار. ئەگەر ماقول كەلسە قىلىپ بېرەرسەن، بولمىسا ئۆزەڭ بىلەرسەن." ئوكام قۇلاق ساپتۇ. بوۋى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: "مەن ساڭا بىر گەپ قىلىمەن، شۇ ئىشنى قىلىشنا ئۆزەم يول كۆرسىتىمەن، پەقەت ئەزمەلىك قىلماسلىقىڭ ياكى كاژلىق قىلىپ ۋاقىرىماسلىقىڭ شەرت".

"قېنى ئېيت!" دەپتۇ ئوكام.

"ياخشى ئۆيلەر، ياخشى جايلار، ھەر تەرەپتە سۇلار شىر-شىر قىلىپ ئېقىپ تۇرغان، ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلىشىپ پىشىپ تۇرغان، شۇنداق باغ، شۇنداق جايدا چىرايلىق قىزلارنى ئاخشامدىن تاڭ ئاتقىچە قۇچاغلاپ يېتىشقا ئەلۋەتتە خۇشتار بولساڭ كېرەك دەيمەن. لېكىن مەن نىمە دېسەم شۇنى قىلساڭ، ھەرگىز ئەزمىلىك قىلمىساڭ، ئاندىن شۇنىڭغا ئۇلىشالايسەن" دەپتۇ بوۋى.

كوكۇرۇپ كەتتى" دەپتۇ ئۇكام. "ئۇ، مەس بولسا، ـ دەپتۇ بوۋي، ـ مەقسىدىڭگە يېتىسەن. بىر ئاز سەۋرى قىل!" ئۇكام ئۇز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەممە كېنىزەكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ. قىز، كېنىزەكلەر ئۇكامنى ئىسقا تۇتۇپ يۇزىگە سېرىق بوياق سۇركەشكە بۇيرۇپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىپتۇ. كېيىن قىز يەنە مۇنداق دەپتۇ: "سېنى خۇدا ئېزىز قىلسۇن. ئۆيۈمگە كىردىڭ، شەرتلىرىمنى ئورۇنلىدىڭ، ماڭا قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھايدىغان ئىدىم، كىم سەۋرلىك بولسا شۇ مەقسەتكە يېتىدۇ". "ئەي مەلىكەم، ـ دەپتۇ ئۇكام، ـ مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن." "مەن خۇشچاقچاقلىقنى سۆيىمەن. ماڭا ئىتائەت قىلغانلار خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە ئالىدۇ" دەپتۇ قىز، ئاندىن پۈتۈن كېنىزەكلەرگە ۋاقىراپ تۇرۇپ: "باشلاڭلار!" دەپ ناخشا ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ. كېيىن يەنە بىر كېنىزەككە: "سەن بۇ كىشىنى ئېلىپ بېرىپ كېرەكلىك ئىشىڭنى قىل! كېيىن مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەل!" دەپتۇ. كېنىزەك ئۇكامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇكام ئۇنىڭ نىمە قىلىدىغانلىغىنى بىلمەي ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. بوۋى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ: "سەۋرى قىل! ئازغىنا قالدى، مەقسىدىڭگە چوقۇم يېتىسەن!" دەپتۇ. ئۇكامنىڭ يۇزىگە ماي سۇركەپتۇ. ئۇ، قىزغا يېقىن كەپتۇ. بوۋى ئۇنىڭ يېنىغا يەنە يېقىن كېلىپ: "يەنە بىر ئاز سەۋرى قىل! چوقۇم مەقسىدىڭگە يېتىسەن!" دەيدىكەن. "بۇ كېنىزەك مېنى نىمە قىلماقچى، ئېيت!" دەپتۇ ئۇكام بوۋىگە. "بۇ يەردە ھېچ كۆڭۈلسىز ئىش يوق! كېنىزەك سېنىڭ قېشىڭنى بوياپ، ساقال-بۇرتۇڭنى چۈشۈرىدۇ!" دەپتۇ بوۋى. "بوياقنىڭغۇ يۇيسا چىقىپ كېتىدۇ. ساقال-بۇرتۇمنى چۈشۈرۈش ئېغىر ئىش، مەن

قارىغان ئىكەن. قىز كوزىنى قاچۇرۇپ كېنىزەكلەرگە قاراپتۇ. كېيىن قىز ئۇكامغا سۆيگۈ ئىزھار قىپتۇ، چاخچاق باشلاپتۇ. پەمىز ئۇكام قىزغا ناھايىتى بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ: "قىز مېنى ياخشى كورۇدۇ. مەقسىدىمگە يېتىدىغان بولدۇم" دىگەن ئۇمىتتە بوپتۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ ئىچىملىك كەلتۇرۇپتۇ. يەنىمۇ چىرايلىق كېنىزەكتىن ئونى پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ قولليرىدا ھەر تۇرلۇك سازلار بار ئىكەن. ئۇلار سازغا تەڭكەش قىلىپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇكام ھەيران بوپتۇ، قىزغا ئاياق تۇتۇپتۇ. ئۇ ئىچىپتۇ. كېيىن كېنىزەكلەر ئىچىپتۇ. ئۇكام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچىۋاتقانلارغا خو-شامەت قىلىپ: "سالامەتلىك ئۇچۇن!" دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن دەممۇ-دەم تىز چوكۇرۇپتۇ. كېيىن قىز ئۇكامغا يەنە ئاياق تۇتۇپتۇ. ئۇكام ئونى ئېلىپ ئىچىۋاتقاندا، قىز ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ تەستەك بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇكام يامانلاپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ، بۇۋى كېلىپ كوزى بىلەن: "قايت!" دىگەندەك ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ، قايتىپتۇ. قىز ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىكەن، ئۇ، ئولتۇرۇپتۇ. ئۇكام ھېچ نەرسە سوزلىمەپتۇ. قىز يەنە مورىسىگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ، يەتمىگەندەك كېنىزەك-لىرىگىمۇ ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. "بۇ يەردە سىز دىگەن ياخشىلىقنى كورمەيۋاتىمەنغۇ؟" دەپتۇ ئۇكام بۇۋىگە. "توغرى!" دەپتۇ بۇۋى. ئۇلار ئۇكامنى ئۇرۇپ ھۇشىدىن كەتكۇزۇپتۇ. ئۇكام تاياقتىن قېچىپ ھاجەتكە چىقماقچى بولىۋاتقان ئىكەن. بۇۋى: "بىر ئاز سەۋرى قىل! مەقسىدىڭگە يېتىسەن" دەپ ئۇنى قايتۇرۇپتۇ. "قاچانغىچە سەۋرى قىلىمەن، شاپىلاق زەربىدىن ھەممە يېرىم

مگەن ھېچ قانداق ھۈنەرقالمىدى. پەقەت بىرلا ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ مەسلەردەك ئىشتان-كۆينىكىڭنى يېشىپ قىپ يالىڭاچ بول! شۇنداق قىلمىساڭ ئۇ ھېچ نەرسىگە ئۇنىمايدۇ. قىز سېنى يېشىندۈرۈپ، ئۆزىنى قۇچاغلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئالدىڭغا كېلىپ قاچىدۇ. سەن كەينىدىن يۈگۈرۈپ يىرۇپ قوغلايسەن. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ، ساڭا بويسۇنىدۇ. كىيىملىرىڭنى يەش، چاققان بول!" دەپتۇ. ئۇكام مەس ئىكەن، پۈتۈن كىيىملىرىنى يېشىپ يالىڭاچ بوپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز بىرىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ئۇكام كىيىملىرىنى يېشىپ يالىڭاچ بوپتۇ، كېنىزەك ئۇكامغا: "ئارقامدىن قوغلا! مەن ئالدىڭدىن قاچىمەن. ئەگەر مەقسىدىڭ ماڭا يېتىشىش بولسا، قېنى شۇ ئىشنىمۇ قىل!" دەپتۇ. ئۆزى ئالدىغا كىرىپ قېچىشقا باشلاپتۇ، ئۇكام ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بىر ئۆيدە خېلى ۋاقىت قوغلاشقاندىن كېيىن ئىككىنچى ئۆيگە ئۆتۈپ قوغلىشىپتۇ. قىز بىر ئۆيدىن كىرىپ، ئىككىنچى ئۆيدىن چىقىۋېرىپتۇ. ئۇكام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چېپىۋېرىپتۇ، شەھۋانى نەپسى قوزغىلىپ تامامەن بىر تەلۋىگە ئوخشاپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇكام يۇقىقا بىر تاختىنى دەسسەپ سالغان ئىكەن، تاختا بىلەن پەسكە —

خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا قانداق يۈرىمەن!" دەپتۇ ئۇكام. "قارشىلىق قىلما! ئۇنىڭ كوڭلى ساڭا باغلانغان. ساقىلىڭ بىلەن قىزنىڭ قېشىغا بارساڭ، ئۇنىڭ نازۇك يۈزىگە ساقىلىڭ سانجىلسا، يەنە كوڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇدۇ! ئۇ سېنى ساقالسىز كورۇشنى ئىستەيدۇ. ئازراق سەۋرى قىل! ئىشنىڭ جىقى تۈگەپ ئېزى قالدى. مەيلى قېشىڭنى بوياپ ساقال ـ بۇرتۇڭنى چۈشۈرسە چۈشۈرسۈن!" دەپتۇ. شۇ چاغدا قىز: "توغرا دىدىڭ. ئەمدى بىر نەرسە يەنى ساقال قالدى، ئۇ بولسىمۇ بولمايدۇ. بۇرتىڭىمۇ قويماي چۈشۈرۈڭلار! ئۇ ياش بالىدەك ساقالسىز بولسۇن!" دەپتۇ.

كېنىزەك ئۇكامغا قىزنىڭ بۇيرۇغىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەخمەق ئۇكام بولسا: "ئادەملەردىن تەنە گەپ ئاڭلاپ قانداق باش كوتۈرۈپ يۈرىمەن!" دەپتۇ. "يۈزۈڭدە ئۇنىڭ يۈزىگە قادىلىدىغان بىر نەرسە قالماسلىغى ئۇچۇن، ئۇ بۇيرۇغان ئىشنى ئادا قىل! ئەمدى مەقسىدىڭگە يېتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدىغۇ؟" دەپتۇ بۇۋى. ئۇكام كېنىزەككە بوي سۇنۇپتۇ. ساقىلىنى چۈشۈرۈپتۇ. كېنىزەك ئۇنى قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قارىسا قاشلىق ئىتىلگەن، ساقال-بۇرۇتلىرى چۈشۈرۈلگەن، يۈزى تۈرلۈك رەڭلەردە بويالغان. قىز ئەجەپلەنگەنلىگىدىن كۈلۈۋېرىپ يەرگە دومىلاپ كېتىپتۇ. "چىرايلىق يۈزۈڭ بىلەن مېنى ئوزەڭگە باغلىدىڭ. ئەمدى بىر ئاز ئويناپ بەرگىن!" دەپتۇ قىز. ئۇكام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. كېنىزەك ئۇنىڭغا ياستۇقمۇ، مۇشمۇ، شو پۇكمۇ، ئىش قىلىپ، نىمە ئۇچرىسا شۇنى ئېتىپتۇ. باشقا كېنىزەكلەرمۇ قوللىرىغا نىمە چىقسا شۇ نەرسە بىلەن ئۇكامنى ئۇرۇپ ئېسىنى قويماپتۇ. بۇۋى ئۇكامغا: "ئەمدى مەقسىدىڭگە يەتتىڭ. كورسەت-

ئـگىسى ئىشكىنى ئېچىپ: "نىمە دەيسەن؟" دەپ سوراپتۇ. "خۇدا-ھەققى، بىرەر نەرسە سەدىقە قىلسىڭىز!" دەپ سوراپتۇ ئۇكام.
"سەن قارغۇمۇ؟" دەپـتۇ ئوي ئـگىسى. "ھەئە" دەپتۇ ئۇكام. "بولمىسا قولۇڭنى بەر!" دەپـتۇ ئوي ئـگىسى. ئۇكام "بىر نەرسە بېرىدىغان ئوخشايدۇ" دەپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ. ئوي ئـگىسى تىلەم-چىنى قولىدىن تۇتۇپ، ئويگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردىن ئۇنى تاختا شۇتا بىلەن ئەڭ ئىگىز بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇكام: "بىرەر ۋاخلىق ئاش-نان ياكى كىيىم بەرسە كېرەك" دەپ خۇر-سەن بوپتۇ. يۇقۇرىغا چىققاندىن كېيىن: "نىمە سورايسەن، ئەي قارغۇ؟" دەپتۇ پىخسىق باي. "خۇدا يولىدا سەدىقە سورايمەن!" دەپتۇ ئۇكام. "خۇدا بەرسۇن!" دەپتۇ پىخسىق باي. "بۇ سۆزىڭىزنى مېنى شۇنچە ئىگىزگە ئېلىپ چىقىپ ئېيتقىچە، نىمە ئۈچۈن پەستە چېغىمدىلا دىمىدىڭىز؟" دەپتۇ ئۇكام ئوكۇپ. "نىمە ئۈچۈن سەنمۇ باشتىلا سەدىقە سورىماي، خۇددى مېنىڭ بىلەن ئېلىم-بېرىم قىلغان كىشىدەك پەسكە چۈشۈرۈپ ئىشكىنى ئاچقۇزۇپ، ئاندىن تىلەمچىلىك قىلدىڭ؟" دەپ كايىپتۇ پىخسىق باي. "نىمە قىلماق-چىسەن!" دەپتۇ ئۇكام. "ساڭا بېرىدىغان ھېچ نەرسەم يوق!" دەپـتۇ باي. "ئانداق بولسا مېنى شوتىدىن چۈشۈرۈپ قوي!" دەپـتۇ ئۇكام. "شوتا ئەنە ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، ئۆزەڭ چۈشۈپ كېتىۋەر!" دەپتۇ باي. ئۇكام تىنەپ-تەمترەپ، مىڭ مۇشەققەتتە شوتىدىن چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىر نەچچە بالداق قالغاندا ئايىغى تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بېشى ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا تېگىپ يېرىلىپتۇ. ئۇ، كوچىغا چىقىپ، نەگە بېرىشنى بىلمەپتۇ. شۇ چاغدا ئۆزىگە ئوخشاش بىر نەچچە كور تونۇشلىرى كېلىپ

كوچىنىڭ ئۇتتۇرىسىغا ــ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قاڭقىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ يەر ئەلتىرىچىلەر بازىرى بولۇپ ئادەملەرنىڭ بىرسى سېتىپ، بىرسى ئېلىپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇكام ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئېغىرلىق بىلەن چۈشۈپتۇكى، بەزىلىرىنىڭ بوينى ئۈزۈلۈشكە، بەزىلىرىنىڭ بولسا بېلى چىقىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ. ئۇكامنى بۇنداق شەرمەندە قىياپەتتە يالىڭاچ، يۈز ـ قاشلىرى بويالغان، ساقال ـ بۇرۇتلىرى چۈشۈرۈلگەن هالدا كورۇپ، كىشلەر: "تووا"دەپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپتۇ. ئۇكام هوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىمۇ ئىشەككە تەتۇر مىندۇرۇپ هاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. هاكىم: "بۇ كىم!" دەپ سوراپتۇ. ئادەملەر: "بۇ تەنتەكنى بىزمۇ تونۇمايمىز. بۇ ۋەزىرنىڭ ئويىنىڭ ئۈستىدىن ئەنە شۇ ئەھۋالدا تېرە ـ تەسەك بازىرىغا يىقىلىپ چۈشتى، بىز بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق" دېيىشىپتۇ. هاكىم ئۇنى يۈز دەررە ئۇرۇپ، شەھەردىن قوغلاشقا بۇيرۇپتۇ. مەن ئارقىسىدىن بېرىپ ئىستەپ تاپتىم، كىشىلەرگە تۇيدۇرماي هويلامغا ئېلىپ كەلدىم. هازىرغىچە ئۇنىڭ ئاش ـ غىزاسىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۇكامغا قىلغان بۇ مەردانىلىغىمنى قېنى قايسى مەرت قىلالىغان!..."

## سەتىراچىنىڭ ئۇچىنچى ئۇكىسى

"ئۇچىنچى ئۇكامنى سورىسىڭىز، ــ دېدىم خەلىپىگە، ــ ئىسمى "بەقىق" يەنى غەلۋىچى بولۇپ، كوزى كور ئىدى؛ ئۇ بىر كۈنى تىلەمچىلىك قىلىپ بىر هويلا ئىشىگىنى تاقىلدىتىپتۇ، ئىچكىرىسىدىن: "كىم"دىگەن ئاۋاز چىقىپتۇ، ئۇكام جاۋاپ بەرمەپتۇ. لىكىن هويلا ئىگىسىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كەلگىنىنى ئۇكام سېزىپتۇ. ئوي

ۋاقىرىشىپ: "بۇرادەرلەر، ياردەم قىلىڭلار! ئۆيىمىزگە ئوغرى كىرىپ پۇلىمىزنى ئاپتۇ! ۋاي دات، ئوغرىنىڭ دەستىدىن دات!" دېيىشىپتۇ. دەرھال ئادەملەر توپلىنىپتۇ. "ئوغرى" دەپ كۆرسىتىلگەن پىخسىق بايمۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ھېچكىم شۇبھىلەنمەيدىغان كور قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ: "ھازىر ھاكىمغا بارىمەن، ئەرز قىلىمەن!" دەپ داتلاپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ھاكىمنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھايداپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇكامۇ بار ئىكەن. ھاكىم يېقىنراق كېلىشكە بۇيرۇپ: "نېمە گەپ؟" دەپ سوراپتۇ. "بىزنى ياخشىلاپ قىيىن-قىستاققا ئالمىغىچە سىرنى ئېنىقلىيالمايسىز، — دەپتۇ پىخسىق باي، — قىيىن-قىستاق بىلەن سوراق قىلىشنى ئالدى بىلەن مەندىن باشلاڭ، كېيىن مانا بۇ يول باشلىغۇچىمىزنى تەكشۈرۈڭ" دەپ ئۇكامنى كۆرسىتىپتۇ باي. ھاكىم پىخسىق باينىڭ دۇمبىسىگە توپ-توغرا يۈز دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ بىرنەچچە دەررە ئۇرغاندىن كېيىن ئۇ بىر كۆزىنى ئېچىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇنى يەنىمۇ قاتتىغراق ئۇرۇپتۇ. پىخسىق باي ئىككىنچى كۆزىنىمۇ ئېچىپتۇ. "ھەي لەنتى، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟" دەپتۇ ھاكىم غەزەپلىنىپ. "مېنى بۇ ئازاپتىن قۇتقازساڭ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي" دەپتۇ پىخسىق باي. ھاكىم ئۇنى بوشىتىشنى بۇيرۇپتۇ. "بىز توت كىشى، — دەپتۇ ئۇ، — ئوزىمىزنى قارغۇلۇققا سېلىپ ئادەملەرنى ئالدايمىز، ئۆيلىرىگە كىرىمىز. كېرەك جايدا كۆزنى ئاچىمىز. خوتۇن-قىزلىرىنى كورىمىز، پۇرسەت تاپساق ماللىرىنى ئوغۇرلاپ ئالىمىز. ئۆزلىرىنى پاراكەندىچىلىككە سالىمىز، بوغۇپمۇ تاشلايمىز. چاتاق

قاپتۇ. "بۇگۇن قانچە پۇل تاپتىڭ؟" دەپ سورىشىپتۇ ئۇلار. ئۇكام بولغان ۋەقەنى سوزلەپ: "بۇگۇن يېنىمدا قالغان پۇلدىن بىر ئاز خەجلەيمەن" دەپتۇ تونۇشلىرىغا. پىخسىق باي ئۇلارنىڭ ئارقىسە-دىن ماراپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار باينىڭ كېلىۋاتقىنىنى سەزمەپتۇ. ئۇكام هويلىسىغا كېلىپ ئويىگە كىرىپتۇ. پىخسىق بايمۇ ئويگە بىلىندۇرمەي كىرىپتۇ. ئۇكام ئوز ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ، شېرىكلىرىنى كۇتۇپتۇ. بايمۇ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شېرىكلىرىمۇ يېتىپ كېلىشىپ ئويگە كىرىپتۇ. ئۇلار ئويگە كىر-گەندىن كېيىن ئۇكام: "ئىشىكنى ئېتىڭلار، ئۇ ياق-بۇ ياقنى ياخشىلاپ قاراپ سىلاپ چىقىڭلار. بىرەر غەيرى ئادەم كىرىپ قالغان بولمىسۇن يەنە!" دەپتۇ. پىخسىق باي ئۇكامنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ تورۇسقا ئېسىغلىق تۇرغان بىر ئاغامچىغا ئېسىلىۋاپتۇ. ئۇلار ئويىنىڭ هەممە تەرىپىنى سىلاشتۇرۇپ تىمىسقىلاپ چىقىپتۇ. هېچ نەرسە ۋە هېچكىمنى ئۇچراتماپتۇ. كېيىن ئۇكامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، يانلىرىدىن پۇللىرىنى ئېلىپ ساناشقا باشلاپتۇ. قارىسا ئون مىڭ تەڭگىدىن جىق ئىكەن. ئۇلار ئوزلىرىگە ئارتۇغىنى قالدۇرۇپ، ئون مىڭ تەڭگىنى ئويىنىڭ بۇرجەكلىرىگە كومۇپتۇ. قالغان قاتقان نانلىرىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇكام ئويدە يات كىشىنىڭ بارلىغىنى سېزىپ قاپتۇ. شېرىكلىرىگە: "ئويدە يات كىشى بارغا ئوخشايدۇ،" دەپ ئەتراپىنى تىمىسقىلاشقا، سىلاپ-سىپاپ ئىزلەشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇكامنىڭ قولى پىخسىق باينىڭ قولىغا تېگىپ كېتىپتۇ. "مانا يات كىشى!" دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇكام. هەممىلىرى بىرلىشىپ باينى راسا دۇمبالاپتۇ. قارغۇلار

چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. مەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئۇكامنىڭ كەينىدىن باردىم. يوشۇرۇن ھالدا ئۇنى شەھەرگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىۋاتىمەن".

خەلىپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ: "بۇنىڭغا مۇكاپات بېرىڭلار، كەتسۇن!" دېدى. مەن: "قالغان ئۇكىلىرىمنىڭ ۋەقەسىنى تامامەن سۆزلەپ بولمىغىچە ھېچ نەرسە ئالمايمەن" دېدىم.

## سەتىراچىنىڭ تۇتىنچى ئۇكىسى

"تۇتىنچى ئۇكام، — دېدىم خەلىپىگە، — ئەلقۇززۇلسانى يەنى ئاغزى-تىلى ئاچچىق، بىر كوزلۇك بولۇپ، باغداد شەھىرىدە قاساپلىق قىلاتتى. ئۇ، بۇ ھۈنىرى بىلەن باي-باياشات ياشايتتى، كوپ دۇنياغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ياخشى ئۆي-جايلارنى سالدۇرۇۋالدى، ھال-ئوقىتى ياخشى ئىدى. خېلى ۋاقىتقىچە بىر خىلدا ئوتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئاقساقال كىشى كېلىپ ئۇنىڭ دۇكىنىدا تۇرۇپتۇ. بىرقانچە تەڭگە پۇل بېرىپ، گوش بېرىشنى سوراپتۇ. ئۇكام گوش تارتىپ بېرىپتۇ. ئاقساقال گوشنى ئېلىپ كەلگەن يولىغا كېتىپتۇ. ئۇكام قېرىنىڭ بەرگەن پۇلىنى كورسە، ئاپپاق پارقىراپ تۇرغىدەك. ئۇلارنى بىر چەتكە ئالاھىدە قىلىپ ئايرىپ قويۇپتۇ. ئاقساقال ھەر كۈنى گوش ئالغاندا، شۇنداق يېڭى پۇل ئېلىپ كېلىپ بېرىۋېرىپتۇ. بەش ئايدىن ئارتۇغراق ۋاقىت ئوتۇپتۇ. ئۇكام قېرىنىڭ بەرگەن پۇلىنى ھامان ئايرىم ساندۇققا سېلىپ مەھكەم ساقلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، يىغىپ قويغان بۇ پۇلغا قوي ئالماقچى بوپتۇ. ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا،

چىقسا قارغۇ بولىۋالىمىز. شۇنداق قىلىپ، خېلى جىقلا پۇل توپلىدۇق. ھازىرغىچە بۇ پۇلىمىزنىڭ ئون مىڭ تەڭگىدىن ئاشقانلىقى مەلۇم. مەن شېرىكلىرىمگە، ئۆز ھەسسەمنى بەرسەڭلار دىسەم، ئۇلار مېنى ئوغرى! دەپ تۇتۇۋېلىپ ئۇردى. مەن سىزدىن ياردەم سورايمەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى مېنىڭدىنمۇ قاتتىقراق ئازاپلاپ ئۇرسىڭىز كۆزلىرىنى ئاچىدۇ." ھاكىم ئۇلارنى قىستاشقا باشلاپتۇ. ئۇرۇشنى ئاۋال ئۇكامدىن باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئېسى ئېغىپ ھۇشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپتۇ. ئۇكام قارغۇ كۆزىنى ئاچالماپتۇ. "توختاڭلار، كۆزىنى ئاچسۇن!" دەپتۇ ھاكىم. لېكىن ئۇكامنىڭ كۆزى ئېچىلماپتۇ. ھاكىم: "ئەي لەنىتىلەر، نىمە ئۈچۈن خۇدا بەرگەن نۇرانى كۆزلىرىڭلارنى يوشۇرۇپ، قارغۇ قىلىپ، ئادەم ئالدايسىلەر!" دەپ سوراپتۇ. ئۇكام دات پەريات قىلىپ نالە-زار قىپتۇ. "ئەزىبىرايى خۇدا، مەن راست قارغۇمەن" دەپتۇ ئۇكام. ھاكىم ئۇنىڭ قالغان شېرىكلىرىنىمۇ ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. پىخسىق باي: "كۆزۈڭلارنى ماڭا ئوخشاش ئېچىڭلار، ياخشىلىقچە ئاچمىساڭلار، سىلەرنى ئۇرۇدۇ، قاتتىق ئازاپ بىلەن قىينايدۇ" دەپتۇ. پىخسىق باي يوشۇرۇپ قويغان پۇلنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھاكىم تەرىپىدىن كىشى قوشۇشنى سوراپتۇ. "بۇلار بەرى بىر ئاسانلىقچە كۆزلىرىنى ئاچمايدۇ. كىشىلەر ئالدىدا سىرلىرى ئېچىلىپ رەسۋا بولۇشنى خالىمايدۇ" دەپتۇ. ھاكىم پۇلنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پىخسىق بايغا كىشى قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار پۇلنى ئېلىپ كېلىپ ھاكىمغا بېرىپتۇ. ھاكىم ئۈچ مىڭ تەڭگىنى پىخسىق بايغا بېرىپتۇ. قالغان ئۈچ قارغۇنى يەنە ئازاپلاپ كورۇپ، كۆزى ئېچىلمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى، نەتىجىسى يوق بۇ ئىشتىن زېرىكىپ، شەھەردىن قوغلاپ

ئىسىغلىق گوش قوينىڭ ئەمەس، ئادەمنىڭ گوشى ئىكەن. ھەممە بىردىن ئۇكامغا يېپىشىپتۇ. ئۇنى سورەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، مۇتىھەم، ئىپلاس، شەرمەندە دەپ ھاقارەت قىلىشىپتۇ. ئۇكامنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولسا: "سەن تېخى بىزگە قوي گوشى دەپ ئادەم گوشى سېتىپ يۈرگەنمىدىڭ؟" دەپ يۈز-كوزلىرىگە ئۇرۇپتۇ، تېپىپتۇ. قېرى كېلىپ ئۇكامنىڭ بىر كوزىگە مولچەرلەپ ئۇرغان ئىكەن، ئۇكامنىڭ بىر كوزى قۇيۇلۇپ كېتىپ، شۇنىڭدىن بېرى بىر كوزلۇك بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بوينىغا كانارىدىكى ئادەم گوشىنى ئېسىپ، ئۇنى شەھەر ھاكىمىنىڭ قېشىغا سورەپ ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاكىمغا توغرىلاپ: "بۇ مۇتىھەم، قوي گوشى دەپ بىزنى ئالداپ ئادەم گوشى سېتىپتۇ!" دەپ، بولغان ۋەقەنى سوزلەپ، ئەرىزە قىلىشىپتۇ. "راستمۇ؟ جاۋاپ بەر!" دەپتۇ ھاكىم غەزەپلىنىپ. ئۇكام ئوزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن، ھاكىم گوشنى كورۇپ، ئۇكامنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماپتۇ. بەش يۈز دەررە ئۇرۇپ، ھەممە مال-مۈلكىنى ۋە پۇللىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئەگەر مال-دۇنياسى كوپ بولمىغاندا، ئۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتىدىكەن. پۇل ۋە مېلى جېنىغا ئارا تۇرۇپ، ئۇنى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىشقا سەۋەپچى بوپتۇ. ئۇ، شەھەردىن چىقىپ نەگە بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى بىر چوڭ شەھەرگە بېرىپتۇ. ئوزىچە ئويلاپ، باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى ياماقچىلىق قىلىپ جان بېقىشنى ئوزىگە لايىق كورۇپتۇ. شۇ مەقسەت بىلەن، كىچىككىنە بىر دۇكان ئېچىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئىش ئۇچۈن، ياماقچىلىق دۇكىنىدىن چىقىپ بازارغا كېتىۋاتقان ئىكەن، ئۇزاقتىن كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياق تىۋىشى

ئۇ پۇلمۇ ئەمەس، ھەممىسى كېسەلگەن ئاق قەغەز بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇكام ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپتۇ، ۋاي سېلىپ، دات-پەريات قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر توپلىنىپتۇ. قاساپ ئۇكام بولغان ۋەقەنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ. ھەممە بۇ ۋەقەگە ھەيران بولۇپ، نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشىپتۇ. ئۇكام يەنە ئاۋالقىدەك قوي سويۇپتۇ. ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇكام شۇ گوش ئالغان كىشىنىڭ يەنە بىر كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئارىدىن ئانچە كوپ ئۆتمەي، قېرى گوش ئېلىش ئۈچۈن دۇكانغا كەپتۇ. ئۇكام ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا سورەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئادەملەرگە قاراپ: "بۇ ئوغرى قېرىنىڭ ماڭا قىلغان ئىشلىرىنى كورۇڭلار" دەپتۇ. قېرى: "ياخشىلىقچە مېنى قويۇپ بەر. بولمىسا ئادەملەرگە سىرىڭنى ئېچىپ تاشلايمەن، شەرمەندە قىلىمەن!" دەپتۇ. ئۇكام: "مەن سېنى شەرمەندە قىلىمەن،—دەپتۇ قېرى ۋاقىراپ،—قوي گوشى دەپ ئادەم گوشى ساتقانلىغىڭنى پاش قىلىپ رەسۋا قىلىمەن". "يالغان سوزلىمە لەنىتى!—دەپتۇ ئۇكام،—بۇ سېنىڭ ئىككىنچى قېتىم يالغان سوزلەپ، ئادەم ئالدىغىنىڭ بولۇدۇ!". "بولمىسا، ئادەم گوشى ئېسىپ قويىغان دۇكان كىمنىڭ دۇكىنى؟" دەپ سوراپتۇ قېرى. "ئەگەر راست شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مېلىممۇ، جېنىممۇ—ھەممىسلا سېنىڭكى بولسۇن!" دەپتۇ ئۇكام تېرىكىپ. "بۇرادەرلەر،—دەپتۇ قېرى ئادەملەرگە قاراپ،—بۇ نەس قاساپ ھەر كۈنى قوي گوشى دەپ ئادەم گوشى ساتىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار دۇكىنىغا كىرىپ كورۇڭلار!" ئادەملەر قاساپنىڭ دۇكىنىغا قارىسا، كانارىدىكى

پۇتلىرىمىزدىن ئاياق چۇشۇپ قالدى. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بىز كوز يۇمۇپ ئۇخلىغىنىمىزمۇ يوق." "مېنى شۇنچىلىك ئىزلەپ نىمە قىلماقچىدىڭلار؟" دەپتۇ ئۇكام. "سەن بىزنى شەرمەندە قىلىپ، ھىلە بىلەن ئوي ئىگىسىنى سويماقچىمۇ؟ بىزنى قورقۇنچىغا سالغان پىچىغىڭنى بەر!"دەپ، ئۇكامنىڭ ياقىسىنى مەككەم تۇتۇپ تۇرۇپ، يېنىنى ئاختۇرۇپتۇ. بەلۋىغىغا ئېسىغلىق چەم كېسىدىغان بىرەندە-سىنى تېپىپ ئاپتۇ. "شېرىكلىرىڭ بىلەن ساڭا ئۇنىڭ پۇللىرىنى ئوغۇرلاش يېتىشمىگەنمىدى؟" دەپتۇ ئۇلار. ئۇكام بۇلارغا قاراپ: "ناھايىتى قىزىق ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كوچۇرۇۋاتىمەن" دەپتۇ. "قانداق ۋەقەلەرنى باشتىن كوچۇردۇڭ؟" دەپ سوراپتۇ ئۇلار. ئۇكام بېشىمدىن ئوتكەن ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، ئىچى ئاغرىپ، مېنى بوشاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ھەممە ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ سەرگۇزەشتىلىرىگە ھەتتا ئېتىۋارمۇ قىلماپتۇ. ئۇلار ئۇكامنى ياقىسىدىن بوغۇپ ئۇرۇپتۇ. كىيىملىرىنى يەشتۇ-رۇپ، بەدەنلىرىدىكى دەررە ئىزلىرىنى كورۇپ: "ئەي لەنىتى، ئەگەر سەن ئوغرى ياكى مۇتىھەم بولمىساڭ، دۇمبەڭدىكى دەررە ئىزلىرى قانداق پەيدا بولغان؟" دەپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا سورەپتۇ. ئۇكام ئوزىچە: "كونا گۇنايىم ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسا، ھاكىم بۇنىڭ ئۇچۇن مېنى ئولتۇرمەي قويمايدۇ" دەپ ئويلاپ يىغلاپتۇ. ئۇنى ھاكىمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ: "ئەي مۇتىھەم، سەن بۇلارنىڭ ئويىگە كىشى ئولتۇرۇشكە كىرىپسەن. كىشى ئولتۇرۇشكە سېنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟" دەپتۇ ھاكىم غەزەپ بىلەن. "ئەي ھاكىم، ئەزىبىرايى خۇدا، مەن ئۇ يەرگە ئۇنداق مەقسەتتە كىرگىنىم يوق!—دەپتۇ ئۇكام،—سوز-

ئاڭلىنىپتۇ. ئادەملەردىن: "نېمە گەپ؟" دەپ سوراپتۇ ئۇكام. كىشىلەر شاھنىڭ ئوتتۇشىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئىكەن. شاھنىڭ كوزى ئۇكامغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان ئىكەن. شاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئەسكەرلىرىگە قاراپتۇ، ئۇكامنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇكامنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپتۇ، قىيناپتۇ. ئۇكام شۇ يەردىلا يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۆلۈشكە ئاز قاپتۇ. ئەمما بۇرۇنقى قاسساپ، ھازىرقى ياماقچى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەپتۇ. زورمۇ-زور ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ، بولۇپ ئوتكەن ۋەقەنى شاھنىڭ خادەملىرىدىن بىرىگە ئېيتىپتۇ. "شاھ بىر كوزلۈك، بولۇپمۇ ئوڭ كوزى يوق ئادەملەرنى بۇرۇن-دىنلا ياقتۇرمايدۇ. ئۇ، بۇنداق كىشىلەرنى كورسە، ئۆلتۈرمىگىچە قويمايدۇ، ئەسلىدە شاھىمىز ئىشكارغا ماڭغان ئىدى، سېنى كورۇپ كوڭلى غەش بولۇپ، ئىشكاردىن ياندى. سېنىڭ تاياق يېيىشىڭنىڭ سەۋەبى مانا شۇ!" دەپتۇ شاھنىڭ خادىمى.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئۇكامنى غەم-قايغۇ بېسىپتۇ. باشقا شەھەرگە كېتىشكە قارار قىپتۇ، دەرھاللا باشقا شەھەرگىمۇ قېچىپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، تاماشا قىلىپ كېلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇكام قورقۇپ، موكۇۋېلىشقا جاي ئىزلەپتۇ، ئەمما ئەپلىك جاي تېپىلماپتۇ. قارىسا قارشىسىدا يېپىق ئىشىك تۇرغىدەك. ئۇنى ئاچماقچى بولۇپ، ئىشىكنى ئىتتەرگەن ئىكەن، ئىشىك ئورۇلۇپ چۈشۈپتۇ. ئىچكىرى كىرىپ، ئىشىكنى تۈزەۋاتقان ئىكەن، بىردىنلا ئىككى كىشى ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: "سېنى ئۈچ كۈندىن بېرى ئىزلەپ يۈرۈپ ھالىمىز قالمىدى،

يەتتە يۈز تەڭگە مىراس قالغان ئىدى. ھەر بىرىمىز يۈز تەڭگىدىن بولۇشۇپ ئالدۇق. بۇ بەشىنچى ئۇكام مىراس تەككەن تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى؛ ئويلاپ-ئويلاپ، ئۇ، چىنە ۋە شىشە پۇرۇشلۇق قىلماقچى بولۇپ، پۇلىغا ھەر خىل چىنە ۋە شىشە قاچىلارنى ئالدى. ئالغان ماللىرىنى بىر چوڭ سىۋەتكە سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر چوڭ چەپچەكلىك يەتنۇسنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر مال تىزىپ، ئادەم تولا ماڭىدىغان تام تۈۋىدىكى قىرغاقتا ئولتۇرۇپ سېتىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇكام ماللىرىنى ئالدىدىكى سۇپىغا قويۇپ، ئۆزى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتىپتۇ: "يۈز تەڭگىگە چىنە ۋە شىشە قاچا ئالدىم. ئۇنى ئىككى يۈز تەڭگىگە ساتسام، كېيىن ئىككى يۈز تەڭگىگە چىنە ۋە شىشە قاچا ئېلىپ، تۆت يۈز تەڭگىگە ساتسام، پۇلۇم كۆپەيگەنچە شۇنداق قىلسام، جىق دەسمايىغا ئىگە بولىدىكەنمەن. كېيىن پۇللارغا ئەڭ قىممەتباھا ماللارنى ئالسام، ئۇلاردىن يەنىمۇ كۆپراق پايدا ئالىمەن. بۇ پۇلغا ياخشى قورو-جاي ئالسام نېمە دېگەن ياخشى. ئۇ چاغدا قۇللار، ئاتلار سېتىپ ئالسام، ئاتقا ئالتۇندىن ئىگەر جابدۇق ياساتسام، ماڭا نېمە دېگەن ئابروي-ھە؟ ئۇنىڭغا يارىشا، ياخشى يېسەم-ئىچسەم؛ بۇنداق چاغلاردا شەھىرىمىزدىكى داڭدار سازچىلارنىڭ ھەممىسىنى قىچقىرىپ ئوينىسام، بەزمە قىلسام، ئولتۇرۇشلارنى باشقۇرسام، شۇنداقلا پۇلۇمنىمۇ كۆپەيتىپ يۈزمىڭ تەڭگىگە يەتكۈزسەم-ھە؟ ..." يەتنۇس ئالدىدا ئۇكام ئۆزىچە خىيالىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ: "پۇلۇم يۈزمىڭ تەڭگىگە يەتكەندىلا، شاھ ياكى ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتسەم؛ ئاڭلىشىمچە ۋەزىرنىڭ قىزى ناھايىتىمۇ چىرايلىق، بەكمۇ

لىرىمگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىشىڭىزنى، ماڭىمۇ دىققەت-ئېتىۋارىڭىزنى بېرىشىڭىزنى سورايمەن.» «يىگەن تاياقلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى چوڭ جىنايەت قىلغانلىقىڭىزنى، ئۆزەڭنىڭ چوڭ جىنايەتكار ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئادەملەرگە خەۋپ سالغان كىشىنىڭ سوزىگە قۇلاق سېلىش ئېقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپتۇ ھاكىم. ئۇ، ئۇكامىنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا، تۈگىگە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىپ، شەھەرنىڭ ئىچى-تېشىنى ئايلاندۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ياماقچى ئۇكامنى تۈگىگە تەتۈر مىندۈرۇپتۇ. ئادەم كوپچۈم تۇرغان جايلاردا توختىتىپ جاكاچى: «مانا ئوغرىلار ئۈچۈن ئەڭ كىچىك، ئەڭ يېنىك جازا» دەپ جار سېپتۇ. ئاخىرىدا، ھاكىم ئۇكامنى شەھەردىن قوغلاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇكام شەھەردىن قوغلاندى بولۇپ چىقىپ، بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مەن ئۇكامنىڭ ئىزىدىن ئىزلەپ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇكام ۋەقەنى باشتىن-ئاياق ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇنى ئادەملەردىن يوشۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەلدىم. كېرەكلىك ياردىمىنى قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

## سەتىراچىنىڭ بەشىنچى ئۇكىسى

«بەشىنچى ئۇكامغا كەلگەندە — دېدىم خەلىپىگە، — ئۇنىڭ ئىسمى ئەلەششار، يەنى ئېلىپ قاچار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى كېسىلگەن. ئۇ ناھايىتىمۇ كەمبەغەل ئىدى، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كۆچۈرەتتى. بىزنىڭ ئاتىمىز قېرىپ مۇكچۇيۇپ، ماڭىدىغان يولىنى پەرق ئېتەلمەس ھەم ماغالماس بولۇپمۇ قالغان ئىدى. ئۇ، بىر كۈنى ئاغرىمايلا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن بىزگە

سوزدىمۇ بوش كەلمىسەم، كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، خوتۇنۇم تەرەپتىن بىرسى كەلسە، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغىمۇ پۇل بەرسەم، كىيىم-كېچەك كىيگۈزسەم، ئەگەر ئۇ ماڭا بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلگەن بولسا، تەكەببۇرلۇغۇمنى كورستىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە قىلسام؛ كېيىن ئۆزەمگە سولەت كىرگۈزۈپ پەرداز قىلسام، شۇنىڭدىن كېينلا قىزنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلسام؛ ئۆيلەرنىمۇ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ياسىداق قىلسام، قىز بىلەن كورۈشۈش ۋاقتىدا ئەڭ قىممەتباھا كىيىملىرىمنى كىيىپ، قەۋەت-قەۋەت ئەتلەس كورپىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ غادىيىپ، كېرىلىپ ئولتۇرسام؛ ئەقلىمنىڭ كوپلىگىدىن، پىكرىمنىڭ ئۆتكۈرلىگىدىن ئۆزەمگە تەمەننا قىلىپ، ئوڭ ۋە سولغا مىت قىلىپ قارىماي ئولتۇرسام؛ خوتۇنۇممۇ ئالدىمدا قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ، ھەر تۈرلۈك زىننەت-جابدۇقلىرىنى تاقاپ. ئايدەك ياسىنىپ، قول باغلاپ تۇرسا؛ مەن تېخى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغانلىغىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قويسام؛ ئەتراپىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى: "ئەي ھورمەتلىك كۆيوغۇل، ئالدىڭىزدا كېنىزىكىڭىز كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى، سىزگە قاراپ كوزلىرى تېشىلەي دىدى، ئاياقلىرى تالدى..." دەپ قايتا-قايتا ئىلتىماس بىلەن يەرنى سۆيگەندىن كېيىن، بېشىمنى كوتۈرۈپ بىر قاراپ قويسام بولىدى. شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ مەن يەنە بېشىمنى تۆۋەن سېلىۋالسام، ئۇنى ياتىدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىرسە؛ مەن ئۈستۈمدىكى كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ، يەنىمۇ قىممەتلىكرەك كىيىملىرىمنى كىيسەم؛ خوتۇنۇنى يېنىمغا ئېلىپ كەلگەندە، يەنە بىر نەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلمى-

كېلىشكەن دەيدۇ. شۇنىڭغا ئەلچى ئىۋەتىپ كورسەم ـ هە؟ ئۇنىڭ مېھرى ھەقىقى ۋە تويلىغىدا دەپ مىڭ تىللا بەرسەم؛ ئەگەر ئاتىسى كونسە، ئىشمۇ ئاسانلا پۈتەر؛ كونمىسە، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن زورلاپ ئالسام. شۇنىڭ بىلەن داڭقىمنى يەنە بىر ئاشۇرسام نىمە دىگەن ياخشى ئىش ـ هە؟ تېخى ئۇ ئويۇمگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ياش چورە ئېلىپ بەرسەم؛ ئۇزەمگە شاھلار كىيىمدەك كىيىملەر ئالسام، تۈرلۈك قىممەتباھا تاشلار ئورنىتىلغان ئات ـ جابدۇق ئالسام، تۈرلۈك قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ كوچىغا چىققىنىمدا، ئالدى تەرىپىمدىمۇ، ئارقا تەرىپىمدىمۇ ئوڭ ۋە سول يانلىرىمدىمۇ قۇللىرىم بولسا، شۇلار بىلەن شەھەر ئايلانسام؛ ئادەملەر ماڭا يول ئېچىپ، قول باغلاپ، سەپ بولۇپ تۇرسا، سالام بەرسە، شۇنداق داغدۇغا بىلەن خوتۇنۇمنىڭ ئاتىسى — ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بارسام؛ ۋەزىر قۇللارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ شاھلاردەك تۇرغىنىمنى كورۇپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى كۈتۈپ ئالسا، مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى پەگاغا چۈشۈپ، ‹خوش› دەپ قول قوشتۇرۇپ، باش ئېگىپ تۇرسا؛ ھەي ـ ھەي. يەنە مەن بىللە بارغان ئىككى قۇلنىڭ قولىدىكى يىپەك ھەميانىنىڭ ئىچىگە مىڭ تىللادىن پۇل سېلىنغان بولسا، ۋەزىرگە قىزىنىڭ يۈزى ئۈچۈن مىڭ تىللا بەرسەم، قالغان مىڭ تىللانى ۋەزىرنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلسام؛ مېنىڭ قولۇمنىڭ ئوچۇقلۇغىنى، پۇلدارلىغىمنى. بۇنداق پۇللارنى نەزىرىمگە ئىلمايدىغانلىغىمنى ۋەزىرگە بىر كورسەتسەم. ئۇمۇ مېنى بىر كورۇپ قويسا، مەن مانا مۇشۇنداق قىلسام ـ هە؟! ... ئۇ، ئون ئېغىز گەپ قىلسا، مەن ئىككىلا ئېغىز سوز بىلەن جاۋاپ بېرىپ قايىل قىلسام؛

ئەركەك چىۋىنىگىمۇ كوزى چۈشمىگەن. سېنى بۇنداق هالدا كورۇپ، ئۇنىڭ نازۇك كوڭلى سىندى. ئۇنىڭغا قارا، ئۇنىڭ بىلەن سوزلەش، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئال! مېهرىۋانلىق كورسەت!" دەپ كېلىپ، ماڭا شاراپ سۇنسا ۋە قولىغا ئاياق ئېلىپ لىق تولدۇرۇپ، ئىككى قوللاپ تۇتسا، ئاياقنى ئالماي، خېلىغىچە ئۇنى كۇتتۇرۇپ تىك تۇرغۇزۇپ قويسام؛ ئوزەم سېتىپ ئالغان تور ياستۇققا يولەنگىنىمچە تۇرىۋەسەم ـ هە؟ بۇ مەن ئۇچۈن ئۇلۇق دەرىجە ئەمەسمۇ؟ ئۇ، ئوزىچە: "بۇ قانداق چوڭچىلىق ـ هە"دەپ، ماڭا قاراپ تىكىلىپ: "بۇ قېرى چورىڭىزنىڭ قولىدىكى ئاياقنى قايتۇرماڭ، قانداقلا بولمىسۇن، مەن سىزنىڭ قېينى ئانىڭىزمەن" دېمىگىچە، مەن تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قارىمىسام، ئاڭلىماسلىققا سېلىپ تۇرىۋەرسەم، شۇ چاغدىمۇ مەن ئۇنىڭغا هېچ نەرسە دېمىسەم؛ "چورىڭىزنىڭ قولىنى قايتۇرماڭ!" دەپ قىستاپ كەلسە، ئاغزىمغا تەڭلەپ كېلىپ، لېۋىمگە تەككۈزسىمۇ ئىچمەي، قولۇم بىلەن نېرى ئىتتەرسەم، مانا شۇنداق قىلىپ ئايىغىم بىلەن كېلىنشتۇرۇپ تەپسەم" دەپ، پەتنۇسنى سىۋەت بىلەن قوشۇپ بار كۈچى بىلەن تېپىپتۇ. پەتنۇس بىلەن سىۋەت سۇپىدىن شىشە ـ چىنە قاچىلىرى بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈپ، هەر تەرەپكە چېچىلىپ سۇنۇپ پارچە ـ پارچە بوپتۇ. پەتنۇس بىلەن سىۋەتتىكى قاچىلاردىن بىرەرسىمۇ ساق قالماپتۇ. ئۇكام داتلاپتۇ. "بۇ مېنىڭ ئاچچىغىمنىڭ يامانلىغىدىن ۋە تەكەببۇرلۇغۇمدىن بولدى!" دەپتۇ. تۇنجۇقۇپ كەتكەنلىگىدىن، كىيىملىرىنى يىرتىپ يىغلاپتۇ، ئوزىنى ئۇرۇپتۇ. نامازغا ئالدىراپ كېلىۋاتقان كىشلەر توختاپ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىنىپتۇ، بەزىسى كوڭلىدە: "جىق پايدا كوزلەپ،

غىچە قارىماي قويسام، پەقەت كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغىنىدا ۋە يېلىنغىنىدىلا بىر قارىسام، يەنە بېشىمنى تۆۋەن سالسام، قىز كۆرۈش تامام بولغىچە شۇنداق ئۇلۇغۋار سۈپەتتە تۇرسام، ئۇنى يەڭگىلىرى يەنە ياساپ تۈزەشتۈرسە...»

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز ئىككىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

ئۇ خىيالىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ: «كېيىن قوللاردىن بىرىگە بەش يۈز تەڭگە پۇل ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇسام، بۇ پۇلنى قىزنى ياساپ-بېزىگۈچى يەڭگىلىرىگە بەرسەم، كېيىن خوتۇنۇمنى ئالدىمغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇسام، ئېلىپ كىرگەندە ئۇنىڭغا يەنە قارىماي قويسام؛ مېنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت كۆز قىرى ئارقىلىقلا تونۇشسام؛ قىزنىڭ ئانىسى كەلسە، پىشانەمدىن سۆيسە، «ھۆرمەتلىك كۈيوغلۇم، مەرھەمەت قىلىپ چۆرەڭگە قاراپ قوي! ئۇ ساڭا يېقىنلىشىشنى ئىستەيدۇ، ئۇنىڭ دىلىغا داۋا قىل! ئۇ خېلىدىن بېرى ساڭا تازىم قىلىپ تىك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا رەھىم قىل!» دەپ كېلىپ قول-پۇتلىرىمنى سۆيسە ۋە يېلىنسا، مەن لام-جىم دېمەي تۇرسام؛ ئانىسى يەنە كېلىپ بىرنەچچە قېتىم ئايىغىمنى سۆيسە، «ئەي ھۆرمەتلىك كۈيوغلۇم، قىزىم جەننەتتىكى ھۆرگە ئوخشاش چىرايلىق، ئۇمرىدە

ئالسام." ئۇكام: "مەرھەمەت، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ!" دەپ، بۇۋىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇۋى كىرىپتۇ. ئۇكام ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتۇۋىدا سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بېرىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ. قولىدىكى تىللانىڭ كوپلىكىدىن تېنىسكە سىغماي قاپتۇ. ئۇلارنى پۇلدانىغا سېلىپ كورۇپتۇ. يەنە ئېلىپ خالتىسىغا سېلىپ چىڭ باغلاپتۇ. ئۇ، پۇلىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغىچە، بۇۋىمۇ تاھارەت ئاپتۇ. كېيىن ئۇكام ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلاپتۇ. بۇۋى نامىزىنى تۈگىتىپ، ئۇكامغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىپتۇ. ئۇكام بۇۋىنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىپتۇ. خالتىسىغا قول سېلىپ ئۇنىڭدىن ئىككى تىللا ئېلىپ بۇۋىگە بېرىپتۇ. "مەن سېنى ياخشى كورۇپ دۇئا قىلسام، سەن مېنى گاداي كورۇپ ماڭا پۇل بېرىۋاتامسەن؟ ئال پۇلۇڭنى! تارت قولۇڭنى! ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس. مەن بۇ دۇنيادىن قول ئۈزگەن كىشىمەن. ئوزەڭنىڭ يانچۇغۇڭغا سېلىپ قوي! ــ دەپتۇ بۇۋى، ــ ئەگەر سەن بەك باي بولساڭ، بۇ پۇلنى ئوزىنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر! شۇ پۇلنى بەرگەن خوتۇن بىلەن كورۇشۇشنى خالساڭ، ئۇنىڭ بىلەن كورۇشتۇرۇپمۇ قويەمەن. ئۇ ئايال مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىم بولۇدۇ." "ئۇنى تېپىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك، ئەي ئانا؟" دەپتۇ ئۇكام. "ئوغلۇم، ــ دەپتۇ بۇۋى، ــ ئۇ باي، قولى ئوچۇق، چىرايلىق ئايال. ئۇ، پۇللۇق ئادەملەرنى ياخشى كورۇدۇ. ھەممە پۇلۇڭنى ئال! مېنىڭ ئارقامدىن ماڭ! مەن ئېلىپ بارىمەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىڭدا، قولۇڭدىن كەلگىنىچە يېقىملىق، شىرىن، تاتلىق، ئەركىلەتكۈچى سوزلەرنى كوپ قىل! شۇ چاغدا ئۇنىڭ جامالىغىمۇ،

قىممەت ساتقانىنىڭ، كىشىگە زىيان كوزلىگەنىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ..."
دەپتۇ. ئۇكام بىچارە نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟ خىيالدىكى پايدىنىغۇ
ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قولىدىكى نەق پۇلدىنمۇ ئاجراپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن شۇ يەردە خېلىغىچە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يىغلاۋېتىپ قارىسا،
ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر خوتۇن زىننەتلىك ئېگەرلەنگەن بىر
خېچىرنى مىنىپ ئوتۇپ كېتىۋاتقىدەك. ئارقىسىدىن بىرقانچە
قۇللار ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ، ئايال ئوتۇشى بىلەن،
ھەممە تەرەپنى ئىپار-ئەتىرنىڭ خۇشبۇيى بېسىپتۇ. خوتۇن
ئۇكامنىڭ يېنىدا سۇنۇپ ياتقان قاچا-قۇچىلارنى، ئۇنىڭ يېنىدا
غەم-قايغۇ بىلەن يىغلاپ ئولتۇرغان ئۇكامنى كورۇپ رەھمى
كەپتۇ. توختاپ ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇكام ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ
قويۇپ، تىلىمۇ قولاشماي قالغان ئىكەن، گەپ قىلالماپتۇ.
"بىچارە ئېغىر كۇلپەتلەرگە ئۇچراپ، چىدىيالماي يىغلاۋاتىدۇ"
دىيىشىپتۇ يېنىدىكىلەر. خوتۇن ئوز قۇللىرىدىن بىرىنى قىچقىرىپتۇ:
"يېنىڭدا بار پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى بۇ بىچارىگە بەر!" دەپتۇ قۇلىغا.
قۇل ئۇكامغا بىر خالتا پۇل بېرىپتۇ. ساناپ كورسە، بەش يۈز ئالتۇن
ئىكەن. ئۇكام بۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ، خوشلىقىدىن ئوزىنى يوقىتىپ،
جېنى چىققۇدەك ھودۇقۇپ قاپتۇ. ئۇكام ئۇ خوتۇنغا نېمە دەپ
مىننەتدارلىق بىلدۇرۇشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. باي بولۇپ
ئويىگە قايتىپتۇ. يەنە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىردىن
ئىشىك قېقىلىپتۇ. بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. قارىسا، كورمىگەنلا
بىر قېرى بوۋى ئىكەن. "ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ، — ناماز ۋاقتى
ئوتۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئويۇمگە يەتكىچە ناماز قازا بولىدىغاندەك.
ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، ئويۇڭدە تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ

گەۋدىلىك بىر قارا قۇل كىرىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا يالىڭاچلانغان
قىلىچ بار ئىكەن. "ھوي ئۇلۇم كەلمىگەن، — دەپتۇ ئۇ ئۇكامغا. —
سېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ
ئولتۇرىسەن؟" ئۇكامدا جاۋاپ بەرگىدەك ماجال قالماپتۇ، ئاللە-
قاچان ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئىكەن، تىلى تۇتۇلۇپ سوزلىيەل-
مەي قاپتۇ. قۇل ئۇكامنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۇرۇشقا
كىرىشىپتۇ. كالتەك زەربىدىن ئۇكامنىڭ جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ
يىقىلىپتۇ. رەھىمسىز قۇل "ئۇنى ئولتۇردۇم" دەپ ئويلىغان ئىكەن.
تۇز ئېلىپ كەلگەن كېنىزەكنىڭ "ئۇ قېنى؟" دىگەن سوزىنىمۇ
ئۇكام ئاڭلاپتۇ. كېنىزەك قۇلنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدا تۇز قويۇپتۇ.
قۇل ئۇكامنىڭ بەدىنىدە تاياقتىن پەيدا بولغان يارىلىرىغا تۇز
چېچىپتۇ. ئۇكام قۇلدىن قورقۇپ، ئوزىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى
بىلدۇرمەسلىك ئۇچۇن مىدىرلىماپتۇ. چىشىنى-چىشىغا چىشلەپ
جىم يېتىپتۇ. چورە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قۇل يەنە ۋاقىراپتۇ.
ئۇكامنىڭ قېشىغا بايىقى بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. ئۇكامنىڭ قولىدىن
تارتىپ-سورەپ، ئوزىگە ئوخشاش ئولۇكلەر ياتقان بىر جايغا
ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. ئۇكام ئۇ يەردە راسا ئىككى كۇن جان تالىشىپ
يېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى بەدىنىدىكى جاراھەتكە تۇز سېپىلگەن
ئىكەن، ھاياتىنى شۇ تۇز ساقلاپ قاپتۇ. چۇنكى، تۇز قانلىرىنى
توختىتىپ، ئۇكامغا جان كىرگۇزۇپتۇ. ئاستا-ئاستا قىمىرلايدىغان
بوپتۇ. ياتقان يەرنىڭ ئۇستىدىكى قاپقاقنى كوتۇرۇپ، ئۇ يەردىن
چىقىپ ئاپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قاراڭغۇ بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. تاڭ
ئېتىشى بىلەن لەنىتى بوۋاي يەنە ئوۋ ئىزلەش مەقسىدىدە كوچىغا
چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇكاممۇ چىقىپ مېڭىۋېرىپتۇ. لېكىن،

ۋىسالىغىمۇ يېتىشىسەن. قۇللىرىغىمۇ ئۆزەڭ ئىگە بولىسەن!" ئۇكام ئۆزىنىڭ ھەممە ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇۋى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. بۇۋى بىر چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئىشىكنى قاققان ئىكەن، روملۇق بىر چورە چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. بۇۋى كىرىپتۇ، ئۇكامغىمۇ بىللە كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىچكىرى كىرىشىپتۇ. چوڭ ھويلا ئىكەن. بىر چوڭ ئۆيگە كىرىپ بېرىپتۇ. ئۆي ناھايىتىمۇ ئوبدان جابدۇلغان ئىكەن. يىپەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە ئۇكام ئولتۇرۇپ ئالتۇنلىرىنى ئالدىغا، سەللىسىنى تىزىغا قويۇپتۇ. تېخى ئەتراپىنى كۆرۈپ بولمىغان ئىكەن، بىر چىرايلىق قىز كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى كىيىنگەن ئىكەن. ئۇكام ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كىرسەڭ قايسى ئىشىكتىن شۇندىن كىرەر بەختىمۇ،
بۇ مۇبارەك يۈزۈڭ بىلەن كېلەر تاجۇ-تەختىمۇ.

قىز كۈلۈپتۇ. ئۇكامدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. كېيىن ئولتۇرۇپ، ئۇكامغىمۇ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ. كېنىزەككە ئىشىكنى يېپىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى كېلىپ ئۇكامنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ، بىر چەتتىكى خالى ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ھۇجرىغا ھەر خىل كۆرپىلەر سېلىنغان ئىكەن، ئۇكام كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قىزمۇ ئۇكامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئاز ئويىنىشىپ قىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇكامغا: "مەن قايتىپ كەلگىچە ئورنىڭىزدىن مىدىرلىماڭ!" دەپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ قاياققىدۇر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ تاشقىرىدىن خېلى ۋاقىتقىچە كىرمەپتۇ. ئۇكام بىر ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئاخىر، ئىگىز،

قۇل قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كوتۇرۇپ كىرىپتۇ. "ئورنىڭدىن تۇر، لەنتى!" دەپتۇ ئۇكامغا. ئۇكام ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قۇل ئالدىدا، ئۇكام ئۇنىڭ ئارقىسىدا مېڭىپتۇ. ئۇكام يولدا كېتىۋېتىپ تونىنىڭ ئىچىدىن خەنجەرنى ئاپتۇ. قۇلنى خەنجەر بىلەن ئۇرۇپ كاللىسىنى ئۈزۈپتۇ. ئايىغىدىن سورەپ بۇرۇنقى ئويگە ئېلىپ بېرىپتۇ. "تۇز قېنى؟" دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇكام. قىز بىر قاچىدا ئازراق تۇز ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇكامنىڭ قولىدىكى قىلىچنى كورۇش بىلەن يۇرىكى يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ، قوپۇپ قېچىپتۇ. ئۇكاممۇ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپتۇ. قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇكام: "بۇۋى قەيەردە؟" دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇۋى كەپتۇ. "مېنى تونۇمسەن؟ ئەي جىنايەتچىلەرنىڭ باشلىغى!" دەپتۇ ئۇكام بۇۋىگە غەزەپ بىلەن قاراپ. "ياق!" دەپتۇ بۇۋى تىترەپ-قاخشاپ. "مەن دەپتۇ، — ئۇكام بۇۋىگە قاراپ، — ئويۇمگە كىرىپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش ھىلىسى بىلەن مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن سەن بۇۋىنىڭ پۇلدارىڭمەن." بۇۋى يېلىنىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇكام ئۇنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماپتۇ. قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ توت بولەك قىلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن ئۇ، قىزنى ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. قىز ئۇنى كورۇش بىلەنلا ئوزىنى يوقىتىپ "مېنىڭ گۇنايىمدىن ئوت!" دەپ يېلىنىپتۇ. ئۇكام قىزنىڭ گۇنايىدىن ئوتۇپتۇ. "سېنى بۇنداق قىلىشقا كىم مەجبۇر قىلدى؟" دەپتۇ ئۇكام قىزغا دەھشەتلىك ھالدا تىكىلىپ قاراپ. "مەن بىر سودىگەرنىڭ قىزى ئىدىم، — دەپتۇ قىز، — بۇ دەللال قېرى بىزنىڭ ئويگە كىرىپ مەن بىلەن دوست بولدى. بىر كۇنى ئۇ ماڭا: "بۇگۇن بىزنىڭكىدە چوڭ توي بولۇدۇ. سەنمۇ بارغىن! بىز بىلەن توي-تاماشا كور-

بۇۋى بۇنى سەزمەپتۇ. ئۇكام ئۇز ئۇيىگە كېتىپتۇ. يارىلىرىنى تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ، دورا ئىچىپتۇ. ئۇ، بۇۋىنىڭ قانداق قىلىپ ئادەملەرنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈشىنى كۆزىتىپ يۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۇكام بۇ سىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ. تامامەن ساقىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇكام بىر كۈنى لاتىدىن پۇل خالتىسى تىكىپتۇ. ئۇنىڭغا چىنە-ساپاللارنىڭ سۇنۇقلىرىنى تولدۇرۇپ ساپتۇ. بەلۋىغىغا ئېسىپتۇ. كېيىن ئۇ، ئۆزىنى كىشىلەر تونۇپ قالمىسۇن دەپ، ئەجەمچە كىيىنىپ، تۇسىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇتكۈر بىر خەنجەرنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. بۇۋىنىڭ يولىغا چىقىپ، ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇۋىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا باشقىچە ئاۋاز بىلەن: "ئەي ئانا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن مۇساپىرمەن، بۇگۈن بۇ شەھەرگە كەلدىم، ھېچكىمنى تونۇمايمەن. سەندە توققۇز يۈز تىللا كوتىرەلەيدىغان تارازا يوقمۇ؟ بۇنىڭ ئۇچۇن ساڭا ياخشى ھەق بېرىمەن". "مېنىڭ ئوغلۇم سەرراپ، ئۇ، ئۇيىدىن رەستىگە چىقىپ كەتكىچە ئالتۇنلىرىڭنى تارتىپ بەرسۇن" دەپتۇ بۇۋى. "قېنى ئەمسە، ماڭ!" دەپتۇ ئۇكام بۇۋىگە. بۇۋى ئالدىدا، ئۇكام ئۇنىڭ كەينىدە مېڭىپتۇ. چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئۇكامغا تونۇش بولغان رۇملۇق چورە ئىشىكنى ئېچىپتۇ. بۇۋى قىزغا قاراپ كۈلۈپ: "مەن بۈگۈن سىزلەرگە ناھايىتى سېمىز ياغلىق گوش ئېلىپ كەلدىم" دەپتۇ پىچىرلاپ. قىز ئۇكام-نىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، بۇرۇن كىرگەن ئۇيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە بۇرۇنقىدەك ئازراق ئويۇن-چاخچاق قىلىشىپ، كېيىن قىز تۇرۇپ: "مەن كىرمىگىچە قىمىرلىماڭ. مېنى كۈتۈپ ئولتۇ-رۇڭ!" دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن كوپ ۋاقىت ئۆتمەي، قارا

بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇ سوزگە ئۇلار قۇلاق سالماپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇكامنى ئوراپ ئاپتۇ. ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر دوستى كورۇپ قاپتۇ. ئۇكام دوستىدىن ياردەم سوراپتۇ. "ئۇنىڭ نىمە گۇنايى بار؟" دەپتۇ ئۇكامنىڭ دوستى ئەسكەرلەرگە قاراپ. "بىز بىلمەيمىز. ھاكىم بۇنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇغان. بىز تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپ بارىمىز!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەسكەرلەر. "ئۇ سىلەرگە بەش يۈز تەڭگە پۇل بەرسۇن. سىلەر ھاكىمغا: ئۇنى ئويىدىن ئىزلەپ تاپالمىدۇق، دەپ جاۋاپ بېرىڭلار!" دەپتۇ ئۇكامنىڭ دوستى. ئەسكەرلەر ئۇكامنىڭ دوستىنىڭ سوزىنى رەت قىلىپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپتۇ. ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

"بۇ پۇل بىلەن ماللارنى قەيەردىن ئالدىڭ؟" دەپتۇ ئۇكامغا ھاكىم. "مېنى ئازات قىلساڭ ئېيتىمەن" دەپتۇ ئۇكام ھاكىمغا. ھاكىم ئامانلىق خېتىنى بېرىپتۇ. بۇنى كورۇپ ئۇكام ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياق ھاكىمغا سوزلەپ بېرىپتۇ. ھاكىم پۈتۈن ماللارنى تارتىپ ئاپتۇ. كېيىن بۇ گەپلەرنىڭ پادىشانىڭ قۇلىغىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇكامغا ئاز ـ تولا پۇل بېرىپ: "كوزدىن تېز يوقال! بولمىسا سېنى شاھقا مەلۇم قىلىپ دارغا ئاستۇرىمەن" دەپ شەھەردىن قوغلاپتۇ. ئۇكام قورقۇپ كېتىپ "خوپ" دەپلا يېنىپ چىقىپتۇ. ئۇ، بۇ شەھەردىن چىقىپ ئومرىدە كورمىگەن باشقا بىر شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇكامغا قاراقچىلار ئۇچراپ، ھۇجۇم قىلىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە قويماي ئېلىپ كېتىپتۇ. ئوزىنى ئولگىدەك ئۇرۇپتۇ. ئىككى قۇلىغىنى ئەنە شۇ يەردە كېسىپ، يالىڭاچ قىلىپ ئورىغا تاشلاپ كېتىپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇكامنى ئىزلەپ تاپتىم. ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك كىيگۈزۈپ ئېلىپ

گىن!" دىدى. "خوپ دىدىم مەن، ئەڭ ياخشى كىيىملىرىمنى كىيدىم. قىممەتلىك زىننەت ـ جابدۇقلىرىمنى تاقىدىم. يۈز تىللا پۇلۇمنى يېنىمغا سېلىپ بۇۋى بىلەن يولغا چۈشتۈم. ئۇ مېنى باشلاپ مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. كېلىشىم بىلەن قارا قول مېنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۈچ يىلدىن بېرى كاساپەت بۇۋىنىڭ ھىلىسى بىلەن مۇشۇ يەردە شۇ ئەھۋالدا كۈن كورىۋاتىمەن." "بۇۋىنىڭ ئۆيىدە بار نەرسىنى ماڭا كورسەت!" دەپتۇ ئۇكام. قىز: "بۇۋىنىڭ نەرسىسى ناھايىتى كوپ. ئەگەر ئېلىپ كېتەلىسەڭ، ئېلىپ كەت!" دەپ، بۇۋىنىڭ ساندۇقلىرىنى ئېچىپ كورسىتىپتۇ. ساندۇقتا كوپ خالتا بولۇپ، ئۇنىڭدا تىللا بار ئىكەن. ئۇكام ئەجەپلىنىپتۇ. "مەن قاراپ تۇراي! ــ دەپتۇ قىز، ــ سەن بېرىپ بۇنى كوتۇرۇشكە ۋە ئېلىپ كېتىشكە ئادەم باشلاپ كەل!" ئۇكام كوچىغا چىقىپ، ئونچە ھامال باشلاپ كەپتۇ. قارىسا، ھويلىنىڭ ئىشىگى ئۇلۇق ئوچۇق تۇرغىدەك. ئىچكىرى كىرىپ قارىسا، قىز يوق، ئىستەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ساندۇققا قارىسا، ئۇنىڭدىكى خالتىلارمۇ يوق. پەقەت بىر ئازغىنا گەزمال تۇرغىدەك. ئۇكام قىزغا ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. بىراق، ۋاقتى ئوتكەن، پايدىسى يوقلىقىنى ئويلاپ، قالغان ـ قاتقان نەرسىلىرىنى ئاپتۇ. ھۇجرىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى قاتتىق ـ قۇرۇقلارنىمۇ يىغىشتۇرۇپ، ئۇنى ئوزىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. كېچىنى خوشال ئوتكۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا، ئىشىك ئالدىدا يىگىرمىگە يېقىن ئەسكەر تۇرغىدەك. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ. ئۇلار: "سېنى ھاكىم قىچقىرىۋاتىدۇ!" دەپتۇ ۋە ئۇكامنى ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئۇكام ئۇلارغا خېلى يېلىنىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىماپتۇ. ئۇكام ئۇلارغا كوپ پۇل

كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ كۆزىمۇ ئۇكامغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇكامغا سالام بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئۇكام ئۆز ھاجىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ كىشى ئۇكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قولى بىلەن ياقىسىنى يىرتىپ تۇرۇپ: "مەن مۇشۇ شەھەردە ھايات تۇرۇپ، سېنىڭ ئاچ قېلىشىڭغا قانداق قىلىپ چىداپ تۇراي ۋە قانداق قىلىپ تاقەت قىلاي!" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇ، ئۇكامغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ: "سەن ئەلۋەتتە ئۆز ھەققىڭنى ساقلىشىڭ كېرەك" دەپتۇ. "مەن ھازىر ئاچمەن، ئازىراقمۇ سەۋرى قىلىشقا تاقىتىم يوق" دەپتۇ ئۇكام. "ئەي بالا، دەرھال ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ كەل! بۇ كىشىنىڭ قولىغا سۇ قۇي!" دەپتۇ ئۆي ئىگىسى. ئۇكام قول يۇيۇشقا ھازىرلىنىپ، بىلەكلىرىنى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا كەلمەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خۇددى قولىنى يۇيۇۋاتقاندەك بىر خىل ھەرىكەت قىپتۇ. "داستىخان سال" دەپتۇ ئۆي ئىگىسى. ئۇكام ھېچ نەرسىنى كۆرمەپتۇ. ئۆي ئىگىسى "قېنى ئويالماستىن ئېلىۋەر — دەپتۇ، ئۆزى خۇددى تاماق يېگەن كىشىدەك ھەرىكەت قىپتۇ، — نېمىشقا بۇنچە ئاز يەيسەن؟ تارتىنماي، قولۇڭنى تارتماي ئېلىۋەر. مەن سېنىڭ ئاچلىغىڭنى ياخشى بىلىمەن. ئاچلارنىڭ قەدرىگە بەك يېتىمەن" دەپتۇ يەنە ئۆي ئىگىسى. ئۇكاممۇ ئۆي ئىگىسىنى دوراپ، ئۆزىنى تاماق يېگەندەك قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. "يە، ئال، قارا، بۇ قانداق مېزىلىك نان-ھە؟ ئاقلىغىنى دىمەمسەن؟" دەپتۇ ئۆي ئىگىسى. ئەمما ئۇكام ھېچ نەرسە دىمەپتۇ ۋە ھېچ نەرسىنىمۇ كۆرمەپتۇ. ئۇ: "بۇ ئۆي ئىگىسى كىشىلەرنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىشنى ياخشى كۆرسە كېرەك..." دەپ

كەلـدىم. ھازىرمۇ ئۆز قولۇمـدا تەربىـيىلەپ كېلىۋاتىمەن.

## سەتىراچىنىڭ ئالتىنچى ئۇكىسى

"ئالتىنچى ئۇكامـنى شەقالۇق يەنى پوچـى، دەيـدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كالپۇكى كېسىلگەن. ئۇزى ناھايىتى پېقىر ئىدى. كۈنلەر-دىن بىر كۈنى ئۇ ئاخىرى كورۇنـمەيـدىغان، ئۇزۇن بىر كوچـىدا كېتىۋېتىپ قارنى شۇنداق ئېچىپتۇ. كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ماڭىدى-غان يولىنىمۇ كورەلمەي قاپتۇ. بىردىن ئالدىدىكى بىر ئىمارەتـكە كوزى چۈشۈپتۇ. ئىشىك ئالدىـدا ئادەملەرنىڭ كىرىپ-چىقىشىنى كۆزەتكۈچـى مەخـۇس دەرۋازىۋەنلەر بار ئىكەن. ئۇكام ئۇلارنىڭ بىرسىدىن: "بۇ ھويلا كىمنىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى: "بۇ شاھزادىلاردىن بىرسـىنىڭ ھويلـىسى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. گاداي ئۇكام دەرۋازا يېنىغا بېرىپ "سەدىقە" سوراپتۇ. "ئىچكىرى كىر، سورايدىـغان نەرسـىنى بىزنىڭ خوجايىنىمىزنىڭ ئۇزىـدىن سورا، بەلكىم بىرەر نەرسە بېرەر" دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرسى. ئۇكام ئىچـكىرى كىرىپتۇ، ئۇزۇن مېـڭىپتۇ. ناھايىتىمۇ چىرايلىق، ھەشەمەتـلىـك، ئوتـتۇرىـسى باغ، ئەتـراپـى دەرەخـلەر بىلەن ئورالـغان بىر ھـويلـىغا كىرىپـتۇ. قارىـسا، مەنـزىرىـسى بەكـمۇ كېلىشـكەن ئىـكەن. ئويگە كىرىدىغان پەلەمپەيلـىرى مەرمەردىـن ئىـكەن. ئىشىك-دېرىـزىـلىرىـگە پەردىـلەر ئېسىلـغان. گـاداي ئۇكام ئومـرىـدە كورمىـگەن جايـلارنى كورۇپ تەمتىرەپ قاپتۇ. قاياقـقا بېرىـشـىنى بىلەلـمەي گاڭـگىراپ كېـتىپـتۇ. ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى توردىكى ئويـگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يەردە ساقىلى ئۇزىـگە ياراشـقان سولەتـلىـك شاھـزادە سۇپـەت بىر كىـشـىنى

تۇرغىنىدەك ئوبدان پىشىپتۇ" دەپ، ئاغزىنى ئامشىپ قويۇپتۇ ئۇكام. ئۇي ئىگىسى ئۆز قولى بىلەن ئۇكامنىڭ ئاغزىغا تاماق ئېلىپ بېرىپ يېگۈزگەندەك قىلىدىكەن. "ئاچ ئاغزىڭنى. مانا بۇنى يە، يۇتۇۋەت" دەپمۇ قويىدىكەن. ئۇ، تۇرۇپلا تاماقلارنىڭ خىلى بىلەن تۈرىنى ساناپ بېرىدىكەن، ماختايدىكەن، "ئاچ قوساققا شامال كاپ ئەتتى" دېگەندەك، ماختاشلار ئۇنىڭ قوسىغىنى پىياز پوستىدەك شاراخلىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىچە "كاشكى شۇ ئىسمى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق، ئىسمى بار، جىسمى يوق تاماقتىن شۇ تاپتا ماڭا بىر بۇردا زاغرا نان بولسا ئىدى. مەنمۇ مىڭ مەرتىۋە شۈكرى قىلاتتىم، نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟" دەپتۇ. "شۇنداق تاتلىق تاماقلارنى ئۆمرۈڭدە كورگەنمۇ سەن؟" دەپ سوراپتۇ ئۇي ئىگىسى. "يوقسۇ، كورمىگەن ئىدىم" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇكام. "ئال، يە، تارتىنما، ئۆز ئويۇڭدىكىدەك يە!" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى. "ناھايىتى كوپ يېدىم. تاماقنىڭ كوپلىگىدىن، ئىسمىنىڭ جىقلىغىدىن، قوسىغىم تاراقلاپ كەتتى" دەپتۇ ئۇكام. "داستىخاننى يېغىڭلار، شىرنىلىك ئېلىپ كېلىڭلار!" دەپ بۇيرۇپتۇ ئۇي ئىگىسى. "مانا بۇنىڭدىن ئال! بۇ بەك تاتلىق ھالۋا، مانا بۇنى سۈيى قاچماستا يە، چاپسان بول، ئال! ھىچ بولمىسا تەمىنى تېتىپ كور. خالىغاننى يە" دەپ تەكرارلاۋېرىپتۇ ئۇي ئىگىسى. "سېنىڭدىن ئۇيالمايمەن ۋە تارتىنمايمەن تورەم، — دەپتۇ ئۇكام، — بۇنىڭغا قانچىلىك خۇشپۇراقلىق دورا سالغانسەن؟ بەكمۇ پۇراغلىق ئىكەن" دەپتۇ ئۇكام. "ئادىتىم بويىچە، بۇنىڭ ھەر بىرىگە يېرىم مىسقالدىن كوپ، بىر مىسقالغا يەتكۈزۈپ دورا-دەرمەك سالىمەن" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى جاۋاپ بېرىپ. ئۇكام بېشىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ،

ئويلاپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ: "ئەي تورەم، مەن ئومرۇمدە بۇنىڭ-
دىن ئاق، بۇنىڭدىن تەملىك نان كورمىگەن ئىدىم" دەپتۇ. "بۇ
ناننى ئالتە يۈز تەڭگىگە سېتىپ ئالغان چورەم ياققان" دەپتۇ ئوي
ئىگىسى. "بىرىنچى تاماقتا گوشلۇك سامسا ئېلىپ كەل! گوشى
ياغلىق بولسۇن، مېيى تېمىپ تۇرسۇن!" دەپ بۇيرۇپتۇ ئوي
ئىگىسى. ئارقىدىنلا: "هە، ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ هەي مهمان، سەن
ئومرۇڭدە شۇنداق ياغلىق سامسىنى يەپ كورگەنمىدىڭ؟ مېنى
خورسەن قىلىمەن دىسەڭ، تارتىنماي يەۋەر. هەي بالا، زىرە
سېپىلگەن ياغلىق غازگوشى ئېلىپ كەل! ئەي بالا، بول چاققان"
دەپتۇ ئوي ئىگىسى يەنە قىچقىرىپ. "يەۋاتامسەن؟ مهمان، سېنىڭ
قارنىڭ ئاچ، سەن بىر تويۇپ ئال، تارتىنما!" دەپتۇ ئوي ئىگىسى.
ئۇكام جاۋغايلىرىنى قىمىرلىتىپ، قولىرىنى ئاغزىلىرىغا ئېلىپ
بېرىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئوي ئىگىسى بولسا، تاماق ئۇستىگە يېگىدىن
تاماق بۇيرۇۋېرىپتۇ. لېكىن، هېچ قانداق تاماقنىڭ نەق ئوزى
كەلمەپتۇ. ئەمما بۇنىڭغا قارىماي، ئوزى بۇيرۇغان تاماقنى تېز-
تېز يىيىشكە، جىق يىيىشكە، تارتىنماي يىيىشكە تەكلىپ قىلىپ
تۇرىدىكەن. "ئەي بالا، — دەپتۇ ئوي ئىگىسى بىردىنلا، بىر
نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ، — دەرهال پىستە مېغىزى بىلەن بېقىلغان
چۇجىنىڭ كاۋاپلىرىدىن ئېلىپ كەل! خۇدانىڭ ئوزى بىلىدۇ،
مهمان، بۇنداق تاماقنى سەن ئومرۇڭدە يىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن،
هەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمىغان بولغىدىڭ؟ مەن بۇ چۇجىلەرنى كاۋاپ
قىلىپ يىيىش ئۇچۇن مەخسۇس جايدا پىستە مېغىزى بىلەن
باققان. ئويالىما، تارتىنما، ماڭا قارىماي جىق-جىق يە!" "بۇ
چۇجە كاۋىپى ناهايىتىمۇ مېزىلىك، بەك ياخشى، ئېغىزنى قوروپ

ئەخمەق گاداي؟" دەپتۇ تورە خاپا بولۇپ. "مېنى باشتا ياخشى قارشى ئالدىڭىز، ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىردىڭىز. تۈرلۈك-تۈمەن ئاڭلىمىغان تاماقلارنىڭ ئىسمى بىلەن مېھمان قىلدىڭىز، شاراپ ئىچكۈزدىڭىز. كەيپىم ئاشتى، قىزىدىم. سىزنىڭ شارابىڭىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن، مەس بولۇپ قالدىم، ئەدەپنى بۇزدۇم. شارابىڭىزنىڭ كۈچىنى سىزگىمۇ كۆرسىتىپ قويدۇم. لېكىن، سىز مېنى كەچۈردىغان ئالىجاناپ ئادەمسىز!..." دەپتۇ ئۇكام. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئوي ئىگىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. "مەن خېلىدىن بېرى ئالدىمغا تىلەمچىلىك بىلەن كىرگەن ئادەملەرنى شۇ خىلدا ئالداپ، كولدۇرلىتىپ، زاڭلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. شۇ كۈنگىچە ساڭا ئوخشاش ھەربىر ھەركىتىمگە زىرىكمەي ئەگىشىپ كەلگەن كىشىنى كۆرمىگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ قىلمىشىڭدىن ئۆتتۈم. ئەمدى سەن مېنىڭ دائىملىق ئۈلپىتىم بول! مەندىن ئايرىلما!" دەپتۇ ۋە يوقۇرىدا ئىسمىلىرى ئېيتىلغان ھەر خىل تاماقلارنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇكام ئوي ئىگىسى بىلەن تويغىچە يەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيخانىغا كىرىشىپتۇ. بىردىنلا ئۇ يەردە قىزلار پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ياخشى ساز، نازۇك ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشىپتۇ. مېھمان ۋە ساھىپخان بىللە ئىچىشىپتۇ، كەيپى ئېشىپتۇ. ئوي ئىگىسى ئۇكام بىلەن كەيپچىلىكتە ئاكا-ئۇكىدەك دوست بولۇشۇپ سىردىشىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ. ئوي ئىگىسى ئۇكامغا ئىنئاملار بېرىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بۇلار يەنە يېيىش-ئىچىش بىلەن بوپتۇ. ئۇكامغا يېڭىۋاشتىن كىيىم-كېچەك بېرىپتۇ. بۇلار يىگىرمە يىل چامىسىدا شۇ يوسۇندا كۈن كۆچۈرۈپتۇ.

قوۋۇزىنى بىر نەرسە چاينىغاندەك قىلىپ مىدىرلىتىپتۇ، چىشلىرى كىرىشكەندەك بوپتۇ. "مېغىزدىن ئال! ئۇيالما!" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى. "مەن ناھايىتى كوپ يىدىم تورەم، — دەپتۇ ئۇكام، — بىر لوقمىغىمۇ جاي قالمىدى!" "ئاچ قالمىغىن يەنە!" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى. "شۇنداق تاماقتىن يەپ تۇرۇپ، يەنە قانداق ئاچ قالىدۇ كىشى؟" دەپتۇ ئۇكام. ئۇ ئۇزىچە: "سىنى شۇنداق بىر ئەپلەيكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنى بۇنداق ئەخمەق قىلماسلىققا توۋا قىل!" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇي ئىگىسى: "شاراپ كەلتۇرۇڭلار!" دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر خۇددى مەي قاچىلىرىنى يوتكىگەندەك ھەركەت قىلىشىپتۇ. ئۇي ئىگىسى ئۇكامغا ئاياق تۇتۇپ: "بۇ شاراپ قانداق-كەن، ياخشى ىىشقانمۇ؟ تېتىپ كور!" دەپتۇ. "پۇرىغى ياخشى-كەن، — دەپتۇ ئۇكام، — ئەمما مەن كام دىگەندە يىگىرمە يىل ساق-لانغان شاراپنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن". "مانا بۇ ئاياقنى تېتىپ كور، سەن بۇنداق ياخشى شاراپنى ئىچمىگەن بولغىدىڭ؟" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى. "سىنىڭ سالامەتلىگىڭ ئۇچۇن ئىچەي" دەپتۇ ئۇكام، گويا كى ئىچىۋاتقاندەك ھەركەت قىلىپ. "ياخشى، تىلىگى-نىڭدەك سالامەتلىككە يىتىمەن!" دەپتۇ ئۇي ئىگىسى ۋە ئۇزىمۇ قۇيۇپ ئىچكەندەك ھەركەت قىپتۇ. كېيىن ئىككىنچى قېتىم قۇيۇپ ئاياقنى تولدۇرۇپ قايتىلاپ ئۇكامغا تۇتۇپتۇ. ئۇكاممۇ ئىچكەندەك ھەركەت قىپتۇ. ئاستا مەسلەردەك تەۋرىنىشكە ۋە ئىغاڭلاشقا باشلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇكام ئۇزىنى تۇزەپ تۇرۇپ، ئۇي ئىگىسىنىڭ يۇزىگە گالاش-گۇلۇش مۇش ئېتىپتۇ. تورىنىڭ گەردىنى قىڭغىيىپ كېتىپتۇ. تورە ئۇزىنى ئوڭلاشقا ھەركەت قىلىۋاتقىنىدا، يۇزلىرىگە ئۇرۇپتۇ. "بۇ، نىمە قىلغىنىڭ، ھەي

بىلدىغانلار بۇ ۋەقەنى ماڭا يەتكۈزۈپ كېلىشتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنى يوشۇرۇن شەھەرگە ئېلىپ كەلدىم. يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىدىم. ئەي خەلىپە، مېنىڭ ئالتە ئۇكامنىڭ ھېكايىسى تۈگىدى. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئاران بىر كەلگەندە بۇ ۋەقەلەرنى دېمەسلىك، شۈبھىسىزكى، خاتالىق بولاتتى. ھازىر ئۇ ئالتە ئۇكامنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشلىق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مەن غەمخورلۇق قىلىمەن".

خەلىپە مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلدى. "ھەقىقەتەن سەن ناھايىتى كام سۆز ئىكەنسەن. سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ شەھەردىن چىقىپ كەت!" دەپ مېنى باغدادتىن ھايدىدى. باغدادتەك چوڭ شەھەردىن قوغلاندىم. كۆپ شەھەرلەرگە باردىم. خەلىپە ئەلمۇستەنسىرۇن بىللاھ ئۆلدى، ئورنىغا باشقا كىشى خەلىپە بولدى، دەپ ئاڭلىدىم. يەنە ئۆز شەھىرىمگە كەلدىم. ئۇكىلىرىم ئۆلگەن ئىكەن. كېيىن بۇ يىگىتكە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق قىلدىم. ئەگەر شۇ كۈنى شۇ يەردە مەن بولمىسام، بۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى جەزمەن ئىدى. ئۇ مېنى ناھەق قارىلاۋاتىدۇ. ئولتۇرۇشتا مېنىڭ ھەققىمدە ئەزمە، گەپ ئۇتمەيدىغان كىشى، دەپ قىلغان شىكايىتى پۈتۈنلەي بوھتان. بۇ يەرگە ئۇنى ئۇچراتقىچە خېلى ئازاپلاندىم. مەن شۇ يىگىتنى دەپ قانچىلىغان شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چىقتىم، مۇشەققەت تارتتىم. بۇ مېنىڭ كامالەتكە يەتكەن ياشلىقىم كەتتى، دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ بۇرادەرلەر، بۇنىڭغا كىم ئاغرىنمايدۇ؟" دېدى ئۇ. بىز سەتىراچنىڭ گەپنى مۇنداق سوزۇۋېرىشىدىن ئۇ يىگىتنى نەسلىككە ئۇچراتقانلىقىغا ئىشەندۇق. سەتىراچنى باغلاپ قاماپ

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇي ئىگىسى ۋاپات بوپتۇ. ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىغانلىقتىن سۇلتان ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى خەزىنىگە ئاپتۇ. ئۇكامنىڭ يېنىدا بىر ياماقمۇ پۇلى يوقكەن. ئۇ، كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ يەردىن چوڭ بىر شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ چوڭ بىر يول ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ئىكەن، كوچمەنلەر ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلىپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۇكامنى ئۆز سارايلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇنى قولىغا چۈشۈرگەن كوچمەن ئۇكامغا ئازار بېرىپ: "پۇل تولەپ، جېنىڭنى سېتىپ ئال! بولمىسا ئۆلتۈرىمەن!" دەپتۇ. ئۇكام يىغلاپ: "ھېچ نەرسەم يوق، تۇرغان تۇرقۇم شۇ، مەن سېنىڭ قولۇڭدىمەن. ھېچكىمنىمۇ تونۇمايمەن، خالىغىنىڭنى قىل!"دەپتۇ. كوچمەن پىچىغىنى ئېلىپ، "مانا ئەمىسە!" دەپ ئۇكامنىڭ كالپۇكىنى كىسىپتۇ. كوچمەن يەنىمۇ ئارتۇغراق تەلەپ قويۇپتۇ، ئازاپلاۋېرىپتۇ. كوچمەننىڭ چىرايلىق خوتۇنى بار ئىكەن. كوچمەن ئويدىن چىققىچە، خوتۇنى شوخلۇق قىلىپ ئالاقە قىلىش مەقسىدىدە، ئۇكامنى ئۆز يېنىغا قىچقىرىپتۇ. ئۇكام ئۇنىماپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ خوتۇن ئۇكامنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ. ئۇكام ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقا كىرىشىپتۇ. بىركۈنى ئۇ، خوتۇنىنى ئويدە تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، تۇيۇقسىزلا ئېرى كىرىپ قاپتۇ. كوچمەن ئۇكامنى بۇ ھالدا كورۇپ: "ئولۇم كەلمىگەن لەنتى، تېخى سەن مېنىڭ خوتۇنۇمنى يولدىن چىقىرىۋاتامسەن؟" دەپتۇ ۋە يېنىدىن پىچىغىنى چىقىرىپ ئۇكامنىڭ جىنسى ئەزاسىنى كېسىپ، ئاختا قىلىپ تاشلاپتۇ. توگىگە ئارتىپ، بىر تاققا ئېلىپ بېرىپ تاشلاپ كېتىپتۇ. ئۇ يولدىن يولۇچىلار ئوتۇپ تۇرىدىكەن. كورگەنلەر ئۇنىڭغا نان، چاي بېرىدىكەن، يوقلايدىكەن.

ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلايمەن — دەپتۇ خان — بەلكى ئۇنىڭ ھىكايە-لىرى سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا سەۋەپ بولار! كېيىن دوكنى كومۇپ ئۇنىڭغا قەۋرە ياسايمىز. چۇنكى، شۇنچە ھىكايىلەرنى ئاڭلىشىمغا مۇشۇ دوك سەۋەپچى بولدى...»

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئوتۇپ، سەتىراچنى، قول بىلەن ماشىنىچىنى قاماقتىن چىقىرىپ ئېلىپ كەپتۇ. خان سەتىراچقا نەزەر ساپتۇ. ئۇ، توخسان ياشلاردىن ئاشقان، قارامتۇل، بۇغداي ئوڭلۇك، ئاقساقال، قاشلىرى ئاپپاق، قوللىرى ئۇستىرىدا كېسىلىپ تاتۇق بولۇپ ساقايغان، بۇرنى ئۇزۇن، قاتمال بىركىشى ئىكەن. قىزىقچىلىقى بىر كورۇنۇشىدىلا مەلۇم بولۇپ تۇرغىدەك. خان ئۇنى كوروپ كۇلۇپتۇ. «ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، سەن، — دەپتۇ خان، — كام سوز كىشى ئىكەنسەن. لېكىن، بىزگە ئوز سەرگۇزەشتەڭدىن بەزى بىر نەرسىلەرنى سوزلەشتىن تارتىنماسسەن.» «ئەي خانلار-نىڭ خاقانى، — دەپتۇ سەتىراچ، — ئاۋال بۇ ئادەملەرنىڭ تارىخى، بۇ يەرگە يىغىلىشىپ ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەۋى، بۇ دوكنىڭ قانداق ئولگەنلىكى، بۇ يەردە يېتىشىنىڭ سەۋەۋىنى بىلسەم». «بۇنى نىمىشقا سورايسەن؟ ساڭا نىمە كېرىكى بار؟» دەپتۇ خان. «مېنىڭ كام سوزلۇكۇمنى، ئەزمە ئەمەسلىكىمنى، ئوزەم قىزىقمىغان نەر-سىنى سورىمايدىغانلىقىمنى، سورالغان سوئالغا زورمۇ-زور جاۋاپ بېرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىڭلار، دىگەن مەقسەتتە سوراۋاتىمەن. مەن پايدىسىز نەرسىنى ھەرگىز سورىمايمەن. چۇنكى، مېنىڭ لەقىمىم ئەسسامىت، يەنى كام سوزدۇر. شائىرنىڭ لەقەم توغرىسى-دىكى بۇ شېئىرىنى ئاڭلىمىغانمۇسىلەر؟

ھەر بىر لەقەم ئىگىسىگە ئولچەپ تىككەن كىيىمدەك،

قويدۇق. يىگىتنى تىنجىتىپ، ئارىمىزدا ئولتۇرغۇزدۇق. زىيابەت قىزىپ، شۇنىڭ بىلەن كەچكىچە سوزۇلدى. كېيىن مەن ئۆيگە قايتتىم. ئۆيۈمگە كىرسەم، ئايىلىم: "سەن خوشال بولۇپ يۈرۈۋەر. مەن ئۆيدە ئاچلىقتىن بېزىرىپ ئولتۇراي. كۈننىڭ قالغىنىنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەيدىكەنسەن، خېتىمنى ئالسەن" دېدى. خوتۇنىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا چىقتىم. شەھەرنى ئايلىنىپ تاماشا قىلدۇق. كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، يولدا مەس بولۇپ قالغان دوكقا يولۇقتۇق. ئۇ، بۇ شېئىرنى ئوقۇيتتى:

بۇ گاداي سالامىنى كىم يەتكۈزەر ئەل شاھىغا؟
مەن غېرىبىنىڭ ھالىنى كىملەر دىگەي دەرگاھىغا!
سويىلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، زاھىدا كەتكىن شۇ دەم،
سەن يولۇڭنى توغرىلا! بولما شېرىك گۇناھىغا.

مەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. بازاردىن قورۇلغان بېلىق سېتىۋالدىم. بىز ئولتۇرۇشۇپ بېلىق يېدۇق. خوتۇنۇم بىر پارچە بېلىقنى دوكنىڭ ئاغزىغا سالدى. دوك يۇتمەن دىگەندە، گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىپ ئۆلدى. مەن ئۇنى ھىلە بىلەن تىۋىپ-نىڭ ئىشىگىگە تاشلاپ قاچتىم. تىۋىپ ئاشپەزنىڭ ئۆيىگە تاشلاپتۇ. ئاشپەز ئۇنى رەستىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلاپتۇ. مانا مېنىڭ كورگەن-لىرىم. بۇ ۋەقە دوكنىڭ ھىكايىسىدىن قىزىق ئەمەسمۇ؟" چىن خاقانى بۇ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە: "سەتىراچ بىلەن يىگىت ھىكايىسى ھەقىقەتەن دوكنىڭ ۋەقەسىدىن قىزىق ئىكەن" دەپ قۇللىرىدىن بىرىنى قىچقىرىپتۇ. قۇلغا ماشىنىچى بىلەن بىللە بېرىپ سەتىراچنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. "مەن

ھەممىسىنىڭ جېنىنى سەتىراچ ساقلاپ قالدى.[٥] خان بۇ ۋەقەنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ ۋەقە يېزىلىپ، خاننىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇپتۇ. خان جوھۇدقىمۇ، نىساراغىمۇ، ئاقساقال ئاشپەزگىمۇ، ئىش قىلىپ، شۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە كىشىگە ئىنئام بېرىپتۇ. قىممەتلىك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا رۇخسەت قىپتۇ. ئۇلار قايتىپتۇ. كېيىن خان ماشىنچىغا ئىنئام بېرىپ، ئۇنى ئۆز سارىيىدا كىيىم تىكىش خىزمىتىگە ئېلىپ قاپتۇ. ئۇنى دوك بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇپتۇ. دوكقىمۇ قىممەتلىك كىيىملەر بېرىپ، ئۆزىگە ئۈلپەت قىلىپ، مۇئاش بەلگۈلەپتۇ. سەتىراچنى سارايدا سەتىراچلىق قىلىشقا بەلگۈلەپتۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتۈشۈپتۇ. شەھرىزاد بۇ ھېكايىنى تاماملاپ:

— ئەي بەختلىك شاھ، بۇ ھېكايە ئىككى ۋەزىر بىلەن ئەنەسۆلجەلىس ھېكايىسىدىن قىزىق ئەمەس. — دەپتۇ.

— قىزىق بولسا، شۇنى سۆزلە! ئاڭلاي... — دەپتۇ شاھ.

— خوپ! — دەپتۇ شەھرىزاد.

كىمنىڭ خۇيى لەقىمگە چاپلاشماپتۇ يىلمىدەك.

خان ئۇلارنى سەتىراچقا ۋەقەنى سوزلەپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار سوزلەپ بېرىپتۇ، سەتىراچ بېشىنى لىڭشىتىپ: "ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىكەن، ئەمدى دوكىنىڭ يۇزىنى ئېچىڭلار!" دەپتۇ. سەتىراچ دوكىنىڭ ئۇستىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئوزىنىڭ تىزىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. يۇزىگە قاراپ، قاقاھلاپ كولۇپ كېتىپتۇ. "ھەر قانداق ئولۇممۇ، شۇبھىسىزكى، ئاجايىپ بولىدۇ. لېكىن، بۇ دوكىنىڭ ئولۇمى بەكمۇ ئاجايىپراق ئىكەن، — دەپتۇ سەتىراچ، — بۇنى تارىخ بېتىگە ئالتۇن سىيا بىلەن يېزىش كېرەك".

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سەتىراچنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ، خانمۇ ئەجەپلىنىپتۇ. "كولۇشۇڭنىڭ سەۋەبىنى ئېيىت بىزگە، ئەي كام سوز كىشى" دەپتۇ خان. سەتىراچ: "ئەي ئۇلۇغ خان، بۇ دوكىنىڭ ھازىر تېخى جېنى بار! — دەپتۇ ۋە يېنىدىن بىر قۇتىنى چىقىرىپتۇ. قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ياغ سېلىنغان بىر قاچىنى ئاپتۇ. ياغنى دوكىنىڭ بويىنىغا سۇركەپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇگىلاپتۇ. كېيىن قولىغا ئۇچ قىرلىق ئىككى قىسقاچ تومۇرنى ئاپتۇ. ئۇنى دوكىنىڭ بوغىزىغا تىقىپ، بېلىقنىڭ قىلتىرىغىنى تارتىپ ئاپتۇ. دوك چۇشكۇرۇپ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. خانمۇ، باشقا ئولتۇرغانلارمۇ ئوز كوزلىرى بىلەن كورگەن بۇ ۋەقەدىن ھەيران بوپتۇ. خان ئېغىناپ-ئېغىناپ كولۇپتۇ.

"مانا بۇنىسى ھەممىدىن قىزىق بولدى، — دەپتۇ خان، — مەن ئومرۇمدە بۇنىڭدىن ئاجايىپراق ۋە بۇنىڭدىن قىزىقراق ۋەقەنى كورمىگەن ئىدىم. بۇ قانداق گەپ؟ ئەگەر سەتىراچ بولمىسا، دوك ئولۇپ كېتەتتى. ئۇنى بۇ پالاكەتكە دۇچار قىلغانلارمۇ جازالىناتتى.

بۈگۈن ۋەزىرلىك كەلگەندە ئاڭا،
قولدەك ئىشلىدى تەرىنى توكۈپ.

ئىككىنچى ۋەزىر مۈئىن ئىبنى ساۋىنىڭ ياخشىنى كورۈشكە كوزى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مەيلى يوق ئىكەن. ئۇ، پەقەت يامانلىق تەرەپتارى بولۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ياخشى كىشلەرنى دارغا ئېسىپ، يامان ئىشلارنى قوزغاشقا ھەركەت قىلىدىكەن. ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كورەلمەستىن، ئۇلارغا يامانلىقنى چاپلاپ بوھتان قىلىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان بېخىل، پەس، كوزى كىچىك، قارنى تويمايدىغان كىشى ئىكەن. شائىر ئۇنىڭدەك لەرگە ئاتاپ مۇنداق شېئىر يازغان ئىكەن:

بېخىللىقتىن ھېچكىمگە بەرمەيدۇ مال،
"ئالغىچە دەيدۇ مالنى جېنىمنى ئال".
ئىگىز تاغنى قويسا بېخىل قارنىغا،
ئوتتۇنۇپ بەرمىگەي تېشىنى باشقىغا.

* * *

ئۇزى ئىنسان، ئۇنىڭ قىلىقىز ئىشى،
نەپرەت ـ ھاقارەتنى ئاڭلاپمۇ تويماس.
دۇنياغا شۇنداق تۇغۇلغان كىشى —
خەلقنىڭ قېنىنى شوراپمۇ تويماس.

ساۋىنى خەلق قانچىلىك يامان كورسە، فەزلىنى خەلق شۇنچەلىك ياخشى كورىدىكەن. ئىززەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمان زەينى ئادەتتىكىدەك تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرلىرى ۋە بارچە دولەت ئەرباپلىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بوپتۇ.

# ئىككى ۋەزىر بىلەن
# ئەنسۇلجەلىس ھېكايىسى

— بەسرە شەھرىدە بىر سۇلتان بار ئىكەن، — دەپ باشلىدى شەھرىزاد ھېكايىسىنى، — ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمان زەينى ئىكەن. ئۇ، پېقىرلارنى دوست تۇتىدىكەن. ئۇ، ئۇزىنىڭ ھىممىتىنى پۇخرالارنىڭ تىنچلىغى ئۇچۇن سەرپ قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار ئىكەن. بىرسىنىڭ ئىسمى مۇئىن ئىبنى ساۋى، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى فەزلى ئىبنى خاقانى ئىكەن. فەزلى ئىبنى خاقانى زامانىسىنىڭ ئالىجاناپ كىشىلىرىدىن ئىكەن، ئۇنى ھەممە ئادەم ياخشى كورۇپ، ھورمەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىگە ھەممە كىشى قۇلاق سالىدىكەن. قولىنىڭ ئوچۇقلىغىدا تەڭدىشى يوق ئىكەن؛ ئۇنىڭغا كىشىلەر ھەر دائىم ئۇزۇن ئومۇر تىلەپ دۇئا قىلىدىكەن. ئۇ، ئادالەتسىزلىكنى تۇگىتىپ ئادالەت ۋە توغرىلىقنى ئورنىتىشقا ھەركەت قىلىدىكەن. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دىگەن ئىكەن:

قەدىمىدىن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى كوپ،
سەرپ ئەتتى ئەلگە زەرىنى توكۇپ.

ئېيتىلغان بولسا كېرەك:

گۈل بەدەندۇر ئۇل پەرى، گۈللەر ئاڭا رەشك ئەيلىگەي،
ھوسنىگە ھەيران قىلىپ، ئاي ۋە كۈن نۇر تىلىگەي.
نازىنىنلار ئالەمدە يوق ئۇنىڭدەك خۇشچىراي،
ئۇل ئېرۇر گوياكى ئىنساندىن تۇغۇلغان يېڭى ئاي.

• • •

ھوسنى ئايدەك ئۇل پەرىنى چورگۈلەر كوپ سەييارىلەر،
خالى باركى يەتتە ئىقلىمدا مۇپتىلا بىچارىلەر.
كىمكى كورسە ھور سۈپەتنى قالغۇسىدۇر ھاڭ ـ تاڭ،
ئاز ئەمەس جېنىنى بەرگەن ئاشىقى پەرۋانىلەر.

بۇنى كورۇپ ۋەزىر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىرنىڭ يادىغا مۇنداق شېئىر كەپتۇ:

بارچە نازۇكتىن ئېسىلراق گەۋھەر بويى ئاق ئۇنچىدەك،
سوزى شىرىندۇر ئۇنىڭ، ئاغزى ئېچىلغان غۇنچىدەك.

"باھاسى قانچە؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىر. "ئون مىڭ تىللا، ــ دەپتۇ دەللال، خوجىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئون مىڭ تىللا ئۇنىڭ يەگەن چۇجىلىرى، كىيگەن كىيىملىرى، تەربىيىلىگۈچىلىرىگە سەرپ قىلىنغان پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدىكەن. بۇ قىز كوپ نەرسىلەرنى ئوقۇغان: ھوسنى خەت، ئىلمى فىقھە، دىن ئىلمى، چىرايلىق تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرى، مەسىلەرنى يېشىش ئۇسۇللىرى، تىبابەتچىلىك مەلۇماتى، مۇزىكا ۋە باشقا تۇرلۇك ئويۇنلارنىمۇ ياخشى ئوزلەشتۇرگەن ئىكەن". ۋەزىر: "ئۇنىڭ خوجىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار!" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دەللال قىزنىڭ خوجىسىنى باشلاپ ئېلىپ كىرىپتۇ. خوجىسى ئەجەملىك بولۇپ

سۇلتان، فەزلى ئىبنى خاقاننى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا: "مەن زامانە-مىزدا ھوسنى - چىراي جەھەتتىن تەڭدىشى بولمىغان، ساپ ئەخلاق-لىق بىر كېنىزەك ئېلىشنى خالايمەن. ئۇ، ھەر تەرەپتىن، مەسىلەن، ھوسنى - جامالدا، بوي تۇرقىدا، تەربىيىدىمۇ ماختىغىدەك كوركەم بولسۇن. باھاسى قانچە بولسا مەيلى" دەپتۇ. بۇنداق كېنىزەكنى "ئون مىڭ تىللاغا ئېلىش مۇمكىن" دەپتۇ ئولتۇرغانلار. سۇلتان خەزىنىدارنى قىچقىرىپ فەزلى ئىبنى خاقانغا "ئون مىڭ تىللا بەر" دەپ بۇيرۇپتۇ. خەزىنىدار بۇيرۇقنى ئورۇنداپتۇ.

ۋەزىر قۇللار بازىرىغا بېرىپ ۋەقەنى دەللاللارغا باشتىن - ئاياق ئۇقتۇرۇپتۇ. مىڭ تىللادىن ئارتۇق باھاغا يەتكەن كېنىزەكلەرنى ۋەزىرگە كورسەتمەي تۇرۇپ ساتماسلىقنى بۇيرۇپتۇ. دەللاللار بازارغا كەلگەن كېنىزەكلەرنى ۋەزىرگە كورسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ياقماپتۇ. بىر قانچە ۋاقىت شۇنداق ئوتۇپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىر فەزلى ئىبنى خاقاننىڭ ئويىگە بىر دەللال كىرىپ كەپتۇ. ئۇ، ۋەزىرگە تازىم قىلىپ دەپتۇ: "جانابى ئالىلىرى بۇيرۇ-غان ئىشنى ئادا قىلدىم. كېنىزەكنى ئېلىپ كەلدىم". "قېنى ئېلىپ كىر، كورەي!" دەپتۇ ۋەزىر، دەللال دەرھال كوزدىن غايىپ بوپتۇ. بىر دەمدىلا ئۇ كېنىزەك بىلەن بىللە ۋەزىرنىڭ قېشىغا كىرىپ كەپتۇ. قىز ناھايىتى كېلىشكەن، بويى بەرنا، كوكرىگى كوتىرىلگەن، بۇ، ئۇنىڭ قامىتىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقان. كوزلىرى يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان، يۇزى شىرمان ناندەك، ھەر بىر ئەزاسى بىر - بىرىسىدىن ئېشىپ چۇشكىدەك قاملاشقان، كىيىملىرىمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئالى رەخلىرىدىن تىكىلگەن ئىكەن. شائىرنىڭ توۋەندىكى شېئىرلىرى ئەلۋەتتە شۇ قىز ھەققىدە

قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىراي ـ شەكلى بويىغا لايىق ئىكەن. ئۇنى كۆرگەن كىشى بىر تىكىلمەي ئۆتەلمەيدىكەن. شائىر ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنۇ شېئىرنى يازغان ئىكەن:

كىرپىكى ئوق، قېشى يار، چېچى كەمەن،
ئالەم ئەھلى بۇ يىگىتكە بەك زوقمەن.

• • •

ئۇنىڭ سىياقى گۈلدۇر، كۆرسە كىم كۆزىگە نۇر تولغاي،
ئۇ، بىر خورما كىم، ھۆسنىن يوپۇرماقتەك غەيرى توسقاندۇر.
قايسى كۆز تىكىلىپ ئۇنىڭغا جۈرئەت بىلەن باققاي،
رەقىپلەر قېشى قانچە مەرتلەر قېنىنى تۆككەندۇر.
يېتىشمەك ئۈچۈن ئاڭا قانچىلار ئۆز باغرىنى قان قىلغان،
ۋاپاسىزلىق قىلىپ چىن مەشۇقى قەددىنى پۈككەندۇر.
چىرايى نازۇكلىغىنى نازۇك دىلىغا كوپ ئوخشاتتىم،
چىرايىنى كىم كۆرۈپ، نازۇك دىلىغا كىم يولۇققاندۇر.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى سارايدا كېنىزەكنىڭ ياشاپ يۈرگىنىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ۋەزىر قىزغا مۇنداق دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ: "قىزىم، سېنى سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى زەينىگە خاس سېتىپ ئالدىم. بىر شوخ ئوغلۇم بار. ئۇ كۆزىگە كۆرۈنگەن ھەر بىر قىزغا سوز تاشلىماي قويمايدۇ. ئۆزەڭگە ئېھتىيات بول! ئۇنىڭغا كۆرۈنمە. كۆرسەڭمۇ گەپ قىلما!" قىز: "خوپ، ياخشى بولۇدۇ!" دەپ ۋەدە قىپتۇ. بىر كۈنى قىز ئۆيىدىكى ھاممامغا چۈشۈپتۇ. كېنىزەكلەردىن بىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭى كىيىملەر كىيىپتۇ. ھوسنىگە ھوسن قوشۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يېنىغا بېرىپتۇ. "ھاممام قانداق ئىكەن، ياقتىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى. "ناھايىتى ياخشىكەن، ھاممامنىڭ ئىچىگە سىز-

ئاللىقاچان يېشىنى ياشاپ، يەيدىغىنىنى يەپ بولغان قېرى كىشى ئىكەن، بىراق دۇنيا ئۇنىڭغا رەھمى قىلىپ ئۆز قۇچىقىدا ئاسراپ كەلگەن ئىكەن. خۇددى شائىر ئېيتقاندەك:

تىترىتەر دائىم بەدەننى، بۇ زامان تىترەتمىسى،
چۈنكى جەم بولغان زامانغا كۈچ ـ قۇۋۋەتۇ ھەممىسى.

ۋەزىر ئۇنىڭدىن: "سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمان زەينىگە بۇ كېنىزەكنى ئون مىڭ تىللاغا بېرىشكە رازىمۇ سەن؟" دەپ سوراپتۇ. "كېنىزىگىمنى سۇلتان سورىغان بولسا، پۇلسىز ھەدىيە قىلىشقا رازىمەن" دەپتۇ ئەجەملىك. ۋەزىر پۇلنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. پۇل تەييارلىنىپ ئەجەملىككە تۇتقۇزۇلۇپتۇ. كېيىن دەللال ۋەزىر يېنىغا كېلىپ: "رۇخسەت بولسا بىر گېپىم بار ئىدى!" دەپتۇ. "سوزلە!" دەپتۇ ۋەزىر. "پىكرىمچە، — دەپتۇ دەللال، — بۇگۈن قىزنى سۇلتان ئالدىغا ئېلىپ بارمىسىڭىز. چۈنكى ئۇ، بۇگۈنلا سەپەردىن كەلدى. بىرىنچىدىن ھاۋا ئۆزگىرىشى، ئىككىنچىدىن ئۇنىڭدا سەپەر ھارغىنلىقى بار. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنى ئون كۈنسىز ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. سىز ئۇنى ئۆز سارىيىڭىزدا ساقلىسىڭىز، قىز ئەلۋەتتە ھالىغا كېلەر. كېيىن ئۇ ھاممامغا ئېلىپ بېرىلىپ ياخشى كىيىندۈرۈلسە، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلسا. ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا سىزنىڭ يۈزىڭىز ئوچۇق-يورۇق بولىدۇ". ۋەزىر دەللالنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، قىزنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئۆي ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. ھەر كۈنى تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇپتۇ. قىز شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كۈن ۋەزىر سارىيىدا تۇرۇپ قاپتۇ. ۋەزىر فەزلى ئىبنى خاقاننىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇنىڭمۇ

بىر كورۇپ ھوسنىڭنى ئاي بولدى چاكار،
بۇ زامان ۋەسلىڭ تىلەپ قىلدىم پىغان،
كويدۇرۇپ ئىشق ئوتىدا سەن قىلما خار.

ئېلى نۇرىدىن جېنىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، پايلاقچى قىزلارغا بىر ۋاقىرىغان ئىكەن، ئۇلار قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ ۋە پانا جاي تېپىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپتۇ. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قارىسا خۇددى پىشىپ يېتىلگەن مۆۋىدەك چىرايلىق بىر قىز تۇرغان. "ئاتام مەن ئۇچۇن سېتىپ ئالغان كېنىزەك سەنمۇ؟" دەپ سوراپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "ھە..." دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ ئەنسۇلجەلىس. يىگىت قىزنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ بىرئاز مەس ئىكەن. پايلاقچىلار ياش خوجايىننىڭ قىزنىڭ قېشىغا كىرگىنىنى كورۇپ ۋاقىرىشىپتۇ. بىراق يىگىت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ قويۇپتۇ. كېيىن ئاتىسىدىن قورقۇپ يۇشۇرۇنۇش ئۇچۇن جاي ئىزلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى پايلاقچى قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ھاممامدىن يۇگۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تەر تېخى ئېقىپ تۇرغان ئىكەن. "ھوي ئولگۇرلەر، نىمىگە ۋاقىراشتىڭلار؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى پايلاقچى قىزلاردىن. "ئېلى نۇرىدىن غوجام كىرىپ بىزنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇزىمىزنى ئېلىپ چەتكە قاچتۇق. ئۇ، ئەنسۇلجەلىسنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنى قۇچاغلاپ كوتۇرۇپ باستى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كىيىن..." "ھە، ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولدى؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى. "نىمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدۇق! بىز شۇنىڭغا ۋاقىرىغان ئىدۇق. يىگىت ئىشنى تۇگىتىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى..." ۋەزىرنىڭ

نىڭ بىللە كىرمىگەنلىكىڭىزگە، ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆزىڭىزنىڭ جامالى بىلەن يورۇتمىغانلىقىڭىزغا تولىمۇ ئېچىندىم" دەپتۇ قىز. شۇ چاغدا ۋەزىرنىڭ خوتۇنى: "يۈرۈڭلار، ھاممامغا بارىمىز" دەپتۇ. باشقىلارمۇ: "خوپ بولىدۇ!" دېيىشىپ قوزغىلىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئىككى ياش قىزنى پايلاقچى قىلىپ قويۇپ، ئۇلارغا ھېچكىمنى بۇ ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. قىز ئۆيدە ئولتۇرغان ئىكەن. كوچمىدىن ۋەزىرنىڭ ئوغلى كىرىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئېلى نۇرىدىن ئىكەن. پايلاقچى قىزلاردىن ئانىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراپتۇ. "ھاممامغا كەتتى!" دېيىشىپتۇ قىزلار. ئەنىسۇلجەلىس تۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇ، ئۆزىگە: "كوچمىدىن ئۆتكەن قىزلارغا چاخچاق قىلماي ئۆتمەيدىغان بۇ يىگىتنى—ۋەزىرنىڭ شوخ ئوغلىنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ! قانداغراق ئىكەن؟" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك يېنىغا كەپتۇ. قارىسا ناھايىتىمۇ كېلىشكەن، چىرايلىق بىر يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنىگە كۆزى چۈشۈپتۇ، شۇ ھامان "ئاھ" ئۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن ئاڭا شەيدا، ئۇنىڭ لىۋى شېكەر،
گۈلبەدەن، شۇڭقار يىگىتكە جاننى بېرەي.
بىر كۆرۈپ باغلاندى دىل، بولدۇم ئەسىر،
ماڭا بىر قىلسا نەزەر مىڭ ئۆرگىلەي.

ئېلى نۇرىدىننىڭمۇ بۇ شېئىرنى ئوقۇغان قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ سۇمبۇلدەك قارا چاچلىرىغا يۈرىكى باغلىنىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئاي يۈزلۈك، جادۇ كۆزلۈك، گۈلرەڭ بەدەن،

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



## ئوتتۇز ئۈچىنچى كېچە

مۇئىن ئىبنى ساۋى بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا سۇلتانغا بېرىپ مېنى چېقىپ، مانا ماختاپ يۈرگەن ۋەزىرىڭ فەزلى ئىبنى خاقانىنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇ، سەندىن ئون مىڭ تىللا پۇلنى ئېلىپ دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر چىرايلىق كېنىزەكنى سەن ئۈچۈن سېتىپ ئالدى. كېنىزەك ئىنتايىن چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن، ساڭا ئېلىپ كېلىپ بېرىشكە كوزى قىيماي، ئوغلىغا: بۇ قىزنى سەن ئال! سۇلتانغا قارىغاندا بۇنىڭغا سەن لايىقراق! دېدى. ئوغلى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالدى. كېنىزەك توغرىسىدىكى خاھىشىڭنى بۇلغاپ سېنى ئاياق ئاستى قىلدى دەپ ئىغۋا تارقاتسا، مەن نىمە دەيمەن. سۇلتانىڭ بۇ ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ۋەزىر: رۇخسەت قىلسىڭىز، كېنىزەكنى مەن ئېلىپ كېلەي، دېسە سۇلتان قىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. قىزنى زورلاپ مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن قىز بولغان ۋەقەنى ئېيتماي قويمايدۇ. شۇ چاغدا مۇئىن ئىبنى ساۋى: ئەي سۇلتانىم، ھەقىقى دوستۇڭ، سەمىمى مەسلىھەتچىڭ مانا مەن. ئەمما سەن مېنىڭ سوزۇمگە ئىشەنمەي كەلدىڭ. شۇڭا سېنىڭ ئالدىڭدا مېنىڭ قىلچىمۇ ئابرويۇم بولماي كەلدى دەيدۇ. سۇلتان مېنى ئادەملەر ئارىسىدا شەرمەندە قىلىدۇ، ئادەملەر ماڭا ھەيران قالىدۇ. مېنىڭ بېشىم كېتىدۇ. "ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، — بۇ ئىش تېخى ھېچكىمگە مەلۇم بولمىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ئىشنى يوشۇرۇن تۇتىمىز." ۋەزىر

خوتۇنى قىزلاردىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئەنسىۇلجەلسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: "نىمە ئىش بولىدى؟" دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن. "ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ ئەنسىۇلجەلىس، — ئۇيدە ئولتۇرغان ئىدىم. بىر چىرايلىق يىگىت كىرىپ كەلدى. ئاتام مەن ئۈچۈن سېتىپ ئالغان كېنىزەك سەنمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ھە-ئە...دېدىم. ئەز-بىرايى خۇدا، مەن ئۇنىڭ سوزىنى چاخچاق دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ ھامان ئۇ كېلىپ مېنى..." ئوغلىنى ۋەزىرنىڭ ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويۇشىدىن قورققان ئانا "ئاھ" ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. چورە خوتۇنلارمۇ قوشۇلۇپ يىغلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر كىرىپ كەپتۇ. "نىمىگە يىغلايسىلەر؟" دەپتۇ ئۇ ھەيران بولۇپ. "مېنىڭ سوزۇمنى ئاڭلاشقا ۋەدە بېرىڭ!" دەپتۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى. "مەيلى مەن رازى" دەپتۇ ۋەزىر. خوتۇنى ئوغلى ئېلى نۇرىدىنىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر غەزەپلىنىپتۇ، ياقىلىرىنى يىرتىپ ئوزىنى ئوزى كاچاتلاپتۇ، ساقاللىرىنى يۇلۇپتۇ. "ئوزىڭىزنى ئوزىڭىز ھالاك قىلماڭ! — دەپتۇ خوتۇنى ئېرىگە، — مەن ئوز پۇلۇمدىن ئۇنىڭ باھاسى — ئون مىڭ تىللانى بېرەي." ۋەزىر خوتۇنىغا تىكىلىپ قاراپ: "باركاللا سېنىڭ ئەقلىڭگە، گەپ ئۇنىڭ پۇلدا ئەمەس، مېلىمدىمۇ ئەمەس. مېنىڭ بېشىم كەتمىسە دەپ قورقىمەن" دەپتۇ. "نىمىشقا شۇنچە قورقىسىز؟" دەپتۇ خوتۇنى. "چۈشەنمىسەڭچۇ! ۋەزىر مۇئىن ئىبنى ساۋى مېنىڭ ئەڭ ئەشەددى، ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنىم. ئەگەر ئۇ، بۇ ۋەقەنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا توپ-توغرا سۇلتانغا بېرىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىدۇ."

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

ئايماي پۇلۇمۇ، بېشىمۇ كېتىدىغان ئىشنى قىلسەن؟" دەپتۇ ئاتىسى. "شائىرنىڭ بۇ شېرىگە قۇلاق سالغىن!" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن.

گۇنايىم بار، يا كەچكىن گۇناھىم،
ساڭا قىلدىم ھاۋالە پادىشاھىم.
ئاداۋەت قىلىپ قېنىمنى توككىن،
ئادالەت بىرلە بولغىن پاناھىم.
گۇناكارمەن قولۇمدا ھېچ نىمەم يوق،
مېنى يوقلار ھەمىشە تارتقان ئاھىم.

"ئەي ئوغلۇم، سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم" دەپتۇ ۋەزىر. بىراق ئۇ ھاياجاندا ئىكەن. ئوغلى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈزىنى سۆيۈپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەگەر سېنىڭ ئەنىسۇلجەلىسقا مەيلىڭ بارلىغىنى بۇرۇنراق بىلگىنىمدە، ئۇنى ئاللىقاچانلا ساڭا بېرىۋەتكەن بولاتتىم." "ئۇنىڭغا قانداقمۇ كويمەي؟" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "ياخشى كورگەن بولساڭ ئۇنى ساڭا شۇ شەرت بىلەن بېرىمەن. بىرىنچىدىن، ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتمايسەن. ئىككىنچىدىن، ئۇنى تاشلىمايسەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئالمايسەن" دەپتۇ ۋەزىر.

"بۇنىڭدىن كېيىن باشقىسىغا قارىمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئالمايمەن ھەم ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتمايمەن" دەپ ئەھدى قىپتۇ ئېلى نۇرىدىن. ۋەزىر كېنىزەكنى ئوغلىغا بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېلى نۇرىدىن قىز بىلەن قوشۇلۇپ بىر يىل بىللە ئۆمۈر كوچۈرۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە مۆئىن ئىبنى ساۋىنىڭ قۇلىغىغا بۇ خەۋەر يېتىپتۇ. لېكىن ئۇ سۇلتاندىن

ئۇزىنى بىر ئاز ئوڭشاپ ئاپتۇ.

ئېلى نۇرىدىن ئاتىسىدىن قورقۇپ چىقىپ كەتكىنىچە پۈتۈن كۈننى باغلاردا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ چىقىپ كەتكىنىنى ھېچكىم كورمەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئاتىسىغا بىر ئايغىچە كورۈنمەي قېچىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئېلى نۇرىدىننىڭ ئانىسى ۋەزىرگە: "ئەگەر بۇ ئىش يەنە شۇنداق سوزۇلۇپ كېتىۋەرسە، ئوغۇلىمىزمۇ، قىزىمىزمۇ ئاسانلا كېرەكتىن چىقىرىۋالىمىز. ئۇمۇ شۇنداق قېچىپ يۈرۈپ ئاخىرى باشقا تەرەپكە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن" دەپتۇ. "نىمە قىلىش كېرەك؟" دەپتۇ ۋەزىر خوتۇنىغا. "كېچىسى ئۇخلىماستىن ئۇنى كۈتۈڭ. ئۇ كەلسە چىرايلىق ئولتۇرۇپ سوزلىشىڭ. ئۇ ئىككىسىمۇ بىر-بىرسىگە ئامراق. كېنىزەكنىڭ پۇلىنى سىزگە مەن تولەپ بېرەي. ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشۇپ قويايلى!" دەپتۇ خوتۇنى. ۋەزىر شۇ كېچىسى ئوغلىنى كۈتۈپ ئۇخلىماپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئېلى نۇرىدىن كەپتۇ. ۋەزىر ئوغلىنى تۇتۇپلا غەزەپ بىلەن يەرگە يىقىتىپتۇ. ئۇنى سويۇپ تاشلىماقچى بوپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى كېلىپ: "نىمە قىلىۋاتىسىز؟" دەپتۇ ۋەزىرگە تىترەك ئاۋاز بىلەن يىغلىنىپ. "بۇنى سويۇپ تاشلايمەن!" دەپتۇ ۋەزىر بوغۇلۇپ. "مېنىڭ ياش جېنىمغا رەھمە قىل! — دەپتۇ ئوغلى زارلىنىپ-يىغلىنىپ، — ئەي ئاتا، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، يالغۇز جىگەر-پارەڭمەن، كوز نۇرۇڭمەن؛ ھازىر قولۇڭدا ئەسىر مەن. مېنى ئولتۇرۇشكە ئالدىراپ كەتمە. قاچانلا ئولتۇرسەڭ بولىدۇ." ۋەزىرنىڭ كوزىگە ياش تولۇپتۇ، ئاچچىغى يېنىپ، رەھمى كېلىپ ئوغلىنىڭ مەيدىسىدىن چۈشۈپتۇ. "ئەي ئوغلۇم! نىمشقا سەن مېنى

ھەممە يىغلىشىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئاتىسىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا تەي-
يارلىنىپتۇ. جىنازىسىنى ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، پۈتۈن ساراي ئەھلى،
جېمى شەھەر خەلـقى، تۇل خوتۇن، يېـتىم ئوغۇل، يېتىمە قىز،
غېرىپ-غۇرۋا، مۇساپىر-مۇجاپىر ھەمـمـىسى يىغلاپ-يىغـلىشىپ
ئاپىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىـدا ۋەزىر مۇئـىـن ئىبـنى ساۋىـمۇ بار
ئىكەن. تاۋۇتنى ئويدىن كوتۇرۇپ ئېلىپ چىققاندا كىمدۇر بىرسى
يۇقىرى، ئەمما ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن بۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

بىر كىم يازغان بۇ شېىر يادىمغا چۈشتى،
پەيشەنبە كۈنى روھ يوقلۇققا ئۇچتى.

ۋىدالاشماقچۇن ھەممە يىغلىدى،
ۋاقىتسىز ئۆلگىنىگە ھەممىسى ئۇقتى.

ئىشىكنىڭ ئۈستىگە باغلاندى قارا،
بۇ ئەھۋال يۈرەكنى كوپ قىلدى يارا...

نىمە قىلسا قىمىرلىماي جىم تۇرىمەن،
بولمىسا سەزگۈ قانداقچە كورىمەن.

كىپىنەك تون كىيدىم كىيمىگەن بۇرۇن،
تىرىكلەر ئۇنى سۈيمىگەن بۇرۇن.

يامان كورگەن كىشىمۇ ماڭا كويۈندى،
ياخشى كورگەن دوستۇممۇ ھازىر سۈيۈنـدى.

كىرىپ تاۋۇتقا چىقتىم مۇرىلەرگە،
تىرىكلىكتە چىقالمىغان مەن ئۇ يەرگە.

بېرىپ مەسچىتكە، ھەممە تۇردى نامازغا،
دىدى: — ئاللاھۇ ئەكبەر، — ئىمام ئۇلارغا.

قورقۇپ شكايەت قىلىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپتۇ. سۇلتانمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېنىزەك توغرىسىدا ئېغىز ئاچماپتۇ. بىر كۈنى فەزلى ئىبنى خاقانى هاممامغا بېرىپ يۇيۇنۇپتۇ. هاممامدىن چىقىپ ئىسسىق ـ سوغۇققا چېلىنىپ، شامالداپ قاپتۇ. ئاجىزلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. كۈندىن ـ كۈنگە ئەھۋالى ئېغىرلىشىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئوغلى ئېلى نۇرىدىننى يېنىغا چاقىرىپتۇ. "ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۆلچەملىك رىزق، ساناقلىق كۈن تۈگىگەندە كىشى ئۆلمەي قالمايدۇ، ئۆلۈمدىن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. جان بار يەردە قازامۇ بار. قولاق سال، ئەنسۇلجەلىسقا ھەمىشە ياخشىلىق قىل! بېشىنى سىلا، بىپەرۋالىق قىلىپ تاشلاپ قويما!"

"ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — دۇنيادا ساڭا ئوخشاش ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ مېھرىۋانلىق قىلىدىغان كىشى يەنىمۇ بارمىكىن ـ تاڭ؟ سەن پەقەت ياخشى ئىشلارغىلا تولغۇلغان ـ سەن ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلققە تونۇلغانسەن. سېنى ئېچىنىشلىق ئۆلۈم بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ. خۇدا، ئۇلارنىڭ نالە ـ زارىنغا قولاق سېلىپ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغاي. سەن بىزنى ۋە شۇ غېرىپ ـ مىسكىنلەرنى تاشلاپ ئارىمىزدىن كەتمە. بىزنى يېتىملىككە سالما!..."

ۋەزىرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپتۇ، كېسىلى ئېغىر ـ لىشىپتۇ. ئۇ ئايەت ئوقۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇپ، بىردىن قاتتىق ۋاقىراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن سارايىنى قاپلاپتۇ، ۋەزىر جان ئۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەر دەرھال ھەر تەرەپكە تارقاپتۇ. پادىشالار ۋە سۇلتاندىن تارتىپ گادايغىچە ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپتۇ. مەدرىسە تالىپلىرىمۇ قارىلىق باغلاپ ماتەم تۇتۇپتۇ، چوڭ ـ كىچىك

ئىكەن، سالاملىشىپتۇ. ئۇ كىشى ئېلى نۇردىننىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئاتىسى ئۆلمىگەن كىم بار؟ ئۆلگەنلەرنىڭ قايسى يېرىدىن سېنىڭدەك ئوغۇل قاپتۇ؟! ئۆزەڭنى تۇتۇۋال! خاتىرجەم بول! قايغۇنى تاشلا!» دەپتۇ. ئېلى نۇردىن ئۇ كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىنى توختىتىپ، كەلگەن كىشىنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. داستىخان سېلىپتۇ. خونچىلاپ تاماق ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئولتۇرۇشقا ئۇنىڭ باشقا دوستلىرىمۇ بىر بىرلەپ كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. ئېلى نۇردىننىڭ بۇ دوستلىرى زەردارلارنىڭ باللىرى بولۇپ، ھەممىسى ئون كىشى ئىكەن. ئولتۇرۇشنى ئۇزۇنغا سوزۇپ يېيىشىپتۇ، ئىچىشىپتۇ. ئېلى نۇردىن تېز-تېز داستىخان يەڭگۈشلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ، ئىنتايىن ئوچۇق قول بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئېلى نۇردىننىڭ ئەڭ يېقىن ۋە غەمخور كىشىسى ۋەكىل كىرىپتۇ.

«ئەي ھۆرمەتلىك يىگىت، — دەپتۇ ئۇ، — كىرىم بىلەن ھېساپ-لاشماي پۇل چىقىم قىلغانلار تېز پۇرسەتتە يوقسۇللۇققا، گاداي-لىققا چۈشۈپ قالىدۇ دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ شائىرنىڭ بۇ شېرىگە قۇلاق سال:

پۇل ساقلىدىم قىلىچ - قالقان ئورنىغا،
ھىمايىدا پۇل قىلىچتىن ئۆتكۈرراق،
پۇلنىڭ ھىدى يەتسە دۈشمەن بۇرنىغا،
ھوشسىز بولۇر دورا يىمەي بۇرۇندىراق.

پۇلۇم بولغاچ تىلىم ئۆتكۈر ھەر ئىشىم،
يامان سۆزۈم ياخشى بولۇپ ئاڭلىنۇر.

ئۇلتۇرماستىن ئوقۇلدى تېز ۋە چاققان،
كۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ گوياكى "مېھمان!"

شېھىر بىلەن ئەقلى-ھوشۇم ئۇچتى،
يەنە قايتىپ كېلىپ ئورنىغا چۈشتى.

ۋەسىيەت باشلىدى تىل ئالدىراش،
يېتىپ كەلمەي بۇ ئۆلۈم يەنە قاتتى باش.

بېشىمغا قۇيما غەسسال سوغۇق سۇ،
كېتەردە دۇنيادىن مەن ئەمدى مەڭگۈ.

توكتۇم يېشىمنى مەن شۇ سوز كېيىيە،
كېيەندىن ئۆزگىسى بولمىغاي سايە.

جەسىدىم تۇپراق قوينىدا قالسۇن،
بېرىپ ئېيت شېيخلەرگە كوزدىن يوقالسۇن!...

رەقىبلەر گور قېزىپ ئەۋۋەلدە تازا،
مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاچقاندى ھازا.

بۈگۈن لەھەتتە ماڭا تۇپراق مىندى،
"ئىلاھا شۈكرى" دەپ كوڭلۈمۇ تىندى.

ۋەزىرنى يىغا-زارە بىلەن كومگەندىن كېيىن، دوستلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئېلى نۇرىدىن بىلەن ئويىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ، ناھايىتى غەمكىن بولۇپ ئاتىسى ئۇچۇن ئۇزاق ماتەم تۇتۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېلى نۇرىدىن ئويىدە يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن، بىر كىم ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇ، ئاتىسىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرسى

ئولتۇرۇش بىلەن راسا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئېلى نۇرىدىن ئۆلپەتلىرى بىلەن بەزمىدە ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ مىرزىسى كىرىپ كېلىپ، ئېلى نۇرىدىننىڭ قولىغا ئاستا پىچىرلاپ: "مەن ھازىرغىچە نىمىدىن قورققان بولسام، ھازىر شۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى! — دەپتۇ، — ھازىر خەزىنىمىزدە بىر تەڭگە پۇلمۇ قالمىدى ياكى پۇلنىڭ بەدىلىگە لايىقراق بىرەر نەرسىمۇ يوق. ھەممىسى تۈگىدى." ئۇ، قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۆلپەتلىرىنىڭ ھەممىسى مىرزىنىڭ بۇ گېپىدىن، ئېلى نۇرىدىننىڭ ئولتۇرۇشىدىن "سىر"نى چۈشىنىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ سورۇن-دىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت سوراپتۇ. ئېلى نۇرىدىن: "نىمە ئۈچۈن كېتىسەن؟" دەپ سوراپتۇ. "مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ بۇ كېچە ۋاقتى-سائىتى توشاتتى. مەن ئۇنى بۇ تۇغۇتتا تەنھا تاشلاپ قويالمايمەن" دەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن رۇخسەت بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى تۇرۇپ رۇخسەت سوراپتۇ: "مېنىڭ ئاكام بۈگۈن ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى قىلماقچى ئىدى. مەن بېرىپ قارىشىپ بەرمىسەم بولمايدۇ" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر بىرى بىردىن بانا تېپىپ، رۇخسەت سوراپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇيىدە ئېلى نۇرىدىننىڭ يالغۇز ئۆزىلا قاپتۇ. ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەنسۇلجەلىسنى يېنىغا قىچقىرىپتۇ. "ئەي غەمگۇزارىم، سەن بىلمەمسەن، مەندىن قانداق چوڭ خاتالىق ئۆتتى؟" دەپ سوراپتۇ.

"بۇ توغرىلىق مەن بۇرۇنراق ساڭا ئۆز پىكرىمنى ئېيتىشنى خالىغان ئىدىم. لېكىن، سەندىن ھەمىشە مۇنداق شېرلارنى ئاڭلاپ

هاكىملارمۇ ماڭا يېقىن، مۇلايىم،
دۈشمەنلىرىم چاڭلىرىمغا پۈركۈنۈر.

"پۇلۇمنى ھەرقانداق شۇم نىيەت، پەيلى يامانلاردىن، بۇزۇقلاردىن ساقلايمەن، قەدىرلەيمەن" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن.

"بايلىقى يوق كىشلەر، — دەپتۇ ۋەكىل، — قۇياشتەك ئۇلۇغۋارلىقلارغا، ئالى جاناپ خىسلەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ خارلىنىدۇ."

"بۇ سوزلىرىڭگە قۇلاق سالمايمەن. شائىرنىڭ بۇ شېىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟" دەپ ئېلى نۇرىدىن مۇنۇ شېىرنى ئوقۇپتۇ:

ھىچبىر بېخىل پېخسىقلىقتىن ماختانماس،
سېخىلىقتىن كىم ئۇلۇپتۇ؟ كورمىدىم!
ئاغزىم مايماق، ئەمما پۇلۇم بولسا بەس،
ھىكمىتىنى ھىچكىمدىن مەن سورىمىدىم.

"ئەي ۋەكىل، — دەپتۇ يەنە ئېلى نۇرىدىن، — ئەگەر سەندە بۇگۇنكى چۇشلۇك تاماققا يېتەرلىك نەرسە بولسا، كەچقۇرۇنلۇق تاماقنىڭ غېمىنى يەپ بېشىڭنى قاتۇرۇپ ئاۋارە بولما!" ۋەكىل ئوز يولىغا كېتىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن شۇ سېخىلىقىنى قويماپتۇ، بەلكى قولىنى يەنىمۇ ئېچىۋراق ساخاۋەت قىلىپ، بەزمە-ئولتۇرۇشنى كوپەيتىپتۇ. ئۇلپەتلىرىدىن قايسى بىرسى: "بۇ نەرسە ياخشى ئىكەن دىسە"، ئېلى نۇرىدىن: "ساڭا ياققان بولسا ئال، بەردىم" دەيدىكەن. باشقا بىرسى: "پالانى ئوي ياخشى جايغا سېلىنىپتۇ" دەپ قويسا، ئۇ: "ئۇ ئوي ساڭا ياققان بولسا ھەدىيە قىلدىم" دەيدىكەن. "پالانى باغ ھاۋالىق" دىسە، "ئال ئۇنى ساڭا بەردىم" دەيدىكەن. ئېلى نۇرىدىن شۇ يوسۇندا ئۇزىنىڭ دوستلىرىغا ھەر كۇندە بىرنەچچە قېتىم داستىخان سېلىپ، ئىنئام بېرىپ، بەزمە-

پۇلدارلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ، بۇلار بىر كوچىدا تۇرىدىكەن. ئۇ، بىرىنچى ئىشىكنى چېكىپتۇ. بىر چورە خوتۇن چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇ خوتۇن: "سەن كىم" دەپ سوراپتۇ. ئېلى نۇرىدىن جاۋاب بېرىپ: "خوجايىنىڭغا ئېيت، ئېلى نۇرىدىن ئىشىك ئالدىدا، سېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈپ تۇرىدۇ دېگىن" دەپتۇ. چورە خوتۇن ئىچكىرىگە كىرىپ خوجايىنىغا بۇ گەپلەرنى ئېيتىپتۇ. كېيىن دەرھال قايتىپ كېلىپ: "خوجايىن ئۆيدە يوق!" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن: "بۇ قانداق گەپ؟ بۈگۈن ئۇنىڭ خوتۇنى توغماقچى ئىدىغۇ؟ ئۇ، مەن ئۇنى يالغۇز قالدۇرالمايمەن" دېگەن ئەمەسمىدى، دەپ ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ: "ئۇ بېخىللىق قىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن باش تارتتى، باشقىلىرى ئۇنداق قىلماس" دەپ ئويلاپ، ئىككىنچى ئۆلپىتىنىڭ ئىشىگىنى قېقىپتۇ. بۇ ئاكىسىنىڭ ئوغلىنىڭ خەتمىسىنى قىلىدىغان، تويغا ياردەملىشىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇمۇ خەتمە توي بولىدىغان ئۆيدە يوق چىقىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كەلگىنىدە كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلغان دوستلىرىم،
مەن كەلگەندە يوق بولۇپ چىقتى ئۆيدە ھەممىسى.
نەگە كەتتى ياخشىلىق. نەگە كەتتى دوستلىغىم،
ئىشىك قاقسام "ئۆيدە يوق" دەپ تۇرىدۇ چورىسى.

ئېلى نۇرىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىناپ كۆرۈپ بېقىشقا نىيەت قىپتۇ. "بەلكى، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىچە، — بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەممىسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بىرەرسى چىقىپ قالار!" ئېلى نۇرىدىن شۇ ئويى بىلەن، ھەممىسىنىڭكىگە بىر قۇردىن ئوقۇرۇپ

گەپ قىلالمىغىم" دەپ، ئېلى نۇرىدىن ئوقۇپ بەرگەن مۇنۇ شېئىر-لارنى تەكرارلاپتۇ:

كەل ئەي ساقى، قوي شاراپنى، ئۆمرىمىز ئوتسۇن خوشال،
قالمىسا مەيلى قولۇمدا ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا ۋە مال.
پۇل ئەگەر تۇرسا قولۇڭدا، قەلبىڭنى ۋەيران قىلغۇچى،
سەرىپ قىل، خەجلە شاراپقا، پۇل كوڭۇلنى ئاچقۇچى.

* * *

دۇنيا ساڭا بەخت بەرسە، سەنمۇ قايتۇر ۋاقتىدا،
تېزراقىنا قەرزدارلىق تەشۋىشىدىن بول خالاس.
بۇ دۇنيانىڭ كەسپى شۇدۇر، ئۇ، تۇرمايدۇ سوزىدە،
ئۆز ئەھدىدە تۇرغىنىدا مۇشكۇلۇڭدىن بول خالاس.

دەسمايىنى دۇنيا دەر خەلق، دۇنيا ئۆزى دەسمايە،
دۇنيا تالاش قىلغان شاھلار تولدۇرسام دەر خەزىنەم.
ياردەم قىلساڭ ۋاقتىدا قىل، دەۋلىتىڭنىڭ بارىدا،
ئاچ كوزلەرنى تويدۇرالماس ياردەملىرىڭ بولسا كەم.

"سېنىڭ بۇ گېپىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — دەپتۇ ئەنسۇلجەلىس، — چىشىمنى چىشلەپ يۇرىۋەردىم". "ئەي ئەنسۇلجەلىس، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — ساڭا مەلۇم، مەن قولۇمدا بار دۇنيارىمنى پەقەت دوستلارغا بېغىشلىدىم. ئۇلارمۇ مېنى قۇرۇق قول قويمسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ھازىر مەن ئۇلارنىڭ ئويىگە بارىمەن. ئۇلاردىن بىرەر نەرسە ئۇندۇرسەم، ئۇنى دەسمايە قىلىپ سودا-گەرچىلىك قىلىمەن. ئەمدى ئويۇن - كۈلكىنى تاشلايمەن." شۇ سوزنى قىلىپلا ئېلى نۇرىدىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. توپ - توغرا دوستلىرى تۇرىدىغان كوچىغا بېرىپتۇ. ئۇنچە ئۇلپىتىنىڭ ھەممىسى

ئەنسۇلجەلس، ـــ ئوي سايمانلىرىمىزنى ساتساقمۇ خېلى كۆنگىچە ياشايمىز." ئېلى نۇرىدىن بۇ گەپ بىلەن ئوي سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ سېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئويىدە بار نەرسىلىرىنىڭ ھەممە-سىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. قاقىقان قوزۇق، تۆكـكەن تۇگۈچىــنىمۇ قويماي سېتىپتۇ. "ئەمدى نېمە قىلىمىز؟" دەپتۇ ئېلى نۇرىــدىن ئەنسۇلجەلسقا تەلـمۈرۈپ قاراپ. "ئەي ھورمەتـلىكىم، ـــ دەپتۇ ئەنسۇلجەلس، ـــ مەسلىھەتىم شۇكى، ھازىر ئورنۇڭدىن تۇر! مېنى يېتىلەپ بازارغا ئېلىپ بېرىپ سات! ئاتاڭ مېنى ئون مىڭ تىللاغا ئالـغانلىـغىنى ياخـشى بىلىسەن. ھازىر مۇشۇ باھاغا يېقىنلىشىپ قالسام كېرەك. قولۇڭغا پۇل كىرگەنـدىن كېيىن، تىـجارەت قىلىپ كورسەڭ، بەخـتىڭ ئوڭـدىن كېلـىپ، يەنە بىلـلە بولۇشـقا يول ئېچىـلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس..."

"ئەنسۇلجەلس، ـــ دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، ـــ مېنىڭ سەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشقا كوزۇم قىيمايدۇ." "بۇنداق بولۇشى ماڭا ئاسان دەپ ئويلامسەن؟ ـــ دەپتۇ ئەنسۇلـجەلس، ـــ لېكىن ھازىر بىزگە بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق!" شائىر دىگەندەك:

چارىسىزلىق دائىم باشلار كىشىنى،
ئەخلاقسىزلىق ـ بۇزۇقچىلىق يوللارغا.
قىلىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىشنى،
سېنى باشلار چولگە، سەھرا ـ تاغلارغا.

چارىسىزلىق يۈكى ئېغىر، مۈرەڭنى ـــ
ئەككەندىمۇ غىڭ قىلىشقا تىلىڭ يوق.
چارىسىزلىق قىلسا يېغىر دۈمبەڭنى،
ئىنتىلمىسەڭ، توختاپ قالساڭ، پۇلۇڭ يوق.

چىقىپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچماپتۇ. سانلاپ قوي گوشى يەپ، بەزمە ئوينىغانلاردىن بىرەرسىمۇ كاكچانان سۇندۇرۇشقا يارىماپتۇ:

بەختى قايتسا، غازاڭ چۈشەر پەسلىدەك،
پالتا چۈشەر شۇ دەرەخنىڭ شېخىغا.
بەختى قاچسا، ھەممە بىردەك كەتكىدەك،
كورپە ـ ياستۇق تاشتەك پاتار بېشىغا.

تاشلاپ كېتەر بىللە دەۋران سۈرگەنلەر،
يالغۇز قېلىش، شۇمۇ ساڭا يېتەرلىك.
سوز ئوينىتىپ، شىرىن سوھبەت قىلغانلار،
سەندىن قاچار سېنى بىلىپ خەتەرلىك.

بۇ زامانىنىڭ باللىرى شۇنداق شۇم،
زامانىنىڭ خۇددى ئوزى نا ئىنساپ.
دۈچ كەلگەندە قولاقنى ئەت، كوزنى يۇم،
ئەگەر بولسا ھەقىقەتەن قەلبىڭ ساپ.

قايغۇ ـ غەم دەرياسىغا غەرق بولغان ئېلى نۇرىدىن بۇ شېرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھېچكىمگە قارىماي، ئەنسۇلجەلىسنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ”بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدىن نەپ تەگمەيدۇ، دەپ ئېيتقان ئەمەسمىدىم“ دەپتۇ ئەنسۇلجەلىس. ”ئاجايىپ ئىش، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك مېنىڭ ئالدىمغا چىقىشتىن باش تارتتى. بىرەرسى چىقىپ توت ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىشقا پېتىنمىدى ـ ھە؟“ ”خاپا بولما! — دەپتۇ

ئىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، بازار تۇرلۇك - تۈمەن قۇللار، كېنىزەكلەر بىلەن تولۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك تىلدا سۆزلىشىدىغان تائىپىلەر، كەركەسلەر، ھەبەشلەر، گۈرجىستانلىقلار، رۇملۇقلار، تۈركلەر ۋە باشقىلارمۇ بار ئىكەن. ھەممە بايلار توپلىنىپتۇ. دەللال تۇرغان يېرىدىن ئىگىز رەك بىر يەرگە چىقىپتۇ: "ئەي سودىگەرلەر، ئەي پۇلدار بايلار! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، يۇمىلاق نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ياڭاق بولۇۋەرمەيدۇ. ھەر بىر ئۇزۇنچاق نەرسە قوغۇن، ھەر بىر قىزىل نەرسە گوش ياكى ئانارمۇ بولمايدۇ. ھەر بىر ئاق نەرسە ياغ، ھەر بىر ئۇتىقاشتەك قىزىل سۇ شاراپ بولمايدۇ. ھەر بىر تاتلىق نەرسە خورما بولالمايدۇ. مەندە بىر گوھەر بار، بۇنىڭغا قانچە باھا قويۇشۇم كېرەك." "تۈت مىڭ بەش يۈز تىللا" دەپتۇ بىر باي. جاكاچى ئۇنىڭ باھاسىنى تورت مىڭ بەش يۈز تىللادىن باشلاپ كۆپەيتىشكە كىرىشكەن ئىكەن. تېخى بىرىنچى قېتىم قىچقىرمايلا، مۇئىن ئىبنى ساۋى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئىبلى نۇرىدىنغا چۈشۈپ، ئۆزىچە ئاۋال: "ئاتىسىدىن قالغان دۇنياسىغا كېنىزەك ئالغىلى كەلگەن بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. ۋەزىر ئەتراپىغا كۆز سېلىپ، جاكاچىنى كورۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بايلار توپلىشىپ ئالغان ئىكەن، بۇ ھادىسىنى كورۇپ، ۋەزىرنىڭ پىكرى ئۆزگۈرۈپتۇ: "بەلكى ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى قالماي، كىنىزىگى ئەنىسۇلجەلىسنى ساتقىلى ئېلىپ كەلگەندۇر. ئەگەر شۇنداق بولسا، مانا بۇ كۆكۈلدىكىدەك ئىش بولدى"، ئۇ جاكاچىنى قىچقىرىپتۇ. جاكاچى كېلىپ ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ، تازىم قىلىپ تىز چوكۇپتۇ. "بۇ كېنىزەكنى مەن

چارىسىزلىق ئۇچۇق كوزنى كور قىلغاي،
كورۇنمەيدۇ ساڭا دوستۇڭ قەدىردان.
چۇمۇلىنى داڭلىق شىردىن زور قىلغاي،
پۇلنىڭ كۈچى گاھ ئاشكارا گا پىنھان.

ئېلى نۇرىدىن كوزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەنسۇلجەلىسنى كەينىگە سېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ. قىزنىڭ كوزىدىن ياش يامغۇردەك توكۇلۇپ تۇرۇپتۇ. خىيال ئارىلاش بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ:

توختا!...ماڭما...تۇرۇپ ماڭا قىيا باق،
ئايرىلىش دەردىگە بەرسۇن تەسەللى.
لۇتپى ئەيلە، قېشىمدىن كەتمىگىن ھېچ ياق،
سەن چىقماي جېنىمۇ چىقمىغاي ھېلى.

سەن ھايات يامغۇرى، مەن تەشنا بەندە،
قېنى ئىنساپ سەندىكى، قېنى شوخ دىلىڭ؟
مەن يۇرسەم كەينىڭدە قان يۇتۇپ تونىدە،
"كېتىمەن" دېيىشكە كەلدىمۇ تىلىڭ!

ئېلى نۇرىدىن ئەنسۇلجەلىسنى قۇللار بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ، دەللالغا تاپشۇرۇپتۇ. "ئەي ھاجى ھەسەن، بۇنىڭغا باھا قوي!" دەپتۇ ئۇ. "خوجام ئېلى نۇرىدىن، — دەپتۇ دەللال ھاجى ھەسەن، — بازار قائىدىلىرىنى كوزدە تۇتۇپ، بۇ كېنىزەكنى ئاتاڭغا ئون مىڭ تىللاغا ئېلىپ بەرگەن ئىدىم. بۇ ئەنە شۇ ئەنسۇلجەلىس ئەمەسمۇ؟" "ھەئە، شۇ!" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن. دەللال بايلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. لېكىن ۋاقىت ئەتتىگەن بولۇپ، ئۇلار تېخى يىغىلمىغان

بېرىمىز" دەپ سىنى كولدۇرلىتىدۇ. ھەر كۈنى سېنى قاتىرىتىپ ھارغۇزۇدۇ. ئاخىرى سەندىن زېرىكىپ قەغەزنى سورايدۇ. بەرسەڭ تېرىكىپ كوز ئالدىڭدا ئۇنى يىرتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېنىزەك ئۈچۈن ئالدىغان پۇلۇڭ تامامەن يوققا چىقىدۇ." "نىمە قىلاي؟" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن مەيۈسلەنگەن ھالدا. دەللال سوز باشلاپتۇ: "ئىنساپسىز، زالىم ۋەزىر مۇئىن ئىبنى ساۋىنىڭ قولىغا كېنىزەكنى چۈشۈرمەسلىك كېرەك. مېنىڭ پىكرىمچە مانا بۇنداق قىلىسەن: مەن بازار ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ۋاقتىمدا سەن بارىسەن. كېنىزەكنى قولۇمدىن تارتىپ ئالىسەن. يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ دۇق قىلىسەن: "سېنى بازارغا سېلىپ جاكارچىغا باھايىڭنى ئېنىقلاتماقچى ئىدىم. مەن قىلغان سوزۇمنى ئورۇندىدىم. دىمەك سېنى بازارغا سالدىم. بىلىپ قوي! سېنىڭ باھايىڭ توت مىڭ بەش يۈز تىللا ئىكەن" دەپ كېنىزەكنى ئالدىڭغا سېلىپ ماڭىسەن. ۋەزىرمۇ، باشقىلارمۇ: "ھە، بۇنىڭ باھاسىنى بىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ بازارغا سالغان ئىكەن" دىگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ. "ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن. دەللال دەرھال بازارغا بېرىپ كېنىزەكنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىن دەللالنىڭ يېنىغا كەپتۇ. شۇ چاغدا دەللال ئۇنى ۋەزىرگە كورسىتىپ تۇرۇپ: "ئەي ھورمەتلىك زات، مانا بۇ كېنىزەكنىڭ خوجايىنى كېلىۋاتىدۇ" دەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن كېلىپ دەللالنىڭ قولىدىن كېنىزەكنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇرۇپتۇ: "ئەي لەنىتى، ئەمدى ئەھدىمنى ئورۇندىدىممۇ؟ ماڭ ئويگە. ئىككىنچى مەن بىلەن باھايىڭ توغرىسىدا بەسلىشىپ گەپ تالاشما!" دەپتۇ. مۇئىن ئىبنى ساۋى بۇ سوزنى ئاڭلاپ:

ئالىمەن" دەپتۇ ۋەزىر. "ناھايىتى ياخشى" دىگەن جاۋاپنى بىرىپتۇ جاكاچى. ئۇ، كىنىزەكنى ئېلىپ كەپتۇ. ئەنسۇلجەلىسنىڭ شىرىن سوزى ۋەزىرنى چىرماپ ئاپتۇ. "بۇ كىنىزەكنىڭ باھاسى قانچە بولدى؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىر دەللالدىن. "سودىنى ئىچىش ئۇچۇن توت مىڭ بەش يۇز تىللا باھا قويدۇق" دەپتۇ دەللال. "توت مىڭ بەش يۇز تىللانى مانا مەن بىرىمەن، مەندىن ئالسۇن!" دەپتۇ ۋەزىر. بايلار ۋەزىرنىڭ بۇ سودىغا ئارىلاشقانلىغىنى كورۇپ، بىر تەڭگىمۇ ئورلىيەلمەپتۇ. تەتۇرسىچە، ھەممىسى ئۇزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپتۇ. مۇئىن ئىبنى ساۋى دەللالغا قاراپ ۋاقىراپ: "يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن. خوجىسىغا بىرىپ مىنىڭ نامىمدىن تورت مىڭ بەش يۇز تىللانى ئېلىشنى تەكلىپ قىل! بۇنىڭ بەش يۇزى ئوزەڭگە!" دەپتۇ.

دەللال ئېلى نۇرىدىننىڭ يېنىغا بىرىپتۇ: "ئەي ھورمەتلىك ئوغلۇم! كىنىزىكىڭ بىكار كەتتى" دەپتۇ. "نىمىشقا؟" دەپ سوراپتۇ ئېلى نۇرىدىن. دەللال سوز باشلاپتۇ:

"ئىنساپسىز ۋەزىر مۇئىن ئىبنى ساۋى بازار ئايلىنىپ يۇرگەن ئىكەن. ئالدىمىزغا كىلىپ، ئەنسۇلجەلىسنى كوردى. ۋەزىرگە كىنىزەك ياراپ قالدى. ماڭا: مىنىڭ نامىمدىن توت مىڭ بەش يۇز تىللاغا كوندۇر. بەش يۇز تىللاسىنى ساڭا بىرىمەن، دىدى. كىنىزەكنىڭ سىنىڭ ئىكەنلىگىنى ۋەزىر بىلگەن بولسا كىرەك. ئۇ ئاتايىن قىستاۋاتىدۇ. ئۇ، پۇلنى نەق بەرىشىمۇ مەيلى ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى بىلىمەن، ساڭا پۇل بەرمەيدۇ. پەقەت بىرسىنى كورستىپ قەغەز يىزىپ بىرىدۇ. ئارقىسىدىن "ئۇنىڭغا ھىچ نەرسە بەرمىسۇن!" دەپ كىشى ئەۋەتىدۇ. پۇلنى سوراپ بارساڭ "ھازىر

يەتسە، سۇلتان كالـلاڭلارنى ئالـدۇ. ھازىر ھەقىقەت ئېلى نۇرد-
دىن تەرەپتە، بىكـار سىلەر لەت بولۇپ قالسىلەر" دەپتۇ. ئېلى
نۇردىن ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ۋەزىرنى چالا ئۆلۈك قىلىپ ياتقۇ-
زۇپ قويۇپ، ئۇزىنىڭ كېنىزىكىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. ۋەزىر
ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىمى لاي ۋە قانغا
مىلەنگەن ئىكەن. شۇ ئەھۋالدا سۇلتاننىڭ ئالـدىغا مېڭىپتۇ، "ماڭا
زۇلۇم قىلدى" دەپ دات-پـەرياد كوتۇرۇپتۇ. ئۇنى سۇلتاننىڭ
قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سۇلتان نەزەر سالسا، ئالدىدا تۇرغان باش
ۋەزىر ئىبنى ساۋى ئىكەن. سۇلتان: "سېنى كىم بۇ ئەھۋالغا چۈشۈ-
رۇپ قويدى؟" دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر كوز يېشىنى توكۇپ ياقىسىد-
نى پارە-پارە قىلىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

غەم كوڭۈلنى قىلدى ۋەيران، ئەي جېنى تاتلىق،
چەتكە ئالدىڭ ئۇزەڭنى، جېنىمغا مەھرەم بولمىدىڭ.
كورمىدىم سەندىن ۋاپا، يا بىر ياخشىلىق،
سۇندى كوڭلۇم، بۇ كوڭۇلگە دورا-مەلھەم بولمىدىڭ.

"ئەي ھورمەتلىك سۇلتان،—دەپتۇ ۋەزىر،—سېنى دوست تۇتۇپ
قۇللۇق قىلغۇچىلارغا شۇنـداق جەۋرى-زۇلۇم ۋە ھاقارەت قىلسـا
بولامدۇ؟" "ساڭا نېمە بولدى؟ كىم سېنى شۇنداق قىلدى؟ سېنىڭ
ھورمىتىڭ مېنىڭ ھورمىتىم، ساڭا قىلىنغان ھاقارەت ماڭـا قىلىن-
غان ھـاقارەت ئەمەسـمۇ؟" دەپ ۋاقىـراپـتۇ سۇلـتان. "مەن
بۇگۇن،—دەپـتۇ ۋەزىر،—بازارغا بىر كېـنىزەك ئېلىـش ئۇچۇن
چىققان ئىدىم. ئۇ يەردە ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر كېنىزەك بار ئىكەن.
بۇنداق چىرايلىق ئايالنى مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كورۇشۇم ئىدى.

"سىنىڭ كىنىزەكتىن باشقا ساتىدىغان يەنە نىمەڭ قالدى؟" دەپتۇ غەزەپ بىلەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. ئېلى نۇرىدىننى تۇتۇپ ئۇرغىسى كەپتۇ. تۇرغانلار ئېلى نۇرىدىنغا قارىشىپ قاپتۇ. "بۇ كىشىنىڭ قوپاللىغىنى ھەممەڭلار كوردۇڭلار" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن ئادەملەرگە قاراپ. "ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇ ھارامزەدىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتىم." قارىشىپ تۇرغانلار ئېلى نۇرىدىنغا كوز ئىشارىتى بىلەن "بوش كەلمە!" دىگەننى ئۇختۇرۇپتۇ، "ھىچ قايسىمىز سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چۈشمەيمىز" دىيىشىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ۋەزىرنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تېرىكىپ، ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن باتۇر، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، سۇرلۇك، يۈرىگى چوڭ، ھەر قانداق ئىشتىن يانمايدىغان ۋە ھەرقانداق كىشىدىن تەپ تارتمايدىغان يىگىت ئىكەن. ئۇ، ۋەزىرنى ئات ئۈستىدىن كاپلا قىلىپ يۇلۇپ ئاپتۇ ۋە شۇ ھامان يەرگە ئۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئوگىدىسىچە لايغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئۇنى راسا پېتىغداپتۇ. چۇماقتەك يوغان مۇشتى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋېرىپتۇ. بىر مۇش ئۇنىڭ جاۋغىيىغا تېگىپ كالپۇكىنى سۇرۇپ، چىشلىرىنى قانغا بوياپتۇ، ساقاللىرىنى قانغا مىلەپتۇ. ۋەزىرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا يېقىن قۇللىرى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كورۇپ قوللىرىنى قىلىچىنىڭ سېپىغا يۇگۈرتۈپتۇ. ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئېلى نۇرىدىنغا ھوجۇم قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئادەملەر ئۇلارغا: "بىرى ۋەزىر، يەنە بىرى ۋەزىر زادە، بۇلار ھازىر ئۇرۇشقان بىلەن بەلكى يەنە يارىشىپ قېلىشار. سىلەر ئۇچۇن ياخشى مەسلىھەت شۇكى، بۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭلار. مۇبادا ئۇلارغا قىلىچ بىلەن زەخمە

ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى، كۆزىدىن مولدۈردەك ياش تۆكتى. ئۇ، تىترەپ پۈت-قوللىرىنى ئىلىكىدالماي قالدى. ۋەزىرنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەن سۇلتان غەزەپلىنىپ چاۋاك چالدى. بىردىن قىلىچ يالىڭاچلىغان قىرىق كىشى ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. "ھازىر ئېلى نۇرىدىننىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار! — دەپتۇ سۇلتان ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، — ئۆيىنى ئاختۇرۇڭلار! بۇزۇڭلار. ئېلى نۇرىدىن بىلەن كېنىزىكىنى تۇتۇڭلار! قوللىرىنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!" ئۇلار: "خوش!" دەپ شۇ ئاندىلا ئېلى نۇرىدىننىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئالاۋىدىن سەنجەر ئىسىملىك بىر ساراي خىزمەتچىسى بار ئىكەن. ئۇ، ئىلگىرى ئېلى نۇرىدىننىڭ ئاتىسى فەزلى ئىبنى خاقاننىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ، خاقاننىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن ئىكەن. خاقاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سۇلتان ئۇنى ساراي خىزمىتىگە ئالغان ئىكەن. ئالاۋىدىن سەنجەر بۇرۇنقى ئۆزىنىڭ خوجايىنى فەزلى ئىبنى خاقاننىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىن توغرىسىدىكى سۇلتاننىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپتۇ. ساقچىلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. دەرھال ئېلى نۇرىدىن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىننىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇ، ئالاۋىدىن سەنجەرنى ياخشى بىلىدىكەن ۋە ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ تېچلىق-ئامانلىق سوراشقا باشلىغان ئىكەن. "ئەي ھۆرمەتلىك ئىنىم، — دەپتۇ ئالاۋىدىن سەنجەر ئېلى نۇرىدىنغا، — ھازىر تېچلىق-ئامانلىق، ھال-ئەھۋال سورىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس."

ئۇنى جانابى ئالىلىرى ئۈچۈن سېتىپ ئېلىشقا نىيەت قىلغان ئىدىم، دەللالدىن كېنىزەكنى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈردۈم. دەللال ماڭا بۇ كېنىزەك فەزلى ئىبنى خاقاننىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىننىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. جاناپلىرىغا مەلۇم، ئۇزلىرى بىر ۋاقىتىدا ئۇنىڭ ئاتىسىغا ناھايىتى كېلىشكەن بىر كېنىزەك سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئون مىڭ تىللا پۇل بەرگەن. ۋەزىر خاقانى شۇ پۇلغا ناھايىتى چىرايلىق بىر كېنىزەك سېتىپ ئالغان ئىدى. بۇ كېنىزەك ئىنتايىن گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى فەزلى ئىبنى خاقانى جانابى ئالىلىرىغا لايىق كورمەي، ئۆز ئوغلى ئېلى نۇرىدىنغا نىكاھلاپ بەرگەن ئىدى. ئاتىسى ئولگەندىن كېيىن خاقاننىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىن ھەممە بار-يوقىنى سېتىپ يىدى. قولىدا ھىچ نەرسىسى قالمىغاندىن كېيىن بۈگۈن بازارغا شۇ كېنىزەكنى ئېلىپ چىقىپ سېتىش ئۈچۈن دەللالغا تاپشۇرغان ئىكەن. دەللال بازارغا ساپتۇ. بايلار ئۇنىڭ باھاسىنى توت مىڭ بەش يۈز تىللاغا يەتكۈزۈپ سودىلاشقان ئىكەن. "باشتىلا ئۇنىڭ ھەققىنى سۇلتانىمىز بەرگەن، پۇل ئەمدى ئۆز ئىگىسىگە ياندى" دەپ سۆيۈنگەن ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئېلى نۇرىدىنغا "توت مىڭ بەش يۈز تىللانى ئال!" دېدىم. بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئېلى نۇرىدىن ماڭا: "ئەي ئەخمەق قېرى، — دەپ ۋاقىرىدى — بۇ كېنىزەكنى ساڭا ساتقىچە جوھۇدقا ساتىمەن!" "مەن ئوزەمگە ئالمايمەن! سۇلتانىمىز ئۈچۈن ئالىمەن!" دېدىم. ئۇ تېخىمۇ غەزەپلەندى. مېنى ئاتتىن تارتىپ يىقىتىپ، مۇشلاپ لايغا مىلىۋەتتى. ئاخىرى مانا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. مەن بۇ ئازاپلارغا پەقەت سىز ئۈچۈن ۋە سىزگە كېنىزەك سېتىپ ئېلىش ئۈچۈنلا يولۇقتۇم." ۋەزىر شۇ سوزلەرنى دەپ، بولالماي



ئوتتۇز توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئېلى نۇرىدىن بىلەن كېنىزەك ئەنىسۇلجەلىس كېمىگە چىقىپ جايلىشىپتۇ. يەلكەن قويۇپ بېرىلىپتۇ، كېمە قوزغىلىپ خۇددى قاناتلىق قۇشتەك تەۋرىنىپ، ئالغا — باغداد تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشنى شائىر ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ مۇنۇ شېئىرنى يازغان ئىكەن:

قارىغىن كېمىگە، كۆرۈنۈشى قانداق ساز،
ئىختىيارنى تارتىدۇ ھامان ئۆزىگە.
ئۈزۈپ بارار سۇ ئۈستىدە خۇددى غاز،
كەڭ بوشلۇقتىن چۈشكەندەك سۇ يۈزىگە.

بۇ ئۈزۈشتە "شامالدىن مەن تېز!" دەيدۇ،
بىلمەيدىكى دەريا چاپسان ئاقماقتا.
كۆڭلۈم مېنىڭ: "شۇ كېمىدە كەز!" دەيدۇ.
ھىجران ئوتى يۈرىكىمدە يانماقتا.

سۇلتان ئىۋەتكەن قىرىق كىشى ئېلى نۇرىدىنىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى بۇزۇپتۇ. ئىچكىرى كىرىپ تىنتىمىگەن يېرى قالماپتۇ. لېكىن ئۇلارنى تاپالماپتۇ. ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ھەممە ۋەقەنى سۇلتانغا كېلىپ يەتكۈزۈپتۇ. سۇلتان: "ئۇلارنى قەيەردە بولسا شۇ يەردىن تېپىڭلار!" دەپ خىتاپ قىپتۇ. "خوپ!" دەپتۇ قۇللار. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مۇئىن ئىبنى ساۋىغا ئالاھىدە تون كىيگۈزۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆڭلى ئىنجىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭغا: "ئۇچۇڭنى ئۆزەم ئېلىپ بېرىمەن. سەن

"نىمە بولدى؟ نىمە ئىش، ئەي سەنجەر ئاكا؟" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "ئورنىڭدىن قوزغال! تۇزەڭنىمۇ، كېنىزىكىڭنىمۇ ئۇلۇمدىن قۇتۇلدۇر! مۇئىن ئىبنى ساۋى ئىككىڭلارغا تۇزاق قۇردى. قولغا چۇشۇرۇش بىلەن ئىككىڭلارنى ئۆلتۇرىدۇ. سۇلتان سىلەرنى تۇتۇپ كېلىش ئۇچۇن قىرىق كىشىلىك ياساۋۇل ئەۋەتتى. ئۇلار يولدا كېلىۋاتىدۇ. دەرھال باشقا شەھەرگە بېشىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار" دەپتۇ ئالاۋىدىن سەنجەر، ئاندىن كېيىن ئۇ، يانچۇغىغا قولىنى سېلىپ قىرىق تىللا پۇل ئېلىپ بېرىپتۇ. "مېنىڭ يېنىمدا بار پۇلنىڭ ھەممىسى شۇ ئىكەن. ئەگەر بولسا بۇنىڭدىن جىقراق بېرەتتىم. بۇنى ئال. ھازىر ئارتۇق سوزنىڭ ۋاقتى ئەمەس. تېز بول، ئۇلار كېلىپ قالىدۇ." ئېلى نۇرىدىن كېنىزەكىنىڭ يېنىغا كىرىپ ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئىككىسى شۇ ھامان، شۇ پېتى ئويدىن چىقىپ دەريا قىرغىقىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بەختىگە يارشا كېمە تەييار ئىكەن. كېمىچى كېمە ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ: "كىمنىڭ قانداق ئىشى بولسا تۇگەتسۇن. ئۇنتۇلغان نەرسىلىرى بولسا ئالسۇن، كېمە ماڭىدۇ" دەۋاتقان ئىكەن. "باشقا ئىشىمىز يوق" دېيىشىپتۇ كىشىلەر. دورغا كېمە قاراۋۇلغا: "چاققان بول! قوزۇقنى تارت! ئاغامچىنى قويۇپ بەر!" دەپ ۋاقىراپتۇ.

"كېمە نەگە بارىدۇ، ئەي دورغام" دەپ سوراپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "باغداد شەھرىگە!" — دەپتۇ دورغا ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپتۇ. دەم ئېلىپ مۈگدىشىپتۇ. غورۇلداپ ئۇچۇپ ئۇتۇۋاتقان شامال ئۇلارغا يېقىملىق ئۇيقۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر ئاز ئۇخلاپتۇ. بۇ باغ "شادىلىق" باغ دەپ ئاتىلىدىكەن. باغ ئىچىگە خەلىپە ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەۋكەت-لىك چوڭ ساراي جايلاشقان ئىكەن. خەلىپە ئىچى پۇشقان چاغلاردا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن شۇ باغدىكى سارايغا كېلىپ دەم ئالىدىكەن. ساراي ئەتراپىدا سەكسەن دېرىزە بولۇپ، دېرىزىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىردىن شامدان ئېسىلغان ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان ئالتۇن شامدان كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقىدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىكەن. خەلىپە سارايغا دەم ئېلىشقا كەلگەندە، قۇللارغا دېرىزىنى ئېچىشنى بۇيرۇيدىكەن. خەلىپە بۇ باققا قىزلار بىلەن كەلگەندە ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم مەۋسىلىگە ناخشا ئېيتقۇزۇپ، ساز چالدۇ-رىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى بېسىپ ۋاخ-تىنى خۇش ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ باققا شېيخ ئىبراھىم دىگەن بىر قېرى باغۋەن قارايدىكەن. ئېلى نۇرىدىن بىلەن كېنىزىكى ئەنى-سۇلجەلىس كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ باغۋەن بىر ئىش بىلەن باغدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن، كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كەپتۇ. ئۇ باغنىڭ ئىشىگىدىكى شاھ سۇپىدا ئىككى كىشى كىيىملىرىنى ئاستىغا سېلىپ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپتۇ. خەلىپە باغۋەنگە: "باغ ئەتراپىدا يۈرگەن غەيرى كىشىلەرنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، ئۆزەڭ بىر تەرەپ قىل! ئەگەر كۆرۈپ قالغۇدەك بولسام سېنىمۇ شۇلارغا قوشۇپ خالىغىنىمنى قىلىمەن!" دىگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شېيخ ئىبراھىم ھەمىشە كۆزىتىپ يۈرىدىكەن. "بۇ يەرگە كەلگەنلەرنى

كوپ ھەسرەتلەنمە!" دەپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۇمۇر تىلەپ دۇئا قىلغىنىچە ئۆيىگە قايتىپتۇ. سۇلتان شەھەرگە جاكاچى چىقىرىشقا بۇيرۇپتۇ. جاكاچى چىقىپ مۇنداق دەپ قىچقىرىپتۇ: "ئەي خالايىق، ئاڭلىمىدىم، ئۇقمۇدۇم دېمەڭلار! كىمدۇ ـ كىم پەزلى ئىبنى خاقانىنىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىن توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلسە، سۇلتان ئۇ كىشىگە مىڭ تىللا پۇل، بىر قۇر كىيىم بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ ساقلىسا ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىپ يوشۇرغۇچى بولسا، تەكشۈرۈپ تېپىلسا ئۇنداق كىشىنى سۇلتانىمىز قاتتىق جازالايدۇ". ئېلى نۇرىدىننى خېلى ئىزدىشىپتۇ. لېكىن ئۇلار ھەققىدە ھېچكىم ھېچقانداق خەۋەر بەرمەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ساق ـ سالامەت كېنىزىكى بىلەن باغداد شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. دورغا ئۇلارغا: "ئاۋات، تېچ باغداد شەھرىگە خەتەرسىز يېتىپ كەلدۇق" دەپ جاكالاپتۇ. بۇ يەردە قىش كېتىپ باھار كەلگەن، گۈللەر ئېچىلىپ دەرەخلەر كوكەرگەن، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇلار ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان، قۇشلار باھار قويىنىدا چورۇلدىشىپ ـ سايرىشىپ ئۇچۇۋاتقان چاغ ئىكەن. ئېلى نۇرىدىن دورغىغا كېمە كىراسى ئۈچۈن بەش تىللا پۇل بېرىپ كېمىدىن چۈشۈپتۇ. ئازراقلا ماڭغان ئىكەن، ئۇ بىر ئاجايىپ باغنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. باغ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىلگەن، ئىككىياندا مەرمەردىن سۇپا ياسالغان؛ يوللىرىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئەمما باغنىڭ ئىشىگى ئېتىكلىك ئىكەن. "بەكمۇ كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق جاي ئىكەن!" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن كېنىزىگىگە قاراپ. "بىر ئاز ئولتۇرۇپ دەم ئالساق قانداق؟" دەپتۇ كېنىزەك. ئۇ، كۆرسىدا ئولتۇرۇپتۇ، سۇ بويىغا بېرىپ

لىق، ئايلىنىپ كورۇڭلار، تاماشا قىلىپ كوڭلۇڭلارنى ئېچىڭلار.
"كىرىپ دەم ئېلىڭلار" دەپتۇ باغۇەن شېيخ ئىبراھىم. "ئاتا، بۇ كىمنىڭ
بېغى؟" دەپ سوراپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "بۇ خەلىپىنىڭ بېغى دەپ
راستىنى ئېيتسام بۇلاردا قورقۇنچ پەيدا بولمىسۇن" دىگەن خىيال
بىلەن "بۇ باغ ئاتامدىن ماڭا مىراس قالغان" دەپتۇ باغۇەن شېيخ
ئىبراھىم. شېيخنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغان ئېلى نۇرىدىن ئۇنىڭغا
رەخمەت ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا ئەنىسۇلجەلىسمۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.
شېيخ بۇلارنى ئوزى باققا باشلاپ كىرىپتۇ. دەرۋازا ئۈستىگە
ئورنىتىلغان چىرايلىق گۇمبەزدەك قۇبىبا تەگىدىشى يوق دەرىجىدە
زىننەتلەنگەن ئىكەن. دەرۋازا ئالدىغا چىرايلىق قىلىپ ئالاھىدە
كورۇنۇشلۇك شىپاڭغا ئوخشاش ئايۋانچە ياساتقان ئىكەن. بۇ،
باققا كىرگەن كىشىنىڭ كوزىگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىكەن.
باغدىكى قاپقارا چاراس، سېرىق ياغدەك پىشىدىغان سايۋى، مۇناقى
ئۈزۈملىرى كوزنى قاماشتۇرغىدەك خىل ئىكەن. ئۇلار يەنىمۇ
ئىچكىرىرەك كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر ياندا بىر تۇپتىن نەچچە خىل
مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەر، يەنە بىر ياندا بىر خىل مېۋە بېرىدىغان
دەرەخلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە تارتىپ تۇرىدىكەن.
دەرەخ شاخلىرىدا ۋە گۇللەر ئارىسىدا سايرىشىۋاتقان تۇرلۇك -
تۇمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، گۇلدىن - گۇلگە ئۇچۇپ
يۇرگەن رەڭمۇ - رەڭ كېپىنەكلەر كىشىلەرنىڭ كوڭلىگە ئارام بېغىش-
لايدىكەن. خۇددى شائىر ئېيتقاندەك:

ئېچىلغان لالە - سۇمبۇل ھەرتەرەپتە،
سايرىشۇر قۇشلىرى قىزغىن ھەۋەستە.
قىزىل گۇل شېخىدا بولبۇل چالار ساز،

ئۇلتۇرۇشكە ماڭا بۇيرۇق بەرگەنلىگىنى بۇ بىچارىلەر بىلمىسە كېرەك،
بۇلار مۇساپىر، غېرىپلەردىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. بۇندىن
كېيىن بۇلارنىڭ باغ دەرۋازىسى ئالدىغا ياكى ئەتراپىغا ۋە ئۇنىڭغا
يېقىن جايلارغا كېلىپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاپلاپ
ئاندىن قويۇپ بېرىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ.
ئۇلارنىڭ يېپىنىپ ياتقان كىيىملىرىنى ئېلىپ، يۈزلىرىگە قاراپتۇ.
ئىككى دوستىنىڭ ئالىجاناپ كىشىلەردەك قۇچاغلىشىپ ياتقىنىنى
كورۇپتۇ. ھەيران قېلىپ نەزەر سالسا بىرى-بىرىدىن ياخشى،
بىرى-بىرىدىن قىلىشمىغىدەك چىرايلىق كىشىلەر ئىكەن. جازالاش،
ئۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىككى ياشنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى
كورۇپ كوزىگە لىققىدە ياش كەپتۇ. ئۇزىچە: «بۇلارنىڭ ھال-
ئەھۋالىنى سورىماي تۇرۇپ، ئازار بېرىش مۇسۇلمانچىلىققا توغرا
كەلمەس، بەلكى بۇلار بۇ يەرگە تامامەن مۇساپىردۇر ياكى سايا-
ھەتچىدۇر. ھېچ بولمىسا بىرەر يەرگە بېرىش ئۈچۈن كېلىپ، بۇ
يەردە دەم ئېلىپ ياتقاندۇر.» شېيخ جازالاش-ئازار بېرىش پىك-
رىدىن يېنىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يېپىپتۇ. ئېلى نۇرىدىنىنىڭ
ئاياق تەرىپىگە ئوتۇپ، قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇنىڭ پۇتىدىن
ئاستا تۇرتۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىن كوزىنى ئېچىپ قارىسا، ئاياق
تەرىپىدە بىر ئاقساقال كىشى تۇرغان. ئېلى نۇرىدىن ئاياق تەرە-
پىدە تۇرغان كىشىنى كورۇپ پۇتىنى يىغىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ
خىجالەت ئارىلاش سالام بېرىپ كورۇشۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئاقساقال
كىشىنىڭ قولىنى سۇيۇپتۇ. «قەيەردىن سىلەر؟» دەپ سوراپتۇ
ئاقساقال كىشى. «بىز مۇساپىرمىز!» دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن كوزىگە
ياش ئېلىپ. «تۇرۇڭلار، بۇ يەردە ياتماڭلار. باغ ناھايىتى چىراي-

"بىر ئىچملىكنىڭىز يوقمۇ ئاتا؟ — دەپ سوراپتۇ، — ئۆزىڭىز بىلسىڭىز كېرەك، تاماقتىن كېيىن ئادەملەر ئىچىملىك ئىچىدىغۇ؟" شېيخ ئىبراھىم مۆزدەك سوغۇق سۇ ئېلىپ كىرىپ بېرىپتۇ. "ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — مەن سىزدىن بۇنداق ئىچىملىكنى سورىغىنىم يوققۇ؟" "سەن مەندىن مۇسەللەس سوراۋاتامسەن" دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم. "ھەئە" دەپ، ئېلى نۇرىدىن مۇنداق شېئىر ئوقۇپتۇ:

شاراپ بىلەن ئاياق بولسا قەيەردە،
ئاشىقلار ئاھىنىڭ كانى شۇ يەردە.
شاراپتىن ئىشقىمىز بولۇر ئاشكار،
يۈرەككە باشقىسى قىلمايدۇ ھېچ كار.

"ئەستەغپىرۇللا، — دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم، — مەن ئون ئۈچ يىلدىن بېرى شاراپتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلىپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ياسىغۇچى، ئىچكۈچى ۋە ساتقۇچىغا نەپرەت بىلەن قارىغان". "ئاتا"، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، "ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى". "سۆزلە!" دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم. "سىز ئۇنى تەييارلىمىسىڭىز، ئىچمىسىڭىز، ساتمىسىڭىز، سىز ئۈچۈن زىيىنى بارمۇ؟" "يوق!" دەپتۇ شېيخ. "بولمىسا مانا بۇ ئىككى تىللانى ۋە ئىككى تەڭگە پۇلنى ئېلىپ ئېشەككە مىنىڭ، ئىچىملىك دۇكىنىدىن يىراغراق تۇرۇپ، شاراپ ساتقۇچىنى ئالدىڭىزغا چىقىرىڭ، ئۇنىڭغا مانا بۇ ئىككى تىللاغا شاراپ ئېلىپ كېلىپ، ئېشەككە تېڭىپ بەر، شۇ ھەققىڭ ئۈچۈن مانا بۇ ئىككى تەڭگىنى ئال دەڭ! سىز ئالغۇچىمۇ بولمايسىز، ئېلىپ كەلگۈچىمۇ بولمايسىز. بۇنىڭ سىزگە ھېچ بىر زىيىنى بولمايدۇ". شېيخ ئىبراھىم ئېلى نۇرىدىننىڭ

غۇنچىلەر كۈلۈشۈپ ئاڭا قىلار ناز.
مۆۋىسى بەكمۇ خىل مىسالى جەننەت.
كىم كۆرسە بۇ باغنى باغلار مۇھەببەت.

بۇ باغدا شاپتۇلا دەمسىز، تۇرلۇك، رەڭمۇ ـ رەڭ ئالمىلارنى دەمسىز، ئامۇت، نەشپۈت دەمسىز، جىنەستە، گىلاس دەمسىز، ئۈرۈك، ئالۇچە دەمسىز، ياڭاق، ئەپلىسۇن دەمسىز ياكى پىستە ـ بادام دەمسىز، ئىش قىلىپ دۇنيادىكى بار مۆۋىلەرنىڭ ھەممە تۈردىن بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز قاتارى بىلەن تىكىلگەن ۋە پەرۋىش قىلىنغان ئىكەن. مەخسۇس گۈلزارىدا بارلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى خىل ـ خىلى بىلەن، تۈر ـ تۈرى بىلەن بار ئىكەن، ئۇلار، ئۆزىنىڭ چېچەكلىرىگە مەس بولۇپ، يۇمشاق شامالدا گىرەلىشىپ سۆيۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز لايىقىدا ئۇستۇرۇلگەنلىكتىن، گوياكى قول بىلەن تىزىلغان گۈلدەستىلەردەك باققا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدىكەن. كىشى بۇ گۈللەردىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە كۆزىنى ئالالماي قېتىپ تۇرۇپ قالىدىكەن.

شېيخ ئىبراھىم ئۇلارنى ئەڭ ئىگىز قەسىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئېلى نۇردىن سارايىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان دېرىزىلەر ئۈستىدىكى شامدانلارنى يېقىندىن كۆرۈپتۇ. "مانا بۇنى ساراي دېسە بولۇدۇ!" دەپتۇ ئېلى نۇردىن. ئۇلار ئولتۇرۇشۇپتۇ. شېيخ ئىبراھىم تاماق ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلار غىزالىنىپتۇ. تاماقتىن كېيىن قوللىرىنى يۇيۇپتۇ. ئېلى نۇردىن دېرىزىلەردىن بىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېنىزىكنى قىچقىرىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن دەرەختىكى مۆۋىلەرنى تاماشا قىپتۇ. ئېلى نۇردىن شېيخ ئىبراھىمغا ئىگىلىپ تۇرۇپ:

قېتىم ئېيتايكى، مەن ئون ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ ئىشنى قىلغىنىم يوق!" دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېلى نۇرىدىن ئۆزىنى مەسلىكىدە سېلىپ يېتىپ ئاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەنسۇلجەلىس شېيخ ئىبراھىمغا تىكىلىپ: "ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى كورۇڭ ئاتا!" دەپتۇ. "نىمە بولدى؟" دەپ سوراپتۇ شېيخ ئىبراھىم. "ئۇ. دائىم ماڭا شۇنداق مۇناسىۋەت قىلىدۇ، ئازغىنا ئىچىپ ئالدىمۇ. بولدى سىنى يالغۇز قويۇپ ئۆزى ئۇخلايدۇ. بىر ئۆزەم قالىمەن. مەن بىلەن بىللە سوزلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئىچىشىدىغان، ئاياقىقا تەكلىپ قىلىدىغان، ناخشا ئېيتىدىغان كىشى بولمايدۇ. يالغۇزلۇقتىن يۈرىكىم ئېزىلىدۇ، سىقىلىدۇ" دەپتۇ ئەنسۇلجەلىس. بۇ سوزنى ئاڭلاپ شېيخنىڭ كوڭلى يۇمشاپتۇ. قىزغا ئىچى ئاغرىپ: "بۇ بولمىغان ئىشقۇ؟" دەپتۇ شېيخ. ئەنسۇلجەلىس ئاياقنى تولدۇرۇپ، شېيخ ئىبراھىمغا قاراپتۇ: "قېنى، ئىچىڭ ئاتا، قولۇمنى قايتۇرماڭ، كوڭلۇمنى سىندۇرماڭ" دەپتۇ سورۇنۇپ. شېيخ ئىبراھىم ئاياقنى ئېلىپ ئىچىپتۇ. قىز ئىككىنچى قېتىم قۇيۇپ تولدۇرۇپ، ئاياقنى شامدانىنىڭ قېشىغا قويۇپتۇ. "ئەي هورمەتلىك ئاتا، —دەپتۇ قىز شېيخ ئىبراھىمغا ئاياللىق خۇلقى بىلەن قاراپ، —بۇمۇ سىزنىڭكى". "مەن ئۇنى ئىچەلمەيمەن، شۇ ئىچكىنىممۇ يېتەر، —دەپتۇ شېيخ، —ئەمدى بەس قىلغىنىم تۈزۈك". "بۇنى ئىچمىسىڭىز قانداق بولىدۇ. بۇنى مەن غېرىپنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئىچىڭ!" دەپتۇ ئايال. شېيخ ئىبراھىم ئاياقنى ئاپتۇ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاستاراق ئىچىپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

شۇ قول بىلەن تۇتسا ئاياقنى ساقى،
سوپىلىق قالمىغاي دىلىڭدا باقى.

بۇ كېيىنكە كۆلۈپ: "سېنىڭدەك ئوچۇق سوز ئادەمنى مەن تۇغۇل-غاندىن بېرى كورگۈنۈم يوق" دەپ ئۇنىڭ تەكلىۋىنى ئورۇن-داپتۇ. ئېلى نۇرىدىن شېيخقا "رەخمەت" ئېيتىپتۇ ۋە: "بىز سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدىكى مېھمان، قائىدىگە ئەمەل قىلىپ بىز بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلغىنىڭىز تۈزۈك، بىزگە شاراپ ئىچىش ئۈچۈن ئاياق كېرەك" دەپتۇ. "ئويۈمگە كىرىپ، خالىغىنىڭنى ئېلىپ چىق. ئۇ يەردە ئىستىگەن نەرسەڭنىڭ ھەممىسى بار"دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم. ئېلى نۇرىدىن شېيخ ئىبراھىمنىڭ ياتىغىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن ياسالغان ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى مەي ئاياقلىرى بار ئىكەن. ئۇ، ئالتۇن ئاياقنى ئېلىپ چىقىپ مەي قۇيۇشقا باشلاپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ناھايىتىمۇ خوشال ۋە خۇشخۇي يىگىت ئىكەن. شېيخ ئىبراھىم ئۇلارغا مىۋىلەردىن ۋە گۈللەردىن ئېلىپ كېلىپ بېرىپتۇ. ئۆزى چەترەك بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئۇلار ئىچىشكە كىرىشىپتۇ. ئاردىن كوپ ئوتمەي، ئىچىملىك ئۆز تەسىرىنى كورستىپتۇ. كەيپىلىك قاراشلار باشلىنىپ-تۇ. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، رەڭلىرى ئۆزگۈرۈپتۇ. شېيخ ئىبراھىم گۈزىچە: "نىمە ئۈچۈن مەن شۇنداق ھۆر سۈپەتلىك مېھمانلار يېنىدىن چەتلەپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇنداق خاس ئولتۇرۇش بۇ يەردە بولامدۇ؟" دىگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپتۇ. ئېلى نۇرىدىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كوڭلىدى-كىنى تاپقاندەك: "ئەي ھورمەتلىك ئاتا، يېنىمىزغا كېلىڭ" دەپ تەكلىپ قىپتۇ. شېيخ ئىبراھىم كەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئاياقنى تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇتۇپتۇ. "ئەي ئاتا، تەمىنى بىر تېتىپ بېقىڭ!" دەپتۇ. شېيخ ئىبراھىم: "خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇن. يەنە بىر

سلەر؟" دەپتۇ رەنجىپ. ئۇلار شەيخ ئىبراھىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئاياق سۇنۇشقا باشلاپتۇ. ئولتۇرۇش خېلى ۋاقىتقا سوزۇلۇپتۇ. كېنىزەك شەيخ ئىبراھىمغا: "بۇ شامدانلاردىكى شامنى يېقىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن تۇرۇپ ياندۇرسام" دەپتۇ. "مەيلى ياندۇرساڭ بىر تالدىنلا ياندۇرغىن!" دەپتۇ شەيخ ئىبراھىم. شۇنىڭ بىلەن، قىز بىرىنچىسىدىن تارتىپ سەكسىنىنچىسىگىچە ئالا قويماي يېقىپ بولۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىنمۇ بىرنەچچە تالنى يېقىپ كورۇشنى سوراپتۇ: "مەيلى سەنمۇ بىردىن يېقىپ قوي!" دەپتۇ شەيخ ئىبراھىم. ئېلى نۇرىدىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ بىرىنچىسىدىن باشلاپ سەكسىنىنچىسىگىچە يېقىپتۇ. ساراي بىناسى يورۇپ كېتىپتۇ. شەيخ ئىبراھىمغا مەي تەسىر قىپتۇ: "سىلەر مەندىنمۇ ئوتەر بەگۋاش ئىكەنسىلەر" دەپ ھەممە دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپتۇ. ئۇلار يەنە ئىچىشنى باشلاپتۇ، كېيىن ناخشا، قوشاق، غەزەل ئوقۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا خەلىپە ئاي يورۇغىدا، دەجلە دەرياسىغا قارىغان دېرىزىدىن دەريانى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ، دەجلىگە چۈشكەن قەندىل ۋە شاملارنىڭ شولىسىنى كورۇپ قاپتۇ. خەلىپە دەرھال ۋەزىرى جەپەر بەرمەكىنى قىچقىرىپتۇ. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئوتمەي، ۋەزىر خەلىپە ئالدىغا كېلىپ تىز چوكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

"ئەي تىرىك تاپ! — دەپتۇ خەلىپە ئاچچىغى بىلەن، — سەن باش ۋەزىر تۇرۇپ نېمىشقا ئوز ۋەزىپەڭگە مۇنداق سۇسلۇق قىلىسەن. باغداد شەھرىدە بولۇۋاتقان ۋەقە ھادىسىلەردىن مېنى ئوز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەسمۇ؟"

قىز شەيخ ئىبراھىمغا ئۈچىنچى ئاياقنى تولدۇرۇپ تۇتۇپتۇ. شەيخ ئىبراھىم ئاياقنى ئاپتۇ. ئەمدى ئىچمەكچى بولغان ئىكەن، ئېلى نۇرىدىن ئورنىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئېلى نۇرىدىن: "ئەي شەيخ ئىبراھىم، بۇ قانداق گەپ؟ مەن شۇنچە ئىلتىماس قىلسام، سىز بۇنى ئاغزىڭىزغا ئالمىغىلى ئون ئۈچ يىل بولدى. مەن توۋا قىلىۋەتكەن دىگەن بانا بىلەن، ئىچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قولىڭىزغىمۇ ئالمىدىڭىز. ئەمدى ئۇ قىلغان توۋىڭىز نەگە كەتتى؟" دەپتۇ. "ئەيىپ مەندە ئەمەس، — دەپتۇ خىجالەت بولۇپ شەيخ ئىبراھىم، — ھەمرايىڭ كوپ ئۆتۈنۈپ مېنى تەڭلىككە سالدى. ئىلاجىسىز توۋامنى سۇندۇرۇپ ئىچتىم" ئېلى نۇرىدىن كۈلۈپتۇ. ئۇلار ئۈچى بىرلىشىپ يېڭىۋاشتىن ئىچىشكە كىرىشىپتۇ. ئەنىسۇلجەلىس خوجايىنىغا كوز قىسىپ، شەيخ ئىبراھىمغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىچكۈزمەسلىكنى ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قولىدىكى مەينى خوجايىنىغا ئۇزىتىپتۇ. خوجايىن ئېلىپ ئىچىپ قايتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر-بىرىگە ئاياق تۇتۇۋېرىپتۇ. شەيخ ئىبراھىم ئۇلارغا قاراپ: "ئۇلپەتچىلىك شۇنداق بولامدۇ؟ مەنمۇ سىلەرگە ئۇلپەت ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئاياقنى ماڭا سۇنماي-

سىلەر؟" دەپتۇ رەنجىپ. ئۇلار شەيخ ئىبراھىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئاياق سۇنۇشقا باشلاپتۇ، ئولتۇرۇش خېلى ۋاقىتقا سوزۇلۇپتۇ. كېنىزەك شەيخ ئىبراھىمغا: "بۇ شامدانلاردىكى شامنى يېقىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن تۇرۇپ ياندۇرسام" دەپتۇ. "مەيلى ياندۇرساڭ بىر تالدىنلا ياندۇرغىن!" دەپتۇ شەيخ ئىبراھىم. شۇنىڭ بىلەن، قىز بىرىنچىسىدىن تارتىپ سەكسىنىنچىسىگىچە ئالا قويماي يېقىپ بولۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىنمۇ بىرنەچچە تالنى يېقىپ كۆرۈشنى سوراپتۇ: "مەيلى سەنمۇ بىردىن يېقىپ قوي!" دەپتۇ شەيخ ئىبراھىم. ئېلى نۇرد-دىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ بىرىنچىسىدىن باشلاپ سەكسىنىن-چىسىگىچە يېقىپتۇ. ساراي بىناسى يورۇپ كېتىپتۇ. شەيخ ئىبرا-ھىمغا مەي تەسىر قىپتۇ: "سىلەر مەندىنمۇ ئوتەر بەڭۋاش ئىكەنسىلەر" دەپ ھەممە دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپتۇ. ئۇلار يەنە ئىچىشنى باشلاپتۇ، كېيىن ناخشا، قوشاق، غەزەل ئوقۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا خەلىپە ئاي يورۇغىدا، دەجلە دەرياسىغا قارىغان دېرىزى-سىدىن دەريانى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ، دەجلىگە چۈشكەن قەندىل ۋە شاملارنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەلىپە دەرھال ۋەزىرى جەپەر بەرمەكىنى قىچقىرىپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ۋەزىر خەلىپە ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

"ئەي تىرىك تاپ! — دەپتۇ خەلىپە ئاچچىغى بىلەن، — سەن باش ۋەزىر تۇرۇپ نېمىشقا ئۇز ۋەزىپەڭگە مۇنداق سۇسلۇق قىلىسەن. باغداد شەھرىدە بولىۋاتقان ۋەقە ھادىسىلەردىن مېنى ئۇز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەسمۇ؟"

قىز شەيخ ئىبراھىمغا ئۈچىنچى ئاياقنى تولدۇرۇپ تۇتۇپتۇ. شەيخ ئىبراھىم ئاياقنى ئاپتۇ. ئەمدى ئىچمەكچى بولغان ئىكەن، ئەبلى نۇرىدىن ئورنىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەبلى نۇرىدىن: "ئەي شەيخ ئىبراھىم، بۇ قانداق گەپ؟ مەن شۇنچە ئىلتىماس قىلسام، سىز بۇنى ئاغزىمغا ئالمىغىلى ئون ئۈچ يىل بولدى. مەن تويۋا قىلىۋەتكەن دىگەن بانا بىلەن، ئىچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، قولىڭىزغىمۇ ئالمىدىڭىز. ئەمدى ئۇ قىلغان تويۋىڭىز نەگە كەتتى؟" دەپتۇ. "ئەيىپ مەندە ئەمەس، — دەپتۇ خىجالەت بولۇپ شەيخ ئىبراھىم، — ھەمرايىڭ كوپ ئۇتۇنۇپ مېنى تەڭلىككە سالدى. ئىلاجىسىز تويۋامنى سۇندۇرۇپ ئىچتىم" ئەبلى نۇرىدىن كۈلۈپتۇ. ئۇلار ئۈچى بىرلىشىپ يېڭىۋاشتىن ئىچىشكە كىرىشىپتۇ. ئەنىسۇلجەلىس خوجايىنىغا كوز قىسىپ، شەيخ ئىبراھىمغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىچكۈزمەسلىكنى ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قولىدىكى مەينى خوجايىنىغا ئۇزىتىپتۇ. خوجايىن ئېلىپ ئىچىپ قايتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر-بىرىگە ئاياق تۇتۇۋېرىپتۇ. شەيخ ئىبراھىم ئۇلارغا قاراپ: "ئۇلپەتچىلىك شۇنداق بولامدۇ؟ مەنمۇ سىلەرگە ئۇلپەت ئەمەسمۇ؟ نىمىشقا ئاياقنى ماڭا سۇنماي-

لىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېشىنىپ رازىلىق بەرگەن ئىدىم. ئۇ، ماڭا ئىشىنىپ كېتىپ قالغان. مەن بۇ ئىشنى جانابى ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن." "ئەي جەپەر، — دەپتۇ خەلىپە، — مېنىڭ ئالدىمدا سېنىڭ سارايىنى رۇخسەتسىز بەرگەن بىرلا جىنايىتىڭ بار ئىدى. ئەمدى ئۇنتۇغاقلىقىڭ قوشۇلۇپ جىنايەت ئىككى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن شېيخ ئىبراھىمنىڭ بۇ سوزنى ئېيتىشتىكى مەقسىدىنى چۈشەنمىگەنسەن! ئۇنىڭ مەقسىدى يالغۇز سارايىنىلا سوراش ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىدى بىر ئاز ياردەم ئېلىش. سەن ئۇنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن بىرەر نەرسە بەرمەپسەن. قۇرۇق سارايىنى بېرىش بىلەن ئىش تۈگەمدۇ؟ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا سوغا بېرىش كېرەك ئەمەسمىدى؟" "مەن بۇ ئىشنى ئويلىماپتىمەن!" دەپتۇ جەپەر بېشىنى سىلىپ. "مەن، — دەپتۇ خەلىپە، — قالغان كېچىنى ئۇنىڭ يېنىدا تويغا قاتنىشىپ ئۆتكۈزىمەن. شېيخ ئىبراھىم ناھايىتى ئىنساپلىق كىشى. قېرىلار، پېقىرلار، مۇساپىرلار، غېرىپلار، قەلەندەرلەرنى بەك ھورمەت قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ كوڭلىنى ئالساڭ، دۇئا قىلىدۇ. شۇ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن، شاراپىتىدىن بىزنىڭمۇ ئىككى دۇنيايىمىز ئاۋات بولسا، بىزنىڭ بېرىشىمىزدىن ئۇنىڭ ئوزى، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ خۇرسەن بولسا، بۇمۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟" "ئەي ھورمەتلىك خەلىپە، — دەپتۇ جەپەر، — ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇلارمۇ تارقىلاي دىگەندۇ". خەلىپە: "چوقۇم بارىمىز" دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. جەپەر سوز قىلالماي جىم بولۇپ قاپتۇ. خەلىپە دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن ئاينىڭ شولىسىدا باغچە سارايىنىڭ شاملىرىنىڭ

"خەلىپەم، ئاللىرىنىڭ نىمە توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى چۈشىنەلمىدىم" دەپتۇ ۋەزىر. "باغداد شەھىرىنى مەندىن تارتىپ ئالماي تۇرۇپ، — دەپتۇ خەلىپە، — "سەنئەت سارىيىغا شام يېقىشنى كىم بۇيرۇدى؟ ئۇنىڭ دېرىزىلىرىنى كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىملەر ئېچىشتى؟ خەلىپىلىك مەندە تۇرۇپ، مېنىڭدىن رۇخسەتسىز بېغىمدا بۇ ئىشلارنى قىلغان كىم؟ بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە زادى كىم جۈرئەت قىلدۇ؟" خەلىپىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ ۋەزىر جەپەرنىڭ ھەممە ئەزايى تىترەپتۇ، رەڭگىدىن قان قېچىپتۇ. "سەنئەت سارىيىنىڭ شاملىرى يېقىلدى، دېرىزىلىرى ئېچىلدى دەپ كىم ئېيتتى؟" دەپتۇ جەپەر خەلىپىگە. "يېنىمغا كەل، ئۆز كوزۇڭ بىلەن كور!" دەپتۇ خەلىپە. جەپەر خەلىپىنىڭ يېنىغا كېلىپ باغچە تەرەپكە قاراپتۇ، ھەقىقەتەنمۇ سەنئەت سارىيى يوپ-يورۇق بولۇپ كەتكەن. ۋەزىر ئۆزىچە "بۇ ئىش شېيخ ئىبراھىمنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان. ئۇ، بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن بۇ ئىشلارنى قىلغان بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. باغۋەن شېيخ ئىبراھىمنى ئاقلاش، ئۇنى خەلىپىنىڭ غەزىۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە، جەپەر ۋەزىر سالماق ئاۋاز بىلەن گەپ باشلاپتۇ: "ئۆتكەن ھەپتە شېيخ ئىبراھىم ماڭا: ئەي ۋەزىر خوجام جەپەر، جانابى خەلىپىمىز ۋە سىنىڭ دولىتىڭدە مەن ئوغۇللىرىمنىڭ خەتمە تويىنى ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىنى قىلىۋاتىمەن، دىگەن ئىدى. ساڭا نىمە كېرەك؟ دىسەم، بالىلىرىمنىڭ تويىنى سەنئەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، خەلىپىدىن رۇخسەت ئېلىپ بەرسەڭ دىگەن ئىدى. خاتىرجەم بولۇپ ئىشىڭنى قىلىۋەر، تەييارلىق قىل! مەن خەلىپىدىن سەن ئۈچۈن سارايىنى سوراپ قويىمەن، دەپ جاناپ-

ئاي ئېلىپ ئىچىپ يەنە تۇتماقتا.
چاڭ ـ دۇتار قاپلىسۇن ھەممە ياقنى،
بەزمە خوشاللىغى بىزنى قۇچماقتا.

* * *

كۆچىيەر ئىشقى باھار پەسلىدە،
شاراپ بىلەن گۈلنىڭ پۇراقلىرىدىن.
زوق بېرەر سەھەردە چېلىنسا نەغمە،
دىللار ياشىرار قوشاقلىرىدىن.

خەلىپە شېيخ ئىبراھىمنىڭ بۇ جىنايىتىنى كورۇپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ، دەرەختىن چۈشۈپ، جەپەرگە قاراپ: "مەن بۇگۈنگىچە ئەۋلىيالارنىڭ بۇنداق كارامەتلىرىنى كورگەن ئەمەس ئىدىم. سەنمۇ دەرەخقە چىقىپ ماشايىخلارنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىنى كورۇپ، قىياپىتىنى تاماشا قىل! بۇ قىزىقچىلىقنى كورەلمەي ئارماندا قالما!" دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ جەپەر ھەيران بوپتۇ. نىمە قىلىشىنى ۋە نىمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ. جەپەر بىر دەرەخقە چىقىپ ئېلى نۇرىدىن بىلەن شېيخ ئىبراھىمنى ۋە كېنىزەكنى كورۇپتۇ. شېيخ ئىبراھىمنىڭ قولىدىكى ئاياقتا مەي بار ئىكەن. جەپەر پەسكە چۈشۈپ خەلىپە ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. "ئەڭ ياخشىسى، تەرىقەتنىڭ ھېلىگەرلىكلىرىگە قارىماي، شەرىئەتنىڭ ئۇچۇق قائىدىلىرىغا مۇۋاپىق قىلىپ ئىش كورىمىز" دەپتۇ خەلىپە. ئىنتايىن ھەيران بولغان جەپەر بىر ئېغىزمۇ سوز ئاچالماي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشقا خەلىپىنىڭ ئەقلى ھەيران بولۇپ، ئەجەپسىنىپ: "بۇلارنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلگەندۇ؟ كىم مېنىڭ مەخسۇس باغچە سارىيىمغا ئېلىپ كىرگەندۇ؟ بۇنداق

يوروغىنى ئېنىق كورۇپتۇ. خەلىپە شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چۇشۇپتۇ. جەپەر بىلەن مەسرۇر جاللاد خەلىپىنىڭ ئالدىدىمىرىدا مېڭىپتۇ. ئۇلار قىياپىتىنى ئوزگەرتىش ئۇچۇن سودىگەرلەرچە كىيىنگەن ئىكەن. خەلىپە قەسىرىدىن چىقىپ كوپ ئوتمەي باغچە سارايغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا باغنىڭ ئىشىگى ئوچۇق ئىكەن. خەلىپە ئىچكىرى كىرىپ ھەيران قاپتۇ. ”بۇنى قارا، — دەپتۇ خەلىپە، — باغنىڭ ئىشىگىمۇ ئوچۇق قالغان. شېيخ ئىبراھىم نىمىشقا شۇ ۋاقىتقىچە باغنىڭ ئىشىگىنى ئوچۇق قويغاندۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق ئىدىغۇ؟“ ئۇلار ئىچكىرى كىرىۋېرىپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قەسىر يېنىدا توختاپتۇ. ”ئەي جەپەر، — دەپتۇ خەلىپە، — مەن ئىچكىرى كىرمەي تۇرۇپ مۇشۇ يەردىلا قەسىرنىڭ ئىچىگە قارىماقچىمەن. بۇگۇن باغچىدا قانداقلا بولمىسۇن باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن. ئىشىكلەر ئوچۇق، بىز شۇ يەرگىچە يېتىپ كەلدۇق. ھىچقانداق بىر ئاۋازدىن دېرەك يوق.“ خەلىپە قەسىرنىڭ دېرىزىسىدىن ئىچكىرى كورۇنىدىغان ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، قەسىرنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ. ئۇ يەردە خۇددى ئون توت كۇنلۇك تولۇن ئايدەك بىر چىرايلىق چوكان بىلەن كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇرغان. ئۇلارنىڭ كەيپى جايىدا، بەزمە قىزىغان، كوڭلى خوش ئىكەن. ئۇلارنىڭ قېشىدا شېيخ ئىبراھىم قولىدا ئاياق، بىر مەيگە، بىر ئۇلارغا قاراپ كەيىپ سۇرۇپ ئولتۇرغان، ئۇ قىزغا قاراپ: موزىكىسىز ئىچكەن مەينىڭ قىزىغى يوق، دىگەن شېئىرنى ئاڭلىغانمۇ؟“ دەپ، شائىرنىڭ شېئىرىدىن ئىككى بەنت ئوقۇپتۇ:

ساقى ئايلاندۇرغان ئەشۇ ئاياقىنى،



چىرايلىق يىگىت ۋە شۇنداق گۈزەل قىزنى مېنىڭمۇ ئۆمرۈمدە تېخى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم. ئېھتىمال بۇلارغا تەڭلەشكىدەك ھۆسىندار تېخىچە تۇغۇلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن؟" دەپتۇ. "ھەقىقەتنى سۆزلىدىڭىز" دەپتۇ جاۋاپ ئورنىدا جەپەر. جەپەر خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ، خەلىپىنىڭ ئاچچىغىنىڭ يانغانلىقىنى، ئۇلارنى كېچىرىم قىلىشقا كۆڭلىنىڭ مايىل بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىشەنچى تۇغۇلۇپتۇ. "ئەي جەپەر، — دەپتۇ خەلىپە، — تېخى سەن ئوبدان كۆرمىدۇڭ. مانا بۇ شاخقا چىقىپ قارىغىن". ھەر ئىككىسىمۇ بىر دەرەخقە چىقىشىپتۇ. دېرىزىگە يېقىن ۋە ئۇدۇل ئۇسكەن شاخقا ئولتۇرۇشۇپتۇ.

"ئەي ھۆرمەتلىك! شاراپ ئىچىشتىن تارتىنىش ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلدى، — دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم، — شاراپ بىلەن سازلانغان چالغۇ تارلىرىنىڭ ئاۋازى قالتىس لەرزان چىقىدۇ. مانا مەن شۇنىڭ ئۈچۈن تەقۋادارلىقىمدىن، سوپىلىقىمدىن كېچىپ، سىلەرگە ئۈلپەت بولدۇم. تەسبىھ تۇتقان قولۇمغا شاراپ قۇيۇلغان ئاياقنى ئالدىم. ئەمدى بىز بەزمىمىزنى قىزىتىدىغان نەغمىنى باشلىساق". "ئەي شېيخ ئىبراھىم، بىزنىڭ بەزمىمىزگە سىز دېگەندەك ساز ئارىلاشسا بەكمۇ ئېسىل بولاتتى. ئەپسۇسكى، چالغۇ ئەسۋابى يوق!" دەپتۇ ئەنسۇلجەلىس. شېيخ ئىبراھىم سەكرەپ تۇرۇپتۇ. خەلىپە جەپەرگە: "قارىغىنا، شېيخ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئەمدى نىمە قىلىدىكىن؟" دەپتۇ. جەپەر "بىلمىدىم" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شېيخ ئىبراھىم بىرئاز ۋاقىت كۆزدىن غايىپ بولۇپ، قولىدا ساز كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. خەلىپە دىققەت بىلەن قاراپ بۇنىڭ ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم مەۋسىلىنىڭ ساتارى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. خەلىپە

قۇلىغىمغا چالىڭ ۋە داپ، سادايى دۇتار كېلەر.

"ئەزبىرايى خۇدا، ــ دەپتۇ خەلىپە، ــ مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى بۇنىڭدەك ئاھاڭنى ۋە بۇنىڭدەك يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىمىغانمەن". "ئەي خەلىپە، غەزنىۋىڭىزگە ھاي بېرىشىڭىزنى سورايمەن" دەپتۇ جەپەر. "خوپ!" دەپتۇ خەلىپە. خەلىپە جەپەر بىلەن دەرەختىن چۈشۈپتۇ. خەلىپە جەپەرگە: "مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ بىللە ئولتۇرسىمەن ۋە ئاۋازىنى يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئاڭلايمەن" دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز ئالتىنچى كېچە

ــ ئەي بەختلىك شاھ، ــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

خەلىپە: "قىزنىڭ سازىنى، ئاۋازىنى ۋە ناخشىسىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن" دەپتۇ. "ئەي خەلىپە، ــ دەپتۇ جەپەر، ــ ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرسىڭىز ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىنىڭ بۇزۇلۇشىغا زامىن بولىسىز. شېيخ ئىبراھىم سىزنى كۆرۈشى بىلەن قورقۇپ كېتىپ ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىدۇ. ئولتۇرۇش بۇزۇلىدۇ، سازمۇ، ناخشىمۇ توختايدۇ." "ئانداق بولسا، ئۇ يەرگە كىرىپ، بۈگۈنكى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن بىرەر چارە تاپ!" "يۈرۈك بولمىسا" ــ دەپتۇ جەپەر ۋەزىر. ھەر ئىككىسى دەجلە دەرياسى بويىغا بېرىپتۇ. يىراقتىن قارىسا دەريا

جەپەرگە: "ئەگەر قىز سازنى ياخشى چالالمىسا ياكى چالالمىسا، ھەممىڭىنى چارمىخقا تارتىمەن. مۇبادا ياخشى چالالىسا، يالغۇز سېنى ئۆلتۈرىمەن!" دەپتۇ. "خۇدايا، ئۇنىڭ چالغان سازىنىڭ ھەممىسى خەلپەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسۇن" دەپتۇ جەپەر. "نېمىشقا؟" دەپ سوراپتۇ خەلپە. "ئەگەر ئۇنىڭ سازى سىزگە ياقمىسا، — دەپتۇ جەپەر، — سىز ئۈچ كىشىنى ماڭا قوشۇپ، مېنىڭ بىلەن تۆت ئۆلپەت قىلىپ چارمىخقا تارتىسىز. يالغۇز تارتىلغاندىن كۆرە كۆپچىلىك بىلەن تارتىلغان تۈزۈك. چۈنكى، بىز بىر-بىرىمىزگە تەسەللى بولىمىز." خەلپە ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپتۇ. قىز سازنى قولىغا ئېلىپ تارلىرىنى تەڭشەپ توغرىلاپ چاپتۇ. ئۇنىڭ نەغمىسى كىشىنىڭ دىلىنى ئېرىتىشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ بۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئاشىقىڭغا رەھمە ئەيلە، ئەي گۈزەل دىلدارلەر،
سورىساڭ ئەھۋالىنى سەندىن بولۇر بىر ياخشىلىق.
ئاچچىقلىساڭ خوش بولىدۇ، قارا نىيەت شەرمەندىلەر،
مەرھەمەت قىلساڭ ئۇنىڭغا سەندىن يېتەر غەمخورلۇق.

* * *

ساز چېلىپ نازۇك بەدەن تەۋرىنۇر بارماقلىرى،
جانىمىزغا جان كىرگۈزۈپ بۇلبۇلنى شوخ سايرىتار.
كۈيلىسە ناخشا-مۇقام، تەڭكەش قىلىپ ئۆلپەتلىرى،
تىرىلىپ ئۆلگەن يېرىدىن قايتىپ كېلىپ ساز ياڭرىتار.

* * *

چىرايلىقلار ئىشقىدىن بەزمە بۇيى باھار كېلەر،
شاراپ ئىچىپ سۇنى بويلاپ، يارى بىلەن نىگار كېلەر.
بەك يېقىملىق تاڭ سەھەر چېغىدا قىلغان نەغمە-ساز،

بەككى ئىكەن. كېرەم بېلىقنى توردىن يەرگە تۆكۈپتۇ. ئۇزۇننىڭ سەللە ـ كېيىمىنى سېلىپ بېرىپ، خەلىپىنىڭ سەللە ـ تونلىرىنى كىيىپتۇ. كېرەمنىڭ چاپىنىنىڭ يۈز يېرىگە ياماق سېلىنغان، ئۈچ يىلدىن بېرى يۇيۇلمىغان، قاسماق. قوپال، يىرىك. ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭ سەللىسىنىڭمۇ ئورالغىنىغا ئۈچ يىل بوپتىكەن، نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇچرىغانلا لاتىلارنى سەللىسىگە قوشۇپ ئوراپ تولىمۇ كېلەڭسىز قىلىپ قويغان ئىكەن. خەلىپە بېلىقچىنىڭ كىيىمى ۋە سەللىسىنى كىيىپتۇ. يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى بەلۋاغ بىلەن ئوراپتۇ. "ئەمدى يولۇڭغا ماڭ!" دەپتۇ خەلىپە بېلىقچىغا. بېلىقچى خەلىپىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ رەخمەت ئېيتىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مېنىڭ ھاياتىمنى قىلدىڭ باياشات،
نەسلىمگە ئۆمۈر بەردىڭ ئەي ئاتا.
بىزدەكلەر بەختىگە مەڭگۈ بول ھايات،
دەۋر سۈر، غەم كۆرمە، خوش ـ خۇرام ياشا.

شېئىر تېخى تۈگىمەيلا خەلىپىنىڭ بەدىنىدە پىتلار ئوغلاق تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، بويۇنلىرىدىن گاھ ئوڭ قولى بىلەن، گاھ سول قولى بىلەن پىتلارنى تېرىپ ئېلىپ تاشلاشقا باشلاپتۇ. خەلىپە كۈلۈپ: "شۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆلمەي تىرىك ياشاپ كەپسەن. بۇنىڭ قوسىغىنى تويدۇرۇشمۇ ساڭا ئاسان توختىمىغاندۇر؟" دەپتۇ. "ئەي ھۆرمەتلىك خەلىپە، ــ دەپتۇ كېرەم، ــ سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئۇلارنى ھازىرلا كۆرۈۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەر ھەپتە بىللە تۇرسىڭىز، سىزنىڭ بەدىنىڭىزمۇ ئۇلارنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى خىيا- لىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز". "ئانداقتا بۇ نەرسىلەرنى مەن دائىم

بويىدا بىر بېلىقچى بېلىق تۇتۇۋاتقان ئىكەن. ئىلگىرى خەلىپە شېيخ ئىبراھىمغا دەجلە دەرياسىنىڭ باغچە ساراي ئەتراپىدىكى جايلىرىدا بېلىقچىلار بېلىق تۇتمىسۇن دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ تەرەپكە كېلىپ بېلىق تۇتماس بولغان ئىكەن. شۇ كېچىسى كېرەم دېگەن بىر بېلىقچى ئۇتۇپ كېتىۋېتىپ قارىسا، باغنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغىدەك. ئۇ، ئۇزىچە: "ھازىر تازا بېلىق تۇتىدىغان ۋاقىت ئىكەن. شېيخ ئىبراھىم ئىشكىلەرنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېلىق تۇتۇپ ئالاي" دەپ، تورنى ئەمدى دەرياغا سېلىپ تۇرۇشىغا ئاياق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بېشىنى كوتۇرۇپ قارىسا، ئۇستىدە خەلىپە تۇرغان. ئۇ، خەلىپىنى تونۇيدىكەن، خەلىپە ئۇنى تونۇيدىكەن: "ھە، كېرەم!" دەپتۇ خەلىپە. كېرەم ھۇشىنى يوقىتىپ گاڭگىراپ قاپتۇ. "ئەزىبىرايى خۇدا، — دەپتۇ ئۇ خەلىپىگە قاراپ تازىم قىلىپ تۇرۇپ، — مەن بۇ يەردىن بېلىق تۇتقۇنۇم ئۇچۇن ئېيىپلىك. مەن بۇ ئىشنى سىزنىڭ بۇيرۇغىڭىزغا خىلاپلىق قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىقتىن قىلدىم". "ئانداق بولسا، — دەپتۇ خەلىپە، — مېنىڭ بەختىمگە ئاتاپ تور تاشلا!" كېرەم خوش بولۇپ يىغىۋالغان تورىنى تاشلاپتۇ، بىر ئاز تۇرۇپ تورنى تارتىپتۇ. قارىسا، ھەر خىل بېلىقلار توردا تولۇپ تۇرغىدەك. خەلىپە خورسەن بوپتۇ. "ئەي كېرەم، — دەپتۇ خەلىپە، — بېلىقلارنى دەرھال توردىن ئېلىپ، دەستار-كىيىملىرىڭ بىلەن قوشۇپ ماڭا بەر. ئۇنىڭ ئورنىغا مېنىڭ بۇ كىيىملىرىمنى سەن كىيگىن". خەلىپىنىڭ كېرەمگە بېشىپ بەرگەن ئىككى تونىنىڭ بىرسى ئىسكەندەرى، يەنە بىرى بەلە

دەپتۇ خەلىپە، — مەن كىرەم بىلىقچى، سىنى مېھمىنى بار دەپ ئاڭلاپ، بىر ئاز بېلىق ئېلىپ كەلدىم. ياخشى بېلىق". بېلىقنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئېلى نۇرىدىنمۇ، ئۇنىڭ كېنىزىگىمۇ خوشال بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. ئۇلار بېلىقىنى ناھايىتى ياخشى كورىدىكەن. "ئەي شېيخ ئىبراھىم، ئىشىكنى ئاچ، بېلىقنى ئېلىپ كىرسۇن" دېيىشىپتۇ ئۇلار. شېيخ ئىبراھىم ئىشىكنى ئېچىپتۇ. خەلىپە بېلىقچى كىيىمىدە ئىچكىرى كىرىپتۇ. شېيخ ئىبراھىمغا سالام قىپتۇ. "ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەي ئوغرى، قىمارۋاز، — دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم، — قېنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭنى مەن بىر كورەي". خەلىپە ئۇلارغا ئۆزى تالالاپ ئېلىپ كەلگەن بېلىقلارنى كورسىتىپتۇ. قارىسا بېلىقلار تېخى تىرىك، تىپىرلا-ۋاتقان. كېنىزەك خىتاپ قىلىپ: "ئەي ھورمەتلىك بېلىقچى، — دەپتۇ، — بۇ بېلىق شەكسىز ياخشىكەن. بۇنىڭ ئۇچۇن سىزگە كوپتىن-كوپ رەخمەت. لېكىن قورۇپ، پىشۇرۇلسا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى!" "ناھايىتى توغرى، — دەپتۇ شېيخ ئىبراھىم. كېيىن ئۇ، خەلىپىگە قاراپ، — نېمىشقا بۇنى قورۇماي تىرىك ئېلىپ كەلدىڭ؟ بار، قورۇپ كەل!" دەپ بۇيرۇپتۇ.

"مانا ھازىر، مەن سىزلەرگە قورۇپ ئەكىلىمەن" دەپتۇ خەلىپە. "بول تېز!" دەپتۇ ئۇلار. خەلىپە يۇگۇرگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. سىرتقا چىقىپ جەپەرنى قىچقىرىپتۇ. جەپەر ۋەزىر: "نېمە خىز-مەت بار" دەپ يۇگۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. "ئۇلار ماڭا بۇ بېلىقنى قورۇپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى" دەپتۇ خەلىپە. "ماڭا بېرىڭ ئەي خەلىپە، مەن قورۇپ بېرەي" دەپتۇ جەپەر ۋەزىر. "بۇنى ماڭا قورۇشنى بۇيرۇدى. ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن،

بەدىنىمدە كوتۈرۈپ يۈرىدىكەنمەن ۋە باقىدىكەنمەن، شۇنداقمۇ؟"
دەپتۇ خەلپە كۆلۈشنى داۋام قىلىپ. "بىر نەرسە دىمەكچى ئىدىم"
دەپتۇ بىلىقچى ھىجىيىپ. "نىمە دىمەكچىدىڭ، ئېيت!" دەپتۇ
خەلپە "پايدىلىق بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇش ئۈچۈن، بىلىق
تۇتۇشنى خالىغان بولسىڭىز، سىز ئۈچۈن بۇ كىچە تېپىلمايدىغان
كىچە بولۇپ قالىدۇ." خەلپە بىلىقچىنىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ
كۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلىقچى خەلپە بىلەن خوشلىشىپ، تورنى
كوتۈرۈپ ئويىگە كېتىپتۇ. خەلپە بىلىقتىن بىر نەچچىنى ئېلىپ
جەپەرنى ئايرىلىپ قالغان يېرىدىن ئىزلەپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇنى تېپىپ
يېنىغا بېرىپتۇ. جەپەر ۋەزىر ئۇنى كېرەم بىلىقچى دەپ ئويلاپ
قورقۇنچ بېسىپتۇ. "ئەي كېرەم، — دەپتۇ ۋاقىراپ جەپەر، — بۇ يەردە
نىمە قىلىپ يۈرسەن؟ تېزراق يوقال! خەلپە ھازىر مۇشۇ يەردە،
باغدا، ئەگەر ئۇ سېنى كورۈپ قالغۇدەك بولسا، بېشىڭنى ئالىدۇ!"
خەلپە جەپەر ۋەزىرنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ. جەپەر كۈلگەن
كىشىنىڭ ئۆزى خەلپە ئىكەنلىگىنى سېزىپ خىجىل بوپتۇ. "ھە...
سىز... موھتەرەم خەلپىمىز ئىكەنسىزغۇ؟" دەپتۇ جەپەر. "ھە سەن
ۋەزىرىم تۇرۇپ مېنى تونۇيالمىغاندىن كېيىن، — دەپتۇ خەلپە، —
شېيخ ئىبراھىم قانداقمۇ تونۇسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئۆزى
ھازىر ساق ئەمەس، مەسلىگىدىن كوزلىرى قىزارغان. سەن مۇشۇ
يەردە تۇرۇپ تۇر. مەن ھايال بولماي قايتىپ چىقىمەن." شۇنداق
دەپ خەلپە قەسىر تەرەپكە كېتىپتۇ، قەسىرنىڭ ئىشىگىگە بېرىپ،
ئاستا ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئىبلى نۇرىدىن شېيخ ئىبراھىمغا قاراپ:
"ئىشىكنى بىرسى قېقىۋاتىدۇ!" دەپتۇ. "كىم سەن؟" دەپتۇ شېيخ
ئىبراھىم ئورنىدىن قوزغالماي. "ئەي شېيخ ئىبراھىم، مەن، —

تۇر، ئەي سەنەم شوخ پەدىگە چالغىنا،
ناخشاڭ بىلەن دېدى:

— كوڭلۇم ئالغىنا،
سەنئەتلەرنىڭ ياخشىسىدۇر ناخشا ـ ساز،
مەي بەرگەندەك دىلنى خوشال قىلغىنا.

* * *

ساز ئۇستىدە يورغىلىسا ئاپپاق، نازۇك بارمىقىڭ،
قىلـدەك تارلار سايرار خۇددى قەلبىمدىكى تۇيغـۇدەك.
نازلار بىلەن كوزلەر قىسىپ ئوينىسا قاش ـ قاپىغىڭ،
جاننى ئالار ئىلكىڭگە، ساڭا قارار تۇيغۇدەك.

ھەر پەدىنى باسقىنىڭدا ئاھڭى باشقا چىـقار،
نىم پەدە مەرغۇللىرى ئېلىپ قاچار خىيالنى...
تەلپۈنىمەن كوز ئۈزمەستىن ئىلاجىسىز ئەي نىگار،
كوزلىرىڭگە كوزۇم چۈشسە، تىترەك باسار بۇ جاننى...

غەزىلىڭنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئەمدى قالدىم بالاغا،
شۇندىن بېرى نەسىھەتمۇ ھىچ كىرمىدى قۇلاققا.
كوڭلۇمنى قايتۇرما كوپ، بارى ئۆچتى ھاۋاغا،
ئېيت ناخشاڭنى، ئېيت يەنە مۇشۇ ئىككى مۇشتاققا.

ئۇنىڭدىن كېيىن دىلنى ئوزىگە تارتىدىغان "ياقام پارە" دىگەن پەردىگە يوتكەپ چاپتۇ. ئەقىلنى ئوغرىلاپ، كىشىلەرنىڭ شرىـن جانلىرىنى تۇيدۇرماي ئالغۇچى بۇ سازغا قوشۇپ مۇنـداق غـەزەل ئوقوپتۇ:

شەھرىڭىزگە كەلگەن كۈنى قىزىق خەۋەر ئاڭلىدىم:
"شەھرىمىزنىڭ كېچىسى ئايسىز يورۇق، سەھەردەك."

بۇنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قورۇيمەن" دەپتۇ خەلىپە. باغۋەننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، ئۇ يەردە زىخ، ساپلىق، تاۋا، كاۋاپدانلار تەييار ئىكەن، بېلىقنى تازىلاپ، ياخشىلاپ قورۇپ، بىر قۇر تۇز سېپىپتۇ. تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاتقۇلاق يوپۇرماقلىرى ئۈستىگە قويۇپ، باغچىدىكى لىمون ۋە دورا-دەرمەكلەردىن سېپىپتۇ، بېلىقنى ئېلىپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئېلى نۇردىن، كېنىزەك ۋە شېيخ ئىبراھىم يېقىن ئولتۇرۇپ يېيىشكە كىردىشىپتۇ. يەپ بولۇپ قوللىرىنى يۇيۇپتۇ. ئېلى نۇرىدىن بېلىقچىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: "بۇ كىشى بىزگە ناھايىتى چوڭ خىزمەت قىلدى، — دەپ، قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۈچ تىللا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ، — ئەي بېلىقچى، ئەپۇ قىلىڭ، ئەگەر ئاۋالقى ئەھۋالىم بولغاندا سىزنىڭ قىلغان بۇ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن پېقىرلىق ئازاۋىدىن خالاس قىلاتتىم. ھازىرقى ئەھۋالىمغا يارىشا بەرگەن بۇ ئەرزىمەس پۇلۇمنى ئېلىڭ!" خەلىپە پۇلنى ئېلىپ رەخمەت ئېيتىپتۇ. خەلىپىنىڭ مەقسىدى كېنىزەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش ئىكەن. ئۇ، ئېلى نۇرىدىنغا: "مەرھەمىتىڭىز ئۈچۈن كوپ رەخمەت. لېكىن مەن چەكسىز ئىلتىپاتىڭىزنى كۈتۈپ، بۇ قىزنىڭ يەنە بىر قېتىم ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى سورايتتىم" دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. "ئەي، ئەنسۇلجەلىس، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — بېلىقچى ناخشاڭنى ئاڭلاشنى خالايدىكەن، بۇ كىشىنىڭ خوشلۇغى ۋە مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن بىزگە يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ بەر." كېنىزەك شۇ ھامانلا سازنى قولىغا ئېلىپ تارلىرىنى تەڭشەپتۇ. كېيىن سازنى چېلىپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپتۇ:

ئوتمۇش ئىشق ئەپسانىسى مېنى ئىزەر ھەر دايىم،
بىچارىلەر مەندەك ئادەم، مەندەك ئاشىق دەر بەدەر.
سەن ئېيتقىنا، ئەپسانىنى توقۇغانلار ئۆزى كىم؟
ئاشىقلارنى مۇبالىغە قىلىغان تۇھمەت شۇ قەدەر!...

كوز يېشىدىن دەريا ياساپ ئاققان ئاشىق كىم ئىكەن؟...
ئېقىپ پۈتسە كوز ياش بىلەن ئاقمىغىدىم مەن ئۆزەم.
كوز يېشىنى مارجان قىلىپ ئاسقان مەشۇق كىم ئىكەن؟...
كوز ياش قېنى؟ بىر كۆلۈپمۇ باقالمىدى گۈل يۈزۈم.

ئەي شاھزادەم، ئۇلۇغلۇقتا، زور ھورمەتكە مالىك زات،
سەن مېنى دەپ قولدىن بەردىڭ تاج ـ تەخت مىراسىڭنى...
مەن يېنىڭدا يوق ئەمدى، ساڭا تىلەپ بەخت ـ ھايات،
كوزلۇرۇمگە سۇرتەي سېنىڭ بېسىپ ئوتكەن ئىزىڭنى...

تارتۇق قىلدىڭ بىر كىشىگە مېنى مەيلى مەن رازى،
ئۇمىدىم بار: "ئۇ بۈيۈك زات، غېرىپ باشنى سىلار" دەپ.
مۇھەببەتلىك قەلبىم بىلەن ساڭا قىلاي تەۋەززۇ،
ئۇزاق يەردىن ئەرىز قىلمەن مېنى ئۆزى بىلەر، دەپ.

بۇ شېىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېلى نۇرىدىن كېنىزەككە شېىر بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

ئەي سىردىشىم، سەندىن جۇدا بولدۇم شۇ دەم،
يىغلار كوزۇم ئەتە ـ ئاخشام ھىجرىڭ بىلەن.
سەنسىز باسار ئەمدى مېنى كۆلپەت ـ ئەلەم،
ياخشى كۈنلەر يوقتۇر ماڭا دەردىڭ بىلەن.

* * *

بۇ خەۋەرنىڭ مەنىسىنى سىزنى كورۇپ چۈشەندىم،
سىز سىز بولماس ئىدى بۇ يەر، ئايسىز يورۇق شەھەردەك.

كۈندۈز ئۇخلاپ، تۈندە قىلغاچ سەيلى ئەتراپ ـ باغلارنى،
يۈزىڭىزدىن باغ يورىدى، نۇرغا تولدى شەھەرمۇ!...
تۈنىنىڭ يۈزى قارا ئىدى، يۈيدىڭىز سىز داغلارنى،
بۇ شەھەردىن تۈن يوقالدى، سۈزۈلدى تاڭ ـ سەھەرمو!...

خەلپە ھەيرانلىق ئىچىدە ھاياجانلىنىپ، خوشلىغىدىن: "ياخشى، ياخشى... خۇدا ھەققى ياخشى..." دەپ، توختىماي ئالقىشلاپتۇ. ئېلى نۇرىدىن: "ئەي بېلىقچى، بۇ كېنىزەك ۋە ئۇنىڭ ناخشا ـ سازى سىزگە ياقتىمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. "ئەزبىرايى خۇدا، ياقتى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خەلپە. ئېلى نۇرىدىن: "ياققان بولسا، بۇ كېنىزەك مەندىن سىزگە سوۋغا بولسۇن. بۇرۇندىن تارتىپ ھەدىيە قىلىنغان نەرسە قايتمايدىغان ئادەت بار. مەنمۇ قايتۇرۇپ ئالماي-مەن" دەپتۇ. شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىقچىغا قىزنى ئېلىپ كېلىپ تۇتقۇزۇپتۇ ۋە بىللە ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەنىسۇلجەلىس ئېلى نۇرىدىنغا قاراپ مەيۈسانە بىر قىياپەتتە: "ئەي ھورمەتلىك خوجام، خوشلاشماستىن كېتەمسەن؟ ئەگەر بۇ مەجبۇرى بولسا، توختاپ تۇرغىن، مەن سەن بىلەن خوشلىشىپ يۈرەك سوزۇمنى ئېيتىپ ئالاي" دەپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەجەپ قاتتىق تۈيۈلدى بۇ جۇدالىق،
ئىدۇق ھەر ئىككىمىز بىر جۈپ خۇمالىق.
قانىتىم سۇندى شۇ دەم قايرىلىشتىن،
ئۇلۇم ئارتۇق ماڭا بۇ ئايرىلىشتىن.

* * *

بىزنى ۋەيران قىلغان سىرنى ئېچىشنى.
ئېيزىز دوستۇم، يېقىن كەل، ئاڭلا زارىم،
فازالڭ سىلەن ئالماشتى ياش باھارىم.
ئاتام ئىدى بەسىردە ئالى مۇقام،
ئۇنىڭ كۆڭلى بولمايتتى مەنسىز تامام.
ئاتامنىڭ سۆيۈملۈك دىلبەندى ئىدىم،
يالغۇز ئوغلى، كوز نۇرى پەرزەندى ئىدىم.
ئېلىپ بەرگەن ئىدى ماڭا كېنىز قىز.
ئىلمۇ - پەندە يەككە ئىدى يەنە تەڭسىز.
ئويۇم تولدى گۈلگە ئۇنىڭ يۈزىدىن،
لەززەت ئالدىم ئۇنىڭكى شېكەر سوزىدىن.
ئۇ ماڭا ۋاپادار يار بولدى،
قېشىمدا كېچە - كۈندۈز بار بولدى.
ۋاپات بولدى ئاتام، چۈشتى جۇدالىق،
مال - مۈلكى ماڭا بولغاندا تالىق.
دۇچار قىلدى شۇم پەلەك ھادىسىغا،
ئېشىم تولدى پەلەكنىڭ ئوغىسىغا.
ھەممە مىراس ماڭا بولدى باقاسىز،
گوھەرلەر بار ئىدى ئەجەپ باھاسىز.
كېتىپ ئۇ ماڭا، كەلدى يامان كۈن،
كېيىن قىزغا تىكىلدى شۇم بەختى كەلگۈن.
قىلىپ ئاقىۋەت مۇھتاجى نان بىز،
كېنىزەك دىدى:
— سېتىڭ مېنى سىز!
يېتەكلەپ سۆيگۈنۈمنى بازارغا كەلدىم،
گۇناسىز يارنى مەن دارغا ئەكەلدىم.
مېنىڭ ھالىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم يوق،

جۇدا بولۇش كۈنى يار مەن بىلەن ۋىدالاشتى،
دىدى: ئەمدى قانداق بولار سېنىڭ ھالىڭ؟...
دىدىم: جانۇ-يۈكۈڭۈل ئەھدى باغلاشتى،
بېرىپ ساقلاش ئۈچۈن لەۋ، يۈزدىكى خالىڭ.

خەلىپە قىزنىڭ مىسرالىرى ئارىسىدىكى: "تارتۇق قىلدىڭ مېنى بىركىشىگە" دىگەن قۇرنى ئەسلەپ. بۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ناھايىتى ئېغىر ئىش ئىكەنلىگىنى سېزىپتۇ. كېيىن ئۇ يىگىتكە قاراپ: "بۇ قىز ھازىر ئۆز مىسرالىرىنىڭ بىرىدە، قىزنى دەپ شاھلىقتىن، مىراسىگىدىن ۋاز كەچكىنىگىنى ئېيتتى. ماڭا راستىنى ئېيتقىن: كىم بىلەن دۈشمەنلەشتىڭ؟ كىم سېنىڭ ئارقاڭدىن نىمە ئۈچۈن ئىزلەيدۇ؟ ياكى بىر جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىپ يۇرتۇڭدىن ئايرىلغانمۇ؟" "ئەي بېلىقچى. ئاجايىپ بىر مۈشكۈل ئىشنى سورىدىڭ، — دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، — بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ئىش باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن". "شۇ سەرگۈزەشتىنى ئېيتىپ، بىزنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىل! چۈنكى، بىرەر ئاسانلىق ياكى بىزدىن بىرەر ياخشى مەسلىھەت چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. مەسلىھەت بىلەن يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئايلانغان ئىش كۆپىقۇ!" دەپتۇ خەلىپە. ئېلى نۇرىدىن بېلىقچىغا قاراپ: "شېئىر بىلەن ئېيتىپ بېرەيمۇ ياكى نەسرى سۆز بىلەن ئېيتىپ بېرەيمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. "چېچىلغان نۇتۇق سۆزدۇر، تىزىلغان نۇتۇق دۇردۇر" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خەلىپە. ئېلى نۇرىدىن بېلىقچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كېيىن شېئىر بىلەن ۋەقەنى تۆۋەندىكىچە ھىكايە قىپتۇ:

سوراپ قالدىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشنى،

دېدى:

"تېز قاچمسالڭ بۇلدىن ئەگەردە،
ھاياتىڭ قالغۇسى خەۋپۇ-خەتەردە.
ئەمرى قىلدى سۇلتان تۇتماققا سېنى،
مىلىگىنى ئېلىپ، دارغا ئاسماققا سېنى.
كۈن چىقماي تۇرۇپ ئۇزەڭ چىقىپ كەت!
ئۇزەڭنى بۇ بالادىن تېز خالاس ئەت!..."
ئىككىمىز تۇندە قېچىپ بولدۇق راۋان.
تار بولدى بىز ئۈچۈن بۇ كەڭرى جاھان.
يۈرۈپ باغدادقا كەلدۇق ئاچ ۋە ھارغىن،
تۇنەشكە جاي تاپالماي بىز ئىككى مىسكىن.
كوچۇردۇق ياقا يۇرتتا بىز ئۆمىر كۈن.
چىقىرىپ "ئاھ" دىن ئوت، غەمدىن تۇتۇن.
ئېزىز دوستۇم، ساڭا دىلدىن ئەرزىم:
دېگىن راستىنى ماڭا، بولسا قەرزىم.
شۇ قەرزىمگە بۇنى ئال ياكى ئالما،
ماڭا قىلغان خىزمىتىڭگە ئارماندا قالما!
كېيىنىز ئەمەس بۇ ماڭا تەندىكى جان،
ساڭا قىلدىم ھەدىيە بۇ جاننى شۇئان.
قولۇمدا قالغىنى شۇ سۇيۇملۇك يار،
ساقايدى ئاچلىقتىن بولغاندى بىمار.
بۇ تەقدىر ئەزدى شۇنداق مېنى قىلىپ خار،
جاھاننىڭ كارى شۇنداق، بەزىدە تار.

ئېلى نۇرىدىن شېھرىنى تۈگىتىپتۇ. خەلپە ئۇنىڭغا: "ئەي ھورمەتلىك ئېلى نۇرىدىن، ماڭا ئەسلى تەرجىمە ھالىڭنى يەنىمۇ ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتىپ بەر!" دەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن ئەسلى-نەسلى ۋە تارىخىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سوزلەپ بېرىپتۇ.

ئوزەم يولدا ۋە لېكىن ئەقلى ھوشۇم يوق!
يېتىلەپ يارنى مەن بازارغا كىردىم،
كوزۇم ئالدى قاراڭغۇ غارغا كىردىم.
كوزۇم ئاچسام ئۇ يەردە قاتار خېرىدار،
سوز ئاچقۇچە پۇل تولەپ ئالماققا تەييار.
كېلىپ دەللال يېقىن، تۇتتى قولۇمدىن،
مېنىڭچۈن بولدى ئۇ، ئارتۇق ئولۇمدىن.
بازار ئەھلى ھەممىسى بولدى جەمئى،
ئۇنىڭ باھاسىنى قىلماقچى بەيئى.
شۇ چاغدا يېتىپ كەلدى بىر قېرى مەككار،
بۇ قىزنى ئۇ كورۇپ بولدى خېرىدار.
بۇنى كورۇپ بازارنىڭ كەيپى سۇندى،
بۇ قىزنىڭ تىزدا يېرىم باھاسى تىندى.
كېلىپ دەللال يېقىن، دىدى ئاستا:
ئۇنىڭغا ساتما، بۇنى بولغىماستا.
ئۇرۇپ مەن نىگارنىڭ يۈزىگە تەستەك،
ئېلىپ ماڭدىم بازاردىن خۇددى مەستەك.
يېتىپ ماڭا تىل سالدى قېرى ئەبلەخ —
سۇلتاننىڭ ۋەزىرى ئىدى ئۇ بەدبەخ.
ئېلىپ ئۇنى مەن ئاتتىن يىقىتتىم،
ملاپ لايغا، قان قىلىپ، مۇشنى تېتىتتىم.
بېرىپ ئۇ، سۇلتانغا مېنى چېقىپتۇ،
ئاردا بولغان ئىشنى ئاڭا ئېيتىپتۇ.
ئېلىپ كەلدىم بۇ قىزنى ئويىگە شۇئان،
يېتىپ كەلدى سارايدىن بىر قەدىردان.
ئاتامنىڭ دوستى ئىدى ماڭا ھەمدەم،
ۋاپادارلىق قىلىپ ھالىمغا يەپ غەم،

كورىمىز، يېزىلىق بولمىسا!" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن. خەلىپە قولغا قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، بىسمىللادىن كېيىن، تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپتۇ:

خەلىپە هارۇن رەشىد ئىبنى مەھدىدىن:

"مەرھەمەتىم سايىسىدە، شەھەرلىرىمدىن بىرى بولغان بەسىرىدە ماڭا نائىبلىق دەرىجىسىگە يەتكەن جانابى مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانئۇززەينىگە! بۇ خەت مەرھۇم ۋەزىرلىك ئىبنى خاقانىنىڭ ئوغلى ئېلى نۇرىدىن ئارقىلىق ساڭا يەتكەن هامان، سەن ئۆزەڭنى خىزمەتتىن ئازات قىلىپ ئورنىڭغا ئېلى نۇرىدىننى تەيىنلە. پەرمانغا قارشىلىق قىلما! ۋەسسالام". خەلىپە خەتنى ياخشىلاپ ئوراپ ئېلى نۇرىدىنغا بېرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن خەتنى قولغا ئېلىپ سۆيۈپتۇ ۋە سەللىسىگە قىستۇرۇپ، شۇ زامان قالغانلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. شېيخ ئىبراهىم بېلىقچى كىيىمىدىكى خەلىپىگە قاراپ: "ئەي بېلىقچىلارنىڭ ئەسكىسى، ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ سەن يىگىرمە تىيىنگە توختىمايدىغان بىر جۈپ بېلىقنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ تىللا پۇل ئالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قىزنىمۇ ئالامسەن تېخى؟" خەلىپە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ۋاقىراپتۇ. مەسرۇرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ. شېيخ ئىبراهىمغا لەنەت ئوقۇپتۇ. جەپەر ۋەزىر خەلىپىگە يېڭى كىيىملەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوردىغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، خەلىپىنىڭ ئالدىدا تازىم قىلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپتۇ. خەلىپە ئۈستىدىكى جەرىدە كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى كىيىملەرنى كىيىپتۇ. شېيخ ئىبراهىم ئولتۇرغان يېرىدە هاڭقىيىپ قېتىپلا قاپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭ هالىغا

خەلىپە ۋەقەنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

"ھازىر قاياققا ماڭدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

"خۇدانىڭ يېرى كەڭ، شەھەرلىرى نۇرغۇن. بېشىم قاياققا قايسا، شۇ تەرەپكە ماڭىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئېلى نۇرىدىن. "بولمىسا، — دەپتۇ خەلىپە، — مەن ساڭا بىر خەت يېزىپ بېرەي، سەن ئۇنى بەسىرە سۇلتانى مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينىگە بەر! ئۇ خەتنى ئوقۇپ كورگەندىن كېيىن، ساڭا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ، سېنى رەنجىتمەيدۇ..."

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھەرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز يەتتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئېلى نۇرىدىن: "بېلىقچىنىڭ سۇلتانغا خەت يېزىشى بۇ چاققىچە قۇلاق ئاڭلىمىغان بىر گەپ!" دەپتۇ. "سوزۈڭ توغرى، — دەپتۇ خەلىپە، — لېكىن مەن سەۋەۋىنى ئېيتاي. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم. بارا-بارا ئۇنىڭغا تەلەي يار بولۇپ، سۇلتانلىققا يەتتى. مەن بولسام، بېلىقچىلىق كەسپىمنى قىلدىم. مەن نىمە دەپ خەت يازسام، ئۇ، ئەلۋەتتە ئورۇندايدۇ. ئەگەر بىر كۇندە مىڭ پارچە خەت يازسام، ئۇ خەتنىكى تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. چۇنكى، بۇ چاققىچە مەن ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورىغىنىم يوق!" "قېنى

قىچقىرغان ئىكەن، سۇلتان ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. ئىبلى نۇرىدىن سۇلتاننىڭ قېشىغا كىرىپ، ئالدىغا بېرىپ تازىم قىپتۇ. كېيىن سەللىسىدىن خەتنى ئېلىپ سۇلتانغا سۇنۇپتۇ. سۇلتان خەتنىڭ باش قىسمىنى كورۇش بىلەنلا بۇ خەتنىڭ خەلىپە هارۇن رەشىدنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئالدىراپ ئورنىدىن تىك تۇرۇپتۇ. خەتنى ئۈچ قاتار سۆيۈپتۇ ئوقۇپ چىقىپ، ئۇزىچە: "خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بوي سۇنماق بىزدەكلەرگە پەرز هەم قەرز" دەپتۇ. شۇ هامان توت قازىنى، ئەمىر هەم ۋەزىرلەرنى قىچقىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزىنىڭ ۋەزىپىدىن ئازات قىلىنغانلىغىنى ئېلان قىلماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا مۇئىن ئىبنى ساۋى كىرىپ كەپتۇ. سۇلتان خەتنى ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، پارچە-پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىۋېتىپتۇ. "لەنەت ساڭا،— دەپتۇ سۇلتان غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ،— بۇنداق جىنايەتنى قىلىشقا سېنى نىمە مەجبۇر قىلدى؟" "ئەزىبىرايى خۇدا،— دەپتۇ ۋەزىر،— بۇ دار ئاستىدىن قاچقان مەككار ئوغرى تۇرسا، نەدە يۇرۇپ خەلىپىنى ياكى ئۇنىڭ ۋەزىرىنى كورەلىسۇن؟ قەيەردىندۇر، خەلىپىنىڭ موهرى بېسىلغان بىر قەغەزنى قولىغا چۇشۇرگەن-دە، ئۆز مەقسىدىگە يېتىش نىيىتىدە مۇشۇ خەتنى ياساپ سىزگە ئېلىپ كەلگەن. خەلىپە ئۇنى جانابى ئالىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە تەيىن قىلمىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە لاياقىتى ۋە بىلىمى يوق. بۇ، خەلىپىگە ئوچۇق-ئايان، شۇنىسىمۇ باركى، ئەگەردە خەلىپە بۇ ئىشنى ئىختىيار قىلغان بولسا، بىرەر ۋەزىرىنى، هېچ بولمىغاندا ساراي خىزمەتچىلىرىدىن بىرسىنى قوشۇپ ئەۋەتكەن بولاتتى". "نىمە

نەزەر تاشلاپتۇ. قارىسا رەڭگىنىڭ قېنى قېچىپ، ئەقلى ئېغىپ، بىر قىسما بولۇپ، ھە دەپ قولىنى چىشلەپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. "بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ؟" دەيدىكەن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. "ساڭا نېمە بولدى؟ ... ئەي شېيخ ئىبراھىم!" دەپتۇ خەلىپە. شېيخ ئىبراھىم ھوشىنى يىغىپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ. كېيىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەسلىك بىلەن بىخۇتلۇق مېنى بۇلىغىدى،
مەندىن كەتتى ئەقىل بىلەن بەخت تامام.
جازا بەرسەڭ ماڭا لايىق يەنە سەن ئۆزەڭ —
ئەپۇ قىلساڭ ئىختىيار، مېنى ئەي خوجام.

* * *

ۋەزىپىدۇر بىز ئۈچۈن ئەپۇ سوراش،
باش ئېگىش خوجىسىغا بۇ تۈزۈم قانۇنى:
ئاياق تايدى، بېشىم قايدى تاشقا تېگىپ،
گۇنايىمدىن كېچىڭ خوجام قىينىماي قۇلنى.

خەلىپە ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتۈپتۇ. قىزنى سارايغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئەنىسۇلجەلىسقا خەلىپە سارايدىن ئالاھىدە ئورۇن، ئۆي ۋە مەخسۇس خىزمەتچىلەر بەلگۈلەپ بېرىپتۇ. "سېنىڭ خوجاڭنى، — دەپتۇ خەلىپە، — ئۆز شەھرى بەسرىگە سۇلتان قىلىپ ئەۋەتتىم. تېز ئارىدا ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەر ئەۋەتىمەن. سېنىمۇ شۇنىڭغا قوشۇپ يولغا سالىمەن". ئېلى نۇرىدىن خەلىپىنىڭ باغچىسىدىن چىقىپلا يولغا چۈشۈپتۇ. خېلى نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ، ئېگىز - پەس دەسسىمەي، مول يۈرۈپتۇ. بەسرە شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، سۇلتان ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ۋاقىراپ

بىرىنچى كۈنى خەلپىدىن كىيىم-كېچەك، ئىنئاملار كەپتۇ. بۇنى كورۇپ سۇلتان ھەيران بوپتۇ. ئۇ بۇ توغرىدا ۋەزىر ۋە باشقا يېقىنلىرى بىلەن سوھبەتلىشىپتۇ. ئۇلاردىن: "بۇ ھەدىيە كىم ئۈچۈن؟" دەپ سوراپتۇ. كىمدۇر بىرى: "بەلكىم بۇ كىيىم-كېچەك ۋە ئىنئاملار سۇلتانىمىزنىڭ ئورنىغا يېگىدىن سۇلتان بولغان ئېلى نۇرىدىننىڭ بولسا كېرەك" دەپتۇ. باشقىلارمۇ توغرا، دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىر پۈتى كويگەن توخۇدەك تۇرالماي كېتىپتۇ. ئۇ، سۇلتانغا قاراپ: "ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، كوزدىن يوقىتىش كېرەك. شۇندىلا تىنچىيمىز" دەپتۇ. "رەخمەت، — دەپتۇ سۇلتان، — ئۇنى سەن ماڭا ياخشى ئەسلەتتىڭ! بار، ئەمدى ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ كاللىسىنى ئال!" ۋەزىر سۇيۇنۇپ: "خوپ، ئەمما مېنىڭ بىر تىلىگىم بار ئىدى، — دەپتۇ قوشۇمچە قىلىپ، — ئۇنى ئولتۇرۇش ھەققىدىكى سۇلتانىمىزنىڭ پەرمانىنى پۈتۈن شەھەرگە جاكاچى ئېلان قىلسا كوڭلۇم كوتۇرۇلۇپ، روھىم ئوسۇپ، دۇشمىنىمدىن كوڭۇلدىكىدەك ئىنتىقام ئالغان بولاتتىم". "خالىغىنىڭنى قىل!" دەپتۇ سۇلتان. ۋەزىر خوشال بولۇپ ئوردىدىن چىقىپتۇ، ھاكىم ئىدارىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ ھاكىمغا ئېلى نۇرىدىن ئىبنى خاقانىنىڭ سۇلتان تەرىپىدىن ئولۇمگە بۇيرۇلغانلىقىنى، ئۇنى تاماشا قىلغۇچىلارنى ئوردا ئالدىغا يىغىش توغرىسىدا جاكاچىنىڭ جار سېلىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. جاكاچى ئېلان قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چوڭ-كىچىك يىغىلىشىپتۇ. كىشىلەر ئوردا ئالدىغا توپلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئېلى نۇرىدىن بىلەن بىللە كېلىش ئۈچۈن زىندان ئىشىكىگە توپلىنىپتۇ. ۋەزىر ئۇن قول بىلەن زىندانغا چۈشۈپتۇ.

قىلىش كېرەك؟" دەپتۇ سۇلتان. "بۇ يىگىتنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، مەن كىشى قوشۇپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئۇۋەتەي. ئەگەر بۇ گەپ راست بولسا، ئىشەنچلىك بۇيرۇق ئېلىپ كەلسۇن. مۇبادا يالغان بولسا، ماڭا ئەلچى ئۇتكەن بۇ ئىپلاسنىڭ جازاسىنى ئۇزەم بېرەي" دەپتۇ. سۇلتان ۋەزىرنىڭ سوزىنى لايىق كورۇپ، قۇللىرىنى قىچقىرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىننى باغلاپ ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ئېلى نۇرىدىننى ئۇزىنىڭ ئويىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قۇللىرىغا بۇيرۇپ، ئۇنى ھۇشىدىن كەتكىچە ئۇرغۇزۇپتۇ. ئاياق-لىرىغا ئېغىر كىشەن، بويىنىغا تاقاق سېلىپ، زىندانغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئوزى كىرىپ، زىندانغا چۇشۇپ، زىندان باشلىغىنى قىچقىرىپتۇ. زىندان باشلىغى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى قەتىت ئىكەن. "ئەي قەتىت، — دەپتۇ ۋەزىر ئۇنىڭغا كېدىيىپ، — بۇنى ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ دەھشەتلىك زىندانغا تاشلا! كېچە-كۇندۇز ئەڭ ئېغىر ئازاپ بىلەن قىينا!" "خوپ!" دەپتۇ زىندان باشلىغى قەتىت. كېيىن ئۇ، ئېلى نۇرى-دىننى زىندانغا ئېلىپ چۇشۇپ ئىشىكنى تاقاپتۇ. زىندان باشلىغى قەتىت ئېلى نۇرىدىنغا ئىشىك ئارقىسىدىكى سۇپىنى سۇپۇرۇپ تازىلاپ، جاي قىلىپ بېرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىننىڭ تاقاق، كىشەن-لىرىنى ئېلىپ، ئۇنى سۇپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەم ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ياخشى قاراپتۇ. ۋەزىر ھەر كۇنى قەتىتكە كىشى ئۇۋەتىپ، ئېلى نۇرىدىننى قىيناشنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. قەتىت بولسا ھامان ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدى-كەن، نەرسە-كېرەكلەرنى يەتكۇزۇپ بېرىدىكەن، ئېلى نۇرىدىننى ئاۋايلاپ ساقلايدىكەن. شۇ يوسۇندا قىرىق كۇن ئۇتۇپتۇ. قىرىق

ئۇ ۋەزىرنىڭ خوشال تۇرغانلىغىنى كورۇپ، كوزلىرى ياشقا لىق تولۇپتۇ: "سەن بەد بەختتىن ئامانلىق تىلەيمەنمۇ؟" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن ئوز-ئوزىگە، ئاندىن ۋەزىرگە قاراپ غەزەپلىنىپ: "ئەي ۋەزىر، سەن ھەمىشە ھىلە-مىكىر، جەبىرى-زۇلۇم بىلەن ياشاپ كەلدىڭ. سەن ئوزەڭ بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەيمەنمەمسەن؟" دەپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

بۇ جاھان باغىدا كوپ ئەر دەۋرى-دەۋران سۈرۈشتى،
كىيدى تاج ھەم سەلتەنەتنىڭ تەختىگىمۇ ئولتۇرۇشتى.
كەتتىلەر نامۇ-نىشانسىز، تاجۇ-تەختى قالدى بوش،
باشقىلار بۇ سەلتەنەتتە ئەيشى-ئىشرەت سۈرۈشتى.

"مېنى بۇنداق سوز بىلەن قورقۇتالمايسەن!" دەپتۇ ۋەزىر ھەم ياندۇرۇپ مۇنداق شېئىر ئوقۇپتۇ:

دۈشمىنىمدىن گەرچە قالسام يەنە بىر سائەت ئامان،
ماڭا ئارتۇق ئاشۇ ۋاقىت نەچچە مىڭ يىلدىن ھامان.

"بۈگۈن مەن سېنى پۈتۈن بەسرە شەھرى خەلقى ئالدىدا دارغا ئاسىمەن. باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايمەن، كېيىن تەقدىر ئىمنى بۇيرۇسا شۇنى كورىمەن. مەن سېنىڭ بۇ ھەيۋەڭگە قاراپ قورقۇپ تۇرمايمەن. مەن شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىگە ئېتىۋار قىلىمەن:

دۈشمىنىڭ ئولگەن كۈنى دوستۇڭ ئۈچۈن بايرام بولۇر،
دوستىدىن ئايرىلسا ھەر كىم كوڭلىگە پىغان تولۇر.
شۇ سەۋەپتىن دوست بىلەن ئوتكەن كۈنىڭنى ياخشى كۈت!
ئۇبدان ئوتكەزسەڭ ئومۈرنى دوستۇڭ ساڭا مىھمان بولۇر."

كېيىن ۋەزىر قۇللىرىغا ئېلى نۇرىدىننى خېچىرغا ئارتىشنى بۇيرۇپتۇ. قۇللار بۇ ئىشنى قىلىشقىلى ئۇنىماپتۇ. ۋەزىر قۇللىرىغا

"ئۇنى نىمە قىلماقچىسىز؟" دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن زىندان باشلىغى قەتىت. "ئاۋال ئۇ مەلئۇننى ئېلىپ چىق! ئاندىن كېيىن بىلىسەن!" دەپتۇ ۋەزىر. "مەن ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرغۇنۇم ئۈچۈن، ئۇ، ھازىر ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا يېتىپتۇ" دەپتۇ قەتىت. كېيىن ئۇ، ئېلى نۇرىدىننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن قەتىتنى كورۇپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

دوستلىرىم بولماس يولەكداش، ئىشلىرىم بەكمۇ قىيىن،
كىمگە باش ئەگسەم، ماڭا ئۇنىڭدىن ئازار يېتەر.
ئەي جاھان خەلقى-خالايىق، ھالىمغا سەنمۇ ئېچىن،
ئاراڭلاردىن ياخشىلىقنى كىم ماڭا ئىزھار ئېتەر.

ئايرىلىش دەشتىنى كەزمەكتىن تۈگىدى بۇ تاقىتىم،
ھىچ تىنىمسىز دەرت-ئەلەمدىن بۇ تېنىم ئاغرىپ پۈتەر.
ياخشى شېئىر ۋە گۈزەل يار، چىمەندىن يوق ئۈمىدىم،
ئاررزۇ-تىلەك ھەم ھەۋەسلەر ھەممىسى بىكار كېتەر.

كىم يارا كوڭلۈم ئۈچۈن سوزلەر ۋىسالۇ-ياردىن،
ئەسلىتەر جېنىمنى قىيناپ، ئوچ ئېلىپ، ئاندىن كېتەر.
ئەي خۇدا، رەھىمە ئەيلىگىن، ماڭا رەسۇلۇڭ ھورمىتى،
ئال مېنىڭ جېنىمنى، تەن ئازاپ بىلەن چىرىپ پۈتەر.

ئېلى نۇرىدىن شېئىرلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زىندان باشلىغى قەتىت ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېسىل كىيىملەرنى سالدۇرۇپ، ئۈستىگە كىر ئىككى كوينەك كىيگۈزۈپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن قارىسا، كوز ئالدىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەپ يۈرگەن دۈشمىنى — مۇئىن ئىبنى ساۋى تۇرغىدەك.

مېنىڭ ئۆلمەكلىگىم خەققە تاماشا،
توپلىشىپ كەلگەنلەر مېنىلا كۆرگەي.

دىمەس ھېچكىم بۇنىڭ نىمە گۇناھى،
بولالماس ھېچ كىشى ئاشىق پاناھى...
كېلىڭ، كىم بار ماڭا سۇ ئىچكۈزۈشكە؟...
گۇناھىم يوقلۇغىنى بىلۇر ئىلاھى.

جاسارەت قىلالماس ھېچكىم بۇ ئىشقا،
قىلىچ چۈشكىچە خۇرسەن بولۇشقا.
ۋاپاسىز ماڭا سەن سۇنى ئۇزاتىقىن،
نەزەر سال بويۇنغا ئۇرغان قىلىچقا.

كىشلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىغا يىغلىشىپتۇ. جاللات ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېلى نۇرىدىنغا بىر پىيالە سۇ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ۋەزىر جاللاتنىڭ قولىدىن پىيالىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇرۇپ سۇندۇرۇپتۇ. جاللاتقا ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. جاللات ئېلى نۇرىدىنىڭ كۆزلىرىنى باغلاپتۇ. توپلانغان كىشلەر ئىبنى ساۋىنىڭ بۇ ھەركىتىدىن نارازى بولۇپ، چۇقان كوتۇرۇشۇپتۇ، ھەر خىل غەۋغا چىقىپتۇ. شۇ ئارىدا بىردىن ئۇزاقتىن چاڭ - توزاڭ كوتۇرۇلۇپتۇ. سۇلتان ئوردىدا ئولتۇرغان ئىكەن، يەر ۋە كوكنى قاپلىغان بۇ تۇماننى كورۇپ ھەيران بوپتۇ. ئۇ، ۋەزىرىنى ئالدىغا قىچقىرتىپتۇ. دەرھال بۇ كوتۇرۇلگەن چاڭ - تۇماننىڭ سىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر باھانە كورسىتىپ: "ھازىر بۇنىڭ بېشىنى ئالايلى!" دەپتۇ. سۇلتان: "ئاۋال بۇ تۇماننىڭ كوتىرىلىش سەۋەۋىنى بىل، ئۇ ھېچ نەگە كېتەلمەيدۇ" دەپتۇ غەزەپ بىلەن. قارىسا، ئۇ توزاڭ خەلىپىنىڭ ۋەزىرى جەپەر بەرمەكى بىلەن ئۇنىڭ

ئاچچىغلىنىپتۇ. قۇللار ئىشارەت بىلەن ئېلى نۇرىدىنغا: "سەن رۇخسەت قىلساڭ، بۇ قېرى تۈلكىنىڭ ئۈزىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى!" دەپتۇ. "ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار!" دەپتۇ ئېلى نۇرىدىن، كېيىن ئۇ سىلەر "شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئاڭلىغانمۇ؟" دەپ، شېئىر ئوقۇپتۇ:

كۈنۈم بار، ھاياتىممۇ باردۇر ھېلى،
بەخت دەپتىرىنى شېئىرىم بىلەن تولدۇراي.
يېنىپ ئۇچكۈنچە شېئىر مەشئىلى،
شولىسىدا قەلەمدىن ئىز قالدۇراي.
ئۆزەمگە تىكلەپ شېئىردىن مۇنار،
كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشىنتاي.

ئېلى نۇرىدىننى بەسرە كوچىلىرىدىن سازايى قىلىپ ئوردا دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارغىچە، جاكاچى: "خەلىپىدىن سۇلتانىمىزغا ساختا خەت ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ جازاسى شۇدۇر..." دەپ قىچقىرىپتۇ. كىشىلەر يولنىڭ ۋە كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ يىغلىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار قەسىر پەنجىرىسىنىڭ تېگىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. جاللات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئەي ھورمەتلىك ۋەزىرنىڭ ئوغلى، مەن بۇ ئىشنى ئىختىيارسىز قىلىمەن. ئەگەر بىرەر ھاجىتىڭ بولسا ئېيت! مەن ئۇنى ئورۇنداي. چۈنكى، سېنىڭ ھاياتىڭ ناھايىتى ئازلا قالدى. سۇلتان كېلىشى بىلەن دارغا ئېسىلىسەن" دەپتۇ. ئېلى نۇرىدىن پۈتۈن ئەتراپقا كوز يۈگۈرتۈپتۇ. ھەممە تەرەپكە نەزەر سېلىپ چىقىپ، بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

تۇتۇپ جاللات قىلىچىنى بېشىمدا تۇرسا،
تاماشاچىلار تېزلا يۈزىنى ئورىسگەي.

قىنى سىخىلىغلىق، داڭقلىق، ئاۋازلىق.
كوپ يۈردۈم، كورمۇدۇم بەختنىڭ نىشانە،
سەزدىم مەن ئۇ خىيال، ئۇ بىر ئەپسانە.

"سەن كىم؟ نىمە ئۇچۇن مۇنچە يىغلايسەن؟"دەپ سوراپتۇ خەلىپە. "مەن،—دەپتۇ ئەنىسۇلجەلىس،—ئىبلى نۇرىدىن ئىبنى خاقانىنىڭ ساتا تۇتقان سوغىسى... ئۇنىڭ قىشىغا مىنى قىممەتلىك كىيىم ۋە ئىنئاملار بىلەن ئۇۋەتىشنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ. ۋاقىت يەتكەن بولسا، مىنى ئۇۋەتىشىڭنى سورايمەن، يىلىنىپ ئىلتىماس قىلىمەن. چۇنكى، بۇ يەردە ئۇتتۇز كۇندىن بىرى كوزۇمگە ئۇيقا كەلمىدى...". خەلىپە جەپەرنى قىچقىرتىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ: "ئۇتتۇز كۇندىن بىرى ئىبلى نۇرىدىن ئىبنى خاقانى ھەققىدە خەۋەر يوق. مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى ئۇنى ئولتۇرۇشمۇ ئىھتىمال، ئەي جەپەر، مەن بوۋىلىرىم ھەققىدە قەسەم قىلىپ، شۇنى ئىيتىمەنكى، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقان بولسا، ئۇنىڭغا سەۋەپچى بولغان كىشى مىنىڭ ئالدىمدا ھەر قانچە ھورمەتلىك بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ بىشىنى ئالىمەن. سەن ھازىر يولغا چۇش، سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينىدىن ئىبلى نۇرىدىن توغرىسىدا خەۋەر ئىلىپ كەل! ئەگەر كىچىكسەڭ، ئۇ چاغدا مەندىن رەنجىمە، ئىبلى نۇرىدىنىڭ ئىشى ھەققىدە مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينىگە ئۇز قەلىمىم بىلەن يىزىپ ئىبلى نۇرىدىنغا تاپشۇرغان خىتىمنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردارمۇسەن؟—دەپ سوزىنى داۋام قىپتۇ خەلىپە،—مەن ئۇنى سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى ئورنىغا يىگىدىن سۇلتان قىلىپ بەلگىلىگەن. بول، تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىن كىچىكمەي بۇيرۇقنى

يېنىدىكى پاسىۋانلىرىنىڭ ئاتلىرى ئايىغىدىن كوتۇرۇلگەن تۇمان ئىكەن.

ئېلى نۇرىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇز كۈنگىچە، ئۇ خەلىپىنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ. باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە ئەسلىمەپتۇ. بىر كېچە خەلىپە ئەنسۇلجەلىسنىڭ ئويىگە توغرى كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، شېئىر ئوقۇۋاتقان ئىكەن:

مەن سەن بىلەن ياشىغايمەن،
يا ھازىر بول، يا غايىپ.
ئەمدى بىلدىم ئىشق دەردىنى،
بولىدىكەن ئۇ ئاجايىپ.

ئويۇمدىمۇ، كوڭلۇمدىمۇ،
دائىم سېنى ئەسلەيمەن.
ئولتۇرغاندەك تۇيۇلسەن،
سېنى ھېچبىر كورەلمەيمەن.

ئۇنىڭ يىغىسى يەنە كۈچىيىپتۇ. خەلىپە ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپتۇ. يىغلاپ ئولتۇرغان ئەنسۇلجەلىس خەلىپىنى كورۇپ گاڭگىراپ قاپتۇ، خەلىپىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەي ھايات نەشئەسى، نازۇ-نىمەتى،
تىرىكلىك مەنبەسى، پەزلۇ-ھىكمىتى.
بۇزدۇڭ ئوز ۋەدەڭنى ئەسكە ئالمىدىڭ،
مۇۋسى پىشماستىن كۇز بولدى بېغىڭ.

يېپىلدى يۈزۈمگە سېنىڭ دەرۋازەڭ،

قىلىچنى قولۇڭغا ئال! — دەپتۇ خەلىپە غەزەپ بىلەن ئېلى نۇرد-
دىنغا قاراپ، — ماڭ، دۈشمىنىڭنىڭ كاللىسىنى ئال!" ئېلى نۇردىن
قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، مۇئىن ئىبنى ساۋىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. مۇئىن
ئىبنى ساۋى ئېلى نۇردىنغا تەلمۈرۈپ قاراپ: "مەن ھەر ئىش
قىلسام، ئۆز خاھىشىم ۋە كۈچۈم بىلەن قىلدىم. باشقىلارنىڭ
نالە - زارىغا قۇلاق سېلىشنى خالىمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن خاتا
قىلدىم. سېنىڭ ياخشىلىق بىلەن نامىڭ چىققان. ماڭىمۇ
ياخشىلىق قىلىپ بېشىمدىن، قېنىمدىن كېچىشىڭنى ئۈمىت
قىلىمەن. مېنىڭ گۇنايىمدىن ئۆت!" دەپتۇ. ئېلى نۇردىن
قولىدىكى قىلىچنى يەرگە قويۇپ خەلىپىگە قاراپتۇ: "ئۇنىڭ
گۇناھىدىن ئۆتۈڭ خەلىپەم" دەپتۇ. خەلىپە ئېلى نۇردىنغا
قاراپ: "ئۇ ساڭا ھىلە ئىشلىتىۋاتىدۇ!" دەپتۇ. كېيىن مەسرۇر
جاللاتقا قاراپ: "تىغىڭنى ئال! مېنىڭ پەرمانىمنى يېرتىپ تاشلىغان
بۇ ئىپلاسنىڭ كاللىسىنى ئال!" دەپ بۇيرۇپتۇ. مەسرۇر جاللات
بېرىپ بۇيرۇقنى ئورۇنداپتۇ. "يەنە قانداق تىلىگىڭ بار؟" دەپ
سوراپتۇ خەلىپە ئېلى نۇردىندىن. "ئەي مۇھتەرەم خەلىپە، —
دەپتۇ ئېلى نۇردىن، — بۇ ياخشىلىغىڭىز ئۈچۈن ئۆمرۈڭىز ئۇزۇن
بولسۇن! مەن بەسرىگە سۇلتان ياكى شاھ بولۇشنى ئارزۇ
قىلمايمەن. ئۆز يېنىڭىزدىن بىر كىشىلىك خىزمەت سورايمەن. ماڭا
ئۆز تەربىيىڭىزنى كورۇپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىشتىن ئارتۇق
خوشلۇق، لەززەت يوق..." "ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ خەلىپە.
ئۇ بەسرىگە باشقا كىشىنى سۇلتان قىلىپ بەلگۈلەپتۇ. كېيىن
ئەنىسۇلجەلىسنى ھازىر قىلىپ، ئۇنى ئېلى نۇردىنىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. خەلىپە ئۇ ئىككىسىگە جىق ئىنئام بېرىپ،

ئورۇندا". جەپەر ۋەزىر: "خوپ!" دەپتۇ. شۇ ئاندىلا ھازىرلىنىپ، بەسىرگە قاراپ مېڭىپتۇ. جەپەر ۋەزىر بەسىرگە كېلىپ ئوردىغا كېتىۋېتىپ، ئوردا ئالدىدا توپلانغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە: "بۇ نىمە قىقاس-سۈرەن" دەپتۇ ئۇ. شۇ يەردىكىلەردىن بىرسى ئۇنىڭغا ئېلى نۇرىدىن ئىبنى خاقاننىڭ ۋەقەسىنى سوزلەپتۇ. جەپەر ئالدىراپ مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپتۇ. نىمە سەۋەپتىن كەلگەنلىگىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. "ئەگەر، — دەپتۇ، — جەپەر ۋەزىر، — ئېلى نۇرىدىن بىرەر ھادىسىگە يولۇققان بولسا، خەلىپە ئۇنىڭغا سەۋەپچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاياپ قويمايدۇ، دارغا ئاسىدۇ..."

جەپەر ۋەزىر ئېلى نۇرىدىننى ئازات قىلىپ، خەلىپىنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇندىمىغان سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرىنى زىندانغا ساپتۇ. ئېلى نۇرىدىننى سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى ئورنىغا سۇلتان قىلىپ كوتۇرۇپتۇ. جەپەر بەرمەكى ئۈچ كۈن بەسىردە تۇرۇپ، دوستلار زىياپىتىدە بوپتۇ. تورتىنچى كۈنى ئېلى نۇرىدىن جەپەر ۋەزىرگە ئۆزىنىڭ خەلىپىنى كورۇش ئارزۇسى بارلىغىنى ئېيتىپتۇ. جەپەر ۋەزىر ئېلى نۇرىدىننى يېنىغا ھەمرا قىلىپ ئېلىپ، سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى مۇئىن ئىبنى ساۋىنى ئالدىغا سېلىپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ۋەزىر مۇئىن ئىبنى ساۋى قىلغان ئەسكىلىگىگە پۇشايمان قىپتۇ. بۇلار باغدادقا كېلىپ، خەلىپە ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. جەپەر ۋەزىر ئېلى نۇرىدىننىڭ بېشىدىن ئوتكەن ۋەقەلەرنى، ئۇنى دار ئالدىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كەلگىنىنى خەلىپىگە سوزلەپ بېرىپتۇ. "بۇ

# سودىگەر ئايۇپنىڭ ئوغلى غەنىمنىڭ ھېكايىسى

—قەدىمقى زاماندا ئايۇپ ئىسىملىك بىر چوڭ سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى، يەر-زېمىنى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر ئوغلى، گۈزەللىكتە جاھاندا تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىكەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى غەنىم بولۇپ، ئۇ ناھايىتىمۇ يېقىملىق سۆزلەيدىكەن. ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى پىتنە ئىكەن. ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى پىتنە دەپ ئاتىغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئاتىسى ئايۇپ سودىگەر ۋاپات بوپتۇ. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى، يەر-زېمىنى شۇنداقلا باللىرىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



ئوتتۇز سەككىزىنچى كېچە

—ئەي بەختلىك شاھ،—دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

سودىگەر ئايۇپنىڭ باللىرىغا قالغان مىراسلارنىڭ ئىچىدە يۈز توگىلىك يىپەك رەختلەر—مەخمەل، ئەنبەر، ئىپپار قاتارلىقلار بولۇپ باغدادقا تەييارلاپ قويۇلغان، سىرتىغا تامغا ئۇرۇلۇپ، باغدادقا ئېلىپ بېرىلىدىغان مال دەپ يېزىلغان ئىكەن. سودىگەر ئايۇپ بۇ ماللارنى

باغدادنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە كوركەم سارايلىرىدىن بىرىنى مۇلۇكلىرى بىلەن ھەدىيە قىپتۇ. خەلىپە ئېلى نۇرىدىن ئىبنى خاقاننى ئۇزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇلپەتلىرىدىن قىلىپ بەلگۇلەپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىپتۇ. ئېلى نۇرىدىن خەلىپە قېشىدا بىر ئۇمۇر ھايات كوچۇرۇپتۇ.

"ئەي بەختلىك شاھ، — دەپتۇ شەھرىزاد، — بۇ ھىكايە سودىگەر ئايۇپنىڭ بالىلىرىنىڭ ھىكايىسىدىن قىزىق ئەمەس."

— قېنى ئەمسە شۇ ھىكايىنى باشلا، ئاڭلاي! — دەپتۇ شەھرىيار.

ئەسلىتىپ، ئۇنىڭمۇ بىرىنچىنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. غەنىمگە بۇ تەكلىپ ماقۇل كەپتۇ. غەنىم ئۇنىڭدىن نامازنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىغان ئىكەن. ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

غەنىم ئادەملەر بىلەن بىللە يولغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەر تاۋۇتنى مورىسىگە ئېلىپ مەسچىتكە كەپتۇ. مىيت نامىزى چۈشۈرۈلۈپتۇ. كېيىن شەھەر تاشقىرىسىدىكى گورۇستانلىققا ئېلىپ چىقىشىپتۇ. ئۆلگەن كىشىنىڭ تۇققانلىرى ھازىرلانغان قەۋرە ئۈستىگە چېدىر تىككەن، شام يېقىلىپ گۈللەر تىزىلغان، ئەتىرە سېپىلگەن ئىكەن. مۇردىنى كومۇپتۇ. قارىيلار قىرائەتنى باشلاپتۇ. ھەممە ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. غەنىممۇ ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئەپ كورمەي، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ. كەچ بولۇپ ھالۋا تارتىلىپتۇ. ئادەملەر تاماقلىنىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ، يەنە ئوز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. غەنىمنىڭ كوڭلى غەش بوپتۇ. ئۇ، ئويىدىن، ماللىرىدىن ئەنسىرەپ: "مەن مۇساپىر تۇرسام، ئويۇمدە مالنىڭ كوپلىگى ھەممىگە مەلۇم تۇرسا، ئوزەم بۇ يەردە قالسام، ئوغرىلار بار-يوقۇمنى ئېلىپ كەتسە قانداق بولۇدۇ؟" دەپ تەشۋىشلىنىپتۇ. ئاخىرى ئۇزرە ئېيتىپ، يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كېچىدە شەھەر قوۋۇغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بىراق، قوۋۇق تاقالغان ئىكەن، قوۋۇق ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىكەن. كېچە قاپقاراڭغۇ بولۇپ، يىراق-يېقىندا ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى، بورىلەرنىڭ ھۇلاشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. غەنىم تېخىمۇ قورقۇمسىراپ: "سۇبھاناللا، سەل بۇرۇن مەن مېلىمدىن قورققان ئىدىم، ئەمدى جېنىمدىن قورقىمەن" دەپ، بىر پانا جاي ئىستەپتۇ،

تېز ئارىدا باغدادقا ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىدا هازىرلانغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، مىرادىغا يېتەلمەي ۋاپات بوپتۇ. غەنىم ئاتىسىنىڭ تەزىيىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇققان، ئەل-يۇرت، خۇلۇم-خوشنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ماللىرىنى ئېلىپ، تەۋەككۇل قىلىپ باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ زاماندا هارۇن رەشىد خەلىپە ئىكەن. غەنىم ئامان-ئېسەن باغدادقا يېتىپ بېرىپتۇ. غەنىم ياخشى بىر هويلىنى ئىجارىگە ئاپتۇ. ئۇينى قىممەتلىك بىسات بىلەن جابدۇپتۇ. ماللىرىنى جايلاپ ئالغاندىن كېيىن، هۇزۇرلىنىپ دەم ئاپتۇ. باغداد سودىگەرلىرى ۋە باغدادلىق چوڭ-كىچىك سودىگەرلەرنىڭ دەللاللىرى كېلىشىپ، ئۇنىڭدىن هال-ئەهۋال سوراپتۇ. كېيىن ئۇ، ئون توپ ئەڭ نەپىس، ئەڭ نازۇك كىيىملىك ئورالغان بىر تۈگۈننى ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ. سودىگەرلەر ئۇنى ئىززەت ۋە هۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ، بازار ئاقساقلىنىڭ دۇكىنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئاقساقال، كىيىملىكلەرنى سېتىشقا ياردەم قىپتۇ. بۇ مالدا بىرگە ئىككى پايدا كورگىنى ئۈچۈن، غەنىم بەك خوش بوپتۇ. شۇ يوسۇندا ئۇ، ماللارنى بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنى چىقىرىپ، سېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، بىر يىلنى شۇنداق ئوتكۇزۇپتۇ. يېڭى يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى غەنىم ئادەتتىكىدەك بازارغا بېرىپ قارىسا، بازار قۇۋۇغى تاقالغان، ئادەملەر يوق. هەيران بولۇپ، بۇ هالنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. بىر كىشى: ”سودىگەرلەردىن بىرسىنىڭ ئولگىنىنى، باشقا سودىگەرلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ نامىزىغا كەتكىنىنى، قەلەندەرلەرنىڭمۇ ئەمدى تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ بارىدىغانلىقىنى“ ئېيتىپتۇ. ئۇزىنىڭمۇ هەمكەسىپلىكىنى

چىقىپ بەزمە قىلىدۇ، كەچ قالغانلاردىن سىز ۋە بىزگە ئوخشىغانلىرى بىزدەكلەرنى قورۇپ يىمىسۇن، باشقىلار زىيانكەشلىك قىلمىسۇن دەپ، بىز رەڭگىلەردىن قورقۇپ، بۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىنى ئېتىپ ئالغان". "توغرى ئېيتىسەن ئەي ئالماس، — دەپتۇ كاپۇر بىلەن ساۋاپ تەڭلا، — ئەقلىڭگە رەخمەت. ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئارىمىزدا سېنىڭدىن ئەقىلسىزرەك ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ." "سىلەر مېنىڭ سوزۇمگە يەنىلا ئىشەنمەيسىلەر، قەۋرىستانلىققا كىرىپ بىرەز كىشىنى تۇتۇپ چىقسام، قانداق دەيسىلەر؟ — دەپتۇ ئالماس، — مېنىڭ پىكرىمچە، ئۇ، پانۇسنىڭ يورۇغىنى كورۇش بىلەنلا قورقۇپ ئالىلقاچان چىقىپ دەرۋازىنى ئېتىپ، دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان بولۇشى مۇمكىن". بۇ سوزنى ئاڭلىغان غەنىم ئوزىگە ئوزى: "لەنەت ساڭا ۋە سېنىڭدەك مەككار ھارامزەدىنى تېپىپ چوك قىلغان ئاتاڭغا!" دەپتۇ، كېيىن: "ئەمدى بۇلاردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش كېرەك" دىگەن ئويغا چومۇپتۇ.

"ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ساندۇقنى كوتۇرۇپ كەلگەنلەر، — بىز ساندۇقنى كوتۇرۇپ كېلىپ بوينىمىزنى ئالالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدۇق، ھاردۇق - چارچىدۇق. سەن تامدىن ئارتىلىپ چۇشۇپ دەرۋازىنى ئاچ! سېنىڭ بۇ خىزمىتىڭ ئۇچۇن بۇ يەردە قولغا چۇشۇرۇلگەن كىشىدىن بىرەرسىنى ياخشىلاپ كاۋاپ قىلىپ بېرەيلى، قانداق؟ كوڭلۇڭ تارتامدۇ؟ ئالماس!" "مەن بۇ سوزنى ئەقلىمنىڭ كاملىغىدىن قىلدىم. توغرىسى بۇ يەرگە ئوغرىلار كىرگەن بولسا كېرەك. كىم بىلىدۇ، ھازىر ئۇلار تېپىپ كەلگەن ئولجىلىرىنى بولىشىۋاتقاندۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن مەنمۇ ئۇ يەرگە يالغۇز كىرىشتىن

پانا جاي كورۈنمەپتۇ. كەلدى-كەتكۈچىمۇ كوزىگە چېلىقماپتۇ. غەنىمنى ئەمدى جان قايغۇسى بېسىپتۇ. نائىلاج ئارقىسىغا قايتىپتۇ. بۇ كىچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باشپانا بولغىدەك جاي ئىزلەپ يۈرگەندە، كوزىگە توت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان، دەرۋازىسى ئوچۇق بىر قەۋرىستانلىق كورۈنۈپتۇ. گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئۇخلەماقچى بوپتۇ. لېكىن، نىمە ئۈچۈندۇر كوزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. قورقۇنچىسى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. بۇ يەردىن باشقا يەرگە چىقىپ كېتىش مەقسىدىدە دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپتۇ. شۇ چاغدا شەھەر قۇۋۇغى يېنىدىن ئاللا قانداقتۇ بىر يورۇقلۇق كورۈنۈپتۇ. قاراپ تۇرسا، بۇ يورۇقلۇق توپ توغرا قەۋرىستانلىققا قاراپ كېلىۋاتقىدەك. غەنىمنىڭ كوڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپتۇ. دەرھال قەۋرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىنى يېپىپتۇ. ئوزى ئالدىراپ كېلىپ، قەۋرىستانلىقنىڭ سەيناسىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاپتۇ. شۇ يەردىن تۇرۇپ يورۇقلۇقنى كۈزىتىپتۇ. يورۇقلۇق ئاستا-ئاستا قەۋرىستانلىققا يېقىنلاپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئوزىگە تاقىلىپ توختاپتۇ. قارىسا، بۇ كەلگەنلەر ئۈچ قول ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ساندۇق، ئۈچۈنچىسى بىر قولىغا پانۇس، دولىسىغا كەتمەن ئالغان ئىكەن. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ساندۇق كوتەرگەن يەنە بىرىگە قاراپ: "ئەي ساۋاپ، نىمىشقا ئىچكىرى كىرمەيسەن!" دەپتۇ. "ئەي كاپىر، بىز كەچكىچە شۇ يەردە بولۇپ، دەرۋازىنى ئاتايىن ئېچىپ قويغان ئىدۇق. بىز كەتكەندىمۇ ئوچۇق قالغان" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ ئىككىنچىسىگە قاراپ. "قانداق ھۇشى يوق ئادەملەرسىلەر؟ — دەپتۇ پانۇس كوتەرگىنى، — باغدادلىقلار باغلارغا



ئوتتۇز توققۇزىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

"ئەمسە ئاۋال مەن باشلاي" دەپ پانۇس كۆتەرگەن ئالماس ئىسىملىك سۆزگە كىرىشىپتۇ. "سۆزلە!" دەپتۇ، — كاپۇر بىلەن ساۋاپ. "ئەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ پانۇس كۆتەرگەن ئالماس ئىسىملىك قۇل، — مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مۇنداق: مەن بەش يېشىمدا ئۆز شەھىرىمدىن ئايرىلىپ، باغدادقا كەلتۈرۈلدۈم. قۇل ساتقۇچى مېنى نەقىپ ئىسىملىك بىر ھەربىگە ساتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن يېشى تەڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ، ئوقۇيتتى، مەن ئوينايتتىم. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ، كۈلۈپ تەربىيەلەندىم. ئۇنى زېرىكتۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئويۇن قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرى مېنىڭ قىزنىڭ ھەركەتلىرىمدىن زوقلىناتتى. بىز ئون ئىككى ياشقىچە بىللە ئۆستۇق. كېيىن مەندىن ئۇنى يوشۇرۇشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن قىزنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ، بىر ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ، ئادەتتىكىدىن باشقىچە ياسىنىۋاپتۇ، ھازىرلا ھاممامدىن چىققاندەك كۆرۈنىدۇ، يۈزلىرىنىڭ قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق، يالتىراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەتىرە پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ. بىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا بىر-بىرىمىز بىلەن ئوينىشىپ كەتتۇق. ئىككىمىزلا قىزىشىپ كەتتۇق. ئاخىرى ئۇنىڭ قىزلىقىغا دەخلى يەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ بىر يولدىشىمنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتتىم. ئانىسى قىزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ھوشىدىن

قورقۇپ تۇرىمەن. ئەڭ ياخشىسى، بىز ئۈچىمىز ساندۇقنى تاشنىڭ ئارقىسىدىن سىرىلدۇرۇپ تاشلىساق، قانداق؟" "بۇ بىزنىڭ بايلىغىمىز، ساندۇقنى تاشلىساق سۇنۇدۇ. بايلىق ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ" دېيىشىپتۇ ئۇلارنىڭ ئىككىسى. "بۇ يەرگە راستلا ئوغرى كىرگەن بولسا بايلىغىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى! دەپ قورقىمەن" دەپتۇ ئالماس. "ئەقلىڭ يوق، دوت نىمە ئىكەنسەن. بۇ يەرگە ئۇلار قورقماي قانداق كېلەلەيدۇ!" دېيىشىپتۇ ئىككىسى. ساندۇقنى كوتەرگەنلەر تامدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. ئالماس ئۇلارنىڭ ئالدىدا پانۇسنى كوتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا كەتمەن بىلەن خالتىدا ئازراق ھاكمۇ بار ئىكەن. دەرۋازىنى قايتىدىن تاقاپ-قۇلۇپلاپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى: "شۇنچە يول يۈردۇق، يۈك كوتەردۇق، يەر كولىدۇق. تامدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچقىچە، بەك چارچىدۇق. ھازىر يېرىم كېچە بولدى. يەرنى يەنە كولاپ ساندۇقنى كومگىدەك ماغدۇر يوق. ئىككى ئۈچ سائەت ئارام ئېلىپ، كېيىن ئىشىمىزنى قىلىمىز. بۇ ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىمىزنى، ئاختا قىلىنىشىمىزنىڭ سەۋەۋىنى باشتىن-ئاياق سوزلەشسەك، ۋاقتىمىزمۇ تېز ئوتىدۇ، دەممۇ ئالىمىز" دەپتۇ. "بولمىسا سوزلە" — دەپتۇ پانۇس كوتەرگەن.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.

دىگەرلىرى مېنى بىر سودىگەرگە ساتتى. مەن خوجايىنىمنى ھەر يىلدا بىرلا قېتىم يالغان گەپ بىلەن ئالدايتتىم. بىر كۈنى مېنىڭ يالغان گېپىمدىن ئاچچىغلانغان خوجايىنىم مېنى دەللالغا تاپشۇردى. ئەيىۋىمنى ئېيتىپ سېتىۋىتىشنى بۇيرۇدى. "ئەيىۋى نىمە؟" دەپ سورىدى دەللال. "يىلدا بىر قېتىم يالغان سوزلەپ ئادەم ئالدايدۇ" دىدى خوجايىنىم. دەللال مېنى بازارغا سالدى. ئەيىۋىمنى ئېيتىپ خېرىدار چىللىدى. "شۇ ئەيىۋى بىلەن باھاسى قانچە؟" دەپ سورىدى دەللالدىن بىر سودىگەر كىشى. "ئالتە يۈز تەڭگە!" دىدى دەللال. سودىگەر رازى بولۇپ مېنى سېتىپ ئالدى. دەللالغا ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە تەڭگە بېرىشنى ۋەدە قىلدى. دەللال سودىگەردىن پۇلنى ئېلىپ بالدۇرقى خوجايىنىمغا تاپشۇردى. مېنى يېڭى باي سودىگەر ئۆيىگە ئېلىپ باردى. دەللال خوجايىندىن ھەققىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا كەتتى. سودىگەر ماڭا قۇللارغا خاس كىيىم كىيگۈزدى. مەن يىل ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. مۇبارەك يېڭى يىل كىردى. بۇ يىل باشقا يىللاردىن ياخشى كەلگەن ئىدى. ھوسۇلمۇ مول بولغان ئىدى. بايلار چاي قىلىشتى. زىياپەتنى خوجايىنىم ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شەھەر تاشقىرىسىدا ئۈتكۈزۈشكە تەييارلاندى. شەھەر تېشىدىكى بىر باغدا ھازىرلىق كېتىپ باراتتى. كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ باققا ئېلىپ كېلىشتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ تاماققا كىرىشتى، چۈش ۋاقتى ئىدى. بايغا بىر نەرسە كېرەك بولۇپ قالدى. خوجام مېنى تېزلىك بىلەن شەھەردىكى ھويلىسىغا بېرىپ خوتۇنىدىن لازىم بولغان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. "خوپ!" دىدىم، خېچىرنى مىنىپ ھويلىغا قاراپ ماڭدىم. ھويلىغا يېقىنلىشىپ دەرۋا-

كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ، ئېھتىيات قىلىپ، بۇ سىرنى قىزنىڭ ئاتىسىغا ئېيتماپتۇ.

ئىككى ئايغىچە ھېچقانداق ئەھۋال يۈز بەرمىدى. ئۇلار ھەر ۋاقىت مېنى ئۆيىگە قىچقىرىپ، بۇرۇنقىدەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئاخىرى مېنى تۇرغان يېرىمدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ ئىشقا سالدى. قىز مېنى ياخشى كورگەنلىكتىن بۇ سىرنى تېخىچىلا ئاتىسىغا ئېيتمىغان ئىدى. كېيىن ئاتىسى قىزنى ئېرىنىڭ بېشىنى چۇشۇرۇپ يۇرىدىغان سەتىراچىقا بەردى. قىزنىڭ تويلۇغىنى ۋە ھەققى مېھرىنى، توي خىراجىتىنى ئاتىسى ئۇز يېنىدىن چىقىرىپ قىلدى. شۇنىڭغىچە قىزنىڭ ئاتىسى بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار توي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نىكاھ ئوقۇلدى، توي تۈگىدى. بىر كۈنى مېنى تۇيۇقسىز تۇتۇپلا پىچىپ تاشلىدى. ساقايغاندىن كېيىن قىزغا خىزمەتچى قىلىپ قوشۇپ ئەۋەتتى. قىز قەيەرگە بارسا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن باراتتىم، سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. نىكاھ كېچىسى بىر كەپتەرنى ئولتۇرۇپ، شۇنىڭ قېنى بىلەن ئىشنى تۈگەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا خېلى ۋاقىتقىچە شۇ خىلدا كۈن كوچۇردۇم. ئۇ، كوكرەكلىك ئىدى. ئېرى يوق ۋاقىتلاردا ياش ۋاقىتىمدىكىدەك كىرىپ ئوينىشاتتىم. بىرقانچە ۋاقىت ئوتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى قىزنىڭ كەينىدىن ئاتىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى، ئېرى ئولدى، مەن ئىگىسىز مالغا ئايلىنىپ، سىلەرگە كەلتۇرۇلۇپ قوشۇلدۇم. مېنىڭ بېشىمدىن ئوتكەنلەر ۋە ئاختا بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋىۋى ئەنە شۇ.“

شۇ چاغدا بۇلارنىڭ ئىككىنچىسى سوز باشلاپتۇ: ”مەن، — دەپتۇ ئۇ، — سەككىز ياش ۋاقىتىمدا ئوز شەھرىمدىن ئايرىلدىم. قۇل سو-

كېلەيلى! يۇيۇپ ـ تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپىنە قىلايلى!"
مەن ئالدىغا چۈشۈپ يىغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار ئارقامدىن ۋاي- داتلىشىپ چۇقان كوتۇرۇپ مېڭىشتى. كوچىدا بىزنى كورگەن ئايالـلار يىغىمىزغا قۇلاق سېلىپ، كېيىن قوشۇلۇپ يىغلاشتى. بەزىلىرى خېلى يەرگىچە بىز بىلەن ئەگىشىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ كوڭلىگە قاراپ شۇ خىلدا پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندىم. كىشىلەر ۋەقەنى سورىسا ئۇلار مەندىن ئاڭلىغان سوزنى دەپ بېرەتتى. بەزىسى: "خۇدايا، توقۇناق بالا، ئىلمەك قازادىن ئۈزەڭ ساقلا!"دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ كېتەتتى. قايسى بىرى: "پىشانىسىغا يېزىلغان، كورگۈلىگىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ!" دەپ تەسەللى بېرەتتى. قايسى بىرى: "بۇ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ كىشى بولسا كېرەك، بۇ ۋەقەنى شەھەر هاكىمىغا يەتكۈزۈش كېرەك!" دەيتتى. ئۇلار بۇ سوز بىلەن هاكىمنى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن هاكىمنىڭ ئىشىگىگە قاراپ ماڭدى. بىزمۇ ماڭدۇق.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد هېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىقىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد هېكايىسىنى.

هاكىم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، بىر قانچە كىشىگە كەتمەن، كۈرەك، زەمبىل كوتەرتىپ باققا قاراپ ماڭدى. ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى. مەن يىغىدىن توختىمايتتىم. بېشىمغا توپا چېچىپ يۈزلىرىمگە ئۇراتتىم. شۇ هالدا ئۇلارنىڭ

زىغا كەلگىچە داتلاپ ۋاي سىلىشقا باشلىدىم. كوزلىرىمدىن توختىماي ياش ئېقىشقا باشلىدى. ئەتراپىتىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق خوشنىلارنىڭ ھەممىسى يېنىمغا توپلاندى. باينىڭ خوتۇنى، قىزىمۇ ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ئىكەن، دەرۋازىنى ئېچىپ كوچىغا چىقىپ، مېنى كورۇپ يېنىمغا كېلىشتى. "نىمە بولدى؟" دەپ سورىدى مەندىن.

"باي مېھمانلار بىلەن بىر كونا لاپاسنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. لاپاس ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئورۇلۇپ چۇشۇپ ھەممىسى قازا قىلدى. بۇ ئىشنى كورۇپ نىمە قىلىشنى بىلمەي خېچىرنى مىنىپ چاپقىنىمچە سىزلەرگە خەۋەر ئېلىپ كەلدىم" دىدىم مەن.

مەندىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، سودىگەرنىڭ خوتۇنى، قىزى ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇزلىرىنى ئۇزلىرى كاچاتلاشتى. ئۇلارنىڭ يېنىغا خوشنىلىرى يىغىلىپ كېلىشتى، سودىگەرنىڭ خوتۇنى كوزىگە كورۇنگەن نەرسىلىرىنى يەرگە ئېتىپ سۇندۇردى، دېرىزىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى چاقتى، پەردىلىرىنى يىرتتى، دەرۋازىسىنى چاقتى. ئۇ ماڭا: "يېنىمغا كېلىپ جاۋەندىكى چىنەقاچىلارنى سۇندۇرۇشقا ياردەملەشسەڭچۇ؟" دىدى ۋاقىراپ ـ بوغۇلۇپ. مەن دەرھال ئورۇنداشقا كىرىشتىم: كوزگە كورۇنگەن، قولغا ئىلىنغان، ئايىغىمغا پۇتلاشقان ھەممە نەرسىنى چاقتىم ـ بۇزدۇم، پۇتۇن بىنادا ساق نەرسە قالمىغىچە تەر توكۇپ ئىشلىدىم. "يەنە نىمە بۇيرۇيسىز؟" دىدىم مەن سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا. ئۇ بېشىغا كىچىك بىر يىپەك چۇمبەلنى ئارتىپ كوچىغا چىقتى. باللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار: "سەن ئالدىمدا يۇرۇپ بىزنى باي ئولگەن لاپاسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار! ـــ دىيىشتى، كېيىن دىمىنى ئېلىپ، ـــ ئۇنى لاپاسنىڭ ئاستىدىن چىقىرىۋېلىپ، ئويگە ئېلىپ

بىلەن كىشىلەر توپى كېلەتتى. بۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ قىقاس-سۈرەنلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ئۇلغايدى. قارىسا شەھەر ھاكىمى كەتمەن-كۈرەك، زەمبىل كۆتەرگەنلەر بىلەن كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا باينىڭ ئائىلىسى، خىزمەت-خوشنىلىرى كېلەتتى. بىرىنچى بولۇپ باينىڭ كۆزى خوتۇنى بىلەن بالىلىرىغا چۈشتى. باي ھودۇقۇپ: "نىمە ئىش بولدى؟" دەپ سورىدى خوتۇنىدىن. ئۇلار باينى كۆرۈپ ئىنتايىن خوش بولدى. بالىلار ئۇزلىرىنى ئاتىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى، بوينىغا ئېسىلدى. "پالاكەتتىن قانداق قىلىپ ئامان چىقتىڭلار؟" دىدى خوتۇنى ئېرىگە. "سىلەر قانداق ئامان قالدىڭلار، ئۆيدە نىمە ۋەقە بولدى؟" دىدى باي خوتۇنىغا قاراپ. "بىز ئۆيدە ساق-سالامەت. تېچقىنا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدۇق، قۇلىلىرى يۈزلىرىنى تاتىلىغان، كىيىملىرىنى يىرتقان ھالدا يالاڭ باشتاق يىغلاپ كىرىپ كەلدى. سىلىنى ۋە دوستلىرىنى لاپاس بېسىپ ھالاك قىلغىنىنى ئېيتتى" دىدى خوتۇنى. "بىزمۇ بۇ يەردە، تېچ ۋە خوشال-خورام بەزمە قىلىۋاتقان ئىدۇق، — دىدى سودىگەر خوتۇنىغا قاراپ تۇرۇپ، — ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەن ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتكەن ئىدىم، تېخى يېڭىلا يىغلاپ-قاخشاپ كېلىپ ھەممەڭلارنى تام بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بەزمە ماتەمگە ئايلاندى. ئەقلىمنى يوقۇتۇپ قويدۇم".

بۇ ئەھۋالدىن كېيىن خوجايىنىمىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا يەنە نىمە ۋەقەلەر يۈز بېرىشىنى ئويلىمىدىم. چۈنكى بۇ ئۆزەڭلارغا مەلۇم بولغىنىدەك ئويلايدىغانمۇ ئىش ئەمەستى. مەن تېخىچىلا "ۋاي ئىست خوجام" دەپ يىغلايتتىم. سودىگەر ماڭا قارىدى،

ئالدىدا باققا يېتىپ كەلدىم. سودىگەر مېنى بۇ هالدا كۆرۈش بىلەن رەڭگى ئۆزگۈرۈپ يۈزىدىن قان قاچتى. مەن: "ئەمدى ئۇنى نەدىن تاپىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا ئەمەسمىدى؟ ۋاي ئىست خوجام" دەپ ۋاقىرايتتىم. سودىگەر ئالدىراپ ئالدىمغا كېلىپ: "ئەي كاپىر، نىمە ئىش بولدى؟" دەپ سورىدى هودۇقۇپ. "مەن ئۇيگە كىرىپ قارىسام، — دىدىم يىغا ئارىلاش، — هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۆرۈلۈپ، بالىلىرىڭىزنى بېسىۋاپتۇ!" "خوتۇنۇم ساقمۇ؟" دىدى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي. "هېچكىم ئامان قالماپتۇ!" دىدىم. "كىچىك قىزىمچۇ؟" دىدى ئۇ هودۇقۇپ. "يوق!" دىدىم. "خېچىرىمچۇ؟!" دىدى. "يوق، هورمەتلىك باي، ئەزىبرايى خۇدا، — دىدىم مەن، — ئۆي، بالىخانا، مال ئېغىللىرىنىڭ هەممىسى يىقىلىپ چۈشكەن، هەتتا توخۇ كاتەكلىرىگىچە بۇزۇلغان. ئادەملەر ئۆلگەن، جەسەدلەرنى كۈچۈكلەر تارتىشىپ يۈرۈپتۇ!"

سودىگەرنىڭ كوز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، يۈرىگى يېرىلغۇدەك بولدى. دۇنيا ئۇنىڭغا تارلىشىپ قىسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. هوشىدىن كېتىپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، سەللىلىرىنى يەرگە ئېتىپ ئۆرۈپ: "ۋاي بىچارە خوتۇنۇم، هەي نارىسىدە بالىلىرىم، كىشىگە شۇنداقمۇ مۇسىبەت كېلەمدۇ؟" دەپ دات-پەريات بىلەن يىغلىدى، ساقاللىرىنى يۇلدى. بەزىمىدە خوشال-خورام ئولتۇرغانلارنىڭمۇ كەيپى بۇزۇلۇپ، سودىگەرگە ئىچىنى ئاغرىتىپ يىغلاشتى. شادلىق بەزمىسى ماتەم مۇراسىمىغا ئايلاندى. سودىگەر هودۇقۇپ بېغىدىن چىقتى. ئۇ، بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر مۇسىبەت سەۋەبىدىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىرايتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشتى. يىراقتىن باققا قاراپ ئاسمانغا كوتىرىلگەن چاڭ-توزاڭ

كاپۇر سۇندۇردى، چاقتى" دەپ بىر-بىردىن ئېلىپ كورسەتتى. ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكىم جىق ۋە باھاسىز ئىدى. سودىگەر بۇلارنى كورۇپ: "مەن ئومرۇمگە كېلىپ بۇنداق ئىنساپسىز لەنتىنى كورمىگەن. ئەگەر بۇ يالغانچىلىغىنىڭ فالغان يېرىمىنى سوزلىسە بىزنىڭ بېشىمىزغا يەنە قانداق كۇنلەر كېلەر. بۇ شەھەرگە ئوت قويغىدەك" دەپ غەزەپكە چىدىماي، ھاكىمغا بېرىپ قايتا ئەرىزە قىلدى. ھاكىم مېنى ئالدۇرۇپ باغلاپ دەررە ئۇرغۇزدى. كېيىن سەتىراچىنى قىچقارتىپ ئاختا قىلدۇردى. شۇ چاغدا ماڭا قاراپ باي: "سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى، باھالىق نەرسىلىرىمنى ۋەيران قىپسەن. مەنمۇ شۇنىڭ بەدىلىگە سېنىڭ ئەڭ نازۇك ئەزايىڭنى يوقاتتىم!" دىدى. كېيىن مېنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى. قولدىن-قولغا ئوتۇپ خەلىپىنىڭ قولىغا چۇشكىچە يالغان گەپ بىلەن كىشىلەرگە زىيان سېلىپ كەلدىم. خەلىپىگە ئوتۇپ سىلەرگە قوشۇلغاندىن كېينلا، بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ بۇ ئىشتىن كەچتىم.

ئالماس بىلەن ساۋاپ قاقاھلاپ كۇلۇشۇپتۇ. كېيىن ئوزىنى توختىتىپ: "سەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئىكەنسەن!" دەپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ بىرسى ساۋاپقا قاراپ: "ئەمدى نوۋەت ساڭا كەلدى. سەنمۇ ئاختا قىلىنىشىڭنى سوزلە!" دەپتۇ.

"ئەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئۇ، — مېنىڭ بېشىمغا چۇشكەن كۇن سىزلەرنىڭكىدىن ئېغىرراق ۋە قىزىقراق. سىزلەرنىڭكى ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيدىغان ۋەقە ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ دەيدىغىنىم ئۇزۇن. بۇ مېنى سېتىپ ئالغان باي بىلەن خوتۇنىغا باغلىنىشلىق ۋەقە. ھازىر تاڭ يورۇشقا ئازلا ۋاقىت قالدى.

ئەرەپ بىلەن: "ئەي لەنىتى، بۇ نىمە گەپ؟ — دەپ مەندىن سورىدى، كېيىن، — تېرەڭنى سويۇپ، ئۇستىخانلىرىڭنى گوشىڭدىن ئايرىپ، قولۇڭغا تۇتقۇزىمەن!" "ھىچ ۋەقەسى يوق باي، — دىدىم مەن يىغامىنى توختىتىپ، — چۇنكى مېنى سىز يىلدا بىر قېتىم يالغان سۆزلەيدىغان ئەيىۋىم بىلەن سېتىپ ئالغانسىز. بۇنىڭغا دەللاللار باشلىق بىرگۇرۇھ كىشى گۇۋا. بۇ تېخى مېنىڭ قىلىدىغان يالغان- چىلىغىمىنىڭ پەقەت يېرىمى. قالغان يېرىمىنى يىل ئاخىرلاشقاندا قىلىمەن."

"ئەي بەختى قارا، — دىدى خوجام تېرىكىپ، — بۇ قىلغانلىرىڭ- نىڭ ھەممىسى تېخى يىلدا بىر قىلىدىغان يالغىنىڭنىڭ يېرىمىمۇ؟ يەنە قالغان يېرىمى بار دەمسىنا؟" مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: "ھە تېخى يېرىمى بار" دىدىم. باي تېخىمۇ غەزەپلىنىپ تۇرۇپ كەتتى: "كەچتىم سەندەك قۇلدىن. بار، كوزۇمدىن يوقال!" "سىز كەچكەن بىلەن مەن كەچمەيمەن. مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدىن كەتسەم، چوقۇم ئاچ قالىمەن. مېنىڭ باشقا ھۇنىرىم يوق" دىدىم. ئوزەمنى تۇتالماي كۈلەتتىم. مۇشۇ سوز ئۇستىگە ھاكىم خادىملىرى بىلەن كېلىپ قالدى. خوجام بۇ ۋەقە بىلەن مېنىڭ قىلغىنىمنى ھاكىمغا ئېيتىپ ئەرىز قىلدى. ھاكىم باشلىق شۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى مېنى قاغاپ تىللاشتى. مەن يەنىلا كۈلەتتىم. بەزىمە بۇزۇلدى. ھەممە ئويلىرىگە قايتىشتى. مەنمۇ: "باي مېنى ھىچ نەرسە قىلالمايدۇ. چۇنكى مېنى باي مۇشۇ ئەيىۋىم بىلەن سېتىپ ئالغان." دىگەن ئويدا باي ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن قايتىپ كەلدىم. باي ئويدىكى ۋەيرانچىلىقنى كورۇپ: "بۇنى كىم قىلدى؟" دەپ سورىدى. سودىگەرنىڭ خوتۇنى: "بۇنى

قاراپتۇ. يۇمشاق ئاۋاز ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن: "ئىست ساڭا، ئەي شامال! قېنى سەندىكى چاڭقىغانلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىش ۋە ئۇلارنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ ئوينىتىش ماھارىتى، — دەپتۇ قىز، كېيىن يەنە، — زەھەرۇربوستانا!" دەپ قىچقىرىپتۇ. لېكىن ھېچ بىر جاۋاپ بولماپتۇ. ئارقىسىغا قاراپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن يەنە بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قىچقىرىپتۇ. "شەجەرە، تۇتدۇر، نۇرۇل-ھۇدا، نەجمەتۇسۇبھى، دۇنيادا بارمۇ سىلەر؟ — ھېچكىم يوقمۇ؟ نەگە كەتتىڭلار؟ نەزھەت، خىلۋەت، نازاكەت، زەرسىپە، قېنى سىلەر؟ نىمىشقا ئۇنۇڭلار چىقمايدۇ، سوزلىمەمسىلەر؟" ھېچكىم جاۋاپ بەرمىگەندىن كېيىن ئۇ دىققەت بىلەن ئەتراپىنى كوزدىن كوچۇرۇپتۇ. جىق نەرسىلەرنى خىيالىدىن ئوتكۇزۇپتۇ. "ئەپسۇس" دەپتۇ ئۇ. شۇنىڭغىچە غەنىم ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنچۇقماي تۇرۇپتۇ. "ئەي پەرىزات، — دېپتۇ غەنىم ئاخىرى، — بۇ يەردە جامالىڭنى كورۇپ، ئۇنىڭغا تەلمۇرۇپ قاراپ تۇرغان غەنىم ئىبنى ئايۇپتىن باشقا سېنىڭ يېنىڭدا ھېچكىم يوق. مەن سېنى ھازىرلا بۇ يەرگە كومۇلگەن مۇشۇ ساندۇقتىن ئالدىم. ئەگەرى سېنى بۇ كۇلپەتتىن قۇتقۇزۇپ مەقسىدىڭگە يەتكۇزۇش ئۇچۇن مېنى بۇ يەرگە ئىۋەتكەن. سەن ئۇزەڭ كىم؟ قايسى چىمەننىڭ گۇلى، قايسى بوستاندىن ئۇغرىلانغان بۇلبۇل؟" بۇ سوزنى ئاڭلىغان قىز غەنىمگە تىكىلىپ قاراپ ئەدەپ بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. قوللىرىنى غەنىمنىڭ مورىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: "مېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ بۇ يەر قەيەر؟" دەپ يېقىملىق ئاۋازدا سوراپتۇ. "ئەي پەرىزات، — دەپتۇ غەنىم، — كېچە سېنى ئۇچ نەپەر ئاختا قىلىنغان قارا قۇل شۇ ساندۇققا سېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى"

شۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭكىنى باشقا ۋاقىتقا قالدۇرساق. بىز تۇرۇپ ھازىر ساندۇقنى جايلىساق. بولمىسا شەرمەندە بولۇپ بېشىمىز كېتىدۇ.»

ئۇلار ساندۇقنى كوتۇرۇپ توت قەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىشىپتۇ. ئالماس پانۇس تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئىككىسى توت قەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساندۇق پاتقىدەك قىلىپ قازغان ئورنى يەنە كولاپتۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇغى ئادەم بويىغا يەتكەندىن كېيىن ساندۇقنى ئورىغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپتۇ. ئىشلىرىنى تۈگىتىپ: «ئەمدى بىز سارايغا قايتىمىز، مېنىڭ ھكايەمنى شۇ يەردە ئاڭلاڭلار!» دەپتۇ ساۋاپ. ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇنى يېپىپ قويۇپ كېتىپتۇ. قەۋرىستان ئادەملەردىن بوشىغاندىن كېيىن غەنىم ئىبنى ئايۇپ دەرەختىن چۈشۈپ ساندۇقتا نىمە بارلىغىنى بىلىش ئۇچۇن توپىنى تارتىپتۇ، قەۋرىنى ئېچىپتۇ. تاڭ خىرە-شىرە يورۇۋاتقاندا ساندۇقنى چىقىرىپتۇ. قارىسا ساندۇققا قۇلۇپ سېلىنغان ئىكەن. قۇلۇپنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە بىر چىرايلىق ياش قىز ياتقان. ئۇ، نەشە بىلەن ھۇشسىزلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئاستا دەم ئالىدىكەن. قوللىرى بىلەن كوكرىگى بازاردىن پۇلغا تاپقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك زىبۇ-زىننەت بىلەن تولغان. غەنىم ئۇنى ھۇشىغا كەلتۇرۇش چارىسىنى ئىستەپتۇ. ھەر خىل شەكىللەردە ياتقۇزۇپ يەلپۇپتۇ، سۇ پۇركۇپتۇ. ئاستا-ئاستا قىزنىڭ بەدىنى ھەركەتلىنىپتۇ. ئاخىرى بىر چۇشكۇرگەن ئىكەن، قىزنىڭ ئاغزىدىن بىر پارچە نەشە چۈشۈپتۇ. بۇ نەشە پىلغا پۇراتسا ھۇشىدىن كەتكىدەك كۇچلۇك ئىكەن. قىز كوزىنى ئېچىپ توت ئەتراپىغا

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.



قىزىق بىرىنچى كېچە

پەرىزاد ساندۇقتىن چىقىپ توت ئەتراپىغا نەزەر ساپتۇ. قارىسا، ھەشەمەتلىك بىر بىنا، رەڭدار گىلەملەر بىلەن تولغان، تاي-تاي ماللار ھويلىنىڭ سەيناسىغا قويۇلغان ئىكەن. ئۇينىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك قىممەتباھا مۆلۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. قىز غەنىمىنىڭ چوڭ بايلىغىنى سېزىپتۇ. يۈزىنى ئېچىپ، غەنىمگە دىققەت بىلەن قاراپتۇ، تىكىلىپ كوزىتىپتۇ. غەنىم ياش ۋە شۇنداقلا چىرايلىق ئىكەن. بىر قاراش بىلەن قىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. "يىگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىلامدۇ؟" دەپ سوراپتۇ قىز غەنىمدىن. "بار، ھازىر تەييار قىلاي!" دەپتۇ غەنىم ۋە دەرھال بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ، بازاردىن توغراپ قىيما قىلىنغان، دارى سېلىنىپ قورۇلغان گوش، ھالۋا، شاراپ، شام، قىممەتلىك قەن-گىزەك، قۇرۇق-يول يېمىش، گۈل ۋە باشقىلارنى ئېلىپ كەپتۇ. قىز بۇلارنى كورۇپ خوش بولۇپ كۈلۈپتۇ. دەرھال بېرىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، جاي-جايىغا قويۇپتۇ. يېقىملىق سوزلەرنى قىپتۇ، غەنىمنىڭ كوڭلىنى ئاپتۇ. غەنىمگە قىزنىڭ، قىزغىمۇ غەنىمنىڭ مۇھەببىتى ئېشىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قىزغىن كەيپىياتتا تاماق يېيىشىپتۇ. ئۇلار ياشتىمۇ، چىراي-شەكىلدىمۇ بىر-بىرىدىن قېلىشمىغىدەك گۈزەل ئىكەن. مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئۇلارنى بىر-بىرىگە تۇيدۇرماي قاراشقىچە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدىغان

دەپ غەنىم كورگەنلىرىنى باشتىن ـ ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنى تېزلىك بىلەن قۇتقازمىغىنىدا يەنىمۇ يامانىراق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەسلىتىپ، قىزنىڭ ۋە بۇ ئىشنىڭ تارىخىنى سوراپتۇ. ئۇ، ئەتراپقا قاراپ ئۇزىنى قەۋرىستانلىقتا كورۇپ: "ھېلىمۇ ياخشى مەن ساڭا يولۇقۇپتىمەن، — دەپتۇ قىز سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەي قەدىمى مۇبارەك ئۇلۇغ يىگىت، ئەمدى سەن دەرھال مېنى يەنە شۇ ساندۇققا سال! ئاغزىنى بىكىتىپ كىراكەش تېپىپ كەل! ساندۇق بىلەن مېنى كىرا قىلىپ ئويۇڭگە ئېلىپ بارغىن. مەن بېشىمغا كەلگەن ئىشنى ئويۇڭدە سوزلەپ بېرەي. سەن مەندىن كوپ ياخشىلىق كورىسەن. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ." غەنىم خوشال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنى ساندۇققا سالدۇرۇپ ئاغزىنى ئېتىپ كوچىغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا كۇن چىققان، كوچىدا تىرىكچىلىك باشلانغان ئىكەن. غەنىم بىر خېچىرچى كىراكەشنى ئېلىپ كەپتۇ. ساندۇقنى خېچىرغا ئارتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا غەنىم يولغا چۇشۇپتۇ. "قىز، شەك يوقكى، ئۇن مىڭ تىللاغىمۇ تېپىلمايدىغان ئولجا. ئۇنىڭ زىنىنەت ئەسۋاپلىرى ئۇزىدىنمۇ ئارتۇقراق باھاغا ئىگە" دەپ ئويلاپتۇ غەنىم كېتىپ بېرىپ، ئۇ، ئېيتىپ تۇگەتكۇسىز ناھايىتى چوڭ خوشلۇق بىلەن قىز سېلىنغان ساندۇقنى ئويىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ، ئويىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ بۇ ئىشقا ئىشىنەلمەي، چۇشۇمىمۇ، ئويغۇمىمۇ؟ دەپ قويىدىكەن. ئويىگە كىرىپ قىزنى ساندۇقتىن چىقىرىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

رۇخسەت قىل! يېنىپ كويۇۋاتقان يۈرەكنىڭ ئوتى سوۋۇسۇن"
دەپتۇ غەنىم قىزغا مەيۇسانە قاراپ.

"بىرئاز كۈت، مەي ئۆز كۈچىنى كورسەتسۇن، شۇ چاغدا سەن
ماڭا سەزدۇرمەي سۆيۈپ ئالساڭ بولار" دەپتۇ. كېيىن قىز ئورنى-
دىن تۇرۇپ، بىر قەۋەت كىيىمنى سېلىپ، يۇقىقا كىيىم بىلەن
ئولتۇرۇپتۇ. غەنىمنىڭ ھەۋىسى كۈچىيىپتۇ، ئۇنىڭ تەلپۈنىشى
تېخىمۇ ئېشىپتۇ. "مېنىڭ تەلۋىمنى ئورۇنلاشقا يول ئېچىپ
بەرمەمسەن ئەي چىرايلىقلارنىڭ تاجدارى؟" دەپتۇ غەنىم
ئىككىنچى قېتىم. "ساڭا بۇ ئىش ياراشمايدۇ،— دەپتۇ قىز ئاللى-
قانداق بىر قىياپەتتە، — چۈنكى مېنىڭ كىيىملىرىمنىڭ بوقۇچلىرىغا
ناھايىتى چوڭ بىر كىشىنىڭ تامغىسى بېسىلغان..." غەنىمنىڭ
يۈرىكىگە پىچاق سېلىنغاندەك بوپتۇ. بىراق، ھېرسىلىق ۋە
ئامراقلىغى يەنىمۇ ئېشىپتۇ. خاھىشىنىڭ ئورۇنلىنىشى قىيىن بولغان-
لىغىنى سېزىپ، بۇ شېرنى ئوقۇپتۇ:

تېپىپ پەيتنى سۆيگۈنۈمگە قىلدىم ئىزھار:
جاراھەتلىك دىلىمغا بەرمە ئازار.
لېۋىڭدىن بىرنى سۆيدۈر، مەن ساقىياي،
جېنىم ئالسۇن راھەت، سەندىن ۋاپادار.
دىدى: ئاسان ئەمەس، بىرنى سۆيمەك،
نىكاھسىز لېۋىڭنى يۈزۈمگە ياقما!
ھارامغا نومۇس ئەھلى ئاچمىغاي لەۋ،
ھالال قىل، يولنى ئاچماي ماڭا باقما!...
سوزلە ئاۋال ماڭا ئوزەڭ كىملىگىڭنى،
سەبىياھمۇ ياكى يۈرتقا بەگلىگىڭنى!...
دىدىم مەن: سوز بىلەن، "ئويلا!" دىلبەر،

هالىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ھوسنى ـ جامالىغا قاراپ تويماپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. غەنىم ئورنىدىن تۇرۇپ شامدانلارغا شام قاداپ يېقىپتۇ. ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپتۇ. قەن ـ گىزەك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. غەنىم مەي قۇيۇپ قىزغا تۇتۇپتۇ. قىز ئېلىپ ئىچىپتۇ. كېيىن قىز نوۋەتنى ئېلىپ، مەي قۇيۇپ غەنىمگە تۇتۇپتۇ. ئىككىسى ئىچىشىپتۇ. شاراپ تەسىر قىلىپ، يۈزلىرى قىزىرىپتۇ. بىر ـ بىرىدىن تارتىنىپ تۇرۇش ئازىيىپ چاقچاق باشلىنىپتۇ. كۈلۈشۈپتۇ. غەنىم تۇرۇپ، قىزنى سۆيۈش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە: "ئەي، پەرىزات، رۇخسەت قىلساڭ، لېۋىڭنىڭ شارابىنى بىر تېتىپ كورسەم" دەپتۇ ۋە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يورۇق كېچە، ئەجەپ جىمىلىق، شۇنداق تىنىق،
شۇ كېچىدە سېنىڭ بىلەن ئۇخلاي دەيمەن.
تۇننى يېرىپ چىققان ئايدەك گۈل يۈزۈڭگە،
مەن غېرىپمۇ شۇ يۈزۈمنى ياقاي دەيمەن.

"بۇ ئىشنى قىلىش ئاسان ئەمەس" دەپتۇ قىز غەنىمنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ.

تاڭ ئاتاي دەپ قالغان ئىكەن، ئۇيقۇ غالىپ كېلىپ ھەر ئىككىسى بولەك ـ بولەك ئۇخلىشىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. غەنىم بازارغا چىقىپ، ياغ، گوش، مېۋە ۋە باشقا يىمەكلىك بىلەن مەي ئېلىپ كەپتۇ. ئىككىسى بىرلىشىپ تاماق يېيىشىپتۇ، مەي ئىچىشىپتۇ. يەنە خوشال ـ خورام كۈن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. يۈزلىرى قىزىرىپ، كەيپىلىك قاراشلار باشلىنىپتۇ. غەنىمدە ئاخشامقى تىلەك يەنە قوزغىلىپتۇ. "ئەي پەرىلەرنىڭ شاھى، پېقىرغا رەھمە قىلىپ، بىرنى سۆيۈشكە

ئومۇرلۇك بىللە بولۇشۇم ناتايىن.» «بىزنىڭ يېقىنلىشىشىمىزغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ غەنىم قىزدىن ھاياجان بىلەن. قىز: «بۇ كېچە مەن ئۆز تارىخىمنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. شۇ چاغدا سەن مېنىڭ ئۆزرەمنى چۈشىنىپ، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلارسەن» دەپتۇ. ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ غەنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەدىلەر بىلەن ئۇمتىلەندۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئوينىشىپتۇ، كۈلۈشۈپتۇ. كېيىن يەنە ئايرىم يېتىپ ئۇخلىشىپتۇ. ھەر كۈنى غەنىم ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىشنى قويماپتۇ. قىز قارشىلىق قىلىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىسىگە بولغان مۇھەببەتتى ئېشىۋېرىپتۇ. ئاخىرى بېرىپ، بىرى-بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى غەنىم قىز بىلەن مەس ئۇخلاپ قاپتۇ. كېيىن ئويغىنىپ، غەنىم پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قىزغا قول ساپتۇ. قولى ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشۈشكە باشلىغان ئىكەن. قىز ئويغىنىپ قېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. ئۇياق-بۇياقلىرىنى كوزدىن كوچۈرۈپتۇ. ئۆزگۈرۈش يوقلىغىنىنى سېزىپتۇ. كوزى يەنە ئۇيقىغا ئىلىنىپتۇ. غەنىمنىڭ قولى يەنە ھەركەتلىنىپتۇ. تامبالنىڭ بېغىنى تۇتقان ئىكەن، قىز سەسكىنىپ ئويغىنىپ، يەنە ئولتۇرۇۋاپتۇ. غەنىممۇ يانمۇ-يان كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. «نېمە ئىستەيسەن؟» دەپتۇ قىز غەنىمگە ھەيران قېلىپ. «بىللە يېتىشنى ئىستەيمەن!» دەپتۇ غەنىم. «مەن ھازىر ساڭا ئۆز ۋەدەمنى ۋە ئۆز تارىخىمنى ئېيتاي. شۇ ۋاقىتتا سەن بۇ ئىشقا رازى بولۇپ قولۇڭنى يىغارسەن ۋە تەقدىرگە تەن بېرەرسەن!» دەپتۇ قىز. «ياخشى!» دەپتۇ غەنىم.

مۇھەببەتنىڭ ھەممىگە تەڭلىگىنى.
دىدى: بۇ دوق بىلەن سۆيمەك قىيىندۇر.
دىدىم: نازىك ماڭا بەكمۇ شىرىندۇر.
دىدى: بۇ ناز ئەمەس، سەن ئويلا ئوبدان،
تەپەككۇر قىل، نەپسى سوزنى دىمەك قىيىندۇر.

قىز: "ئەي غەنىم، مەن سەندىن بۇرۇنراق ساڭا ئەسىر بولغان-مەن. لېكىن، مەن بىلەن بىللە بولۇش ساڭا ئۇزەڭنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاسان ئەمەس، سەۋرى قىل!" دەپتۇ. "نىمە سەۋەپتىن مەن ساڭا يىتەلمەيمەن" دەپتۇ غەنىم. قىز: "ئوزرەم بار، مەن ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە ئېيتىمەن! ھازىر مېنى قىينىما!" دەپ غەنىمگە مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپتۇ. غەنىممۇ ئۇنىڭغا ھورمەت بىلەن تىكىلىپتۇ. بىر-بىرىنىڭ ئىشقىدا ۋاقىت ئوتكۇزىۋېرىپتۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ خىياللىرىمۇ دېڭىزدەك دولقۇنلۇنۋېرىپتۇ. بىراق قىزمۇ ئۇزىنىڭ پاكلىغىنى ساقلاشنى داۋام قىلدۇرىۋېرىپتۇ. كەچ بولغاندا ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئۇخلىشىپتۇ. كۇندۇزى بولسا بىر-بىرىنى كۇتۇشۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئەنە شۇنداق ئوتۇپتۇ.
"ئىشقىڭ مۇپتىلاسى، ئاي يۇزۇڭنىڭ بەندىسى پېقىرىڭغا رەھىمە قىل! سەندىن باشقىسىغا مەن دىلىمنى بۇنچىلىك چىڭ باغلىمايتتىم ۋە بۇنچىلىك ئازاپ تارتىپمۇ كەتمەيتتىم" دەپ كوزلىرىگە ياش ئاپتۇ غەنىم.
"ئەي ئېزىزىم، ئەي كوزۇمنىڭ نۇرى، دىلىمنىڭ غۇرۇرى، — دەپتۇ قىز يىگىتكە مۇلايىملىق بىلەن، — سەن تارتقان ئازاپنى مېنى تارتمىدى دەپ ئويلامسەن؟ مەنمۇ سېنى سېنىڭدەك قىزغىن سويىمەن. لېكىن، سېنىڭ ماڭا يىتىشىڭ، مېنىڭمۇ سېنىڭ بىلەن

بىلمەي يېتىپ قاپتىمەن. سىتتوزوبەيدە بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، مېنى دەرھال شۇ ساندۇققا قاچىلىغان. كىشىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا، قۇللىرىنى قىچقىرىپ، ئۇلارغىمۇ چوڭ ئىنئاملار بېرىپ، ساندۇقنى ئۇلارغا تاپشۇرغان. قۇللار مېنى شۇ كېچىسى ساندۇق بىلەن ئېلىپ چىقىپ قەۋرىستانلىققا قانداق كومگەنلىكىنى سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپسەن. مەن سېنىڭ سەۋىۋىڭدىن ئۆلمەي تىرىك قالدىم. سەن مەن ئۈچۈن يىڭىدىن ھاياتلىق تەقدىم قىلدىڭ. بۇ ئۇلۇغ مەرھەمەتىڭنى مەن قايسى ئۇسۇل بىلەن ساڭا ياندۇرۇشۇمنى، سېنى رازى قىلىشىمنى بىلمەيمەن...... مانا مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن كۈن شۇ. خەلىپە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نىمە قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى مەن بىلمەيمەن. مېنىڭ بۇ سىرىمنى ئۆزەڭ بىل! ھېچكىمگە بىلدۈرمە!" دەپتۇ قىز غەنىمگە. غەنىم قىزنىڭ خەلىپىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق بىلىپ، ئۆز رايىدىن يېنىپتۇ. قىلغان ئىشلىرىغا ئۆزىنى كايىپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ يېتىپتۇ، ئەمما ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇنى خەلىپىنىڭ قەھرى-غەزىۋى قورقۇتۇپتۇ، غەم بېسىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپقا باغلانغان كۈچلۈك مۇھەببەت رىشتىسىنى، ئۇنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ ئەقلىنى بۇ تېگى يوق ئويلار ئېلىپ قېچىپتۇ، يۈرىگىنى ئېزىپ تاشلاپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپتۇ. تەقدىرنىڭ بۇنداق تەتۈر ئويۇن كۆرسىتىپ دۈشمەنلەشكەنلىگىگە غەزەپلىنىپ، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئاشىق قەلبى ھەمىشە قىينىلىدۇ، يانىدۇ...
غاپىل بولۇپ مەشۇقلەر ئۆز ئىشقىدىن تانىدۇ.
شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ھامان جاپا كەش دەپ ئاتىلار،

قىز تامبىلىنىڭ لېپىزىنى سوكۇپ، ئۇ يەرنى تىرنىغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېچىپتۇ. "بۇ يەرگە يېزىلغان خەتنى ئوقۇغىن!" دەپتۇ قىز خىتاپ بىلەن غەزىگە. قارىسا، ئۇ يەرگە ئالتۇن ھەل بىلەن "ئاببباسلاردىن مەن سىنىڭكى، سەن مېنىڭكى" دىگەن خەت يېزىلغان تامغا بېسىغلىق ئىكەن. خەتنى ئوقۇپ، غەزىمنى تىترەك بېسىپتۇ. "سەرگۈزەشتەڭنى سوزلەپ بەر!" دەپتۇ ئۇ قىزغا.

"خوپ!" دەپ سوز باشلاپتۇ قىز: "مەن ئاببباسنىڭ نەۋرىسى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خاس كېنىزەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسمىم قۇتۇلقۇلۇپ، خەلىپىنىڭ قەسرىدە تەربىيىلەنگەنمەن. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھوسنى-جامالىمۇ گۈزەللىشىپ باراتتى. خەلىپە مېنى ئۆزىگە نىكاھ قىلىپ ئالدى. ئۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كورەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلىپە ماڭا ئوز قەسرىدىن ئالاھىدە جاي بەردى. خىزمىتىمگە ئون كېنىزەك تەيىنلىدى. سەن كورۇپ تۇرغان بۇ گەۋھەر ۋە بىزەكلەرنى خەلىپە ماڭا ئوز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان. بىر كۈنى خەلىپە بىر تەرەپكە سەپەر قىلماقچى بولۇپ، مېنى سىتتۇزۇبەيدىگە تاپشۇ-رۇپ كەتتى. لېكىن، سىتتۇزۇبەيدە خەلىپىنى مەندىن قىزغىنىپ ماڭا كۈندەشلىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرى ئوزىنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپ، كېيىن ماڭا ئېۋەتىلگەن چورىسىنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا مېنىڭ تامىغىمغا سېلىپ بېرىشكە نەشە بەرگەن. بۇنى ئورۇندىسا، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىشنى ئېيتقان. ئىش قىلىپ، چورە بىر ھىلە قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ، چورە ماڭا ئۇ نەشىنى تامىغىمغا سېلىپ بەرگەن. مەن تاماق بىلەن ئۇنى قوشۇپ يەپ، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. خۇدۇمنى

كېپەكلەرنىڭ ھەيلىرىدۇر يىراق تۇرۇپ قاش تاشلاش.
قاش ئاتسەن دېسەم، ماڭا يالغىنى يوق بوينىڭدا،
كېپەكلەرنىڭ ئىشى ئۇدۇر بەزى تاغدىن تاش تاشلاش.

نومۇس قىلسالىڭ كىيىكلىكتىن قىبنى ئۆزەڭ كېيىت ماڭا!
گىشق ئەھلىدىن نېمە ئۈچۈن قورقۇپ يىراق قاچىسەن؟
نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈدۈڭ مەندەك كويگەن يېقىنغا؟
قىيا بېقىپ چاپچىپ، ئىرغىپ، تاشۇ-تۇپراق چاچىسەن؟

سەن ئەي گۈزەل، دۇنيادىكى گۈزەللەرنىڭ ئەلاسى،
تاڭ ئاتقىچە كوپ كوزلەرگە ئويغاقلىقنى ئۆگەتتىڭ!...
قولدىن كەتتى بىر كورگەننىڭ پىكرى. ئەقلى، خىيالى،
بىر قاراشتا يۈرەكلەرگە ئوز ئىشقىڭنى ئورناتتىڭ.

غەنىم يىغلاپتۇ. قىزمۇ كوز يېشىنى توكۈپتۇ. كەچكىچە ئولتۇ-رۇپ تاماق يېيىشىپتۇ، ئىچىشىپتۇ. كەچ كىرىپ ئۇيقۇ باسقاندىن كېيىن، غەنىم تۇرۇپ ئادەتتىكىدەك يەنە ئىككى يەرگە توشەك سېپتۇ. "ئىككىنچى ئورۇن كىمگە؟" دەپ سوراپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمدىن. "بىرى ماڭا، يەنە بىرى بۇرۇنقىدەك ساڭا؛ بىز بۈگۈنمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق بۇرۇنقىدەك ياتىمىز!— دەپتۇ غەنىم جاۋاپ بېرىپ،— خەلىپە ئۈچۈن ھالال بولغان نەرسە ماڭا ھارام-دۇر! ھەركىم ئوزىگە قاراپ ئىش قىلمىغى لازىمدۇر!"

"قوي مۇنداق گەپلەرنى،— دەپتۇ قىز غەنىمگە،— تەقدىردە نېمە يېزىلغان بولسا، بېشىمىزغا شۇ ئىش كېلىدۇ." غەنىم ئۇنىڭ سوزىگە كىرمەپتۇ. بۇ ئىش بىلەن ئۇ، قۇتۇلقۇلۇپنىڭ دىلىدىكى ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمگە يېلىنىپ تۇرۇپ: "نېمە بولسا شۇ بولسۇن، بىللە ياتىمىز، نېمە بولساق بىللە

جاپا قىلماس يار بولسا، ۋاپادىن دىل قاندۇ.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ، قۇتۇلقۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، غەنىمەنىڭ يېنىغا كەپتۇ. غەنىمگە بولغان مۇھەببىتى يەنىمۇ ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن سۆيگۈ سىرلىرىنى ئېچىپ سۆزلەپتۇ. غەنىم خەلپىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن قېچىپتۇ. ئۇلار سۆيگۈ دېڭىزىغا چۆمۈپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ هالدا تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ سەزمەپتۇ. غەنىم ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، ئادىتى بويىچە بازارغا چىقىپتۇ. بازاردىن ئالىدىغانلىرىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. قارىسا، قۇتۇلقۇلۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان. ئۇ غەنىمنى كورۇپ يىغىسىنى توختىتىپ كۈلۈپتۇ. "ئەي جېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، سەن بازارغا ماڭغان ئىدىڭ، جېنىم سەن بىلەن كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزەمنى تۇتالمىدىم. سېنىڭسىز ئۆتكەن بىر سائەتتەك ۋاقت ماڭا راسا بىر يىلدەك تۇيۇلدى. بۇمۇ مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئىپادىسى. تۇر، ماڭا يېقىن كەل! ئارتۇق سوزنى قوي! ئۆتكەن گەپ-سوزلەرنى يادىڭدىن چىقار، خالىغىنىڭنى قىل!..." دەپتۇ قىز غەنىمگە. غەنىم قىزغا: "شىرنىڭ ئورنىغا قوينىڭ ئولتۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئورنىغا يارىشا جاي تېپىشى، جايىغا لايىق ئورۇن تۇتۇشى، ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرۇشى لازىم" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت چەتلەشكەنسېرى قىزنىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىپتۇ. قىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىللە تاماق يەپتۇ، ئىچىشىپتۇ. قىزنىڭ سوھبەت قىلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. قىز مەس بولۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

كىيىككە ئوخشاتسام سېنى، مۇبالىغە يوق بۇنىڭدا،

لۇپقا قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ. خەلىپە كېلىپ ئۇنى سۈرۈشتە قىلسا: "ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىم كېرەك، قانداق قىلىمەن؟" دەپ قورقۇپتۇ. بىر قېرى بۇۋىنى قىچقىرىپ، بۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ، ھەسرەت قىلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. بۇۋى ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. "گەي سىتتۇزۇبەيدەم، — دەپتۇ بۇۋى، — خەلىپىنىڭ كېلىشىگە ئازلا ۋاقىت قالدى. بىر ياغاچچى قىچقىرىپ ياغاچتىن قوتۇلقۇلۇپىنىڭ سۈرىتىنى ياسىتىڭ، ئۇنى كېپەنگە ئوراپ، قەسرىڭىزنىڭ بىرىگە گور كولاپ دەپنى قىلىڭ. ئۈستىگە قەۋرە ياسىتىڭ، قەۋرە ئۈستىگە شامدانلارنى ئېسىپ شام يېقىڭ. قەسىردىكىلەرگە قارىلىق تۇتقۇزۇپ ماتەم كىيىمى كىيگۈزۈڭ. ئۇنىڭ قەۋرىسىگە قارايدىغانغا كېنىزەك-چورىلەرنى بەلگىلەپ قويۇڭ. خەلىپە كەلگەندە ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىغلاشسۇن." خەلىپە: بۇ نېمە ۋەقە؟ دەپ سورىسا، شۇ چاغدا سىزمۇ يىغلاپ تۇرۇپ: قوتۇلقۇلۇپ ئۆز ھاياتىنى سىزگە بېغىشلىدى، خۇدا سىزگە سەۋرى ئاتا قىلسۇن؛ مەنمۇ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن ھۆرمەتلەپ ئۆز قەسرىمگە دەپنى قىلدىم، دەيسىز. خەلىپە يىغلايدۇ، قۇرئان ئوقۇتۇپ ماتەم تۇتىدۇ. ئەمما سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىزغا خوش بولۇشى، سىزدىن رەنجىمەسلىكى تۇرغان گەپ. ئەگەردە خەلىپە: تاغامنىڭ قىزى سىتتۇزۇبەيدە كۈندەشلىك بىلەن قوتۇلقۇلۇپنى ھالاك قىلغان، دەپ گۇمانلانسا قەۋرىنى ئېچىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ قورقماسلىق كېرەك. قەۋرىنى ئېچىپ قىممەتباھا كېپەنلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنچىيدۇ. مۇردىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېپەننى ئاچماقچى بولۇپ قالسا، ئاچىدىغانلارغا ئۆگىتىپ قويۇڭ: "شەرىئەتتە ئايال

بولمىزا!" دەپتۇ ھىتاپ قىلىپ. "خۇدا ساقلىسۇن!" دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە پەنىلا كىرمەپتۇ غەنىم ئۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتقىچە يالغۇز يېتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپنىڭ غەنىمگە بولغان مۇھەببىتى ئېشىپ ئەقىدىسى كۈچىيىپتۇ. شۇ يوسۇندا ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ كوپ قېتىم غەنىمگە يېلىنىپتۇ، لېكىن غەنىم ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەپتۇ. بۇ ئىش سوزۇلغانسېرى قۇتۇلقۇلۇپنىڭ سۆيگۈ-دەردى ئېشىپ، ئازابى كۈچىيىپتۇ. غەم-ئەلەمى تولۇپ-تېشىپ، يۈرەك باغرى ئېزىلىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

مەن پەرۋانە، سەن چىراق،
ماڭا چۈشتى ئىشتىياق،
سەن قاچسەن يول ئىزدەپ،
ۋىسالىڭدىن مەن يىراق.

تەشنادۇر ساڭا بۇ قول،
ئىستەيدۇ ھەمىشە يول،
قوشۇلۇش ئىمكانى يوق،
ئۆرتەندى مېنى پىراق.

قوغلىمىغىن قۇلۇڭنى،
مەن تازىلاي يولۇڭنى،
سەن سالمىساڭ بىر نەزەر،
ئۆلگۈنۈم مىڭ ياخشىراق.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ غەنىمنىڭمۇ كۆزلىرىگە ياش تولۇپتۇ. ئەمما ئۇ، خەلىپىدىن ئەيمىنىپ ئۆزىنى تارتىپتۇ.

سىتتۇزۇبەيدە خەلىپىنىڭ يوقلۇغىدىن پايدىلىنىپ، قۇتۇلقۇ-

ئىنتايىن ھورمەت قىلغىنىمىدىن ئۇز قەسرىمگە ــ گوز ئالدىمغا دەپىنە قىلدىم." خەلىپە سەپەر كىيىمى بىلەن توپ-توغرا قۇتۇلقۇلۇپنى زىيارەت قىلىش ئۇچۇن قەۋرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. كىرىپ قارىسا، قەۋرە ئۇستىدە شامدانىلار ئېسىغلىق، ئۇنىڭدا شاملار يېقىغلىق تۇرغان، قەۋرە ئۇستىگە شاھانە يۇپۇق يېپىلغان. سىتتۇزۇبەيدىگە خەلىپە رەخمەت ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ماختاپتۇ. لېكىن ئۇ، بۇ ئىشتىن ھەيران بوپتۇ، بېشىغا ھەر تۇرلۇك پىكىرلەر كەپتۇ، گۇمانى كۇچىيىپ، قەۋرىنى ئېچىپ ئولۇكنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە قەۋرىنى ئاچقۇزۇپ، جەسەتنىڭ يۇزىنى ئېچىشقا كەلگەندە، ئويلىنىپ قېلىپ خۇدادىن قورقۇپتۇ، كىشىلەر-دىن ئۇيۇلۇپتۇ. ئۇنىڭغا تەگمەي يەنە ئۇز جايىغا قويۇپتۇ. قەۋرىنى قايتىدىن ياسىتىپ قارىيلارنى قىچقىرتىپ قۇرئان ئوقۇتۇپتۇ. ئۇزىمۇ قەۋرىنىڭ بىر چېتىدە ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇپتۇ. كوز يېشى قىپتۇ. راسا بىر ئاي ماتەم تۇتۇپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھىكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق ئىككىنچى كېچە

ــ ئەي بەختلىك شاھ، ــ دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھىكايىسىنى.

خەلىپە بىر ئايدىن كېيىن چىقىپ، مەملىكەت ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. ئارىدىن توت ئاي ئوتۇپمۇ خەلىپىنىڭ گۇمانى تېخىچىلا يوقالماپتۇ. بىر كۇنى ئۇ، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، چەتئەللىكلەر ئوردىدىن قايتقاندىن كېيىن، قەسرىگە كىرىپتۇ. بىرئاز ئوخلىماقچى

مۇردىنىڭ كېيىنىنى ئېچىشقا يول يوق، ئېچىش هارام" دىسۇن، يول قويمىسۇن. ئۇ چاغدا خەلپە كېنىزەكنىڭ راست ئۆلگەنلىگىگە ئىشىنىدۇ. قايتىدىن شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە كومۇدۇ، سىزگە رەخمەت ئېيتىدۇ. قايغۇ - كۇلپەتتىن قۇتۇلىسىز.' سىتتۇ-زۇبەيدە موماينىڭ چارىسىنى ماقۇل كورۇپتۇ، ئۇنى كىيىملەر بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ، نۇرغۇن پۇل ۋە مال بېرىپتۇ. "شۇ ئىشنى ئۆزەڭ ئەمەلگە ئاشۇرغىن" دەپ بۇۋىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپتۇ. بۇۋى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئىشقا كىرىشىپتۇ. ياغاچچى قىچقىرىپ ياغاچتىن ئادەم شەكلىنى ياساشقا بۇيرۇپتۇ. ياغاچچى بۇ ۋەزىپىنى تېزلا تۈگىتىپتۇ. سىتتۇزۇبەيدە ئۇنى قىممەتلىك رەختلەردىن قىلىنغان كېپەنگە ئالدۇرۇپتۇ. نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئۆز قەسرىدىن قەۋرە قازدۇرۇپ، ئۇنى شۇ يەرگە كومۇپتۇ. شامدانلارنى قويۇپ شاملار يېقىپتۇ. قەۋرە ئۇستىگە يوپۇق يېپىپتۇ. سىتتۇزۇبەيدە ماتەم تۇتۇپ قارىلىق كىيىم كىيىپتۇ، كېنىزەكلىرىگىمۇ قارىلىق تۇتقۇزۇپ ماتەم كىيىمى كىيگۈزۈپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئۆلگەنلىگىنى پۈتۈن سارايدىكىلەر ئاڭلاپتۇ.

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خەلىپە سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، چورىلەر، قۇللار، كېنىزەكلەر ماتەم تۇتۇپ قارىلىق كىيگەن. دىلى غەش بوپتۇ. سىتتۇزۇبەيدە قېشىغا كىرىپتۇ. ئۇنىمۇ ماتەملىك قارا كىيىم كىيگەن هالدا كورۇپ ئەهۋال سوراپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئۆلگەنلىگىنى ئېيتقان ئىكەن، خەلپە هوشىدىن كېتىپتۇ. هوشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قەۋرىسىنى سوراپتۇ. "ئەي خەلپە، — دەپتۇ سىتتۇزۇبەيدە خەلپىگە، — مېنىڭ ئالدىمدا هەممە نەرسىلەردىن قىممەتلىك ۋە ئېزىز بولغان قۇتۇلقۇلۇپنى

ھەممە گەپ-سۆزلەرنى دىققەت بىلەن تولۇق ئاڭلاپتۇ. كېنىزەك-
لەرنىڭ كېيپى تۇگەپتۇ. خەلىپە بولغان ۋەقەنىڭ تىگىگە يېتىپ،
ئۆزئۆزىگە: "بۇ ساختا گور ئىكەن، قۇتۇلقۇلۇپ تۆت ئايدىن
بېرى غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ يېنىدا ئىكەن" دەپ ئىشىنىپ ناھايىتى
غەزەپ بىلەن تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. دۆلەت ئەرباپلىرىنى
قىچقىرتىپتۇ. خەلىپە جەپەر بەرمەكىگە قاراپ: "دەممەشقلىق غەنىم
ئىبنى ئايۇپ دىگەن سودىگەرنىڭ ئۆزىنى ئىستەپ تاپ! ئۆيىنى
ئاختۇرۇپ ئۇ يەردىن مېنىڭ كېنىزىكىم قۇتۇلقۇلۇپنى ئېلىپ كەل!
مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىم كېرەك" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.
"خوپ!" دەپتۇ جەپەر ۋەزىر. جەپەر ۋەزىر تېگىشلىك ئادەملىرى
بىلەن ئوردىدىن چىقىپ، ھاكىم، بازار رەئىسلىرىنى ئېلىپ
كوچىغا چىقىپتۇ. غەنىمنىڭ ئۆيىنى ئىستەپ تېپىپ بېرىپتۇ. غەنىم
بازاردىن ئەمدىلا قىيما گوش ئېلىپ كېلىپ، ئېغىز تېگىشكە
باشلىغان ئىكەن. جەپەر بەرمەكى باشلاپ كەلگەن كىشىلەر
ھويلىنى تۆت تەرەپتىن ھالقىدەك قورشاپتۇ، قۇتۇلقۇلۇپنىڭ
كوزى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن كىشىلەر توپىنى
كورۇپ، خەلىپىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى پەملەپتۇ.
ئۇ، ھويلا ئىچىگە كىرىپ كېلىۋاتقانلارنى كورۇپ، پالاكەتنىڭ
يېقىنلاشقانلىقىغا كوزى يېتىپتۇ. قارىسا، ۋەزىر جەپەر، ھاكىم،
بازار رەئىسى، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان
جازا قاراۋۇللىرى خۇددى كىرپىكتەك قويۇق سەپ تارتىپ تۇرغان.
بۇلارنى ئېنىق كورۇپ قۇتۇلقۇلۇپنىڭ رەڭگى تاتىرىپتۇ، قېنى
قېچىپتۇ. غەنىمگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئاستاغىنا: "بېشىڭنى ئېلىپ
قاچ! ئۆزەڭنى قۇتقازا!" دەپتۇ. "نىمە قىلىمەن، قەيەرگىمۇ

بوپتۇ. ئۇنىڭ باش تەرىپىدىمۇ، ئاياق تەرىپىدىمۇ كېنىزەكلەر ئولتۇرغان ئىكەن. كوزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپتۇ. كوپ ئوتمەي ئۇيقىسى قېچىپتۇ. كېنىزەكلەر سوزلىشىپ ئولتۇرغىنى ئۇچۇن، كوزىنى ئاچماي، ئۇلارنىڭ سوزلىرىگە قۇلاق سېلىپتۇ. خەلىپىنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇرغان قەزىب ئىسىملىك كېنىزەك ئاياق تەرىپىدە ئولتۇرغان ھەيزەرات ئىسىملىك كېنىزەككە قاراپ: "ئەي ھەيزە-رات، خوجىمىز خەلىپە بولۇپ ئوتكەن ئىشنىڭ ھەققىدىن خەۋەرسىز. ئۇ ياغاچچى ياسىغان ياغاچ ئادەمنىڭ قەۋرىسى ئۇستىدە كېچىلەرنى ئۇيقىسىز، ماتەم قايغۇسى بىلەن ئوتكۇزمەكتە" دەپتۇ. "قۇتۇلقۇلۇپقا نىمە بولدى؟ ئۇ كېسەل بولمايلا ئولۇپ كەتتى دىگەن گەپ راستمدۇ؟ ئەگەر ئولگىنى يالغان بولسا، ئۇ ھازىر قەيەردە؟" دەپ سوراپتۇ ھەيزەرات قەزىبتىن. "سىتتۇزۇ-بەيدە، — دەپتۇ قەزىب سوز باشلاپ، — قۇتۇلقۇلۇپقا نەشە يىگۇزدى. نەشە تەسىر قىلىپ، ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ساندۇققا سالدى. كېيىن سىتتۇزۇبەيدە ساۋاپ، كاپۇر، ئالماس ناملىق قۇللىرىغا ساندۇقنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ گورگە كومۇشنى بۇيرۇدى." "بۇنداق ئىشمۇ باردىگىنە؟ ئۇنداقتا قۇتۇلقۇلۇپ تىرىك كومۇلگەن ئىكەن-دە، ھەي، ئىست بىچارە!" دەپتۇ ھەيزەرات. "سىتتۇزۇبەيدىدىن ئاڭلىشىمچە، — دەپتۇ قەزىب، — قۇتۇلقۇلۇپ توت ئايدىن بېرى دەمەشقلىق غەنىم ئىسىملىك بىر سودىگەر يىگىت بىلەن بىللە ئىكەن. بىچارە خەلىپىمىز بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز، ياغاچ مۇردا قەۋرىسى ئالدىدا يىغلاپ تاڭنى ئاتقۇزماقتا." كېنىزەكلەر ئوردىدىكى ئاياللارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇزاق سوزلىشىپتۇ. خەلىپە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىپ،

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئالغانماللىرىنى يوتكەپ دەمەشققە
كەتكەن، مەن شۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. — دەپتۇ قۇتۇلقۇ-
لۇپ، — ئۆيدىكى بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ساندۇققا سېلىپ
قۇلۇپلاپ، "مالال كەلمىسە، بۇ ساندۇقنى سىزگە ئامانەت قىلاي،
ئوردىغا مەن بىلەن بىللە ئېلىپ بارسىڭىز، ئەي ھورمەتلىك
ۋەزىر!" جەپەر ۋەزىر: "خوپ!" دەپتۇ. يېنىدىكىلەرگە ئۇنى
كوتۇرۇشكە بۇيرۇق قىپتۇ. غەنىمنىڭ قالغان مۈلكىنى كەلگەنلەرگە
تالاڭ قىلىشقا بېرىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپنى ھورمەت بىلەن خەلىپە
سارىيىغا ئېلىپ كەپتۇ. جەپەر ۋەزىر خەلىپىگە غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ
مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى
سوزلەپ بېرىپتۇ. خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ
كىرىشنى، ئۇنىڭ خىزمىتىگە پەقەت بىرلا قېرى چورە قويۇشنى
بۇيرۇپتۇ. خەلىپىنىڭ "قۇتۇلقۇلۇپ غەنىم بىلەن ئالاقە قىلغان"
دىگەن گۇمانى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى كورۇشنىمۇ خالىماپتۇ. كېيىن
دەمەشق ئەمرى مۇھەممەت ئىبنى سۇلايمانۇززەينىگە قارىتىپ:
"شۇ خەتنى ئالغان ھامان غەنىم ئىبنى ئايۇپنى تۇتۇپ ماڭا ئەۋە-
تىپ بەر!" دىگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەمىر خەتنى
ئېلىپ تاۋاپ قىپتۇ، ھورمەت بىلدۇرۇپ كوزىگە سۈرتۇپتۇ. كېيىن
خەتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ. مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، غەنىم
ئىبنى ئايۇپنى تۇتۇش ئۈچۈن كوچىغا جاكاچى چىقىرىپتۇ. "كىمنىڭ
مال-دۇنياغا مەيلى بولسا، شۇ غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ ئۆيگە بارسۇن
ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىن خالىغىنىنى ئالسۇن" دەپ جار ساپتۇ جاكاچى.
غەنىمنى تۇتۇشقا بارغانلارغا ئەگىشىپ ئادەملەر توپى غەنىمنىڭ
ئۆيگە قاراپ ئېقىپتۇ. ئەمىرنىڭ كىشىلىرى بېرىپ قارىسا، غەنىم-

بارىمەن، ھەممە مال ـ مۈلكۈم شۇ يەردە تۇرسا؟» دەپتۇ غەنىم.
«ئۆزەڭنى تېزراق چەتكە ئال! جېنىڭنى قۇتقاز، ئامال قىلىپ
باق!» دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ تەكىتلەپ. «ئەي سۆيۈملۈكۈم، قانداق
قىلىپ بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت باشنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى
بولىدۇ؟ ـ دەپتۇ غەنىم، ـ ھويلا پۈتۈنلەي قورشاپ ئېلىنغان!»
«قورقما!» دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمگە. كېيىن ئۇ غەنىمنىڭ يېڭى
كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا كونا كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ.
قازاننى بېشىغا كىيگۈزۈپتۇ. قاتتىق ـ قۇرۇق نان سېلىنغان كونا
خالتىنى مورىسىگە ئارتىپ: «مانا ئەمدى ئوخشىدىڭ، ھودۇقماي
چىقىپ كېتىۋەر! مەندىن ئەنسىرىمە. سەن قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك
بولساڭ، مال ـ مۈلكۈڭلا ئەمەس، بېشىڭمۇ ئامان قالمايدۇ.
چۈنكى، خەلىپىنىڭ ئەھۋالى ماڭا ئەينەكتەك ئايان» دەپتۇ. غەنىم
قۇتۇلقۇلۇپىنىڭ سوزى ئاياغلىشىشى بىلەن، قازاننى بېشىغا
كەيگىنىچە، تالاغا چىقىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئوتۇپ كېتىپتۇ.
ئۇزىنىڭ پاك نىيىتىگە يارىشا، ئۇلارنىڭ جازاسىدىن ساق ـ سالامەت
قۇتۇلۇپ، ئامان ـ ئېسەن بازارغا چىقىۋاپتۇ. جەپەر ۋەزىر قۇتۇل ـ
قۇلۇپىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئارغىماقتىن چۈشۈپ، ئويگە
كىرىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپقا قارىسا، ئۇ ناھايىتىمۇ ياسانغان ھالدا
تۇرغىدەك. جەپەر ۋەزىر كىرىش بىلەن قۇتۇلقۇلۇپ ئورنىدىن
تىك تۇرۇپتۇ، كېيىن ئېگىلىپ تازىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ. «تەڭرى
خاھىشى بويىچە، لەۋھۇل قەلەمدە يېزىلغان ئىش بولدى، ئەي
ۋەزىر» دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ مۇلايىملىق بىلەن. «ئەي قۇتۇلقۇ ـ
لۇپ، خەلىپە ماڭا غەنىم ئىبنى ئايۇپنى تىرىك تۇتۇشنى بۇيرۇغان
ئىدى، ئۇ قېنى؟» دەپتۇ جەپەر ۋەزىر مەغرۇر ئاھاڭ بىلەن. «ئۇ،

كېلىپ قالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاجىزلىشىپ كەتتىڭ؟ يا سەن كېسەلمۇ؟» دەپتۇ. غەنىم كوزىنى ئېچىپ بېشىدا ۋە يانلىرىدا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنى كورۇپتۇ. نۇرسىز كوزىدىن ياش يېپى ئۇزۇلگەن مونچاقتەك توكۇلۇپتۇ. لېكىن، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاچلىغىنى، ئۇسسىغانلىغىنى ئېنىق ئېيتالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن هۇشىيارراق بىرسى ئۇنىڭ ئاچلىغىنى سېزىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ، ئىككى نان، بىر پىيالە هەسەل ئېلىپ كېلىپ بېرىپتۇ. كىشىلەر كۆز چىققىچە، ئۇنىڭ قېشىدا غەنىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن مۇساپىرچىلىق كۆلپەتلىرى ئۈستىدە سوزلىشىپ تۇرۇپتۇ. كېيىن بىر ـ بىرلەپ تارقىلىپ ئۆز ئىشلىرىغا كېتىپتۇ. هەسەل بىلەن ناننى يەپ، غەنىمنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىپتۇ. بىر ئايىغىچە غەنىم شۇ مەسچىتتە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئەهۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ، كېسلى كۈچىيىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، مېهرىبانلىقى ئېشىپتۇ. غەنىم بەزىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۆزى هەققىدە كېڭىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ هەممىسى يىغىلىپ، غەنىمنى باغداد كېسەلخانىسىغا ئۇۋەتىپ بېرىشنى مەسلىهەت قىلىشىپتۇ.

شۇ ئارىدا، بىر ئايال ۋە بىر قىز گادايلىق قىلىپ نان تىلەپ، بۇ يەرگە كېلىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىرى غەنىمنىڭ ئانىسى، يەنە بىرى ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. غەنىم بېشىدىكى نانلارنى ئۇلارغا بېرىپتۇ. شۇ كېچىنى ئۇلارمۇ غەنىمنىڭ قېشىدا بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. غەنىم ئۇلارنى، ئۇلار غەنىمنى بۇ يەردە بۇ هالدا كورۇشنى خىيا- لىغىمۇ كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىنى تونۇشماپتۇ. ئەتىسى مەهەللە كىشىلىرى بىر توگىچىنى توگىسى بىلەن باشلاپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار يىغىش قىلىپ، توگىچىگە كىرانى تولەپتۇ ۋە مۇنداق

نىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى پىتنە ئۆيىگە غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ قەۋرىسىنى ياساپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرغىدەك. ئۇلارنى قولغا ئېلىپ، ئۆيلىرىنى تالىتىپتۇ. ئانا ـ بالا گەپنىڭ تېگىنى ئاڭقىرالماي، گاڭگىراپ قېلىشىپتۇ. ئۇلارنى هايداپ ئەمىرنىڭ هۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئەمىر ئۇلاردىن غەنىم ئىبنى ئايۇپنى سوراپتۇ. ئۇلار، بىر يىلدىن بىرى ئۇنىڭ توغرىسىدا هېچبىر خەۋەر ئاڭلىمىغانلىقلىرىنى، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمىر ئۇلارنى ئازات قىپتۇ.

قېچىپ چىققان غەنىم ئىبنى ئايۇپ بار ـ يوقىدىن ئايرىلىپ، غېرىپ بوپتۇ. يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپتۇ. ئىختىيارسىز ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ، تىلەمچىلىك بىلەن قوساق بېقىپتۇ. شۇ يۈرگىنىچە، ئۇ بىر شەهەرگە يېتىپ بارغاندا، كەچ بولۇپ، هەممە تەرەپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىپتۇ. قوسىغى ئېچىپ هالىدىن كەتكەن، پۇت ـ قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغاندا، ئاران بىر مەسچىتكە ئۇلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، تامغا يۆلىنىپ يېتىپتۇ. شۇ ياتقىنىچە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. سەهەر تۇرۇپ، مەسچىت ئىچىگە كىرىپ، بورا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. سەهەردە بامداد نامىزى ئوقۇيدىغان شۇ مەسچىتنىڭ جامائىتى يىغىلىپتۇ. قارىسا، بىر غېرىپ ـ مۇساپىر تىترەپ ياتقان. ئۇنىڭ ئەهۋالىغا ئېچىنىپتۇ. كېلىپ كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭ بىر دۆلەتمەن كىشى بولغانلىقىنى سېزىپتۇ. كىشىلەر نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىپتۇ. ئۇ، ئاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا، يىرتىق جاپانغا يۆگەنگەن ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەهۋال سوراپ: "ئەي بىچارە، ئۆزەڭ كىم؟ قەيەردىن بۇ يەرگە

شۇ ھالدا كېسەلخانىغا تاپشۇرساق، بىر كۈن ئۆتمەي ئۆلىدۇ" دەپتۇ. ئوغلى بىلەن خىزمەتچىلىرىگە كېسەلنى يۆتكەپ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. كېسەل ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئاقساقال ئۇنىڭغا بىر ئۆينى بېرىپ، يېڭى كىيىم، يېڭى كۆرپە-يوتقان بېرىپتۇ. ئاقساقالنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئۆزى كۈتۈپ قاراپتۇ، يۇيۇندۇرۇپتۇ. بىر ئاز ئىچىملىك ئىچكۈزۈپتۇ. ئەتىر سېپىپتۇ. غەنىم بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ، قۇتۇلقۇلۇپنى ئەسلەپ مۆگىلىنىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق ئۈچىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

ئەمدى سوزنى قۇتۇلقۇلۇپتىن ئاڭلاڭ! خەلىپە ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ قارىماي قويۇپتۇ. ئۇ سەكسەن كۈنگىچە قاراڭغۇ ئۆيگە قامىلىپتۇ. خەلىپە بىر كېچىسى قۇتۇلقۇلۇپ تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ. قىز ئوقۇغان شېئىرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ: "ئەي سۆيۈملۈك غەنىم، سەن قانداق ئاق كۆڭۈل ئىدىڭ، قانداق ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك ئىدىڭ، سەن ئۆزەڭ قانداق كۆركەم بولساڭ يۈرىكىڭمۇ شۇنداق ساپ ئىدى. سەن بەكمۇ ئېھتىياتچان ئىدىڭ. سەن ماڭا يامانلىق تىلىگۈچىگە ياخشىلىق قىلدىڭ. سېنى ۋەيران قىلغۇچىغا

دەپتۇ: "بۇ بىچارىنى توگەڭگە مىندۈرۈپ، باغدادتىكى كېسەلخانا ئىشىگىگە يەتكۈزۈپ قوي! تۈزىلىپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس. ئۆزى ياش ئىكەن، تۈزىلىپ قالسا، سىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى بۇمۇ ئۇنتۇپ قالماس. ياخشىلىقنى ھېچكىم ھېچقەيەردە ئۇنتۇمايدۇ ۋە ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ." "خوپ!" دەپتۇ توگىچى، كىشىلەر غەنىمنى مەسچىتتىكى قۇراق كۆرپىلىرى بىلەن توگىگە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ، ھالسىز ئىكەن. غەنىمنىڭ قېشىدا تۈنىگەن ھېلىقى ئانا-بالا ئىككى ئايالمۇ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ: "بۇ بىچارە يىگىت بىزنىڭ غەنىمگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن. ئەپسۇس-كى، غەنىم باغدادقا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى كۆپ ئىدى. نەچچە يىل يېتىپ يېيىشكە يېتەتتى ياكى ئۇنىڭمۇ بېشىغا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۈن كېلىپ، بۇ يەرلەردە بىزگە ئوخشاش تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنمىكىن؟ بۇ بىزنىڭ غەنىم بولۇپ قالمە-سۇن يەنە" دېيىشىپتۇ بىر-بىرىگە. غەنىم توگىگە مەھكەم قىلىپ تېڭىلغاندىن كېيىن، ھوشىدىن كېتىپ قېلىشقا ئازلا قاپتۇ. شۇڭا ئۇ، كىشىلەر بىلەنمۇ خوشلىشىپ ئالالماپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، كىشىلەرگە قاراپ ياش تۆكۈپتۇ. ئانا-بالا ئۈچى بىر-بىرىنى تونۇماي، باغدادقىچە بىللە كېلىشىپتۇ. توگىچى ئۇنى باغداد كېسەلخانىسىنىڭ ئىشىگىگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ. غەنىم تاڭ ئاتقىچە بىردەم ھوشىدىن كېتىپ، بىردەم ھوشىغا كېلىپ يېتىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىشىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى سۆزلىشىپتۇ، ئېچىنىپتۇ. شۇ چاغدا بازار ئاقساقىلى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، ئادەملەرنى كېسەلنىڭ بېشىدىن چەتلىتىپ: "مەن شۇ غېرىپقا بىر ياخشىلىق قىلاي! ئەگەر ئۇنى

غەنىم كەلگەنـدە، ئوزىنى ئۇنىڭـغا ھەدىيە قىلىشنى ۋە نىكاھلاپ قويۇشنى سوراپتۇ. "ئاۋال ئۇنى ئېلىپ كەلسۇن! مەن سېنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلاي. سېخىلار قىلـغان ساخاۋەتنى ھېچقاچان قايتۇرۇپ ئالمايـدۇ، ھەتـتا تىلىغىمۇ ئالـمايـدۇ..." دەپ قوشۇمـچە قىپتۇ خەلىپە. "ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئۇنى ئىستەي، خۇدا بىز-نىڭ بېشىمىزنى قوشسا ھەجەپ ئەمەس" دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ. "خالى-غىنىڭنى قىل!" دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپقا خەلىپە. قۇتۇلقۇلۇپ خوشلۇغى-دىن مىڭ تىللا پۇلنى ئېلىپ قەسىردىن چىقىپتۇ. شېيخلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا سەدىقە بېرىپـتۇ. ئىككىنچى كۇنى سودىـگەرلەر رەستىسىگە بېرىپ، "ئاچ-يالىڭاچلارغا بەرگىن" دەپ بازار ئاقسا-قىلىغا پۇل بېرىپـتۇ. كېيىنـكى جۇمە كۇنى يەنە مىـڭ تىلـلانى ئېلىـپ بازارغا بېرىپتۇ. زەرگەلەر رەستىسىگە كىرىـپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنى قىچقىرتىپتۇ. قولىدىكى مىڭ تىللانى ئاچ-يالىڭاچلار، غېرىپ-مۇساپىرلارغا تارقىتىپ بېرىشنى سوراپ ئۇنىڭـغا بېرىپتۇ. بۇ سوز ئۇستىگە يىتىپ كەلـگەن بازار ئاقـساقلى قۇتـۇلقـۇلۇپقا: "مېنىڭ ئويۇمدە ئەخلاقتا، ئۇلۇغلۇقـتا، چىرايـدا تەڭدىـشى يوق بىر مۇساپىر ئاغرىق بار. ئۇ، ھازىر ئېغىر ھالەتتە. بايقىشىمچە ئۇ، ئوز يۇرتىدىن، مال-مۈلكىدىن، سۇيۇملـۇك يارىـدىن ئايرىلـغانغا ئوخشايـدۇ. ئۇنىڭ كېسىلىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققاندەك تۇرۇدۇ. بۇنىڭـدىن بىر ئۇلۇشـنى شۇنىڭـغا بېرىشـكە رازىـمۇسىز؟"دەپ سوراپتۇ. بۇنىڭ غەنىم ئىبنى ئايۇپ ئىكەنلىگىنى ئاقساقال بىلمەي-دىكەن. ئۇنى ئوزىچە، ھەمـمە نىمىسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغان مۇساپىر ئاشـىق دەپ چۇشىنىدىكەن. ئاقساقالنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، قۇتۇلقۇلۇپنىڭ يۇرىـگى جىغىدە قىلىپ، ھاياجانغا چۇشۇپتۇ:

ھورمەت قىلدىڭ، ئىززەت قىلدىڭ. سەن ئۇنىڭ كېنىزىگىنى ئۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاسرىدىڭ. ئۇنى بىلمىدى، بىلىشنىمۇ خالىمىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ساڭا ھەم سېنىڭ ئائىلەڭگە، ياخشى كورگۇنۇڭگە ھاقارەتنى، جازانى لايىق كوردى. مال ـ مۈلكۈڭنى تالاتتى، مەيلى...سەن بىلەن خەلىپە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سىر، خۇدا قازى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز شاپائەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋالىقى بىلەن، ساڭا زۇلۇم سېلىپ، سېنى خانىۋەيران قىلغان زالىملاردىن ئوچۇڭ ئېلىنغۇسى...» خەلىپە بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئوزىنىڭ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغىنىنى چۇشىنىپتۇ. سارىيىغا قايتىپ كىرىپ، قۇتۇلقۇلۇپنى قىچقىرتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ خەلىپە ئالدىغا كېلىپ، تازىم قىلىپ، تىز چوكۇپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭ كوزىنى ياشلىق، ئوزىنى مۇڭلۇق كورۇپ: «ئەي قۇتۇلقۇلۇپ، ـــ دەپتۇ ئۇنىڭغا، ـــ سەن مېنى زالىم دىدىڭ، مېنى زالىملىقتا ئەيىپلىدىڭ! ياخشىلىق قىلغان كىشىگە يامانلىق قىلدى، دەپ كايىدىڭ. مېنىڭ ھورمىتىمنى قىلغان كىشىنى ۋەيران قىلدىڭ، دىدىڭ. ماڭا غايىبانە شۇنچە ھورمەت قىلىپ، ياخشىلىق قىلغان كىشى كىم؟» «غەنىم ئىبنى ئايۇپ، ـــ دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ، ـــ سىزنىڭ ھورمىتىڭىز ئۇچۇن ئۇ ماڭا يېقىنلاشمىدى، ئوزىنى تارتتى...» «ئۇنداق بولسا، گۇنايىڭدىن ئوتتۇم. سەن مەندىن نىمە سورايسەن؟ تىلىگىڭنى ئېيت! مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۇزەي» ـــ دەپتۇ خەلىپە. «سۇيۇملۇگۇم غەنىم ئىبنى ئايۇپنى سىزدىن تىلەيمەن» دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ. خەلىپە رازىلىق بىلدۇرۇپ: «مەن ئۇنى تاپتۇرىمەن، ماڭا قىلغان ھورمىتىگە لايىق مۇكاپات بېرىمەن» دەپتۇ ۋە ئۇنى ئىستەشنى، ئالدىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ

نىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ؛ "بۇ ئانا ـ بالا ئىككىسى ئېيتىشىچە، مۇساپىر بولۇپ، باشقا يۇرتتىن شەھرىمىزگە كەلگەن ئىكەن، بۈگۈن ماڭا يولۇقتى. بۇ چىرايلىق يۈزلەردە ئاللىقانداق ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىزى بار. لېكىن ئۇلار قارا كىيىم كىيىشكەن، بۇ ماتەمدارلىقنىڭ بەلگۈسى. ئىككىلىسى بويۇنلىرىغا خالتا ئاسقان. كوزلىرى نەملىك، دىللىرى غەملىك. مەن بۇلارنى قېشىڭىزغا باشلاپ كەلدىم. بۇلار بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تەربىيە قىلىنسا، بۇلارنىڭ سەۋىيەسى تەڭرىم سىزنىمۇ، مېنىمۇ ھاجىتىمىزدىن چىقارسا ھەجەپ ئەمەس. كورۇنۇشىچە، بۇلار كىشىلەردىن خەيرى ـ ساخاۋەت تىلەيدىغانلاردىن ئەمەس...بۇلار ئۆيلىرى ۋەيران قىلىنغان، پۇل ـ ماللىرى تالاڭ ـ تاراجغا ئۇچرىغان بىچارىلەرگە ئوخشايدۇ." "بۇ سوز بىلەن مېنى ئۇلارنى كورۇشكە تەشنا قىلىپ قويدىڭىز. قېنى ئۇلار، مەن بىر كورەي" دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ. ئاقساقال ئۇلارنى باشلاپ كىرىپتۇ. پىتنە بىلەن غەنىمىنىڭ ئانىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ، قۇتۇلقۇلۇپنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارغا نەزەر سېپىتۇ. ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئىكەن. قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئىچى سېرىلىپ يىغىسى تۇتۇپتۇ. بۇلارنىڭ كورۇنۇشىدىن ئاللىقانداق بىر ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىزلىرىنى سېزىپتۇ. "ئەي مەلىكەم، سىز بىلەن بىز ئېزىلگەن پېقىرلارنى ساۋاپلىق ئۇچۇنلا ئىستەيمىز ۋە ياخشىلىق قىلىمىز، ـــ دەپتۇ ئاقساقال، ـــ بۇلار بولسا ھەقىقەتەن خارلانغان، ئازاپلانغان، خانۇ ـ ۋەيران بولغان كىشىلەر. بىزنىڭ قىلغان ياردىمىمىز ھېچقاچان زايە كەتمەيدۇ". ئانا ـ بالا ئىككىسى ھوڭرەپ يىغلاپ

"سېنىڭ ئۆيۈڭگە مېنى كىم باشلاپ باردى؟ سەن سورىغان بىر ئولۇش پۇلنى ئۇنىڭغا مەن ئۆزەم يەتكۈزۈپ بەرسەم" دەپتۇ.
بازار ئاقساقىلى بىر كىچىك بالىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بېرىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئاقساقالغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا سالام بېرىپتۇ. ئاقساقالنىڭ خوتۇنى قۇتۇلقۇلۇپقا بېشى يەرگە يەتكىچە ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. چۈنكى، بۇ خوتۇن قۇتۇلقۇلۇپنى تونۇيدىكەن. قۇتۇلقۇلۇپ: "ئاقساقال ئېيتقان مۇساپىر يىگىت نەدە؟" دەپ سوراپتۇ. ئايال يىغلاپ تۇرۇپ: "ئاۋۇ يەردە، پەممىچە بۇ يىگىت بېشىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆتكۈزگەن، ھەر ئىشقا پەملىك كورۇنىدۇ!..." دەپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ يىگىت ياتقان ئۆيگە كىرىپ يىگىتكە نەزەر سېپتۇ. "بۇ، ئەلۋەتتە غەنىم بولسا كېرەك. لېكىن ئۇ، غېرىپلىقتا تامامەن دىگۈدەك ئۆزگەرگەن، ئورۇقلىغان، تېرىسى ئۇستىخانغا چاپلاشقان، رەڭگىدىن كەتكەن" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ غەنىمنىڭ بېشىغا بېرىپ، تىكىلىپ قاراپتۇ. گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا رەھمى كېلىپ كۆز يېشى قىپتۇ. لېكىن غەنىم ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتمەپتۇ. "ئۇز شەھرىدە ئەمىردەك موتىۋەر بولغانلار مۇساپىرچىلىقتا مىسكىن بولۇدۇ" دەپتۇ ئۇ. كېسەلگە شىرنىلىك نەرسە ئىچكۈزۈپتۇ، دورا بېرىپتۇ. خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، كېيىن قەسىرگە قايتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمنى ئىستەپ ھەر كۈنى كوچىغا چىقىپ، بازارلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ-بىر كېزىپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاقساقالغا غەنىم بىلەن بالە كېلىپ باغدادتا ئايرىلغان غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى پىتنە يولۇقۇپتۇ. ئاقساقال غەنىم-


ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، ئۇلارلى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا خوتۇنىغا ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تاپىلاپ پۇل بېرىپتۇ.

ئەتىسى قۇتۇلـقۇلۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاقساقالنىڭ خوتۇنى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. كۆرسەتكەن ھۆرمىتى ئۈچۈن قۇتۇلـقۇلۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاقساقالنىڭ خوتۇنىدىن ئانا-بالا ئىككى مېھمانىنىڭ ئەھۋالىنى، قىلىنغان خەيرى-خالىقلىرىنى سوراپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ تۇرۇشۇپتۇ، سۆزلىشىپتۇ. كېيىن ئاقساقالنىڭ خوتۇنىدىن كېسەل يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. ئاقساقالنىڭ خوتۇنى كېسەلنىڭ بىر خالىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. "يۇرۇڭلار! — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئانا-بالا ئىككىسىگە، — ئاغرىقنى يوقلاپ چىقايلى!"

ھەممىسى ئاغرىقنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھىجرانلىق دەردى بىلەن ئازاپلانغان غەنىمنىڭ قۇلىقىغا قۇتۇلـقۇلۇپنىڭ ئاۋازى كىرىپتۇ. ئۇ بەكمۇ ھالىدىن كەتكەن ئىكەن، تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ، بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىكەن. قۇتۇلـقۇلۇپنىڭ يۇمشاق ۋە شېرىن سۆزىنى ئاڭلاپ غەنىمنىڭ چىقىپ كەتكەن جېنى يېنىپ كىرگەندەك بوپتۇ. زورۇقۇپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: "قۇتۇلقۇلۇپ!" دەپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپتۇ. ئۇنىڭ غەنىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ: "لەببەي!..." دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. "ماڭا يېقىن كەل!..." دەپتۇ غەنىم. "سۆيۈملۈكىڭدىن ئايرىلىپ ئۇزاققىچە ئازاپلانغان غەنىممۇ سەن؟..." دەپ سوراپتۇ قۇتۇلـقۇلۇپ. "ھە...مەن، غەنىم ئىبنى ئايۇپ..." دەپتۇ يىگىت ئاستا. ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇنىڭ

تاشلاپتۇ. ئۇيدە كېسەل ئازاۋىنى تارتىۋاتقان، لېكىن بار-يوقلە-
غىنى تېخى ئۇقمىغان ئوغلىنى ئەسلەپتۇ. يىغا يەنە كۆچىيىپتۇ.
قۇتۇلقۇلۇپمۇ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ يىغلاپتۇ. "ئىستەپ يۈرگەن
ئوغلىمىز غەنىم ئىبنى ئايۇپقا ساق-سالامەت يەتكۈزۈشنى تەڭرىنىڭ
ئۆزىدىن سورايمىز..." دەپتۇ غەنىمنىڭ ئانىسى. قۇتۇلقۇلۇپ، بۇ
گەپنى قىلغۇچى كىشىنىڭ غەنىمنىڭ ئانىسى، ياش قىز بولسا غەنىمنىڭ
سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلاردىن بەكراق يىغلاپتۇ، ھەتتا
ئۆزىنى تۇتالماي ھۇشىدىنمۇ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ
ھۇشىغا كېلىپ: "سىلەر خاپا بولماڭلار! بۈگۈن بەختلىك ھاياتىڭ-
لارنىڭ باشلانغان كۈنى. شۇنداقلا قايغۇلۇق سەرگۈزەشتىڭلارنىڭ
ئاخىرلاشقان كۈنى، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەر غەم-قايغۇ، جاپا-
مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىڭلار..."
دەپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى
توختاتتى.



قىرىق توتىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ
شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارغا: "كۆڭلۈڭلارنى يېرىم
قىلماڭلار!" — دەپ تەسەللى ئېيتىپتۇ، كېيىن
ئاقساقالغا: بۇلارنى ئۆيىڭگە ئېلىپ بېرىپ
ياخشىراق قاراپ قويۇشنى، ھاممامغا ئېلىپ
بېرىپ يۇيۇندۇرۇشنى، يېڭى كىيىملەرنى
سېتىپ ئېلىپ كېلىپ كىيگۈزۈشنى، تۇرمۇشىدىن

ئەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇلار خېلىلا تۈزۈلۈپ، پۇت ـ قوللىرىغا ماغدۇر كىرىپتۇ. توتىنچى كۈنى قۇتۇلـقۇلۇپ ئۇلارنى يەنە هامـامغا ئۇەتىپتۇ، هاممامدىن چىقىش بىلەن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، قۇتۇلـقۇلۇپ خەلىپە ئوردىـسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خەلىپىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، تىز چوكۈپ ئولتۇرۇپ، خەلىپىگە غەنىم ئىبنى ئايۇپنى تاپقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. بالىسىنىڭ دەردى پىراقىـدا خانىۋەيران بولۇپ كەلگەن غەنىمنىڭ ئانىسى بىلەن بىچارە سىڭلىسىنىمۇ تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جەـ پەر ۋەزىرگە: غەنىم ئىبنى ئايۇپنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى، سىڭلىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جەپەر ۋەزىر قۇتۇلـقۇلۇپنىڭ هەمرالىقىدا ئاقساقاللىق ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە غەنىم بىلەن كورۇشۇپـ تۇ. غەنىم جەپەر ۋەزىرنىڭ هورمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. "خەلىپە سېنى كورۇشنى خالايدۇ. بىز سېنى خەلىپىنىڭ هۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلـدۇق" دەپتۇ جەپەر ۋەزىر. غەنىمـنى خەلىپىنىڭ ئالدىـغا كىرگەنـدە دادىل تۇرۇپ نۇتۇق سوزلەشـكە دالالەت قىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەر كىيگۈزۈپتۇ. خەلىپىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە ئىنئام قىلىش ئۈچۈن جىق تىللا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ بەخت تېپىپ، ئىقبال يۇلتۇزلىرى تەلەي كوكىدە نۇر چېچىپتۇ...

جەپەر ۋەزىر غەنىم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئېلىپ ئوردىغا مېڭىپتۇ، سارايـغا كىرىپتۇ. غەنىمـنىڭ كوزى خەلىپىـگە، ئۇنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەرگە، ئەمىرلەرگە ۋە باشـقا سەۋلەتـلىك دولەت ئەرباپلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئوزىدىكى بار ماهارەتىنى ئىشقا

جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز چۇۋۇلدىشىپ كېتىپتۇ. خوشلۇغىدىن ھۇشلىرىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. ھۇشلىرىغا كېلىپ: "خۇداغا شۈكرى، سەن بىلەن ئاناڭ، سىڭلىڭ ۋە مەن قايتىدىن يۈز كورۈشتۇق، — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، — مەن سېنىڭ ماڭا قىلغان پۈتۈن ياخشىلىقلىرىڭنى خەلىپىگە ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ سوزۇمگە ئىشەندى." ئۇ يەنە خەلىپىنىڭ غەنىمنى ئەپۇ قىلغىنىنى، ئۇنى كورمەكچى بولغانلىقىنى، ئوزىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ بەرگەنلىكىنى تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. غەنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. كېيىن ئۇ، ئانىسىغا، سىڭلىسىغا قاراپ ئۇلار بىلەن سوزلىشىپتۇ. "مەن سىلەرنى قۇتلۇقلاپ كەلگىچە، سىلەر بۇ يەردىن قوزغالماڭلار!" دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن قەسىرگە مېڭىپتۇ. غەنىمنىڭ ئويىدىن ئېلىپ بارغان ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن يەتكىدەك تىللا ئاپتۇ. ئۇ، پۇللارنى ئاقساقالغا بېرىپ: "بۇ پۇللارنى ئېلىڭ! — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئاقساقالغا، — بۇلارغا ئەڭ ئېسىل كىيىملىكلەردىن توت-بەش قۇردىن ئېلىپ كېلىڭ! ئۇنىڭدىن باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ ئوزىڭىز قوشۇپ ئېلىپ كېلىڭ!" كېيىن ئوزى ئۇلارنى ھاممامغا ئېۋەتىپتۇ. خادىملەرگە ئۇلارنى يۇيۇندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ھاممامدىن چىقىشىغا ئۇلگۇرتۇپ، ئالما ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ سۇيىدىن قىلىنغان شەربەتنى تەييارلىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلارغا يەنە ھاممامدىن چىقىشى بىلەن ئاقساقال ئارقىلىق ئالدۇرۇپ كېلىنگەن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاي، بىرى كۈندەك نۇرلىنىپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ لەززەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك تائاملارنى

ئەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇلار خېلىلا تۈزۈلۈپ، پۇت ـ قوللىرىغا ماغدۇر كىرىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارنى يەنە ھاممامغا ئەۋەتىپتۇ، ھاممامدىن چىقىش بىلەن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، قۇتۇلقۇلۇپ خەلىپە ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خەلىپىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، خەلىپىگە غەنىم ئىبنى ئايۇپنى تاپقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ، بالىسىنىڭ دەردى پىراقىدا خانىۋەيران بولۇپ كەلگەن غەنىمنىڭ ئانىسى بىلەن بىچارە سىڭلىسىنىمۇ تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جە-پەر ۋەزىرگە: غەنىم ئىبنى ئايۇپنى، ئۇنىڭ ئانىسىنى، سىڭلىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جەپەر ۋەزىر قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە غەنىم بىلەن كۆرۈشۈپ-تۇ. غەنىم جەپەر ۋەزىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. "خەلىپە سىزنى كۆرۈشنى خالايدۇ. بىز سىزنى خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق" دەپتۇ جەپەر ۋەزىر. غەنىمنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە دادىل تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەشكە دالالەت قىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەر كىيگۈزۈپتۇ. خەلىپىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە ئىنئام قىلىش ئۈچۈن جىق تىللا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ بەخت تېڭى ئېتىپ، ئىقبال يۇلتۇزلىرى تەلەي كۆكىدە نۇر چېچىپتۇ...

جەپەر ۋەزىر غەنىم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئېلىپ ئوردىغا مېڭىپتۇ، سارايغا كىرىپتۇ. غەنىمنىڭ كۆزى خەلىپىگە، ئۇنىڭ يېنىدىكى ۋەزىرلەرگە، ئەمىرلەرگە ۋە باشقا سەۋلەتلىك دۆلەت ئەربابلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ، ئۆزىدىكى بار ماھارىتىنى ئىشقا

جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز چۇۋۇلدىشىپ كېتىپتۇ. خوشلۇقىدىن ھۇشلىرىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. ھۇشلىرىغا كېلىپ: "خۇداغا شۈكرى، سەن بىلەن ئاناڭ، سىڭلىڭ ۋە مەن قايتىدىن يۈز كۆرۈشتۇق، — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، — مەن سېنىڭ ماڭا قىلغان پۈتۈن ياخشىلىقلىرىڭنى خەلىپىگە ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەندى." ئۇ يەنە خەلىپىنىڭ غەنىمنى ئەپۇ قىلغىنىنى، ئۇنى كورمەكچى بولغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ بەرگەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. غەنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. كېيىن ئۇ، ئانىسىغا، سىڭلىسىغا قاراپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپتۇ. "مەن سىلەرنى قۇتلۇقلاپ كەلگەچە، سىلەر بۇ يەردىن قوزغالماڭلار!" دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن قەسرگە مېڭىپتۇ. غەنىمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ بارغان ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن يەتكىدەك تىللا ئاپتۇ. ئۇ، پۇللارنى ئاقساقالغا بېرىپ: "بۇ پۇللارنى ئېلىڭ! — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئاقساقالغا، — بۇلارغا ئەڭ ئېسىل كىيىملىكلەردىن توت-بەش قۇردىن ئېلىپ كېلىڭ! ئۇنىڭدىن باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ ئۇزىڭىز قوشۇپ ئېلىپ كېلىڭ!" كېيىن ئۇزى ئۇلارنى ھاممامغا ئۇۋەتىپتۇ. خادىملەرگە ئۇلارنى يۇيۇندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ھاممامدىن چىقىشىغا ئۇلگۇرتۇپ، ئالما ۋە باشقا مىۋىلەرنىڭ سۈيىدىن قىلىنغان شەربەتنى تەييارلىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلارغا يەنە ھاممامدىن چىقىشى بىلەن ئاقساقال ئارقىلىق ئالدۇرۇپ كېلىنگەن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاي، بىرى كۈندەك نۇرلىنىپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ لەززەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك تائاملارنى

غەنىم ئىبنى ئايۇپ شېئىرىنى تۈگىتىپ باش ئىگىپ تۇرۇپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭ ئىبارىلىرى يېقىملىق بۇ شېئىردىن زوقلىنىپتۇ.

قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى، شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.



قىرىق بەشىنچى كېچە

— ئەي بەختلىك شاھ، — دەپ داۋام قىپتۇ شەھرىزاد ھېكايىسىنى.

خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسلەپ، غەنىمگە قاراپ: "يېقىنراق كەل!" دەپتۇ. غەنىم خەلىپىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. "بېشىڭدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەر!" دەپتۇ خەلىپە.

غەنىم ئىبنى ئايۇپ ئولتۇرۇپ، قۇتۇلقۇلۇپنى قەۋرىستانلىقتا تاپقىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بېشىغا چۈشكەن ھەممە ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاخىرىغىچە مەزمۇنلۇق قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. خەلىپە غەنىم ئىبنى ئايۇپنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ، رەھىمى كېلىپ ئۇنىڭغا تۈرلۈك جابدۇقلار بىلەن جاھازلانغان مەخسۇس بىنا بېرىپتۇ. "ئەي غەنىم، مېنىڭ بۇيرۇغۇم بىلەن ساڭا سېلىنغان زىيانلارنىڭ بەدىلىگە خالىغىنىڭنى ئېلىپ، مەندىن رازى بولغىن!" دەپتۇ خەلىپە. "قۇللىرىڭنىڭ ھېلى-جېنى خوجىسى ئۈچۈندۇر" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ غەنىم. بۇ سۆز خەلىپىگە يېقىپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن پۇل-مال بېرىپتۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلپەتلىرى قاتارىغا قوشۇپتۇ. ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى شۇ بىناغا ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. خەلىپە غەنىمنىڭ ھۆسنى-جامالىدا

ساپتۇ. ناھايىتى يېقىملىق، ئىنتايىن تاتلىق سوزگە كىرىشىپتۇ.
كېيىن بېشىنى تووەن سېلىپ تۇرۇپ، بۇ شېىرلارنى ئوقۇپتۇ:

مەرتىۋىسى يۈكسەك، لۇتپى گوزەل ئىنسانى بىپايان،
ئەي ئۇلۇغ زات!...سالامىڭغا شاھلار باش قويغان.
ئۇلۇغ مەقسەت ئىگىلىرى، كىملەردۇر؟ ساڭا ئايان،
سەندىن قېچىپ قۇتۇلماس ھەرقانداق سىرلار ھامان.

ئوت بىلەن سۇ بالاسىغا كىم دۇچار بولسا ئەگەر،
باش ئىگىپ ئايىغىڭغا: "خالاس قىلغىن بىزنى دەر".
ناھەق زۇلۇم كورگەنلەر دەرگاھىڭغا كېلىشەر،
ئاجىزلارنىڭ سايىۋىنى. مەدەتكارى ئۇلۇغ ئەر.

دەشتۇ-سەھرا تارلىق قىلۇر شوكىتىڭ-ھەيۋىتىڭگە،
يۇلتۇزلارنى قوزۇق قىلىپ چېدىر تىككىن ئاسمانغا...
ھەيران بولسۇن پەرىشتىلەر ئەركانۇ-دولىتىڭگە.
داڭقىڭ سېنىڭ شامالدەك تېز تارقالسۇن كەڭ جاھانغا.

ئەقلىڭ يەتتە ئىقلىم ئۈچۈن دائىم بولسۇن باراۋەر،
يەر يۈزىدە ئادالىتىڭ، دەريا بولۇپ، ئاقسۇن زەر...
مەدھىيەڭنى شۇ شېىرىمدا قىلدىم قىسقا-مۇختەسەر،
سىياسەتتە، ئادالەتتە كامال تاپقىن، قۇچ زەپەر.

* * *

ئايا، تاجىدار ئادىل جاناپ!
ماڭا قىلدىڭ ياخشىلىق بىھساپ،
ئادالەت بىرلە يەر يۈزى تېچ تۇرار،
پەلەكتە قۇياشمۇ نۇرىنى چاچار.
كىمكى دوست ساڭا ئېرىز بەختىيار،
دۈشمىنىڭ ھەر جايدا بولۇر خارىزار...

# ألف ليلة وليلة

## مىڭ بىر كېچە (1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1980 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1980 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098.333
باھاسى: 0.97 يۈەن

تەگدىشى يوق سىگلىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ كىشى قويۇپتۇ، غەنىمە-دىن ئۇنى سوراپتۇ. غەنىم كەلگەن ئەلچىلەرگە: "ئۇ، خەلىپىنىڭ كېنىزىكى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. خەلىپە يۈزمىڭ تىللا پۇل خىراجەت قىلىپ، قازى ۋە گۇۋاالارنى هازىرلاپتۇ. قۇتۇلـقۇلۇپنى غەنىمگە، غەنىمنىڭ سىگلىسىنى خەلىپە ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. بۇ ۋەقەنى يېزىپ خەزىنىدە ساقلاشنى بۇيرۇپتۇ.

"ئەي بەختلىك شاھ، ئۇمەر ئىبنى نوئمان، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى شەررىكان ۋە زۇئۇلماكان هەم قىزى نۇزهەتۇززاماننىڭ هىكايىسى بۇنىڭدىنمۇ قىزىق" دەپتۇ شەهرىزاد.

"ئانداق بولسا شۇ هىكايىنى باشلا!" دەپتۇ شاھ.

مۇقاۋىسىنى ۋە رەسىملىرىنى  خۇ ياۋشەن ئىشلىگەن

书号: M10098·333
定价: 0·97元